
# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14234-7

9 787228 142347 >

www.uyghurkitap.com

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(2)

تۈزگۈچىلەر: شۇ تيەنشىن
لياڭ جىمىڭ

خالىق ئاۋۇت
تەرجىمە قىلغۇچىلار: جۇمە نىياز
روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئون ئىككىنچى باب

# ئۈچىنچى دۇنيانىڭ باش كۆتۈرۈشى ــ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى

## 1 ـ بۆلۈم ئۈچىنچى دۇنيانىڭ باش كۆتۈرۈشى

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە بولغانكى دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى، بۇ بۇرۇلۇش ئاساسەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۈچىنچى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى ھەم تېزلىكتە تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ بىر كۈچكە ئايلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«ئۈچىنچى دۇنيا» ۋە «ئۈچ دۇنيا» ئۇقۇمى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 50 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلدى. «ئۈچىنچى دۇنيا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى فىرانسىيەلىك نوپۇس ئىستاتىستىكىشۇناسى ۋە ئىقتىسادشۇناس ئالفرېد سوۋى ئەڭ بۇرۇن قوللانغان بولۇپ، ئۇ 1952 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئۈچ دۇنيا، بىر پىلانېتا» ناملىق ماقالىسىدە، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزئارا قارشىلىشىۋاتقان ئىككى دۇنيا ــ كاپىتالىزم دۇنياسى ۋە سوتسىيالىزم دۇنياسىدىن سىرت، يەنە ئۈچىنچى دۇنيانىڭمۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋى دەسلەپتە فىرانسىيە بۈيۈك

ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى فىرانسىيە جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «ئۈچ تەبىقە» ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچىنچى دۇنيانى «ئۈچىنچى تەبىقە» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان بولۇپ، بۇ «سەل قارالغان، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، ئىنقىلابقا مايىل كۈچ» لەرنى كۆرسىتەتتى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن 60 ـ يىللىرىغىچە، ئۈچىنچى دۇنيا ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچنىڭ سىرتىدىكى مۇستەقىل «ئۈچىنچى خىل كۈچ» ياكى «ئۈچىنچى خىل تەسىر كۈچ» دەپ قارالغان بولۇپ، قويۇق مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۈچىنچى دۇنيا يەنە «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۈچىنچى دۇنيا «تەرەققىي تاپمىغان» دۆلەتلەر دەپ قارىلاتتى. 60 ـ يىللاردا تەرەققىي تاپمىغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا ئەگىشىپ، سەلبىي مەنىگە ئىگە «تەرەققىي تاپمىغان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي ھالدا «تەرەققىي قىلىۋاتقان» دېگەن سۆز قوللىنىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا «ئۈچىنچى دۇنيا» ۋە «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر» دېگەن ئىككى ئاتالغۇ تەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى.

مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر قاتار مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. 1955 ـ يىلى باندۇڭدا چاقىرىلغان ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى، 1961 ـ يىلى بېلگرادتا چاقىرىلغان ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى ۋە ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئۆتكۈزگەن خەلقئارا يىغىنلار ئارقىلىق ئۈچىنچى دۇنيا تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى، ئۇلار ھەم ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىغىمۇ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى شەرق دۇنياسىغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس

بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئۈچىنچى دۇنيا دەپ ئاتىغانىدى. 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالجىردا چاقىرىلغان 4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنىدا، «ئۈچىنچى دۇنيا» دېگەن بۇ ئۇقۇم رەسمىي ھالدا يىغىنىنىڭ «سىياسىي خىتابنامىسى»غا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى دۇنيانىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە ئوبرازى تىكلەندى، ئۈچىنچى دۇنيا دېگەن ئاتالغۇمۇ كەڭ ئومۇملاشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە «ئارىلىقتىكى رايون» ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ناھايىتى كەڭ رايونلار ئايرىپ تۇرىدۇ ، بۇ يەرلەردە ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى نۇرغۇن كاپىتالىستىك ئەللەر ۋە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر بار» ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. «ئارىلىقتىكى رايون» نەزەرىيەسى «ئۈچىنچى دۇنيا» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ناھايىتى كەسكىن پۇت تېپىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ماۋ زېدۇڭ چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەتتە ئۈچ دۇنيا ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختالدى. 1974 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ زامبىيە پرېزىدېنتى كاۋندا بىلەن كۆرۈشكەندە، خەلقئارادا ئومۇملاشقان بىرىنچى دۇنيا، ئىككىنچى دۇنيا، ئۈچىنچى دۇنيا ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ دۇنياغا ئايرىش ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى ئېنىق ھەم تولۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ : «مېنىڭچە ئامېرىكا بىلەن

① ماۋ زېدۇڭ : «ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئاننا لۇئىزا ستروڭ بىلەن بولغان سۆھبەت»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـ توم 2306 ـ بەت.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىرىنچى دۇنياغا مەنسۇپ. ئاربىلىقتىكى دۆلەتلەر، يەنى ياپونىيە، ياۋروپا ئەللىرى، كانادالار ئىككىنچى دۇنياغا مەنسۇپ. بىز ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ.» «ئاسىيادا ياپونىيەدىن باشقا بارلىق دۆلەتلەر ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ. ئافرىقىدىكى بارلىق ئەللەر ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ. لاتىن ئامېرىكىسىمۇ ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ » دېدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇ ئالجىرىيە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بۇۋمېدىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە يەنە تولۇقلاپ: «جۇڭگو ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ. چۈنكى، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە جۇڭگو باي دۆلەتلەر، چوڭ دۆلەتلەرگە ئەگەشمەيدۇ، جۇڭگو بىر قىسىم كەمبەغەل دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇرىدۇ» دېدى. شۇبھىسىزكى، ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەن ئۈچىنچى دۇنيا جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە باشقا رايونلاردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دېڭ شياۋپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 6 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئادە يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ دۇنيانى ئۈچكە ئايرىش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى تۈنجى قېتىم پۈتۈن دۇنياغا شەرھلەپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۆزگىرىشتىن قارىغاندا، هازىرقى دۇنيادا ئۆزئارا باغلىنىشلىق هەم ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئۈچ تەرەپ، ئۈچ دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.» «ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە باشقا رايونلاردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ.» شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى دۇنيا دېگەن بۇ ئۇقۇمنى خەلقئارا جەمئىيەت خېلىلا ئېتىراپ قىلدى، هەتتا بۇ ئۇقۇمنى قوللىنىشقا قارشى تۇرغان كىشىلەرمۇ بۇ ئۇقۇمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچى دۇنيانىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ. هازىر دۇنيادا 180 دىن ئارتۇق دۆلەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا،

ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە باشقا رايونلاردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر 130 دىن ئارتۇق بولۇپ، دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 3/4 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يەر كۆلىمى 100 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 141 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دۇنيا ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 67% ىنى؛ نوپۇسى 4 مىليارد 40 مىليون بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 76.9% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۈچىنچى دۇنيانىڭ بايلىقى مول، غايەت زور ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. دۇنيادا هازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 80% ىنى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى نېفىت زاپىسىلا دۇنيا ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ 56% ىنى ئىگىلەيدۇ (1980 ـ يىلى). هازىرغىچە مەلۇم بولغان سېرەك مېتاللار 51 خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەخمىنەن 30 خىل مېتال قېزىلما بايلىقىنىڭ هەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچىنچى دۇنيادىن چىقىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن مۇهىم ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە يېزا ئىگىلىك خام ئەشيالىرى، بولۇپمۇ تەبىئىي كاۋچۇك، سېرىق كەندىر، قىلىچسىمان يوپۇرماقلىق كەندىر، قەهۋە، كاكائو، بانان، كوكوس پالمىسى، پالما ۋە شېكەر قومۇشى قاتارلىق تىروپىك بەلباغ، سۇبتىروپىك بەلباغ زىرائەتلىرى، ئاساسلىقى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىن چىقىدۇ. بۇلار ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى كەم بولسا بولمايدىغان بايلىق شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۈچىنچى دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇهىم بولۇپ، دېڭىز قاتنىشىنىڭ مۇهىم تۈگۈنگە جايلاشقان، بىر قىسىم مۇهىم دېڭىز بوغۇزى ۋە پورتلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، تىنچ

ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان مالاككا بوغۇزى، قارا دېڭىزنى سىرت بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بوسپورۇس بوغۇزى ۋە داردانىل بوغۇزى، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان ماگېللان بوغۇزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى تېررىتورىيەسىدە. ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى سۇۋەيش قانىلى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى پاناما قانىلى قاتارلىقلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئاللىبۇرۇن دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. 1988 - يىلى ئامېرىكا تىزگىنلەيمىز دەپ ئېلان قىلغان دۇنيادىكى 16 مۇھىم دېڭىز قاتنىشى تۈگۈنىنىڭ 12 سى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىگە جايلاشقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى پېقىردىن باش كۆتۈرگەن بىر كۈچ بولغان ئۈچىنچى دۇنيا تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

(1) تارىخىي جەھەتتىن، ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرى ئاساسەن مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئىلگىرى مۇستەملىكىچى، جاھانگىرلارنىڭ قۇل قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولۇپ، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۈچىنچى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكى، مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەمدە مۇستەقىللىقنى قوغداش كۈرەشى جەريانىدا بىرلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

( 2 ) ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى نامرات، قالاق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، ھەممىسىنىڭ مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسى

www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك. «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ سانتىئاگو خىتابنامىسى» دا: «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 76% نى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما دۇنيا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 27% ى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىماقتا، جۇملىدىن بۇ ئازغىنا كىرىم مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر نامرات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە» دەپ كۆرسىتىلدى. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى تەكشىسىز بولۇپ، پەرق زور، بىراق ئۇلاردىكى ئورتاق بولغان توپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى تۆۋەن؛ ئىككىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر تۆۋەن باسقۇچتا تۇرماقتا؛ ئۈچىنچى، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلىدە ئۆزگىچە كۆپ خىللىق مەۋجۇت؛ تۆتىنچى،ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئىككى مەنبەلىك؛ بەشىنچى، سىرتقا بېقىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان بولۇپ، ئاساسەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ. ھازىرقى زامان سانائىتى بىلەن قالاق يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، خارابلاشقان، بېكىنمە يېزىلار بىلەن كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان شەھەرلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئاز بىر قىسىم بايلار بىلەن كەڭ نامراتلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دەل ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلمىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. بۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە تارىخىي سەۋەب بار، ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نامۇۋاپىق خەلقئارا ئىقتىسادىي كونا تەرتىپ بولۇپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي كونا تەرتىپنى ئۆزگەرتىش، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش، مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىق، قالاقلىقنى تۈگىتىش كەڭ ئۈچىنچى دۇنيا

ئەللىرىنىڭ ئورتاق تەلىپىدۇر.

(3) سىياسىي جەھەتتىن، ئۈچىنچى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە تىپى ئوخشىمايدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتچى دۆلەتلەرمۇ بار. كۆپ قىسىم دۆلەتلەرگە مىللىي بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەرگە فېئودال پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئوخشىمىغان سىنىپلار رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسىتىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ تۈرلۈك زىددىيەت (مىللىي، دىنىي، تىل، زېمىن ۋە چېگرا تالاش - تارتىشى قاتارلىق زىددىيەتلەر) تۇپەيلىدىن توقۇنۇش، ھەتتا ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ دۆلەتلەر جاھانگىرلىك، زومىگەرلىكنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تەھدىتى، ئارىلىشىشى، تېزگىنلىشى ياكى تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاشقى سىياسەت جەھەتتە مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ئاساسىدىكى سىياسەت ياكى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىسىغا قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا يېڭى سىياسىي تەرتىپ ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئورتاق سىياسىي تەلىپى.

ئورتاق تارىخىي قىسمەت، ئورتاق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەلەپ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيەسى ئوخشاش بولمىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپ كۈچ شەكىللەندۈردى ھەم يېپيېڭى قىياپەت بىلەن خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش.

ئۈچىنچى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدا، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاسىيا - ئافرىقا

ئەللىرى يىغىنى ۋە 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بارلىققا كەلگەن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى ئىككى قېتىملىق نامايانده خاراكتېرلىك زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

## 2 ـ بۆلۈم ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى

**تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى** 1955 ـ يىلى چاقىرىلغان ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ باش كۆتۈرۈش مۇساپىسىدىكى مۇھىم ۋەقە. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسى زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئالاھازەل 30 دۆلەت مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.

مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاسىيادىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلدى. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىككى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ھىندىستاننىڭ جۇڭگو شىزاڭ رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەققىدە بېيجىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، زۇڭلى جۇ ئېنلەي جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بەش تۈرلۈك پرىنسىپىنى، يەنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق،

بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە تىنچ بىللە تۇرۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سۆھبەت ئارقىلىق ئىككى تەرەپ بۇ بەش پرىنسىپنى «جۇڭگو شىنزاڭنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان سودا ۋە قاتناش كېلىشىمى»نىڭ كىرىش سۆزىگە كىرگۈزۈشكە قوشۇلدى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدا باش مىنىستىر جۇ ئېنلەي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھىندىستان، بىرمىلاردا زىيارەتتە بولدى. جۇڭگو ـ ھىندىستان، جۇڭگو ـ بىرمىلار باش مىنىستىرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلان قىلغان قوشما ئاخباراتىدا، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مىزانى قىلىشقا قوشۇلدى ۋە مەزكۇر پرىنسىپنى ئورتاق تەشەببۇس قىلدى. تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى خەلقئارادا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ «ئاسىيا خارتىيەسى» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى.

1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھىندونېزىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئەلى ساسترو ـ ئامىدىيو ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنى چاقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ① باش مىنىستىرلىرى كولومبودا يىغىن ئېچىپ ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى ئېچىش مەسىلىسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويىدى. 12 ـ ئايدا جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت باش مىنىستىرلىرى ھىندونېزىيەدىكى بوگوردا يىغىن ئېچىپ ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان بەش دۆلەتنىڭ مەزكۇر

---

① جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىرما، سېيلون (بۈگۈنكى سىرى لانكا)، ھىندىستان، ھىندونېزىيە ۋە پاكىستانلاردۇر.

www.uyghurkitap.com

يىغىنتى ئېچىش ھەققىدە بىرلىكتە چاقىرىق چىقىرىشنى ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسىيا، ئافرىقىدىكى 25 دۆلەتنى تەكلىپ قىلىشنى، يىغىننى 1955 - يىلى 4 - ئايدا باندۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

بوگور يىغىنى ئاخباراتىدا ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ مەقسىتى ئاسىيا - ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى، مەدەنىيەت مەسىلىلىرى ۋە مۇناسىۋىتىنى مۇزاكىرە قىلىش، مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئائىت مەسىلىلەر ۋە ئىرقچىلىققا، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئاسىيا - ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى، ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشىدىغان تۆھپىسىنى مۇزاكىرە قىلىش، دەپ كۆرسىتىلدى. بوگور يىغىنىنى چاقىرىش تەكلىپى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئافرىقا فېدېراتسىيەسىدىن باشقا 24 دۆلەت تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ يىغىنغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى.

ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئامېرىكا ۋە غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئويغىنىشىدىن ئەنسىرەيتتى، بوگور يىغىنى ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنى چاقىرىشنى قارار قىلغاندا، ئامېرىكىدىكى بىر گېزىت: «ئامېرىكا ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى ئەسلا خالىمايدۇ» دەپ خەۋەر بەردى. ئامېرىكا تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يىغىنىنىڭ قىممىتىنى

سوْندوْروْشقا ئوْروْنوْپ، بوْ يىغىن «بىر قېتىملىق چوْشتىن كېيىنلىك چاي» دەپ بىلجىرلىدى. ئوْلار يەنە «جوْڭگو ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقوْقىنى تارتىۋالماقچى» دېگەندەك جامائەت پىكىرلىرىنى پەيدا قىلىپ، جوْڭگو بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ موْناسىۋىتىنى يىرىكلەشتوْروْشكە ھەم جوْڭگونىڭ تەيۋەن دېڭىزى بوغوْزىدا جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، يىغىن كەيپىياتىغا بوْزغوْنچىلىق قىلىشقا ئوْروْندى. يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا بوْزغوْنچىلىق قىلىش ئوْچوْن ئامېرىكا 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كوْنى تەيۋەننىڭ ئىشپىيونلىرىدىن پايدىلىنىپ جوْڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىجارىگە ئالغان ھىندىستان ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ يولوْچىلار ئايروپىلانىغا پارتلايدىغان بومبا قويوْپ قويدى، ئايروپىلان شىياڭگاڭدىن كۆتوْروْلوْپ ھىندونېزىيەگە بېرىش سەپىرىدە پارتلاپ دېڭىزغا چوْشوْپ كەتتى، جوْڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋە جوْڭگو ـ چەت ئەل موْخبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئادەم قازا قىلدى. بوْ ۋەقە يىغىننىڭ كەيپىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكوْزدى.

1955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كوْنى ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنى جاھانگىرلارنىڭ توسقوْنلوْقلىرىنى بوْزوْپ تاشلاپ، باندوْڭدا رەسمىي ئېچىلدى. ئاسىيا ـ ئافرىقىدىكى 29 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھۆكوْمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى[①]دىن جەمئىي 340 نەپەرچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ھىندونېزىيە پىرېزىدېنتى سوْكارنو ئېچىلىش موْراسىمىدا سۆز قىلىپ: «بوْ ئىنسانلار

① ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىغا قاتناشقان دۆلەت ۋە رايونلار ئافغانىستان، بېرما، كامبودژا، جوْڭخوْا خەلق جوْمھوْرىيىتى، مىسىر، ئېفىيوپىيە، ئالتوْن دېڭىز قىرغىقى (بوْگوْنكى گانا)، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ئىران، ئىراق، ياپونىيە، ئىيوردانىيە، لائوس، لىۋان، لىبېرىيە، نېپال، لىۋىيە، پاكىستان، فىلىپپىن، سەئوْدى ئەرەبىستان، سېيلون ( بوْگوْنكى سىرى لانكا)، سوْدان، سوْرىيە، تايلاند، توْركىيە، ۋيېتنام دېموكراتىك جوْمھوْرىيىتى، جەنوْبىي ۋيېتنام ۋە يەمەن (بوْگوْنكى ئەرەب يەمەن جوْمھوْرىيىتى).

تارىخىدا تۇنجى قېتىم رەڭلىك ئىرقتىكىلەر چاقىرغان خەلقئارا يىغىن». ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىتئەدىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ داھىيلىرى... جەم بولۇپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىدۇ ۋە مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ «دۇنيا تارىخىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە «ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرى ئىتتىپاقلاشقاندىلا روناق تاپالايدۇ» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. ساھىبخانا دۆلەت ھىندونېزىيە باش مىنىستىرى ساستروئامىديويو يىغىن رەئىسلىككە سايلاندى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن بىرىنچى قەدەمدە ئاشكارا ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. 18 ـ ئاپرىل چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ 19 ـ ئاپرىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 22 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلدى. كۆپ قىسىم دۆلەت ۋەكىللىرى دۇنيا تىنچلىقى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇستەملىكىچىلىكنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت ئۈچ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا سۆز قىلدى، ئەمما ئاز بىر قىسىم دۆلەت ۋەكىللىرى سۆزىدە يىغىن مۇددىئاسىدىن چەتلەپ «ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بولماستىن، بەلكى كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش» دېگەندە چىڭ تۇردى. ھەتتا بەزى دۆلەت ۋەكىللىرى ئاتالمىش «ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيىتى» ۋە «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگوغا دارىتمىلىدى، ھۇجۇم قىلدى. بۇ سۆزلەر يىغىن كەيپىياتىنى ناھايىتى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، كىشىلەر يىغىننىڭ تۈگىمەس تالاش ـ تارتىشقا پېتىپ قېلىپ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پوزىتسىيەسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. زۇڭلى جۇ ئېنلەي ۋە جۇڭگو ۋەكىللەر

ئۆمىكى ئەسلىدە تەييارلىغان نۇتۇق ئارگىنالىنى يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە زوڭلى جۇ ئېنلەي قوشۇمچە نۇتۇق سۆزى تەييارلىدى. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى زوڭلى جۇ ئېنلەي يىغىندا سۆز قىلىپ « پىكىردىكى ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلارنى قويۇپ تۇرۇش» پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ كەڭ ئورتاق ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، «جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىختىلاپلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پىكىردىكى ئوخشاشلىقلاردا بىرلىك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن» لىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ يەنە ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسىلىسى، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ۋە ئاتالمىش «ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيىتى» مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى شەرھلىدى. زوڭلى جۇ ئېنلەينىڭ سۆزى ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، فىلىپپىننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى رومۇلو جۇ ئېنلەي بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول ئېلىشىپ : «نۇتقىڭىز ناھايىتى قالتىس بولدى، يارىشىش، دېموكراتىيە روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى» دېدى. جۇڭگو ۋەكىللىرى تەشەببۇس قىلغان «ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلارنى قويۇپ تۇرۇش» فاڭجېنى يىغىن كەيپىياتىدىكى جىددىيلىكنى تۈگەتتى. ھەرقايسى ئەل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇميۈزلۈك بۇ فاڭجېننى قوبۇل قىلغانلىقتىن، يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ۋەكىللەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت كومىتېتلىرىغا بۆلۈنۈپ مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن ماھىيەتلىك مۇزاكىرە باسقۇچىغا كىرگەندە، ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن مەدەنىيەت كومىتېتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا بىردەك پىكىر ھاسىل قىلدى. سىياسىي

كومىتېت يىغىنىدا، مۇستەملىكىچىلىك ۋە تىنچ بىللە تۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا تالاش ـ تارتىش بىر قەدەر كۆپ بولدى. جۇڭگو ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلارنى قويۇپ تۇرۇش روھىنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ئاخىرقى كېلىشىمنى ئىمزالاشقا يول ئاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى ھەم «ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنىنىڭ ئاخىرقى ئاخباراتى» نى ئېلان قىلدى. ئاخبارات «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق»، «مەدەنىيەت ھەمكارلىقى»، «ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «بېقىندى جايلار مەسىلىسى»، «باشقا مەسىلىلەر»، «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، شۇنداقلا «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى خىتابنامە» قاتارلىق يەتتە قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى خىتابنامە» دە، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇشى، دوستانە ھەمكارلىشىشىغا ئائىت باندۇڭ يىغىنىنىڭ 10 تۈرلۈك پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە راۋاجى ئىدى.

ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىدا، ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، جاھانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت «باندۇڭ روھى» بارلىققا كېلىپ، دۇنيا ۋە ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. باندۇڭ يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامىدا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق

ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش، تىنچ بىتەرەپ تۇرۇش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ، يېڭى سىياسىي ئېقىمغا ئايلاندى ھەم 60 ـ يىللاردا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئاساس سالدى.

**ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە تەرەققىياتى** 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر چوڭ دۆلەت گۇرۇھلىرىغا بېقىنمايدىغان، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ئاساسىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نېھرۇ ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يۇگوسلاۋىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىل بولمىغان مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىگە مايىل بولدى. تىتو مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولغان ۋە ھېچقانداق گۇرۇھقا بېقىنمايدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. تىتو 1950 ـ يىلى: «بىز ھېچقانداق گۇرۇھقا مەنسۇپ ئەمەسمىز» دېدى. تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ۋە باندۇڭ يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن تىتو ۋە ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى بىر قىسىم مىللەتچى ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنى تەشكىللەش ئىدىيەسىگە كەلدى.

1956ـ يىلى 7 ـ ئايدا تىتو، نېھرۇ ۋە ناسىرلار يۇگوسلاۋىيەنىڭ برىئونى ئارىلىدا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنى قوزغاش ئۈستىدە كېڭەشىپ، ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى تۈنجى

www.uyghurkitap.com

قەدەمنى باستى. تىتو، نېھرۇ، ناسىر، سۇكارنو ۋە نكرۇما قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا 1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قاھىرەدە تەييارلىق يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك ئۆلچىمى بېكىتىلدى : بىرىنچى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى تىنچ بىللە تۇرۇش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ئاساسىدىكى مۇستەقىل سىياسەت بولۇشى، ھېچبولمىغاندا بۇ خىل سىياسەتكە ئۇيغۇن پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، بۇ دۆلەتلەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، بۇ دۆلەتلەر ئۆزىنى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشىغا سۆرەپ كىرىدىغان ھەرقانداق كوللېكتىپ ھەربىي ئىتتىپاققا قاتناشمىغان بولۇشى كېرەك؛ تۆتىنچى، بۇ دۆلەتلەر مەلۇم بىر چوڭ دۆلەت بىلەن ئىككى تەرەپلىك ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى تۈزۈشمىگەن بولۇشى كېرەك؛ بەشىنچى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا شۇ دۆلەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان چەت ئەللەرنىڭ ھەربىي بازىسى بولماسلىقى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىلەر ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى دەل باندۇڭ يىغىنى روھىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1961ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇنجى قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى يۇگوسلاۋىيەنىڭ پايتەختى بېلگرادتا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ئىتتىپاق تۈزمىگەن 25 دۆلەتنىڭ رەھبىرى قاتناشتى. يىغىن خىتابنامە ماقۇللاپ، يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەللەر خەلقلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا قۇرغان ھەربىي بازىلارنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش، ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەملىكىچىلىكنى بىكار

قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ تىنچ بىللە تۇرۇش سىياسىتىنى دۇنيانى گۇرۇھلارغا ئايرىش ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارا سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە باش كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ كوللېكتىپ كۈچ سۈپىتىدە خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خۇددى ئىتتىپاق تۈزمىگەن بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى يىغىندا قىلغان سۆزىدە كۆرسەتكەندەك، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئەمدى ئاز بىر قىسىم چوڭ دۆلەتلەر قولىغا ئېلىۋالسا بولمايتتى، كىچىك دۆلەتلەر، ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرمۇ خەلقئارا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قاتنىشىشى كېرەك ئىدى.

تۈنجى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى كۈنسايىن كېڭەيدى، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان دۆلەتلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەزا دۆلەتلەر 95 كە يەتتى، 80 ـ يىللاردا 101 گە يېتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى مەقسىتى ئاساسلىقى ئىككى چوڭ لاگېر، ئىككى ھەربىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا تىنچ بىتەرەپلىكنى ساقلاش، يېڭى مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش، مۇستەقىل بىر كۈچ سۈپىتىدە خەلقئارا ئىشلارغا قاتنىشىش ئىدى. 60 ـ يىللاردا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى تىغ ئۇچىنى غەربىي ياۋروپادىكى كونا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرگە قارىتىپ «ئەڭ ئاخىرىدا مۇستەملىكىچىلىكنى تۈگىتىش»، شۇنىڭ بىلەن بىللە

يېڭى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قاھىرەدە ئېچىلغان 2 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى «تىنچلىق ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق پىروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، «جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە يېڭى مۇستەملىكىچىلىك خەلقئارا جىددىي ۋەزىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ تۈپ مەنبەسى»، «جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە يېڭى مۇستەملىكىچىلىكنى بىكار قىلمىغاندا، دۇنيادا تىنچ بىللە تۇرۇشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چاقىرىلغان 3 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى داڭلىق «لۇساكا خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قورقۇنچلۇق كۈچلەر باراۋەرلىكى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىك ئېلىپ كېلەلمىدى» دەپ كۆرسەتتى. لۇساكا يىغىنى ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ تىغ ئۇچىنى ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە قارىتىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالجىردا ئېچىلغان 4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى تۇنجى قېتىم «زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ھەرقانداق شەكىلدىكى، جۈملىدىن سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى قول قىلىش ۋە بېقىندۇرۇشنى، مۇداخىلە يۈرگۈزۈش ۋە بېسىم ئىشلىتىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى «زومىگەرلىك مۇناسىۋىتى»، «چوڭ دۆلەتلەر تالاش ـ تارتىشى» نى ئەيىبلىدى.

ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كۈرىشى سىياسىي ساھەدىن تەدرىجىي ئىقتىسادىي ساھەگە كېڭەيدى.

1970 ـ يىلى چاقىرىلغان 3 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۇزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، يىغىن ماقۇللىغان «ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەققىدىكى خىتابنامىسى» دە، «مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىن قالغان باراۋەرسىز دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسى» ئەيىبلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش تەلەپ قىلىندى. يىغىن «نامرات دۆلەتلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مۇستەقىللىقنى كۈچەيتىش، دۇنيا ئىقتىسادىنى تېخىمۇ تېز ۋە تېخىمۇ تەكشى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىش» نى ئۈمىد قىلدى. *شۇنىڭدىن كېيىن، ئىقتىسادىي مەسىلە ھەر قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئاساسلىق قارالمىسىغا ئايلاندى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان 77 دۆلەت گۇرۇھى 1964 ـ يىلى خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنى 4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۇزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «يېڭى دۇنياۋى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى» دەپ كۆرسەتتى. 1976 ـ يىلى ئېچىلغان ئىتتىپاق تۇزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى «ئۆز كۈچىگە تايىنىش» تەك ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى»نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدىكى كۈرەش كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى.

ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن كۆلىمى ئۇزۇكسىز كېڭەيدى، تەشكىلىي شەكلى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىلغاندىن سىرت، يەنە دائىملىق ئاپپارات سۈپىتىدە مىنىستىر

دەرىجىلىكلەر ماسلاشتۇرۇش ئىدارىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ماسلاشتۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئېنىق مەقسەت ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېمىغا ئىگە مۇھىم بىر خەلقئارا تەشكىلاتىغا ئايلاندى. 1995 ـ يىلىغا قەدەر جەمئىي 11 قېتىم دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئەزا دۆلەتلەر 113 كە يېتىپ ھازىرقى دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 2/3 سىنى، نوپۇسى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 2/5 نى ئىگىلىدى. جۇڭگو 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جاكارتادا ئۆتكۈزۈلگەن 10 ـ قېتىملىق دۆلەت باشلىقلار يىغىنى ۋە 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كولومبىيەنىڭ كارتاگېنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 11 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى. 11 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ماقۇللىغان «كولومبىيە خىتابنامىسى» دا: «ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تۈپ پىرىنسىپى يەنىلا كۈچكە ئىگە». «ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى ھالاك بولدى ۋە سوتسىيالىزم گۇرۇھى يوقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىدى، دەيدىغان تۇرلۇك سەپسەتىلەر خاتا» دەپ كۆرسىتىلدى. دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى، جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش، كەڭ ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش، يېڭى ھەرىكەت شەكلى ۋە ھەرىكەت يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئىتتىپاق تۇزمەسلىك ھەرىكىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تىزگىنلىشى ۋە ئارىلىششىغا قارشى تۇرۇش، ئادىل، باراۋەر خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىشتىكى بىر سىياسىي مۇنبىرىگە ئايلانغۇسى ھەم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگۈسى.

## 3 ـ بۆلۈم ۋيېتنام، لائوس، كامبودژا خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇزچىلىقنى كۆچەيتىشى 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھىندىچىنىدا ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدىكى جەنۇۋە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، فىرانسىيە قوشۇنى ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتتىن چېكىندى. بىراق، ئامېرىكا دەرھال فىرانسىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى.

1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى دوللېسنىڭ ھەر تەرەپكە قاترىشى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، فىلىپپىن، تايلاند، پاكىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى مانىلادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا كوللېكتىپ مۇداپىئە شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھەربىي گۇرۇھى» نى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. بۇ گۇرۇھ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ۋيېتنامنىڭ جەنۇبى، لائوس، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ «قوغداش» دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى يەنە ئاتالمىش «دومىنو قارتىسى» نەزەرىيەسىنى كۆتۈرۈپ، مۇبادا ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت قولدىن كەتسە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە پۈتكۈل يىراق شەرق، تىنچ ئوكيان رايونىدا زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىدۇ دەپ داۋراڭ سالدى. شۇڭا، ئامېرىكا جەنۇۋە كېلىشىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بۇ جاينى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

ۋيېتنام ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋيېتنامدا

ۋۇ تىڭيەن[1] نى يۆلەپ باش مىنىستىر قىلدى، فىرانسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر كۈچىنى چەتكە قېقىپ، ئامېرىكىپەرەس مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇردى. ۋۇ تىڭيەن ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، جەنۋە كېلىشىمى ئىمزالانغان كۈننى «دۆلەتنىڭ ئار - نومۇس كۈنى» دەپ جاكارلىدى. ئۇ ئۆكتىچىلەرنى قوراللىق باستۇردى ھەم «ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، پادىشاھ باۋ دانى دۆلەت باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇپ، «ۋيېتنام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى، ئۆزى پرېزىدېنت، قوشۇمچە باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ۋۇ تىڭيەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھەربىي مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي خادىملارنى ئۆزلۈكسىز ۋيېتنامغا ئەۋەتتى ھەم تۈركۈملەپ ھەربىي ئەسلىھەلەرنى توشۇپ كېلىپ، نەچچە ئون يەردە ھەربىي بازا قۇرۇپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك تاشيوللارنى ياساپ، ۋيېتنامنى ئامېرىكىنىڭ يېڭىچە مۇستەملىكىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك بازىسىغا ئايلاندۇردى.

ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ۋۇ تىڭيەن گورۇھى «كوممۇنىستلارنى تىزگىنلەش»، «كوممۇنىستلارنى يوقىتىش» جېڭىنى قوزغاپ جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى ۋەتەنپەرلەرنى قىردى. 1958 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋۇ تىڭيەن گورۇھى سايگونغا يېقىن جايدىكى فۇلى لاگېرىدا 1000 دىن ئارتۇق سىياسىي جىنايەتچىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشتەك زور پاجىئەنى

[1] ۋۇ تىڭيەن (1910 — 1963 - يىللار) ۋيېتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چۇاڭ بىنخ ئۆلكىسى (بۇگۇنكى بىن ترى تيېن ئۆلكىسى) دە دۇنياغا كەلگەن، كاتولىك دىنى مۇخلىسى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىكى مەزگىلىدە ھاكىم، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.1950 - يىلى ۋيېتنامدىن ئايرىلىپ ياپونىيەگە كەلگەن. كېيىنكى يىلى ئامېرىكىغا كەتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 1954 - يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكىدىن جەنۇبىي ۋيېتنامغا قايتىپ كېلىپ، باۋدا ھۆكۈمىتىدە ئىچكى كابىنېت باش مىنىستىرى بولغان،

پەيدا قىلدى. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە «10 ـ نومۇرلۇق پىرېزىدېنت پەرمانى» نى ئېلان قىلىپ، ئالاھىدە ھەربىي سوت تەسىس قىلدى، مەزكۇر سوتنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ھەر ۋاقىت بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بەش يىلدا، ۋيېتنامدا 200 مىڭ ئادەم تۇرمە ۋە لاگېرغا سولاندى، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن مېيىپ بولدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى.

جەنۋە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئامېرىكا لائوستىمۇ ئامېرىكاپەرەس كۈچلەرنى يۆلەپ، كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. جەنۋە كېلىشىمىدە لائوسنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە لائوس قارشىلىق كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنغانىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن لائوس قوراللىق كۈچلىرى كىسام نۇئا بىلەن فوڭ سالىغا توپلاندى. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لائوس خەلق پارتىيەسى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەركىنلىك فىرونتى ئاساسىدا شاھزادە سۇفانوۋوڭ [1] رەئىسلىكىدىكى «لائوس ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسى» قۇرۇلغان بولۇپ، لائوس خەلق پارتىيەسى [2] ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئىدى. شۇ

---

① سۇفانوۋوڭ ( 1909 — 1995 ـ يىللار) لائوس خان جەمەتىدىن بولۇپ، لۇئاڭ پراباڭدا تۇغۇلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خانوي ۋە پارىژدا ئوقۇغان، توپا ـ تاش قۇرۇلۇشى ئىنژېنېرى. 1945 ـ يىلى ياپونغا قارشى تەشكىلاتقا قاتناشقان، 10 ـ ئايدا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرلىكى-نى ئۈستىگە ئالغان، 1956 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىككى نۆۋەتلىك لائوس بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدە ئىقتىساد ۋەزىرى ۋە مۇئاۋىن باش ۋەزىر، قوشۇمچە ئىقتىساد ـ پىلان ۋەزىرى بولغان. 1975 — 1995 ـ يىللىرى لائوس خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رە-ئىسى ۋە ئالىي خەلق پارلامېنتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى.

② لائوس خەلق پارتىيەسى 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، 1972 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نامى لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەن.

يىلى 5 ـ ئايدا ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسى بىلەن باش ۋەزىر فۇما باشچىلىقىدىكى پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى «ۋيېنتيان كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى، كېلىشىمدە ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش، بىرلەشمە مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش، لائوس قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى قايتۇرۇۋېتىش، بىر قىسمىنى پادىشاھلىق بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاتىغا كىرگۈزۈش بەلگىلەندى. 1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لائوس بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. لېكىن، ئامېرىكا 1958 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قوللاپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، فۇي سانانىكوننى يۆلەپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاردى. بۇ ھاكىمىيەت ۋيېنتيان كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسىنى باستۇردى. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەسكەر چىقىرىپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئىشتاتىغا كىرگۈزۈلگەن لائوس قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىككى يىلى ئەسكىرىنى قورشىۋالدى ھەم قورالسىزلاندۇردى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا يەنە سۇفانۇۋوڭ قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسى ئەزالىرىنى قانۇنسىز قاماپ قويدى. 12 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن فۇمى نوساۋان («دۆلەتنى قوغداش كومىتېتى» نىڭ كاتىپبېشى) گۇرۇھى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، سانانىكون ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سومسانىت ـ فۇمى ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ ئامېرىكىغا تېخىمۇ مايىل سىياسەت يۈرگۈزدى.

1959 ـ يىلى ئامېرىكا فىرانسىيەنى لائوستىكى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە گۇرۇپپىسىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى، ئاندىن لائوس پادىشاھلىقى ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى مەشىقلەندۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى لائوسقا كىرىپ، لائوس

ئارمىيەسىنى تىزگىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى يەنە گېنېرال ۋاڭ باۋنىڭ بىر «مەخپىي قوشۇن» تەشكىللەپ، لائوس ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى قوللاپ لائوس ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇردى.

جەنۇب يىغىنىدىن ئىلگىرى، كامبودژا پادىشاھلىقى فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، 1953 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىدى. جەنۇب كېلىشىمىدە كامبودژانىڭ مۇستەقىللىقى جەزملەشتۇرۇلدى. شاھزادە نورودوم سىخانۇك ① باشچىلىقىدىكى كامبودژا پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى تىنچ، بىتەرەپ سىياسەتنى يولغا قويۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھەربىي گۇرۇھىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى ھەم ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ھىمايە قىلدى. 1957 - يىلى 1 - ئايدا كامبودژا پارلامېنتى بىتەرەپلىك قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىنى تېخىمۇ جەزملەشتۇردى. ياندۇرقى يىلى 7 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. كامبودژانىڭ تىنچلىق، بىتەرەپ تۇرۇش ۋە ئىتتىپاق تۇزمەسلىك سىياسىتىگە ئامېرىكا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئامېرىكاپەرەس ئوڭ قانات كۈچلەرنى قۇترىتىپ كۆپ قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، سىخانۇك ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەستىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن كامبودژانىڭ تىنچلىق سىياسىتى، بىتەرەپلىك ئورنى ۋە بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى.

---

① سىخانۇك (1922 — 2010 - يىللار) فنوم پېندا تۇغۇلغان، كامبودژا پادىشاھى نورودوم سۇراماربتىنىڭ ئوغلى، 1941 - يىلى پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1955 - يىلى 3 - ئايدا، پادىشاھلىق تەختىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دادىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇ يىلى 10 - ئايدا كامبودژا پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىرى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولغان.

هىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتى جەنۋە كېلىشىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1955 ـ يىلىدىن كېيىن ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلق ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەت قوزغىدى. سايگون، خۇئې قاتارلىق شەھەرلەردە مىڭلىغان ئاما يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزدى، ئىش ۋە بازار تاشلىدى. ئەمما، بۇ قانۇنلۇق كۈرەشلەر ۋۇ تىڭيەن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش يولى ئېتىپ تاشلاندى. ۋيېتنام خەلقى ئەمەلىي كۈرەش جەريانىدا قوراللىق كۈرەشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋيېتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نگيابىن ئۆلكىسى خوئاي نخون ناھىيەسى خەلقى ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئايدا جەنۇبتىكى بىن تىري ئۆلكىسى خەلقىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ تايانچ پونكىتىنى ۋەيران قىلىپ، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ۋيېتنام خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، دىنىي مەزھەپلەر ۋە ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش، ۋۇ تىڭيەن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، مۇستەقىل، دېموكراتىك، تىنچ، بىتەرەپ جەنۇبىي ۋيېتنام قۇرۇپ، دۆلەتنى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش پىروگراممىسىنى ماقۇللىدى. يىغىن «جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق فرونتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1961 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىرلىشىپ جەنۇبىي ۋيېتنام خەلق ئازادلىق قوراللىق كۈچى بولۇپ تەشكىللەندى. جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى خەلق ئازادلىق كۈرىشى بىر تۇتاش رەھبەرلىككە ئىگە بولۇپ، قوراللىق كۈرەشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

1961 ـ يىلى ئامېرىكا ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا بىر مەيدان «پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش» قوزغىدى. بۇ ئامېرىكا پۇل ۋە قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئامېرىكا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى ئىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ستېررى ـ تايلور پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 18 ئاي ئىچىدە جەنۇبىي ۋيېتنامنى «تىنچلاندۇرۇش» قا ئۇرۇندى. 1962 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا يەنە سايگوندا «ھەربىي ياردەم قوماندانلىق ئىشتابى» قۇردى ھەم ئالاھىدە قىسىم ئەۋەتتى. 1964 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە ئادەم سانى 29 مىڭغا يەتتى. «پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسەن، ئامېرىكا جەنۇبىي ۋيېتنام ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىپ، جەنۇبىي ۋيېتنام ئارمىيەسىنى زور كۈچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە ئۇرۇشنىڭ قورالى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئىستراتېگىيەلىك كەنت» تاكتىكىسىنى زورلۇق بىلەن يولغا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئەتراپى سىم تور، خەندەك ۋە ئىستىھكاملار بىلەن قورشالغان «ئىستراتېگىيەلىك كەنت» لەرگە كىرگۈزۈپ، پارتىزانلار بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىش ئارقىلىق «كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇش» مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئامېرىكا مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئالاھىدە قىسىملىرى نەچچە 100 مىڭ كىشىلىك ۋۇ تىگىيەن قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ «نۇقتىلىق تازىلاش»، «ھۇجۇمنى تەدرىجىي كېڭەيتىش»، «تارقاق ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بېرىش»، «تىك ئۇچار ئايروپىلاندا توشۇش» قاتارلىق تاكتىكىلارنى قوللاندى ھەم ناپالم بومبىسى،

www.uyghurkitap.com

خىمىيەلىك زەھەرلىك دورا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، كەڭ كۆلەمدە تازىلاش ئېلىپ باردى.

جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى ئارمىيە ۋە خەلق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، جانلىق، ھەرىكەتچان تاكتىكىنى قوللىنىپ دۈشمەنگە زەربە بەردى. نۇرغۇن «ئىستراتېگىيەلىك كەنتلەر» خەلق قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى، بىر قىسىم «ئىستراتېگىيەلىك كەنتلەر» خەلقنىڭ كۈرەش مەيدانىغا ئايلاندى. 1963 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا قىتخو ئۆلكىسى كايلا ناھىيەسىنىڭ ئاپباك كەنتىدىكى ئارمىيە ـ خەلق ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە 1500 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى، دۈشمەننىڭ 15 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ ياكى زەخىملەندۈرۈپ، «تىك ئۇچار ئايروپىلاندا توشۇش» تاكتىكىسىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەۋقۇلئاددە ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپى بولغان شەھەرلەردىكى خەلق كۈرىشىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىسى ۋە بۇددا دىنى مۇرىتلىرى كوچىلارغا چىقىپ، ۋۇ تىڭيەن گورۇھىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. جەنۇبىي ۋيېتنام ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ، ئىچكى نىزا كۈچەيدى. 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا پىلانلىغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتە ۋۇ تىڭيەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئارقىدىن ياڭ ۋېنمىڭ، رۇەن چىڭ قاتارلىق ھەربىي كاتتىباشلار داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. 1964 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئامېرىكا «پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ۋىلىيام ۋېستمورلان خۇگگىنسىنىڭ ئورنىغا ئامېرىكىنىڭ سايگوندا تۇرۇشلۇق ھەربىي ياردەم قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

جونسون ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن

ئۇرۇشنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. 1964 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا «شىمالىي قولتۇق ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، «شىمالىي ۋيېتنامنىڭ تورپېدا قېيىقى ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن ۋيېتنامنىڭ شىمالىنى بومباردىمان قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتى «توكيو قولتۇقى قارار لايىھەسى» نى ماقۇللاپ، پىرېزىدېنتقا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنى كېڭەيتىش ھوقۇقى بەردى. 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرى دا نائڭدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشتى. 7 ـ ئايدا «ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى» قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ئاساس قىلغان «جەنۇبىي ۋيېتنامدا يۈزمۇيۈز جەڭ قىلىش، شىمالىي ۋيېتنامنى بومباردىمان قىلىش» تەك «قىسمەن ئۇرۇش» باشلاندى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ئەسكەر سانى 545 مىڭ 500 گە يەتتى. جەنۇبىي ۋيېتنام ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى كۆپىيىپ سانى 1 مىليونغا يېقىنلاشتى. كورېيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، تايلاند، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى.

خۇجى مىننىڭ «ھەل قىلغۇچ جەڭدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش» چاقىرىقى بىلەن، ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئارمىيە ـ خەلق ھاۋادىن بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇرۇشىغا قارشى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى ئارمىيە ـ خەلق دۈشمەننىڭ قورغاق پەسلىدە قوزغىغان بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىندۈردى. 1968 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئەتىيازلىق ھۇجۇم» قوزغاپ، سايگون، خۇئې، دا ناڭ قاتارلىق 64 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر، ئۆلكە مەركىزى، شۇنداقلا ھەربىي بازىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام

www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا جونسون ھۆكۈمىتى شىمالىي ۋېيېتنامنى بومباردىمان قىلىشنى قىسمەن توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. 5 ـ ئايدا ۋېيېتنام بىلەن ئامېرىكا پارىژدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. 11 ـ ئايدا ئامېرىكا شىمالىي ۋېيېتنامنى بومباردىمان قىلىشنى پۈتۈنلەي توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن «قىسمەن ئۇرۇش» مەغلۇپ بولدى.

ۋېيېتنام خەلقى ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، لائوس ۋەتەنپەرۋەرلىك فرونتى پارتىيەسى ۋە لائوس خەلقىمۇ 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى قوزغىدى. جاررېس تۈزلەڭلىكىدە تۇرۇشلۇق لائوس قوراللىق قىسىملىرىنىڭ 2 ـ يىلى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، تايانچ بازىسىغا قايتىپ كېلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قايتا قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا سۇفانۇۋوڭ قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك فرونتى پارتىيەسى رەھبەرلىرى تۈرمىدىن ئوڭۇشلۇق قېچىپ چىقىپ، ئازاد رايونغا قايتىپ كەلدى. 8 ـ ئايدا پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى 2 ـ پاراشوتچىلار يىغىنىنىڭ يىگىتى كاپىتان گوڭ لې ئامېرىكىنىڭ لائوسنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلانغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئامېرىكاپەرەس سومسانىت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، باش ۋەزىر فۇما باشچىلىقىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇردى. نەتىجىدە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىكى ئوڭ قانات كۈچلەر ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. 9 ـ ئايدا فۇمى ـ بۇن ئوم گۇرۇھى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدا ساۋاننا كېتتا قانۇنسىز ھۆكۈمەت قۇردى. 12 ـ ئايدا فۇمى توپلىغىچى قوشۇنى ۋېيېنتيانغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن لائوس ئىچكى ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى.

لائوس ۋەتەنپەرۋەرلىك فرونتى پارتىيەسى ۋە لائوستىكى

بىتەرەپ كۈچلەر بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ قولللىشىدىكى فۇمى ــ بۇن ئوم ئوڭ قاناتلار گۇرۇھى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. 1961 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 60% ىنى ۋە ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلىپ، جارىيپس تۈزلەڭلىكى، 9 ــ نومۇرلۇق تاشيول رايونى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك جايلارنى ئىزگىلىدى. لائوستىكى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر ئۈزۈكسىز زورىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئامېرىكا ۋە لائوس ئوڭ قاناتلار گۇرۇھى خەلقئارا يىغىن چاقىرىپ لائوس مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قوشۇلدى.

1961 ــ يىلى 5 ــ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ( جەنۋە يىغىنىنىڭ ئىككى رەئىسى ) نىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بولۇپ جەمئىي 14 دۆلەت جەنۋەدە يىغىن ئېچىپ، لائوس ئىچكى ئۇرۇشىنى توختىتىش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. كېيىنكى يىلى 7 ــ ئايدا يىغىن يەنە بىر قېتىم ئېچىلدى ھەم «لائوسنىڭ بىتەرەپلىكى ھەققىدىكى خىتابنامە» ۋە كېلىشىمنى ماقۇللاپ، «لائوس پادىشاھلىقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، بىرلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپى» نى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى، چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ لائوسقا كىرىشىنى چەكلىدى. يىغىن مەزگىلىدە لائوستىكى سول قاناتلار، بىتەرەپلەر ۋە ئوڭ قاناتلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىلى بولغان سۇفانۇۋوڭ، فۇما ۋە بۇن ئوم قاتارلىقلار شۋېيتسارىيەنىڭ سيۇرىخ شەھىرىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ۋاقىتلىق مىللىي ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1961 ــ يىلى 6 ــ ئايدا فۇما باش ۋەزىرلىكىدىكى 2 ــ قېتىملىق مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. سۇفانۇۋوڭ ۋە فۇمى ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى.

بىراق، ئامېرىكا كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا يەنە بىر قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 1962 ـ يىلى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى مياۋزۇ پارتىزانلىرى ۋە جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلاردىكى قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئوڭ قاناتلار قوشۇنىنىڭ ئازاد رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى. 1964 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئوڭ قانات كۈچلەر ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 5 ـ ئايدا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى لائوسنىڭ ئازاد رايونلىرىنى بومباردىمان قىلىپ لائوسقا قارىتا «پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش» قوزغىدى.

بۇ خىل ۋەزىيەتتە لائوس ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشنى قانات يايدۇردى. لائوس كۈرەشچى قىسىملىرى لائوس خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرى ۋە ئوڭ قاناتچىلار قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلدى. 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر بىتەرەپ كۈچلەر مەملىكەت بويىچە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنى ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا چاقىردى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى لائوسنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۈزۈكسىز راۋاجلىنىپ، ئازاد رايونلار تەدرىجىي كېڭەيدى.

**ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى**

1969 ـ يىلى نىكسون ھىندىچىنى ئۇرۇشىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئاسىيادىكى كۈچلىرىنى قىسقارتىش، ئۇرۇشنى «ئامېرىكىسىزلاشتۇرۇش» تاكتىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋيېتنامدا بولسا «ئۇرۇشنى ۋيېتناملاشتۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي ۋيېتنامدىكى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى تەدرىجىي چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ «ۋيېتناملىقلاردىن

پايدىلىنىپ، ۋيېتنامىلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش» ۋاستىسىنى قايتا ئىشقا سالدى. 1 ـ ئايدا ئامېرىكا جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق فىرونتىنى ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ۋيېتنام بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپ سۆھبىتى جەنۇبىي ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق فىرونتى ۋە سايگوندىكى رۇەن ۋېنشاۋ ھاكىمىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت تەرەپ سۆھبىتىگە كېڭەيدى. سۆھبەت جەريانىدا ئامېرىكا ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك ۋە سىياسىي پوپوزا ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، بەزىدە بومباردىمان قىلىشنى توختىتىپ تىنچلىق سۆھبىتىگە قىزىقتۇرسا، بەزىدە بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق تىنچلىق سۆھبىتىگە مەجبۇرلىدى.

1970 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ پىلانلىشى ۋە قۇترىتىشى بىلەن كامبودژادىكى لون نول ـ سىرىك ماتاك گۇرۇھى شاھزادە سىخانۇك چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، كامبودژا پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شاھزادە سىخانۇك كامبودژا مىللىي بىرلىك فىرونتىنى قۇرۇپ، كامبودژا كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكاپەرەس ئوڭچىلار گۇرۇھىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 4 ـ ئايدا ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام ئارمىيەسىنىڭ 100 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئوتى كامبودژانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىغا يامرىدى.

ئامېرىكىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ تۆت تەرەپ رەھبەرلىرى 1970 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ــ 25 ـ كۈنلىرى ھىندىچىنى خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، ۋيېتنام، كامبودژا، لائوس خەلقىنى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق

بىلەن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا كامبودژا پادىشاھلىقى مىللىي ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى بىر گەۋدىگە ئايلاندى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ قوراللىق كۈرەشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشنى «ۋيېتناملاشتۇرۇش»، «كخمېرلاشتۇرۇش»، «لائوسلاشتۇرۇش» پىلانىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى.

1973 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن ۋيېتنام «ئۇرۇش توختىتىپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېلىشىمى» (يەنى پارىژ كېلىشىمى) نى ئىمزالىدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لائوستىكى ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋيېتنتيان ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن «لائوستا تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېلىشىمى» (يەنى ۋيېنتيان كېلىشىمى) نى ئىمزالىدى.

پارىژ كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھەربىي كۈچلىرى ۋيېتنامدىن چېكىندى، لائوستا ۋاقىتلىق مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، كامبودژا ئوڭچىلار گۇرۇھى ھاكىمىيىتى بەكلا يېتىم قالدى. ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1975 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ غەلىبە باسقۇچىغا كىردى. 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ۋيېتنام خەلقى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تاي نگۇيېن، خۇئې ـ دا ناڭ ۋە سايگون (خۇجى مىڭ شەھىرى) جەڭلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغاپ، رۇەن ۋېنشاۋ گۇرۇھىنى تارمار قىلىپ، 4 ـ

ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سايگوننى ئازاد قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋېيېتنامنىڭ جەنۇبىي قىسمى تولۇق ئازاد بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كامبودژا خەلق قوراللىق كۈچلىرىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى فنوم پېننى ئازاد قىلدى. 19 ـ كۈنى كامبودژا تولۇق ئازاد بولدى. 1976 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دېموكراتىك كامبودژا قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ لائوس خەلقى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنى قۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 2 ـ كۈنلىرى ۋيېنتيياندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى، لائوس خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتى.

## 4 ـ بۆلۈم سۈۋەيش قانىلى ۋەقەسى ۋە ئەرەب خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى

**مىسىرنىڭ سۈۋەيش قانىلىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە 2 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى** 1952 ـ يىلى «ئىيۇل ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ناسىر باشچىلىقىدىكى مىسىر جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش ۋە ئىستىپاق تۈزمەسلىكتەك تاشقى سىياسەتنى يولغا قويدى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىسىر بىلەن ئەنگلىيە كېلىشىم ئىمزالاپ، 1936 ـ يىلدىكى «ئەنگلىيە ـ مىسىر ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نى بىكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ 20 ئاي ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ سۈۋەيش قانىلى

رايونىدىن چېكىنىپ چىقىشى بەلگىلەندى. ناسىر ھاكىمىيىتى يەنە جاھانگىرلار ئوتتۇرا شەرقتە قۇرۇشنى پىلانلىغان ھەربىي گۇرۇھقا قاتنىششنى رەت قىلدى ھەم 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چاقىرىلغان باندۇڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى قوللىدى. بۇ ھەرىكەتلەر مىسىرنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى ئورنى ھەم تەسىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيتتى.

مىسىر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان زىددىيىتى كونسېرى ئۆتكۈرلەشتى، ئىككى دۆلەت چېگراسىدا قوراللىق توقۇنۇش ئۈزۈلمىدى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى مىسىرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى غەززا رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، مىسىر تەرەپ زور تالاپەتكە ئۇچرىدى. مىسىر ھۆكۈمىتى ھەربىي كۈچىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەردىن ھەربىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر مىسىرنىڭ تاشقى سىياسىتىدىن نارازى بولغانلىقتىن، تۈرلۈك شەرتلەرنى قويۇپ، مىسىرنى قەستەن تەڭقىسلىقتا قالدۇردى. 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مىسىر سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە، پولشالار بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر مىسىر بىلەن قورال ـ ياراغنى پاختا ۋە گۈرۈچكە ئالماشتۇرىدىغان بولدى. بۇ، مىسىر بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈردى.

ناسىر سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قورال ـ ياراغ سودىسى كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە «ئىقتىسادىي ياردەم» ۋاسىتىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىسىردىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. 1952 ـ

يىلىلا مىسىر ھۆكۈمىتى نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئاسۋاندا توسما ياساشنى پىلانلىغانىدى. ئاۋادا، بۇ توسما پۈتسە مىسىرنىڭ سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى كېڭىيەتتى ۋە توك چىقىرىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشاتتى. ناسىر بۇ قۇرۇلۇشنى «يېڭى ئېھرام قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىدى. بىراق، مەزكۇر قۇرۇلۇشقا 1 مىليارد دوللار خىراجەت كېتەتتى. 1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش ئۈچۈن 70 مىليون دوللار ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، دۇنيا بانكىسىمۇ 200 مىليون دوللار قەرز بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما، ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر مالىيەنى نازارەت قىلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مىسىر بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى توسما قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقى، جۇملىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلدۈردى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ناسىر مىسىرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكا مىسىرغا «ياردەم بېرىش» توغرىسىدىكى باياناتىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە ۋە دۇنيا بانكىسىمۇ مىسىرغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، مىسىر ھۆكۈمىتى سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قانالنىڭ كىرىمىدىن پايدىلىنىپ توسما ياساشنى قارار قىلدى.

سۇۋەيش قانىلى مىسىر خەلقىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە قېزىلغانىدى. ئۇزۇنلۇقى 175 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قانال مىسىر زېمىنىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، ئاسىيا ـ ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ بوينىغا جايلاشقانىدى. قانال قۇرۇلۇشى 1859 ـ يىلى باشلىنىپ 1869 ـ يىلى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان، 10 يىللىق قۇرۇلۇش جەريانىدا پۈتۈن قۇرۇلۇش خىراجىتىنى مىسىر ئۈستىگە ئالغان، 120 مىڭ مىسىرلىق قانال قۇرۇلۇشى

ئۆچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى. بىراق، قانالنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە كونتروللۇقىدىكى «خەلقئارا سۇۋەيش قانىلى شىركىتى» ئىگىلىۋالغانىدى. شىركەتنىڭ 96% پېيى، شىركەتنىڭ مۇدىرلىق ئورنىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ، شىركەتنىڭ باش ئىش بېجىرىش ئورنى، مۇدىرىيەت ۋە پايچىكلار كېڭىشى پارىژدا ئىدى. 1882 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى قانال رايونىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ھەم ھەربىي بازا قۇرغانىدى. قانال كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيە، فىرانسىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى، مىسىرغا كىرىدىغان كىرىم تايىنلىقلا ئىدى. 1955 ـ يىلى قانالنىڭ كىرىمى 100 مىليون دوللار بولۇپ، مىسىرغا بۆلۈپ بېرىلگەن كىرىم 3 مىليون دوللار، يەنى ئاران 3% ئىدى. سۇۋەيش قانىلى «شەرقتىكى ئۇلۇغ قانال» دەپ نام ئالغان بولۇپ، ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئىدى، غەربىي ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى «جان تومۇرى» ئىدى.

مىسىر خەلقىنىڭ ئارزۇلىغان كۈرەش نىشانى سۇۋەيش قانىلىنى مىسىرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىدى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 1954 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ مىسىر كېلىشىمىگە ئاساسەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنى قانال رايونىدىن چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مىسىردىكى 74 يىللىق ئىشغالىيىتى ئاخىرلاشتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىسكەندەرىيە پورتىنىڭ ئازادلىق مەيدانىدا چاقىرىلغان ئاممىۋى چوڭ يىغىندا، پىرېزىدېنت ناسىر سۇۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش پەرمانىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، «خەلقئارا سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنى

دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش. شىركەتنىڭ بارلىق مال - مۈلكى، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھازىر سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنى باشقۇرۇۋاتقان بارلىق ئاپپارات ۋە رەھبەرلىك كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىش» نى بەلگىلىدى. قانالنىڭ قاتناش ئىشلىرىغا مىسىر قۇرغان باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتەك بۇنداق ھەققانىي ھەرىكىتى مىسىر خەلقى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. مىسىردىكى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان خەلق كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قارارىنى ئالقىشلىدى، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا بەل باغلىدى.

مىسىرنىڭ بۇ تەدبىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق غەرب مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتىگە ئېغىر زەربە بەرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر قانالنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، مىسىرنىڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەردىكى ئامانەت پۇلى ۋە قانال شىركىتىنىڭ فوندىنى توڭلاتتى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئۆزلىرىنىڭ سودا پاراخوتلىرىغا قانالدىن ئۆتكەندە مىسىرغا ھەق تاپشۇرماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىسىرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، قانالنى «خەلقئارا سۇ يولى»، « باشتىن - ئاخىر خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە» دەپ جار سېلىپ، مىسىرنىڭ قانال شىركىتىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلدى ھەم خەلقئارا يىغىن چاقىرىش ئارقىلىق قانال شىركىتىنى قايتىدىن جاھانگىرلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. 8 - ۋە 9 - ئايدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر لوندوندا

ئىككى قېتىم خەلقئارا يىغىن چاقىردى ھەم ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، ئىران، ئېفىيوپىيە ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق بەش دۆلەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېتنى قاھىرەگە ئەۋەتىپ، مىسىر ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى ھەم مىسىرنى سۈۋەيش قانىلىنى باشقۇرۇش خەلقئارا لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىدى، بىراق ناسىر ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر «قاتتىق سىياسەت» يۈرگۈزىدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالدى ھەم ئەسكەر يۆتكەپ مىسىرغا ھەربىي جەھەتتىن تەھدىت سالدى.

قانال ۋەقەسى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا مىسىرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت مەنپەئەتىگە ۋە پاناما قانىلىغا بولغان كونتروللۇقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، لوندون يىغىنىغا قاتنىشىپ، قانال شىركىتىنى باشقۇرۇشنى خەلقئارالاشتۇرۇش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، ئېيزېنخاۋېر ۋە داللېس ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىشىگە ئىزچىل قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەتتا «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش پرىنسىپىغا قارشى تۇرمايدۇ» دەپ جاكارلىدى ھەم ئامېرىكا پاراخوتلىرىنىڭ مىسىرغا قانالدىن ئۆتۈش ھەققى تاپشۇرۇشىغا يول قويدى.

پاسسىپ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەنگلىيە، فىرانسىيە 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قانال مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تاپشۇردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى مۇزاكىرىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپى

زور بولغانلىقتىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە مىسىر ئۈچ تەرەپنى مەخپىي سۆھبەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە پىرىنسىپ جەھەتتىن مىسىرنىڭ قانالغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مىسىر بولسا قانالنى ئىشلەتكۈچى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشكە قوشۇلدى. بىراق، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئەنگلىيە، فىرانسىيە يەنە مىسىردىن خەلقئارا باشقۇرۇش تۈزۈمى لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تەلىپى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قىلىشقا تۇتۇندى.

1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئالدىن بېكىتكەن پىلان بويىچە، ئىسرائىلىيە مىسىرنىڭ سىناي يېرىم ئارىلىغا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلدى. ئەتىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيە مىسىرغا ئۇلتىماتوم تاپشۇردى هەم «ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنى ئايرىۋېتىش»، «قانال قاتنىشىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» نى باهانە قىلىپ، مىسىر، ئىسرائىلىيەدىن 12 سائەت ئىچىدە ئۇرۇشنى توختىتىشنى ۋە هەر ئىككى دۆلەتنىڭ قانال رايونىدىن 10 مىل يىراقلىقتا چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ قانال رايونىدىكى سەئىد پورتى، ئىسمائىلىيە ۋە سۇۋەيشكە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ مىسىرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، 31 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى مىسىرنىڭ پايتەختى قاهىرە ۋە باشقا مۇهىم شەهەر، پورتلارغا هاۋادىن هۇجۇم قىلدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ناسىر

مىسىر قوشۇنىنىڭ سىناي يېرىم ئارىلىدىن چېكىنىپ چىقىشى ھەققىدە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوشۇننى تولۇپ قانال رايونىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغانلىقىنى دەرھال جاكارلىدى، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مىسىردىكى بانكىلىرىنى تاقىدى، ئۇلارنىڭ نېفىت كارخانىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ئارمىيەنى باتۇرلۇق بىلەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەشكىللىدى. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىن سەئىد پورتىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، سەئىد پورتىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق دۈشمەن بىلەن كەسكىن كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئەنگلىيە، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى شەھەرنى ئىشغال قىلالمىدى.

مىسىر خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرىشى ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، ئەنگلىيە نېفىت شىركىتىنىڭ نېفىت تۇرۇبىلىرىغا نېفىت يەتكۈزۈشنى توختاتتى، نېفىت ئىسكىلاتلىرىنى پارتلىتىۋەتتى، ھاۋا تەۋەلىكى ۋە ئايرودۇرۇملارنى قامال قىلدى. ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىنى ئەيىبلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بايانات ئېلان قىلىپ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مىسىر خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشىنى قوللىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە خەلقىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكەت قوزغىدى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لوندوندا 50

مىڭ شەھەر ئاھالىسى نارازىلىق يىغىلىشى ئۆتكۈزدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق نامايىشچى ئامما باش ۋەزىر سارىيى تەرەپكە سەلدەك ئېقىپ، ساقچىلار بىلەن نەچچە سائەت توقۇنۇشتى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئۆلىنى كولاشقا كىرىشتى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى داللېس بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ جىددىي يىغىنىدا دەرھال ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى بىر تەكلىپ لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى مۇتلەق ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن مەزكۇر لايىھەنى ماقۇللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خرۇشېف ھۆكۈمىتىمۇ 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىسرائىلىيەگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «قورال كۈچى ئارقىلىق» تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

مىسىر خەلقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ زىددىيىتى ھەمدە ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىتىشنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىسرائىلىيەنىڭ دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈشى ھەققىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە مىسىردىن قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە 22 ـ كۈنى قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي چېكىندۈردى. ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنىمۇ 1957 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سىناي يېرىم ئارىلىدىن چېكىنىپ، 1949 ـ يىلدىكى ئۇرۇش توختىتىش لىنىيەسىگە قايتتى. مىسىر خەلقىنىڭ سۈۋەيش قانىلىنى قايتۇرۇۋېلىشتەك

ھەققانىي كۈرىشى غەلىبە قىلدى.

**ئەرەب خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئىراق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى** 2 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئالدى بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ كۈچىنىڭ ناھايىتى تېز ئاجىزلىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. 1957 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مىسىر ھۆكۈمىتى مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، 1954 ـ يىلى ئىمزالانغان ئەنگلىيە ـ مىسىر شەرتنامىسىنى بىكار قىلىپ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ قانال رايونىغا قايتا كىرىش سۈيىقەستىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى ھەم چەت ئەللەرنىڭ مىسىردىكى بانكا، سۇغۇرتا شىركىتى، سودا شىركەتلىرىنى مىسىر پۇقرالىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى جاكارلاپ، جاھانگىرلارنىڭ مىسىردىكى ئىقتىسادىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىيوردانىيە ھۆكۈمىتى 1956 ـ يىلى ئەنگلىيە گېنېرالى گلابنى ئەرەب ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىدىن ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ باش ئىشتاب باشلىقلىقىدىن قالدۇردى، 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە «ئەنگلىيە ـ ئىيوردانىيە ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ بازىسىنى تاقىدى. 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە قوشۇنى نائىلاج ئىيوردانىيەدىن چېكىندى. ئۇزاقتىن بۇيان ئوتتۇرا شەرقتە زومىگەرلىك قىلغان ئەنگلىيە، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئورنى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئوتتۇرا شەرقتىن چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا يېڭى مۇستەملىكىچى سۈپىتىدە ئوتتۇرا شەرق سىياسىي سەھنىسىگە چىقىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئېيزېنخاۋېر



www.uyghurkitap.com

دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان ئوتتۇرا شەرق سىياسىتى ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلاتىدا ئوتتۇرا شەرققە كېڭەيمىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پىلانىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: دۆلەت مەجلىسى پىرېزىدېنتىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە «ھەربىي ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىش پىلانى» نى يولغا قويۇشىغا ھوقۇق بېرىش ھەمدە «كوممۇنىزمنىڭ تاجاۋۇزى» غا تاقابىل تۇرۇشنى دەستەك قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقتە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىش؛ پىرېزىدېنتقا ئىككى يىل ئىچىدە نورمىدىن سىرت 400 مىليون دوللارنى «ئەركىن ئىشلىتىش» ھوقۇقىنى بېرىپ، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە «ئىقتىسادىي ياردەم» بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دەل «كۆچلەر بوشلۇقىنى تولدۇرۇش» دەپ ئاتالغان «ئېيزېنخاۋېرىزم» ئىدى.

«ئېيزېنخاۋېرىزم» مىسىر، سۇرىيە، ئىيوردانىيە، ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئېيزېنخاۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر قىسىم ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدە، ئالايلۇق، لىۋاندا نارازىلىق دولقۇنى قوزغالدى ھەم ئامېرىكاپەرەس ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.

50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سۈۋەيش قانىلى ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مىسلىسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئىراق مىللىي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى گەۋدىلىك ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فايسال خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراق ئەنگلىيە، ئامېرىكا باشچىلىقىدا قۇرۇلغان باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا قاتناشتى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باش ئىشتابى ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادتا ئىدى. 1956 ـ يىلى ئىراقتا نامايىش يۈز بەردى، ئامما ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. 1957 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىراق ھۆكۈمىتى يەنە «ئېيزېنخاۋېرىزم» نى قوبۇل

قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم سۈرىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىگە ۋە لىۋاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. فايسال خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى قاتلامدىكى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، نەتىجىدە مىللىي ئىنقىلاب پارتلىدى.

1958 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گېنېرال مايور قاسىم باشچىلىقىدىكى ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى خەلق ئاممىسى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ قوللىشىدا ئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، فايسال خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. غەزەپلەنگەن ئامما پادىشاھ فايسال II ، ۋەلىئەھدى ۋە باش ۋەزىر سەئىدنى ئۆلتۈردى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قاسىم باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خان جەمەتىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پەرمانلارنى ئېلان قىلدى ھەم جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقى، مۇستەقىل ۋە بىتەرەپ تۇرىدىغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يېڭى ھۆكۈمەت «ئېيزېنخاۋېر ئىزم» نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنى توختاتتى ھەم 1959 ـ يىلى 3 ـ ئايدا باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئىراق مىللىي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى جاھانگىرلارنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى. ئىراق باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئوتتۇرا شەرقتە پىلانلىغان ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق سىستېمىسىدا يوچۇق پەيدا بولدى. ئىراق باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، 1959 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەزكۇر تەشكىلات نائىلاج «مەركىزىي شەرتنامە

تەشكىلاتى» غا ئۆزگەرتىلدى، بۇ تەشكىلاتقا بىرمۇ ئەرەب دۆلىتى قاتناشمىدى. ئىراق ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەرەب ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تېز بولدى. 1961 - يىلى كۇۋەيت، 1965 - يىلى دېموكراتىك يەمەن، 1971 - يىلى بەھرەيىن، قاتار ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى.

**ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى تالىشىشنى جىددىيلەشتۈرۈشى ۋە 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى** 1967 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىدى، بۇ ئۇرۇش ئوتتۇرا شەرق «5 - ئىيۇن ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇرۇش ئەرەب - ئىسرائىلىيە زىددىيىتى ۋە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى تالىشىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

سۇۋەيش قانىلى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسرائىلىيە «ئېيزىنخاۋېرىزم» نى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئامېرىكا بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە بولغان ياردەمنى كۆپەيتتى. 1967 - يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە 400 دانە تانكا، 250 دانە ئۇرۇش ئايروپىلانى بەردى، ئامېرىكا ئارمىيەسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان 1000 نەپەر ھەربىي پىدائىي سۈپىتىدە ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيەسىگە قاتناشتى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەمنى ۋاستە قىلىپ، مىسىرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرا شەرق رايونىغا تەدرىجىي سىڭىپ كىردى. «ئېيزىنخاۋېرىزم» قەپەستىن چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. 1958 - يىلى 12 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى مىسىر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، مىسىرنىڭ ئاسۋان توسمىسىنى ياسىشىغا ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى. 60 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى

ئامېرىكىنىڭ ھىندىچىنى ئۇرۇشى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ھەدەپ سىڭىپ كىردى. 1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىسىرغا بەرگەن ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردىمى 500 مىليون فوند ستېرلىڭغا يەتتى ھەم مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلىرىنى مىسىرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تارماقلىرىغا كىرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە سۈرىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، سۈرىيەنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى ۋە سۈرىيەگە مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتتى، شۇنداقلا سۈرىيەدە فرات دەرياسى توسما قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، تۆمۈر يول لىنىيەسىنى ئۇزارتىپ ياساش ۋە نېفىت ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئىراق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىراق بىلەن ھەربىي ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىراقنى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. 1964 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ① قۇرۇلدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرى پەلەستىن مىللىي

---

① پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى 1956- يىلى ياسىر ئارافات (1929 — 2004 ـ يىللار ) قاتارلىق بىر تۈركۈم پەلەستىنلىكلەر قۇرغان، ئارقىدىنلا «قارا بوران» قوراللىق ئەترىتىنى قۇرغان. 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پەلەستىندىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى شەرقىي يېرۇسالېمدا 1- قېتىملىق مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، «پەلەستىن مىللىي خارتىيەسى» نى تۈزۈپ چىققان. 6 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى رەسمىي قۇرۇلغان. تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسى ئەھمەد شۇكەرى ئىدى. 1969 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارافات پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئىزچىل ئۆتەپ كەلگەن. 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چاقىرىلغان 7 ـ قېتىملىق ئەرەب دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

1976 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى 100 دىن ئارتۇق دۆلەت بىلەن تورلۇك شەكىلدىكى مۇناسىۋەت ئورناتقان. مەزكۇر تەشكىلات پەلەستىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى(فاتاخ)، پەلەستىننى ئازاد قىلىش خەلق فىرونتى، پەلەستىننى ئازاد قىلىش دېموكراتىك خەلق فىرونتى، پەلەستىن ئازادلىق فىرونتى، پەلەستىننى ئازاد قىلىش ئەرەب فىرونتى، پەلەستىن كوممۇنىستىك پارتىيەسى ... قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان.



www.uyghurkitap.com

ئازادلىق ھەرىكىتى (قىسقارتىلىپ «فاتاخ» دېيىلىدۇ) ئىسرائىلىيەگە قارشى قوراللىق كۆرەشنى قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خىراجەت بىلەن تەمىنلەش، قورال ـ جابدۇق بېرىش، ئىنىستىرۇكتور(مەشقاۋۇل) ئەۋەتىپ مەشىقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قوللىدى ھەم پەلەستىن پارتىزانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە ئارىلاشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى كۈچىنىڭ زورىيىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنى تېخىمۇ كۆپ قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىنى تالىشىشىنىڭ كۈچىيىشى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىدىكى خەلقئارالىق سەۋەبتۇر.

سۈۋەيش قانىلى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە يەنىلا جىددىي تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى. 1966 ـ يىلى مىسىر بىلەن سۈرىيە بىرلەشمە ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابى قۇردى، ئارقىدىنلا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەتراپىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بەردى، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. شۇ يىلى ئىيوردانىيە مىسىر ـ سۈرىيە بىرلەشمە ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابىغا قاتناشتى.

ۋەزىيەت كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، 1967 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پىرېزىدېنت ناسىر پۈتۈن مەملىكەتكە سەپەرۋەرلىك پەرمانى چۈشۈرۈپ، سىناي يېرىم ئارىلىغا قوشۇن كىرگۈزدى. 18 ـ كۈنى ئۇ يەنە قىسىملارغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەۋقۇلئاددە قىسىملىرىنىڭ غەززا رايونىدىكى ۋە ئاقابا قولتۇقى قىرغىقىدىكى بازىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. 23 ـ كۈنى مىسىر ئاقابا قولتۇقى بىلەن تىران بوغۇزىنى قامال قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىسرائىلىيە پاراخوتلىرى ۋە ئىسرائىلىيەگە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي

ئەشيالارنى تۇشۇغۇچى چەت ئەل پاراخوتلىرىنىڭ بوغۇزدىن ئۆتۈشىنى توستى. ئىسرائىلىيە دەرھاللا بۇ «ئىسرائىلىيەگە تاجاۋۇز قىلغانلىق» دەپ جاكارلاپ، قورال كۈچى بىلەن ئاقابا قولتۇقىنى ئاچىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. ئامېرىكىمۇ مىسىرنىڭ قامال قىلىش ھەرىكىتى «قانۇنسىزلىق» دەپ تەنقىد قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئەسلىھەلىرىدىن قارىغاندا، ئەرەب دۆلەتلىرى ئۈستۈنلۈككە ① ئىگە ئىدى. ئىراق، مىسىر قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا قارىتا يېتەرلىك تەييارلىق كۆرمىدى. ناسىر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالدىن قول سېلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئاشكارا ھالدا مىسىر «بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. نەتىجىدە، يۇقسەك دەرىجىدە ھوشيار تۇرۇۋاتقان مىسىر قوشۇنىنىڭ كەيپىياتىدا بوشىشىش كۆرۈلدى. ئىسرائىلىيە بولسا جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى مەخپىي ھالدا توپلاپ، بىر مەيدان تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆردى.

1967 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيەسى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئالدى بىلەن مىسىر، ئارقىدىنلا ئىيوردانىيە، سۈرىيەگە كەڭ كۆلەمدە «چاقماق تېزلىكى» دە ھۇجۇم قوزغىدى. مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن ئېغىر چىقىمغا

① ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «5 ـ ئىيۇن» ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى مىسىر، سۈرىيە، ئىيوردانىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 328 مىڭ، تانكىسى 2338، يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى 160، ئۇرۇش ئايروپىلانى 576 ئىدى؛ ئىسرائىلىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 250 مىڭ، تانكىسى 1000، يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى 50، ئۇرۇش ئايروپىلانى 286 ئىدى.

ئۆچرىدى، ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىلا 374 ئايرۇپىلانى ۋەيران قىلىندى. نۇرغۇن ئايروپىلانلار ئۇچۇشقا ئۈلگۈرمەيلا توختىتىش سۇپىسىدا پاچاقلاپ تاشلاندى، ئايرودۇرۇم خارابىلىككە ئايلاندى. ئىسرائىلىيە ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلدى. ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسى بولمىغانلىقتىن، سىناي ئۇرۇش سېپىدىكى مىسىر ئارمىيەسى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غەززا بىلەن سىناي قولدىن كەتتى. ئىيوردانىيە قوشۇنىمۇ ئامالسىز چېكىندى. ئىسرائىلىيە قوشۇنى ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى بىلەن يېرۇسالېم كونا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يىغىن چاقىرىپ ئىككى تەرەپنىڭ دەرھال «ئۇرۇش توختىتىشى » ھەققىدە قارار چىقاردى. 7 ـ، 8 ـ كۈنى مىسىر، ئىيوردانىيە، سۈرىيە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش توختىتىشقا قوشۇلدى. ئىسرائىلىيەمۇ 9 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىتىشقا كۆندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ سۈرىيەگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، 10 ـ كۈنى كەچتە گولان ئېگىزلىكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھۇجۇمنى توختاتتى.

«5 ـ ئىيۇن» ئۇرۇشى ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئالتە كۈن داۋاملاشتى. ئىسرائىلىيە 65 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىننى ئىشغال قىلىۋالدى، 500 مىڭغا يېقىن پەلەستىنلىك ئەرەب مۇساپىرغا ئايلاندى. 1967 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 242 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ ئىسرائىلىيەدىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىشغال قىلغان زېمىندىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئىسرائىلىيە بۇ قارارنى ئىجرا قىلمىدى. ئىسرائىلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ـ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى پەلەستىن ۋە ئەرەب

دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، كەڭ خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە خەلقئارادا يېتىم قالدى.

## 5 ـ بۆلۈم ئافرىقىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى

**ئافرىقىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى** ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى، 1956 ـ يىلىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ سۇۋەيش قانىلىنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى، ئالجىرىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن ئافرىقىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كۈنسېرى يۇقىرى ئەۋج ئېلىپ، گانا بىلەن گىۋىنېيەنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇقەددىمە قىلغان ھالدا، ئافرىقا قىتئەسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى كۆتۈرۈلدى، بىر قاتار ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدى، جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە سىستېمىسى تېزلىكتە يىمىرىلىشكە يۈزلەندى.

گانا ئىلگىرى ئالتۇن قىرغاق دەپ ئاتالغان بولۇپ، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن تۇنجى ئافرىقا دۆلىتى. گانا ئەنگلىيەگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىدىكى مۇھىم بىر مۇستەملىكە بولۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىر قەدەر بۇرۇن باشلانغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن

كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى»نى يولغا قويدى، 1946 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى ئالتۇن قىرغاقنىڭ باش ۋالىيسى بۇرنىپسىنىڭ نامى بىلەن «بۇرنىپس ئاساسىي قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىللىرىنى كۆپەيتتى، لېكىن چوڭ ھوقۇق يەنىلا ئەنگلىيەلىك باش ۋالىينىڭ قولىدا ئىدى. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئالتۇن قىرغاق بىرلىككە كەلگەن كونگىرېس پارتىيەسى قۇرۇلدى. مەزكۇر پارتىيە ئەنگلىيەدىن «ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالتۇن قىرغاققا ئاپتونومىيە بېرىش» نى تەلەپ قىلدى. كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ مەزكۇر پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈش يۈز بەردى. كۋامى نكرۇما (1909 ــ 1972 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى بىر تەرەپ غەيرىي زوراۋانلىق ۋە قانۇنلۇق كۈرەش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ تولۇق ئاپتونومىيەنى دەرھال يولغا قويۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. 1949 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نكرۇما خەلق كونگىرېس پارتىيەسىنى قۇردى. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا خەلق كونگىرېس پارتىيەسى ئاپتونومىيەنى تەلەپ قىلىدىغان «ئاكتىپ ھەرىكەت» نى قوزغاپ بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئاممىۋى ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى. 1951 ـ يىلى مۇستەملىكىچى دائىرىلەر قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى سايلىمى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. خەلق كونگىرېس پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، نكرۇما ئىچكى ئاپتونومىيە جاۋابكار ھۆكۈمىتى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى. 1954 ـ يىلى گانا خەلقىنىڭ كۈرىشى داۋاملىق راۋاجلاندى، 6 ـ ئايدا نكرۇما پۈتۈنلەي ئافرىقىلىقلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى تەشكىللىدى، بىراق دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە قاتارلىق مۇھىم ھوقۇقلۇق ئورگانلار يەنىلا ئەنگلىيەلىك باش ۋالىينىڭ قولىدا ئىدى.

1955 ـ يىلى چاقىرىلغان باندۇڭ يىغىنىغا گانامۇ قاتناشتى. باندۇڭ يىغىنى روھى گانا خەلقىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش كۆرىشىگە ئىلھام بەردى. 1955 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە گانا ئىشچىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرىشى مىسلىسىز يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى سايلامدا خەلق كونگىرىس پارتىيەسى يەنە بىر قېتىم پارلامېنتتا كۆپ ئورۇنغا ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە گانانىڭ دومىنىئونلۇق تەلىپىگە ئامالسىز قوشۇلدى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گانا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئىچىدە مۇستەقىللىق جاكارلىدى ھەم ئەسلىدىكى ئالتۇن قىرغاق دېگەن دۆلەت نامىنى گاناغا ئۆزگەرتتى.

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن گانا ھۆكۈمىتى سىياسىي مۇستەقىللىقنى قوغداش، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. 1960 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گانا پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەققىدىكى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈن گانا دومىنىئونلۇقنى رەسمىي بىكار قىلىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى ئىچىدىكى مۇستەقىل بىر جۇمھۇرىيەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. نكرۇما جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. گانانىڭ مۇستەقىل بولۇشى گانانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، يەنە سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

گىۋىنېيە فىرانسىيەگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىدىكى بىر مۇستەملىكە ئىدى. ئۇ سەھرايى كەبىرنىڭ غەربىدىكى فىرانسىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكە دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئاممىۋى ھەرىكەت ئارقىلىق ئەڭ بۇرۇن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەت ھې-

سابىلىنىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گىۋىنېيەدە ئىشچىلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1946 ـ يىلى گىۋىنېيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا گىۋىنېيە ئىشچىلىرىنىڭ رەھبىرى سېكۇ تور (1922 ـــ 1984 ـ يىللار) ۋە پىل چىشى قىرغىقى مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى خوپخويت بوينىينىڭ ئورتاق تەشەببۇس قىلىشى ھەم فىرانسىيەگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقا ۋە ئېكۋاتور ئافرىقىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈشى بىلەن «ئافرىقا دېموكراتىك ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. مەزكۇر تەشكىلات جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك كۈرەش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گىۋىنېيە دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلۇپ، سېكۇ تور رەئىس بولدى. ئۇ قوشۇمچە گىۋىنېيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرىكىتىنى يادرو قىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلدى. 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە گىۋىنېيە دېموكراتلار پارتىيەسى 66 كۈن داۋاملاشقان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى قوزغىدى ھەم يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە «قەبىلە باشلىقلىق تۈزۈمى» گە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرى تېزلىكتە كېڭەيدى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دېموكراتلار پارتىيەسى غوجىلىق زېمىن پارلامېنت سايلىمىدا جەمئىي 60 ئورۇننىڭ 56 سىگە ئېرىشتى. 6 ـ ئايدا تور يېرىم ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

1958 ـ يىلى دېگول ھۆكۈمىتى فىرانسىيە 5 ـ

جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىپ، «فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسى» نى «فىرانسىيە فېدېراتسىيەسى» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئورتاق گەۋدىگە قاتناشقان چەت ئەللەردىكى غوجىلىق زېمىنىنىڭ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك ئورنىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ھەمدە چەت ئەللەردىكى غوجىلىق زېمىنلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ياكى ئورتاق گەۋدىگە قاتنىشىشىنى يۇقىرىلار ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارار قىلسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. گىۋىنېيە دېموكراتلار پارتىيەسى پايدىلىق ۋەزىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلدى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ چاقىرىقى بىلەن مۇتلەق كۆپ قىسىم گىۋىنېيەلىكلەر 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن يۇقىرىلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قاتنىشىپ، فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسىگە قاتنىشىشنى رەت قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گىۋىنېيە مۇستەقىللىق جاكارلاپ جۇمھۇرىيەت قۇردى.

گانا ۋە گىۋىنېيە مۇستەقىللىقىنىڭ ئىلھامى بىلەن سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا، بولۇپمۇ فىرانسىيەگە قاراشلىق ئافرىقىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1960 ـ يىلى 17 دۆلەت ① مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇ يىل «ئافرىقا يىلى» دەپ ئاتىلىپ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئافرىقا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر

---

① 1960 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئافرىقا دۆلەتلىرى پىل چىشى قىرغىقى ( بۈگۈنكى كوتېدىۋويرې )، سېنېگال، داخومېي ( بۈگۈنكى بېنىن )، نىگېر، يۇقىرى ۋولتا ( بۈگۈنكى بۇركىنا فاسو )، فىرانسىيەگە قاراشلىق سۇدان ( بۈگۈنكى مالى )، ماۋرىتانىيە، گابون، فىرانسىيەگە قاراشلىق كونگو ( بۈگۈنكى كونگو جۇمھۇرىيىتى )، چاد، ئوتتۇرا ئافرىقا، كامېرون، توگو، ماداغاسقار، نىگېرىيە، بېلگىيەگە قاراشلىق كونگو (1971 ـ يىلى نامىنى زايىرغا ئۆزگەرتكەن) ۋە ئىتالىيەگە، ئەنگلىيەگە قاراشلىق سومالى (بۈگۈنكى سومالى ) قاتارلىقلاردۇر.

تەشكىلاتىنىڭ 15 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن ئاسىيا، ئافرىقىدىكى 43 دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان «مۇستەملىكە دۆلەت ۋە خەلقلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ، «ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى شەرتسىز ئاخىرلاشتۇرۇش» نى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى مۇستەملىكە ئالاھىدە كومىتېتى قۇرۇشنى ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ مۇستەملىكە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىنى قوللاشنى قارار قىلدى. بۇ ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

1961 ـ يىلدىن 1968ـ يىلغىچە ئافرىقىدا يەنە 15 دۆلەت① ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن 60 ـ يىللاردا ئافرىقا قىتئەسىدە 32 يېڭى مۇستەقىل دۆلەت بارلىققا كەلدى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى ئافرىقا ئومۇمىي زېمىنىنىڭ 2/3 قىسمىنى، نوپۇسى ئافرىقا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 3/4 قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. نەتىجىدە ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ سىياسىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئىنقىلاب باسقۇچىدا تۇرغان بولۇپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى ئاساسلىق جاھانگىر مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە قارىتىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرۇش نىشان قىلىندى. مىللىي زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولغانلىقتىن، مىللىي مۇستەقىللىق

① 1961 — 1968 ـ يىللىرى مۇستەقىل بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرى سېررالېئون، تانزانىيە ( تانگانىكا ۋە زانزىبارنىڭ بىرلىشىشىدىن قۇرۇلغان )، بۇرۇندى، رۋاندا، ئالجىرىيە، ئۇگاندا، كېنىيە، نىياسالاند ( بۈگۈنكى مالاۋى )، زامبىيە، گامبىيە، بېچۇئنا ( بۈگۈنكى بوتسۋانا )، باسۇتولاند، سۋېزىلاند، ماۋرىتىئۇس ۋە ئېكۋادور گىۋىنىيەسى قاتارلىقلاردۇر.

ھەرىكىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى ناھايىتى كەڭ ئىدى، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيەدىن سىرت، بىر قىسىم خان ـ پادىشاھ، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاقساقاللارمۇ كۆرەشكە قاتناشتى. جاھانگىرلىككە قارشى مىللەتچىلىك بايرىقى ئاستىدا، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئافرىقىدا تۈرلۈك سىياسىي تەشكىلات ۋە پارتىيەلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك مەيدانغا كەلدى. 1945 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئافرىقىدا قۇرۇلغان مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغان پارتىيە ۋە سىياسىي تەشكىلاتلار 40 ئەتراپىدا بولۇپ، 1961 ـ يىلىغا بارغاندا 147 گە كۆپەيدى. بۇ پارتىيە ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئافرىقا قىتئەسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە تۈرتكە بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئافرىقا قىتئەسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسەن بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئافرىقا قىتئەسىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سىنىپ بولۇپ، گەرچە ئۇلار جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن چوڭقۇر مىللىي زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپى كۈچلۈك ئىدى. ئافرىقا قىتئەسىدىكى زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى مىللىي بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. دەل شۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەكىللىك شەخسلەر ئافرىقا قىتئەسىدىكى مىللەتپەرۋەر پارتىيەلەر ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئايلىنىپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى كۆپ خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى. جۈملىدىن كۆپ قىسىم دۆلەتلەر ئامىمىۋى خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەت ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاپ، سۆھبەت ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن گانا بىلەن گىۋىنېيە مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۇزاق مەزگىللىك قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى، ئالجىرىيە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ تىپىدۇر. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن تارتىپ ئالجىرىيە خەلقى ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق فىرونتىنىڭ رەھبەرلىكىدە 100 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»، «تازىلاش» لىرىغا قارشى كۈرەش قىلدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يالقۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە تۇتاشتى. ياندۇرقى يىلى 9 ـ ئايدا فەرھات ئابباس باشچىلىقىدىكى ئالجىرىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. فىرانسىيە ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. دېگول ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئالجىرىيە مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1960 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن تارتىپ ئالجىرىيە بىلەن فىرانسىيە ئىككى يىل قايتا ـ قايتا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1962 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاخىر «ئېۋىيان كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى، فىرانسىيە ئالجىرىيە خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، ئالجىرىيەنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالجىرىيە خەلقى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى سايلامغا قاتناشتى، نەتىجىدە 99.33% كىشى مۇستەقىل بولۇشقا

قوشۇلدى. 7ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئالجىرىيە رەسمىي مۇستەقىل بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئالجىرىيە دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. سەككىز يىلغا يېقىن قوراللىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئالجىرىيە فىرانسىيەنىڭ 132 يىل داۋاملاشقان مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. 60 ـ يىللاردا ئانگولا، مۇزامبىك، گىۋىنېيە، بىسساۋ قاتارلىق دۆلەتلەردە قوراللىق كۈرەش پارتلىدى ھەم ئۇزاق مەزگىللىك مەملىكەت خاراكتېرلىك مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى.

ئافرىقا قىتئەسىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ۋە ئافرىقا قىتئەسىدە بىر قاتار مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى زور خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە. ئافرىقا قىتئەسىدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 1/3 نىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشىدىكى مۇھىم بىر كۈچ بولۇپ، خەلقئارا سەھنىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە ئافرىقىدىكى سوتسىيالىزم دولقۇنى** ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى نىشان قىلغان پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئافرىقا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۈرەش ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوللىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئافرىقا قىتئەسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن قىتئەگە كېڭەيتتى.

چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى

تۆرۈشتەك ئورتاق بۇرچ ۋە ئورتاق تەلەپ، شۇنداقلا ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت ۋە ئىرق جەھەتتىكى زىچ ئالاقىسى ئافرىقا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، پۈتۈن ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇسىنى قوزغىدى. بۇ خىل ئىدىيەۋى تەلەپنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان پانئافرىقىچىلىق ئىدىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پانئافرىقىچىلىق نەزەرىيەسى تەدرىجىي ھالدا ئامېرىكا قىتئەسىدە ئولتۇراقلاشقان نىگېرلار ۋە ئافرىقىلىقلارنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، ھەم تەشكىللىك سىياسىي ھەرىكەتكە، يەنى پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

1900 ـ يىلى پانئافرىقىچىلار لوندوندا 1 ـ قېتىملىق پانئافرىقىچىلىق يىغىنىنى چاقىردى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىلىق نىگېرلار ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق رەھبىرى دۇبويىس (1868 ـــ 1963 ـ يىللار ) نىڭ رەھبەرلىكىدە 1919 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم پانئافرىقىچىلىق يىغىنى ئېچىلدى، پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى ھەمدە ئافرىقا خەلقىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىدە 5 ـ قېتىملىق پانئافرىقىچىلىق يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاساسلىق ئافرىقا قىتئەسى ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىن نكرۇما تەييارلىغان «مۇستەملىكە خەلقلەرگە مۇراجىئەت»نى ماقۇللىدى ھەمدە «پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مۇستەملىكە ۋە ئېزىلىۋاتقان خەلق بىرلىشىڭلار» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن

كېيىن پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا يۆتكىلىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتتى. پۈتۈن ئافرىقىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى نىشان قىلغان پانئافرىقىچىلىق ئافرىقا مىللەتچىلىرى كۈرىشىنىڭ ئىدىيەۋى قورالىغا ئايلاندى، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كەڭ تارقالدى.

1958 - يىلى 4 - ئايدا نكرۇمانىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسى بىلەن ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى گانانىڭ پايتەختى ئاككرادا چاقىرىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاككرادا يەنە 1- قېتىملىق پۈتۈن ئافرىقا خەلق يىغىنى چاقىرىلىپ، ئافرىقىنىڭ بىرلىك مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، يىغىندا «پانئافرىقا فېدېراتسىيەسى» ياكى «ئافرىقا قوشما ئىشتاتلىرى» قۇرۇش ئۈچۈن، ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بىرقانچە رايون خاراكتېرلىك فېدېراتسىيە ياكى گۇرۇھقا ئۇيۇشۇشى مۇراجىئەت قىلىندى. 1960 - ۋە 1961 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇنىس ۋە مىسىرلاردا 2 -، 3 - قېتىملىق پۈتۈن ئافرىقا خەلق يىغىنى چاقىرىلدى. بۇلار ئافرىقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە رايون خاراكتېرلىك بىرلىشىشىگە يول ئاچتى. 1963 - يىلى 5 - ئايدا ئېفىيوپىيەنىڭ پايتەختى ئەددىس ئەبېبەدە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئافرىقىدىكى 31 دۆلەتنىڭ باشلىقى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن «ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ خارتىيەسى» نى ماقۇللاپ، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنى قۇردى. خارتىيەدە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئافرىقا

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، ئافرىقا قىتئەسىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەملىكىچىلىكنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دەپ بەلگىلەندى. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى، مىنىستىرلار كېڭىشى، دائىمىي كاتىبات باشقارمىسى، مۇرەسسە ۋە كېسىم كومىتېتى، ئازادلىق كومىتېتى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. يىغىن ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ خارتىيەسى ئىمزالانغان كۈن 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىنى «ئافرىقا ئازادلىق كۈنى» قىلىپ بېكىتتى. قەرەللىك باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈش ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىتتىپاق تۇزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش، شۇنداقلا جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1992 ـ يىلىغا قەدەر «ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى» 28 قېتىم باشلىقلار يىغىنى چاقىردى، مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر 52 گە يەتتى. مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئافرىقا دۆلەتلىرى دىققىتىنى رايون مۇقىملىقىغا تۇرتكە بولۇش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراتتى.

پانئافرىقىچىلىق ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە ئافرىقا سوتسىيالىزمىمۇ ئافرىقىدا كۈنسېرى راۋاجلاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، بىر قىسىم پانئافرىقىچىلار ئافرىقىدا يېڭى تۈرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئافرىقىنىڭ خاسلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

www.uyghurkitap.com

كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئافرىقىدا سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇش زۆرۈر دەپ قارىغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقىدا بىر قاتار دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئەگىشىپ ئافرىقا سوتسىيالىزمى باش كۆتۈردى ۋە راۋاجلاندى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقىدا سوتسىيالىزم دولقۇنى بارلىققا كەلدى، 70 ـ، 80 ـ يىللاردا يەنە بىر تۈركۈم ئافرىقا دۆلەتلىرى سوتسىيالىزمنى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئافرىقىدىكى 50 نەچچە دۆلەت ئىچىدە يېرىمىغا يېقىن دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سوتسىيالىزمنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر زورلىرىدىن مىسىر پرېزىدېنتى ناسىر ئوتتۇرىغا قويغان «ئەرەب سوتسىيالىزمى»، گانا پرېزىدېنتى نكرۇما ئوتتۇرىغا قويغان «پانئافرىقا سوتسىيالىزمى»، تانزانىيە پرېزىدېنتى نىرىر ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇجاما سوتسىيالىزمى»، سېنېگال پرېزىدېنتى سېنگور ئوتتۇرىغا قويغان «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» ۋە كونگو، مۇزامبىك، ئېفىيوپىيەلەر ئېلان قىلغان «ئافرىقا ئىلمىي سوتسىيالىزمى» قاتارلىقلار بار. ئافرىقىدىكى سوتسىيالىزم ئېقىمى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەزمۇنى خىلمۇخىل، ھەرقايسىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيەۋى نەزەرىيە سىستېمىسى يوق. ئۇلار بىردەك ھالدا ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى تەكىتلەپ، ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىنى غايىۋىلەشتۈرىدۇ، سوتسىيالىزم ئاللىبۇرۇن ئافرىقىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى ئىچىدە يىلتىز تارتقان دەپ قاراپ، مۇستەملىكىچىلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئافرىقىنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بىر

قىسمەن ئافرىقا سوتسىيالىزمچىلىرى زۇلۇم، ئېكسپلاتاتسىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كاپىتالىزم تۈزۈمىگە نەپرەتلىنىدۇ، بىراق ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەتبىقلاشقا قارشى تۇرۇپ، ئافرىقا جەمئىيىتىدە سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۈچىنچى خىل يولدا مېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىر قىسىم سوتسىيالىزمنى تاللىغانلىقىنى جاكارلىغان ئافرىقا دۆلەتلىرىمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا سوتسىيالىزمنى بىر خىل ئۇسۇل ۋە ۋاسىتە دەپ قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، پىلانلىق ئىگىلىك ۋە يەر ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللاندى. گەرچە، بۇ خىل ئىدىيەۋى ئېقىم ماركسىزم، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دېموكراتىك سوتسىيالىزم، يېزا ئىگىلىك سوتسىيالىزمى ياكى دىنىي سوتسىيالىزمغا تەۋە بولۇپ، ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمىدىن پىرىنسىپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئافرىقا سوتسىيالىزمى ئىدىيەسى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە پانئافرىقىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئافرىقا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا كەڭ تارقالدى ۋە ئەمەلىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇ ئافرىقىدىكى بىر قىسىم مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ دۆلەتنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى يېتەكچى ئىدىيەسى بولۇپ، ئافرىقىدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىگىلىك، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، روشەن مىللەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ يەنە ئافرىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئارقىدا قالغان، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى قەبىلىنى ئاساس قىلغان، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، روشەن گۆدەكلىككە ئىگە ئىدى.

ئافرىقا سوتسىيالىزمىنى يولغا قويغان دۆلەتلەر مىللىي مۇستەقىللىقنى مۇستەھكەملەش، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ قالاق، نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەمما نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغىمۇ دۇچ كەلدى. ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئافرىقا سوتسىيالىزمى ئۆزۈكسىز تەڭشىلىپ ۋە ئىسلاھ قىلىنىپ باردى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئافرىقا سوتسىيالىزمى تەدرىجىي «پەسكويغا چۈشتى»، ئافرىقا سوتسىيالىزمىنى يولغا قويغان دۆلەتلەر رېئال پوزىتسىيە بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، سىياسەتنى تەڭشەپ ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئۆزۈكسىز ئىزدەندى.

## 6 ـ بۆلۈم كۇبا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئامېرىكىغا، مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى

**كۇبا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كارىب دېڭىزىغا جايلاشقان ئارال دۆلىتى كۇبا ئامېرىكىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلانغانىدى. 1952 ـ يىلى باتىستا ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۇبا ئامېرىكىغا تېخىمۇ بېقىندى. ئامېرىكا كاپىتالىنى ئاساس قىلغان چەت ئەل كاپىتالى كۇبا شېكەر قومۇشى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 47% ىنى كونترول قىلدى. ئامېرىكا يەنە كۇبانىڭ كۆپ قىسىم سانائەت،

كاتچىلىق ئىشلىرى ۋە تاشقى سودىسىنى مونوپول قىلغان بولۇپ، كۇبادىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ 25% ى ۋە مۇنبەت يەرنىڭ 75% ىنى ئىگىلىۋالدى. ئامېرىكا مونوپول كاپىتالى 1952 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە كۇبادىن 750 مىليون دوللار غايەت زور پايدا شىلىۋالدى. ئامېرىكا 1902 ـ يىلى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋالغان گۇانتانامو دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى داۋاملىق ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، يەنە كۇبا ئارمىيەسىگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ۋە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۋالدى.

باتىستا تاشقى سىياسەت جەھەتتە ئامېرىكىغا ئەگىشىپ، ئىچكى جەھەتتە ھەربىي تېررورلۇق يۈرگۈزدى. ئۇ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، 1940 ـ يىلى تۈزۈلگەن بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىپ، دېموكراتىك پارتىيەلەر ۋە ئىلغار تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىش تاشلاش، يىغىلىشلارنى مەنئى قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يەتتە يىلدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەرنى ئۆلتۈردى. بۇ كۇبادىكى ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى.

كۇبا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ۋەكىللىك شەخس فىدېل كاسترو ( 1926 ـ يىلى تۇغۇلغان ) بولۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، كېيىن كۇبا خەلق پارتىيەسىگە قاتناشقان. 1953ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كاسترو 100 دىن ئارتۇق ياشنى يېتەكلەپ سانتىياگودىكى مونكادا گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، باتىستا مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇنجى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق زور بولغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان. كاسترو قاتارلىقلار قولغا ئېلىنغان. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كاسترو سوتتا ئۆزىنى ئاقلاپ «تارىخ ماڭا گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم ئېلان

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ» دېگەن. 1955 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن «26 ـ ئىيۇل ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، 1940 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دېموكراتىيە تۈزۈمى ئورنىتىش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان.

1956 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىدە مېكسىكىدا قېچىپ يۈرگەن كاسترو 82 نەپەر ئىنقىلابچىنى باشلاپ، «گرانما» ناملىق ساياھەت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ مېكسىكىنىڭ تۇكسپان پورتىدىن يولغا چىقىپ، دېڭىزدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئورىيېنت ئۆلكىسىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى، بىراق باتىستا ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ قورشاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. كاسترو بىلەن ئىنىسى رائۇل كاسترو، گېۋارا قاتارلىق 15 كىشى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، مائېسترا تېغىدا پارتىزانلىق تايانچ بازىسى قۇردى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۈرەش داۋامىدا تەدرىجىي زورىيىپ باردى. 1957 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇۋېرو ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى باتىستا ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، خەلق ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى قۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئېنىق جاكارلىدى ھەم تايانچ بازىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقان ئامما بارغانسېرى كۆپەيدى، جۈملىدىن دېھقانلار ناھايىتى ئاكتىپ قاتناشتى. مائېسترا تېغىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ ئۇچقۇنى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ يالقۇنىنى پۈتۈن كۇباغا تۇتاشتۇردى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئانتونىئو ئېچېۋېررىئا باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەرلەر پىرېزىدېنت مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار «13 ـ مارت ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتى» نى تەشكىللەپ

قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فائۇرې چومون رەھبەرلىكىدىكى بىر تارماق يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن نۇئېۋىتاستا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئەسكانبۇرايل تېغىدا قورالللىق كۈرەشنىڭ يېڭى سېپىنى ئاچتى.

1958 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۇبادىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 4 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى باتىستا ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى باتىستاغا قارشى باشقا كۆچلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ۋېنېسۇئېلادا «كاراكاس كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، باتىستاغا قارشى ئىنقىلابىي فىرونت تەشكىللىدى. 8 ـ ئايدا گېۋارا يېتەكچىلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر كالونىنىسى لاس ۋىللاس ئۆلكىسىگە كىرىپ، ھاۋاناغا بارىدىغان يولنى ئاچتى. باتىستا نائىلاج چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھاۋاناغا كىرىپ ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. كۇبا ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئىنقىلابتىن كېيىن باتىستاغا قارشى گۇرۇھلار بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. كاسترو دەسلەپتە قورالللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھۆكۈمەت پىرېزىدېنتلىقنى ئۈستىگە ئالدى. كاسترو ھۆكۈمىتى كونا دۆلەت ماشىنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ دۈشمەن كۈچلىرىنى ئۈزۈكسىز ئاجىزلاشتۇردى ھەم تەدبىر قوللىنىپ ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى.

باتىستا ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا ئامېرىكا كۇبا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى. 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كاسترو تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكىدا خۇسۇسىي زىيارەتتە بولدى. ئامېرىكا كۇبا يېڭى ھۆكۈمىتىنى ئۆزگىچە تارتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق كۇبا ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئامېرىكا بىلەن كۇبانىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسېرى ياماناشتى.

ئامېرىكا كۇباغا قارىتا ئىقتىسادىي قامالنى يولغا قويۇپلا قالماي، يەنە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. 1961- يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ياللانما قوشۇن تەشكىللەپ كۇباغا تاجاۋۇز قىلىپ، كۇبا يېڭى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ ئەمما، كۇبا ئارمىيەسى ۋە خەلقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشى بىلەن ياللانما قوشۇن پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. بۇ داڭلىق «گىرون ساھىلى ئۇرۇشى» دۇر.

ئامېرىكا بىلەن ئادا - جۇدا بولغاندىن كېيىن، كاسترو كۇبانىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ : بۇ «كەمبەغەللەر قوزغىغان، كەمبەغەللەر كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب» دېدى. 1961- يىلى 7 - ئايدا كاسترو رەھبەرلىكىدىكى «26 - ئىيۇن ھەرىكىتى» بىلەن كۇبا خەلق سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ( يەنى كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ) ۋە «13 - مارت ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتى» بىرلىشىپ «كۇبا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىي بىرلىك پارتىيەسى» نى تەشكىل قىلدى. 1965 - يىلى كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى. كاسترو بىرىنچى سېكرېتارلىقنى، ئىنىسى رائۇل كاسترو ئىككىنچى سېكرېتارلىقنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۇبا ھۆكۈمىتى يەر ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، چوڭ قورۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنى بىكار قىلىپ، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ كۇبادا يەر ئىگىلىشىنى چەكلىدى، كۇبادىكى ئوتتۇرا، كىچىك خۇسۇسىي كارخانىلار، بانكىلارنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە زور تۈركۈم ئامېرىكا مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنى مۇسادىرە قىلدى. يەنە «شەھەر ئىسلاھاتى

قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، ئۆي ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئۆي پۇلىنى ئايلىق ئىجارە سۈپىتىدە مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەپ، بەش يىلدىن 20 يىلغىچە ئۆي ئىگىدارىغا ئايلىنىشى بەلگىلەندى. كاسترونىڭ يۇقىرىقى سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە كۇبادىكى چوڭ قورۇق ئىگىلىرى، بۇرژۇئازىيە كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.

تاشقى جەھەتتە، كۇبا لاتىن ئامېرىكىسىدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى تىكلىدى. 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋە 1962 ـ يىلى 2 ـ ئايدا هاۋانادا ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم «هاۋانا خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنى ئەيىبلىدى ھەم «لاتىن ئامېرىكىسى لاتىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۇبا خەلقى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. كاسترو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش كۈنسېرى كۈچىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇبانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. 70 ـ يىللاردا كۇبا «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى» (1972 ـ يىلى) غا قاتناشتى ھەم 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «كۇبا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نى ماقۇللاپ «كۇبا سوتسىيالىزم چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ جاكارلىدى.

**گېۋارانىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى** ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كۇبا رەھبەرلىرى ئامېرىكىنىڭ كۇبانى يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە كۇباغا قاراتقان

www.uyghurkitap.com

قامالىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۇچۇن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ۋە ئۇچىنچى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىستىتىياق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئىنقىلابى ۋە «پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى» نى كۆككە كۆتۈرۈپ، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئۇچىنچى دۇنيادىكى باشقا رايونلاردا كۇباچە ئىنقىلابنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇندى.

كۇبا ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى ئېرنېستو چې گېۋارا (1928 — 1967 - يىللار ) پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە ئاكتىپ يولغا قويغۇچىسى. ئۇ ئارگېنتىنالىق بولۇپ، 1955 - يىلى مېكسىكىدا كاسترو بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن كۇبا پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان، باتىستا ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەشتە خىزمەت كۆرسىتىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان - مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. ئىنقىلابتىن كېيىن ئۇنىڭغا «تۇغما كۇبا پۇقراسى» دېگەن نام بېرىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۇبا ھۆكۈمىتىدە مىنىستىر ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ 1960 - يىلىدىن تارتىپ كۇبا ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ «پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، «پارتىزانلىق ئۇرۇشى — بىر خىل ۋاسىتە» ۋە «كۇبا ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ھەققىدە ئەسلىمە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ماتېرىيالىزم ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە، پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى ئارقىلىق كۇبا ئىنقىلابىنى ئەتراپقا كېڭەيتىپ، لاتىن ئامېرىكىسى ئىنقىلابىنى قوزغىغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياۋى ئىنقىلاب روياپقا چىقاتتى.

«پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى» گېۋارائىزمنىڭ

يادروسى ئىدى. ئاتالمىش «پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى مەركەز قىلىش» پائالىيىتى دېگىنىمىز، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاز بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ، ئورمانلىق ياكى تاغلىق رايونلارغا كىرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى تايانچ بازىسى بەرپا قىلىش ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «مەركەز» شەكىللەندۈرۈش؛ ئادەم سانى 120 ـ 150 كە يەتكەندە يەنە بىر مەركەز قۇرۇش؛ مۇشۇنداق تەكرار كېڭىيىش ئارقىلىق قوشۇننى كۆپەيتىپ، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى كۆرسىتەتتى. پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى نەزەرىيەسى ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىلىپ، پارتىزانلار ئەترىتى «سىياسىي ئاۋانگارت ئەترەتنىڭ يادروسى» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى؛ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىپ، بىر ـ ئىككى قەھرىماننىڭ ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ھەممىنى ئۆز قولىغا ئالالايدىغانلىقىنى كۆككە كۆتۈردى؛ ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرۇشنى تەكىتلىدى، «تايانچ بازا جەڭچىلەرنىڭ قولىدا» دەپ قارىدى.

گېۋارانىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. 60 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق پارتىزانلىق مەركىزى تەشكىلاتى مەيدانغا كېلىپ، 20 دەك دۆلەتتە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بىراق، توغرا ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىغا ئىگە بولالمىغانلىقى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. گېۋارامۇ كۇبا ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي كۇبادىن ئايرىلدى، 1965 ـ يىلى ئافرىقىدىكى زايىرغا كېلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشقا قاتناشتى ھەم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىغا قايتتى. 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىر تۈركۈم كىشىلەرنى باشلاپ بولىۋىيەگە يوشۇرۇن كىرىپ «پارتىزانلىق

ئۇرۇشى مەركىزى» بەرپا قىلدى ھەم پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇشۇ جاينى مەركەز قىلغان ھالدا ئىنقىلابنى پۈتۈن لاتىن ئامېرىكىسىغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. ئەمما، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ۋە بولىۋىيە ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قورشاپ يوقىتىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. 1967 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گېۋارا ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يېزا پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىك ھەرىكىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 1968 ـ يىلىدىن كېيىن شەھەر پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىكى بىر مەزگىل ئەۋج ئالدى، بولۇپمۇ برازىلىيە، ئۇرۇگۋاي ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەردە ناھايىتى جانلاندى، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئۆزلۈمەي يۈز بېرىپ تۇردى، لېكىن ئۇزاق داۋاملاشمىدى.

**60 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسى ۋەزىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى** 1959 ـ يىلىدىكى كۇبا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنىڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بەردى، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى «ھەممىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش» ۋەزىيىتى بۇزۇپ تاشلاندى. ئامېرىكا كۇبانى «كۆزگە قادالغان مىخ» دەپ قارىدى، كېيىنېدى ھۆكۈمىتى كۇبا ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1960 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا كۇباغا قارىتا ئەمبارگو يۈرگۈزدى. 1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا كۇبا بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا بىر يۈقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «گىرون ساھىلىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسى» يۈز بەردى. ئامېرىكا يەنە ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرى تەشكىلاتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئارقىلىق كۇباغا تۆرلۈك يېتىم قالدۇرۇش ۋە جازالاش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزدى.

ئامېرىكىنىڭ تەھدىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، كۇبا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ھەمكارلىقى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. 1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۇبا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 1962 ـ يىلى ئىككى تەرەپ «ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى جەھەتتە ياردەم بېرىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى كۇباغا كىردى. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇبادا راكېتا ـ يادرو قوراللىرى قويۇپ بېرىش مەيدانى قاتارلىق ھەربىي ئىشلار ئەسلىھەلىرىنى قۇرغانلىقىنى بايقىغاندا، دۇنيادا زور زىلزىلە پەيدا قىلغان «كارىب دېڭىزى كرىزىسى» يۈز بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېنېدى بايانات ئېلان قىلىپ، كۇبانى قوراللىق قامال قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دەرھال ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللىرىنى كۇبادىن ئاچىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم پاراخوت ئەۋەتىپ كۇبانى قامال قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇباغا قاتنايدىغان كېمىلىرىنى توستى. بۇ بىر مەيدان كرىزىس ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ب د ت نىڭ نازارەتچىلىكىدە كۇبادىن ھۇجۇم قوراللىرىنى ئاچىقىپ كېتىشكە قوشۇلۇشى، ئامېرىكىنىڭ كۇباغا ھۇجۇم قىلماسلىققا كاپالەت بېرىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق، بۇ ۋاقىتلىق مۇرەسسە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا كۇبا مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن كۈچ سىنىشىشلار ئۈزۈكسىز داۋاملاشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا كېڭىيىشى ۋە كۇبا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن، 1961ـ يىلى 1ـ ئايدا كېنېدى ھۆكۈمىتى «تەرەققىيپەرۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىتتىپاقى» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇرۇگۋاينىڭ ئېستېر ئۇمشۇقىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا

www.uyghurkitap.com

قىتئەسى ئەللىرى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پانئامېرىكا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭىشىدە مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەم «ئېستېر تومشۇقى خارتىيەسى» ماقۇللاندى. مەزكۇر تەشكىلاتقا ئامېرىكىدىن باشقا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 19 دۆلەت ئەزا بولدى ( پانئامېرىكا سىستېمىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن كۇبالا بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتۇرۇلمىدى). «ئىتتىپاق» لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆككە كۆتۈردى. لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئامېرىكا «10 يىللىق تەرەققىيات پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەلگۈسى 10 يىل ئىچىدە لاتىن ئامېرىكىسى ئېھتىياجلىق 20 مىليارد دوللار تاشقى مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھەم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتى، شەھەر - يېزا تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى، خۇسۇسىي كارخانا ۋە ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەھەتلەردىكى پىلانىنى قوللاشقا ۋەدە بەردى. 1963 - يىلى 11 - ئايدا، بىرازىلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن پانئامېرىكا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭىشىدە ئامېرىكا ۋەكىلى ئىككى يىلدىن بۇيان ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسىنى 2 مىليارد 300 مىليون دوللار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا «تەرەققىيپەرۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىتتىپاقى پانئامېرىكا كومىتېتى» نى قۇرۇش قارار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ «ئىتتىپاق» ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا تېخىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

60 - يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا، مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى كۈرىشى ۋە كارىب

دېڭىزى رايونىدىكى بىر قىسىم مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

1964 ـ يىلى پاناما خەلقىنىڭ پاناما قانال رايونىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئامېرىكا 1903 ـ يىلى پاناما بىلەن ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىگە ئاساسەن، قانال رايونىنى ئۇزاق مۇددەت ئىزگىلەپ تۇردى. شەرتنامىدە قانال رايونىدىكى 16.1 كىۋادرات كىلومېتىر كەڭلىكتىكى بەلباغ ئامېرىكىنىڭ «مەڭگۈ ئىشلىتىش، ئىشغال قىلىش ۋە كونترول قىلىشى»غا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئامېرىكا مەزكۇر شەرتنامىدىن پايدىلىنىپ قانال رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزدى، ھەربىي بازا قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاناما جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى كونترول قىلدى ۋە ئارىلاشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پاناما خەلقى قانالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئامېرىكىنى بىر قىسىم ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى، قانالنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۆستۈردى. 1963 ـ يىلى ئامېرىكا قانال رايونىدا پاناما بايرىقى بىلەن ئامېرىكا بايرىقىنى تەڭ چىقىرىشقا ئامالسىز قوشۇلدى.

ئەمما، 1964 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قانال رايونىدىكى ئامېرىكا مەكتەپلىرى ئامېرىكا بايرىقىنىلا چىقىرىپ ئىككى دۆلەت ھاسىل قىلغان كېلىشىمگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلدى. بۇ پاناما ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى ھەم ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان كۈچلۈك دولقۇن قوزغىدى. شۇ كۈنى 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قانال رايونىغا كىرىپ پاناما بايرىقىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئامېرىكا قوشۇنى ئوق چىقىرىپ 300 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. غەزەپلەنگەن ئامما ئامېرىكا شىركەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات باشقارمىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. ئامېرىكىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك

نامايىش ئۇدا بىرقانچە كۈن داۋاملاشتى. پاناما ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. پاناما خەلقىنىڭ كۈرىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا پاناما ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1977 ـ يىلى، ئامېرىكا ئاخىر پاناما بىلەن قانال ھەققىدىكى يېڭى شەرتنامە ۋە «پاناما قانىلىنىڭ مەڭگۈ بىتەرەپلىكى ۋە تىجارەت ترانسپورتى ھەققىدىكى شەرتنامە» نى ئىمزالاپ، 1903 ـ يىلىدىكى شەرتنامىنى بىكار قىلدى، ئامېرىكىنىڭ پاناما قانىلى رايونىنى مەڭگۈ ئىشغال قىلىش ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، 1999 ـ يىلىغا بارغاندا پاناما جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانال رايونىنى تولۇق كونترول قىلىشنى بەلگىلىدى.

60 ـ يىللاردا كارىب دېڭىزى رايونىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1962 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق «غەربىي ھىندىستان فېدېراتسىيەسى» تارقىتىۋېتىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا يامايكا، ترىنىدا ـ توباگو مۇستەقىل بولدى. 1966 ـ يىلى گۋىئانا بىلەن باربادوس ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئارال دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە 13 يېڭى دۆلەت بارلىققا كەلدى.①

① 70 ـ يىللاردىن كېيىن مۇستەقىل بولغان كارىب دېڭىزى رايونىدىكى دۆلەتلەر باھاما فېدېراتسىيەسى، گرېنادا، سۇرىنام، دومىنىكا فېدېراتسىيەسى، ساينت لۇسىيە، ساينت ۋىنسېنت ۋە گرېنادىنېس، بېلىز، ئانتىگۋا ۋە باربۇدا، ساينت كرىستوفېر ۋە نېۋىس قاتارلىقلاردۇر.

ئون ئۈچىنچى باب

# ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئاسىيا قىتئەسى ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

## 1 ـ بۆلۈم ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشى

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىن بۇيان ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوننىڭ خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىمۇ روشەن يۈكسىلىش بولدى.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى تىنچ ئوكياننىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، جۈملىدىن غەربىي تىنچ ئوكيان رايونىدىن باشقا، شىمالىي ئامېرىكا رايونى، ئوكيانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونى ( سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن رۇسىيەگە تەۋە بولدى ) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، غەربىي تىنچ ئوكيان رايونىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە بۇ رايونغا دۇنيادىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار جايلاشقان، ئاللىلىۇق،

ياپونىيە، جۇڭگو، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر. بۇ دۆلەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسايىن قويۇقلاشماقتا، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىيسىدىكى تەسىرى ۋە رولى كۈنسېرى كۈچىيىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئالدى بىلەن بۇ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. غەربىي تىنچ ئوكياندىكى دۆلەتلەر، جۈملىدىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق ۋە نامرات دۆلەت ئىدى. بىراق، 60 ـ يىللاردىن كېيىن ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. ياپونىيە 60 ـ يىللاردا ئىقتىسادنى يۇكسەلدۈرۈش جەھەتتە مۆجىزە ياراتتى. 1968 ـ يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. 1960 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.4 % بولدى. بايلىقى كەمچىل بىر ئارال دۆلىتىنىڭ 20 يىلدا غەربتىكى كۆپ قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن ئېشىپ كېتىشى ئۇنىڭ غايەت زور ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى بىر قاتار دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا»، يەنى كورېيە، سىنگاپور، جۇڭگو، تەيۋەن ۋە شياڭگاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادى 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 70 ـ يىللاردا تېخىمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشقا باشلىدى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9% ئەتراپىدا ئېشىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن

سانائەت ئەللىرى ۋە رايونلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

سىنگاپوردىن سىرت، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا باشقا دۆلەتلەر ( مالايسىيا، تايلاند، ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىن) نىڭ ئىقتىسادىمۇ 70 ـ يىللاردىن تارتىپ تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى ھەم بىر قەدەر يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈش دولقۇنىدا، جۇڭگو ئىقتىسادىمۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە ئاشتى. 1979 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغا قەدەر جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 9.3% بولدى، 1988 ـ يىلى 11.2% يېتىپ، 80 ـ يىللاردىكى ئېشىش سۈرئىتى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ئەللىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇردى. 1 مىليارد 100 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەم ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئورنى ۋە رولى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى يەنە بۇ رايوننىڭ سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۆنسېرى تەرەققىي قىلىشىدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي بېقىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇرلاشقانلىقىدا، دۇنيا ئىقتىساد تورىدىكى رولى ۋە ئورنىنىڭ روشەن كۈچەيگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىن تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا يۆتكىلىشى، غەربىي ياۋروپانىڭ تاشقى ئىقتىساد ئالاقىسىنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىغا كېڭىيىشى، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيا، تىنچ

ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. خەلقئارا سودىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، 80 ـ يىللاردىن كېيىن خەلقئارا سودىدا ئۆزگىرىش بولدى. 1979 ـ يىلى دۇنيا سودىسىدىكى ئەڭ مۇھىم دۆلەت ئامېرىكا سودىدا غەربىي ياۋروپانى ئاساس قىلىشتىن ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى، ئامېرىكا بىلەن تىنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا ئوبوروتى تۇنجى قېتىم ئاتلانتىك ئوكيان ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردىن ئېشىپ كەتتى. 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكا بىلەن ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ سودا ئوبوروتى ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سودا ئوبوروتىدىن 30 نەچچە مىليارد دوللار ئېشىپ كەتتى. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى كۇنسېرى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ تاشقى سودا بازىرىغا ئايلاندى. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تاشقى سودىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 36%كە يېتىپ 1 ـ ئورۇندا تۇردى، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان تاشقى سودا نىسبىتى بولسا 1971 ـ يىلىدىكى 31.55% تىن 25.7% كە تۆۋەنلىدى. ياپونىيەنىڭ تاشقى سودىسى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ياپونىيە ئېكسپورتىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى، ئىمپورتىنىڭ 55%تىن كۆپرەكى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدا ئېلىپ بېرىلدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەت ھېسابلىنىدىغان كانادا ۋە ئاۋستراليىنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى تېز راۋاجلاندى. كانادا ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى بىلەن سودا قىلىدىغان ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرى، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان كانادانىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسىدا ئاسىيا تىنچ

ئوكيان رايونى ئامېرىكا، ياپونىيەدىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىغا كاپىتال كىرگۈزۈش تەرەققىيات سۈرئىتى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىغا مەبلەغ سالغۇچى ئاساسلىق دۆلەتلەردۇر. بىراق، ياپونىيەنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى يېڭى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئامېرىكىنىڭكىدىن قويۇق بولۇپ، ياپونىيەنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان بىۋاسىتە مەبلىغىنىڭ 2/3 قىسمى تىنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقالغان، ئاسىيادا بولسا ئاساسلىق «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرگە سېلىنغانىدى.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ خەلقئارا سودا ۋە مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا كاپىتالنىڭ يۆتكىلىشى كۆلىمى كۆپەيدى، يېڭى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرى بۇ رايوندا كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. شياڭگاڭ، سىنگاپور، توكيو ۋەكىللىكىدىكى غەربىي تىنچ ئوكيان پۇل مۇئامىلە مەركىزىنىڭ مەبلىغى مول بولۇپ، خەلقئارا بانكا سىندىكاتىنىڭ مۇھىم كىرىدىت بازىرىغا ئايلاندى. 1970 ـ يىلىدىن كېيىن، سىنگاپور ئاسىيا دوللار بازىرىنى بەرپا قىلىپ تاشقى پېرېۋوت ئايرىۋاشلاش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، سىنگاپور بىلەن شياڭگاڭ ئوخشاشلا دۇنيادىكى بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. توكيو ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى بىر قەدەر بۇرۇن كۆزگە كۆرۈنگەن خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ، 1986 ـ يىلى توكيو تاشقى پېرېۋوت بازىرى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. مانىلا، تەيبېيلارنىڭ

پۇل مۇئامىلە كەسپىمۇ كۆنسېرى راۋاجلاندى. خەلقئارا سودا ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقىسى ۋە ئىچكى ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۆچەيگەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تورىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن گۈللىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ، مەزكۇر رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ھەم دۇنياۋى ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان 3 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىغا يۆتكەلدى. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى يېڭىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەت ۋە رايونلار 3 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سانائەتلىشىشى غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسىنى مەركەز قىلغان يېڭى ئۆتكۈر تېخنىكىلارنى يارىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈردى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كورېيە، سىنگاپور ۋە جۇڭگو قاتارلىق ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلغار تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە

پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. كورېيە «پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈش»، «تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سانائەت تېخنىكىسىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى ھەم ئېلېكتىرون، ماشىنىسازلىق، بىيوتېخنىكا، ئۇچۇر كەسپى، ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق بەش تارماقنى «دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سانائىتى» قىلىپ بېكىتتى. سىنگاپور 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ چەت ئەل تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ سانائەت سىستېمىسى تېخنىكا يېڭىلاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. 1979 ـ يىلى سىنگاپور «2 ـ قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى، نازۇك، ئۆتكۈر تېخنىكىلىق كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. سىنگاپور ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇشنى 80 ــ 90 ـ يىللاردىكى تەرەققىيات نىشانى قىلىپ، سىنگاپورنى ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم كومپيۇتېر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك يۇمشاق ماتېرىيال مەركىزىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى.

نۆۋەتتە، ئامېرىكا دۇنيانىڭ پەن ـ تېخنىكا مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، ياپونىيە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرماقتا، كورېيە، جۇڭگو، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. دېمەك، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدا قاتلاملىرى ئوخشىمايدىغان يۇقىرى تېخنىكا توپى تەدرىجىي شەكىللەندى. خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا رىقابىتىگە باغلىق. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئۈستۈنلۈكى بۇ دۆلەتلەرنى دۇنيا ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

رىقابىتىدە پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ بايلىقى مول، بازىرى كەڭ، خەلقئارا سودىسى تەرەققىي قىلغان، پەن ـ تېخنىكا كۈچى زور بولۇپ، مەزكۇر رايوندىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشى كورېيە، سىنگاپور ۋە جۇڭگو تەيۋەن، شياڭگاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 70 ـ يىللىرىدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەم «70 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي مۆجىزە» دەپ تەرىپلەندى. بۇ تۆت دۆلەت ۋە رايون ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، نوپۇسى ئاز، زېمىنى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كورېيە ۋە سىنگاپورلار بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى كۇڭزىچىلىق (ئەجدىھا مەدەنىيىتى) مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ، شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ياكى ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك يولۋاس» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالايلۇق، زېمىنى كىچىك، بايلىقى كەمچىل. دۇنيادىكى باشقا كۆپ قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ يەر مەيدانى كىچىك، نوپۇسى ئاز، بىراق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ :

كورېيە بىلەن تەيۋەندە بىر قىسىم قېزىلما بايلىقلار بار، شياڭگاڭ بىلەن سىنگاپوردا ھېچقانداق قېزىلما بايلىق يوق. «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ يەر كۆلىمى كىچىك، نوپۇسىنىڭ زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى. 1960 ـ يىلى ھەربىر كىۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كەلگەن نوپۇسنىڭ زىچلىقى: شياڭگاڭدا 2877

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ يەر مەيدانى ۋە نوپۇسى

| | يەر مەيدانى (كىۋادرات كىلومېتىر) | نوپۇسى (10 مىڭ) |
| --- | --- | --- |
| كورېيە | 110000 | 4297.3 (1990 ـ يىلى) |
| تەيۋەن | 36000 | 2039 (1990 ـ يىلى) |
| شياڭگاڭ | 1074 | 581.23 (1989 ـ يىلى) |
| سىنگاپور | 626.4 | 269 (1989 ـ يىلى) |

ئادەم، سىنگاپوردا 2653 ئادەم، تەيۋەندە 298 ئادەم، كورېيەدە 254 ئادەم ئىدى.

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئاساسەن ئارال ياكى يېرىم ئارال تىپىدىكى دۆلەت ۋە رايونلار بولۇپ، بىر قەدەر ئۇزۇن دېڭىز قىرغاق لىنىيەسى ۋە بىر قەدەر كۆپ قولتۇقلارغا ئىگە. دېڭىزغا يۈزلەنگەن جۇغراپىيەلىك شارائىت ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پايدىلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىدا ئوخشاشلا نۇرغۇن قىيىنچىلىق مەۋجۇت ئىدى. ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ ئاجىز بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلارغا مەنسۇپ ئىدى، بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار گەرچە ئامېرىكىنىڭ زور ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ئانچە ياخشىلىنىش بولمىدى. 50 ـ يىللاردا كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى نەچچە ئون دوللاردىن نەچچە يۈز دوللارغىچە ئىدى. 1961 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلىغا كەلگەندە كورېيەنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 83 دوللارغا يەتتى. بىراق، 60 ـ يىللاردىن باشلاپ «ئاسىيادىكى تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادى تېزلىكتە ياخشىلاندى. 1960 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىلدا، بۇ دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالاھىدە تېز بولدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8% تىن يۇقىرى ئېشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى نۇرغۇن تەرەققىي قىلمۇاتقان دۆلەتلەردىن تېز بولۇپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئېشىپ باردى. 1990 ـ يىلى كورېيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 238 مىليارد دوللارغا، تەيۋەننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 162 مىليارد دوللارغا، شياڭگاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 70 مىليارد دوللارغا، سىنگاپورنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 35 مىليارد دوللارغا يەتتى. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى. ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئەنئەنىۋى ئىقتىساد شەكلىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، خەلقئارادا ئۇلار يېڭىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەت ياكى رايون دەپ ئاتالدى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۇلار ياراتقان «مۆجىزە» خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇ دۆلەت ۋە رايونلار بۇگۈنكى دەۋردىكى يېڭى «ئىقتىسادىي چولپان» دەپ تەرىپلەندى، نۇرغۇن سىياسىيون ۋە ئالىملار بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سەۋەبى، تەجرىبىسى ۋە ساقلانغان مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

«تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئىچىدە كورېيە بىلەن تەيۋەننىڭ ئىقتىسادى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئارال ۋە يېرىم ئارال تىپىدىكى ئىقتىسادقا تەۋە، ئۇلارنىڭ نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ، يەر مەيدانى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم قويدى؛ شياڭگاڭ بىلەن سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادى شەھەر پورت تىپىدىكى ئىقتىسادقا تەۋە بولۇپ، نوپۇسى بىرقەدەر ئاز، يەر مەيدانىمۇ كىچىك، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۆتەڭ سودىسىدىن مۇلازىمەت كەسىپىنى ئوق قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىككە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، سانائەت قۇرۇلۇشىدىمۇ نۇرغۇن نەتىجىگە ئېرىشتى. ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك شارائىتقا ئىگە، بۇ دۆلەت ۋە رايونلار دېڭىز ياقىسىدا بولۇش، دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇش ۋە ياخشى پورتقا ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىش بىللە يەنە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشقا ئىنچىل ئەھمىيەت بەردى، مائارىپ سېلىنمىسى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر قەدەر يۇقىرى ساپاغا ئىگە ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە مەلۇم تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، بۇلار بۇ دۆلەت ۋە رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تاللىدى. «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئىچىدە شياڭگاڭدىن باشقا تەيۋەن، كورېيە ۋە سىنگاپورلار ئوخشىمىغان شەكىلدىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچى قىلدى. شياڭگاڭ ئەينى چاغدا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن پورت بولۇپ، شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە «ئاكتىپ

ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئېنىق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بېكىتمىدى ھەمدە كۆپچىلىك مەمۇرىي ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويمىدى، شياڭگاڭنىڭ ئىقتىساد ـ سودىسى ئاساسەن بازار مېخانىزمى ئارقىلىق تەڭشەلدى. لېكىن، شياڭگاڭنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭمۇ سىنگاپور قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەرەققىيات يولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ھەممىسى 50 ـ يىللاردا ئومۇميۈزلۈك «ئىمپورت سەپلىمىسى» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى، بۇ دەسلەپكى ئىستراتېگىيە بولۇپ، ئەمگەك كۆجۇملەشكەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئىمپورت سەپلىمىسى ئىستراتېگىيەسىدە، ئالدى بىلەن ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتىنىڭ ئىمپورت سەپلىمىسى، ئاندىن كاپىتال مال ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىمپورت سەپلىمىسى ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن مىللىي سانائەتنى قوغداش ئۈچۈن بۇ مەزگىلدە كورېيە، تەيۋەن، سىنگاپورلار تاموژنا بېجى ئارقىلىق قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەپ، دۆلەت ئىچى ياكى مەزكۇر رايوندىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ يولغا قويۇلۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇرۇپ، تاشقى پېرېۋوتنى تېجەپ، ئىشقا ئورۇنلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى.

60 ـ يىللاردا ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئىمپورت سەپلىمىسى» دىن «ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەسىگە ئۆتۈشنى تاماملىدى. بۇ ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش باسقۇچى ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك

ئەجدىھا»نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەزگىل بولۇپ، داۋاملاشقان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن، تەخمىنەن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. دەل مۇشۇ 20 يىلدا ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئىككى خانىلىق سانغا يەتتى (10% ئەتراپىدا). بۇ دۆلەت ۋە رايونلار «سودىغا تايىنىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ياكى «ئېكسپورتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، ئېكسپورت سودىسى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، ھەتتا ئېغىر خىمىيە سانائىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ مەزگىلدە شياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادى كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ راۋاجلاندى. سودا، پۇل مۇئامىلە، ترانسپورت، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلار ئوخشاشلا تەرەققىي قىلدى، جۈملىدىن توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ ۋە باش كىيىم، ئويۇنچۇق قاتارلىق يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازاردا زور شۆھرەتكە ئېرىشتى.

80 ـ يىللاردىن كېيىن ئىككى قېتىملىق نېفىت كرىزىسىنىڭ زەربىسى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادى يېڭى بىر نۆۋەتلىك قايتا تەشكىللەش ۋە تەڭشەش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلاندى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە رايونلىشىش مۇساپىسى تېزلىدى، پۇل مۇئامىلىنىڭ خەلقئارالىشىش ۋە ئەركىنلىشىش يۈزلىنىشى كۈچەيدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سودا سۈركىلىشى جىددىيلەشتى، سودا قورۇقچىلىقى ئەۋج ئالدى . 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادى بىر مەزگىل قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. خەلقئارا ئىش تەقسىماتى قايىنىمىغا

كىرىپ قالغان «تۆت كىچىك ئەجدىھا» دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋاقتىدا ئىقتىسادىنى تەڭشىدى ۋە ئىقتىساد تىپىنى ئۆزگەرتتى. ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق : بىرىنچى، پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچى، ئىقتىسادنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە ئەركىنلەشتۈرۈش. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ باسقۇچنى خەلقئارالاشتۇرۇش، ئەركىنلەشتۈرۈش، پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك باسقۇچى دەپ ئاتاشقا بولىدىكەن. بۇ باسقۇچتا، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» «ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەسىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە ئىقتىسادنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن ـ تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولدى ھەمدە ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى بازارنى ئېچىۋېتىپ، ئىمپورتنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويۇپ، سودا قورۇقچىلىقىنىڭ تەسىرىنى پەسەيتتى. بىر تەرەپتىن ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن «ئايلىنىپ ئۆتۈپ بازار ئېچىش» ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى، يەنى ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش، زاۋۇت قۇرۇش، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى زاۋۇت، شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كېلىشىمى ئىمزالاش ئارقىلىق خەلقئارا ئىقتىساد چېكىنگەن، سودا قورۇقچىلىقى باش كۆتۈرگەن ئەھۋالدا چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىنى داۋاملىق يۇقىرى سۈرئەتتە

ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

80 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تەرەققىي قىلغۇاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» يەنىلا بىر قەدەر تېز ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ كەلدى. سىنگاپور ئىقتىسادىدىلا بەزى يىللاردا مەنپىي ئېشىش كۆرۈلدى. 1986 ـ يىلىدىن كېيىن «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ تېز ئاشتى. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ :

**80 ـ يىللاردىكى ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا»**
**ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%)**

| | 1980ـــ1985 ـ يىللار | 1986 ـ يىلى | 1987 ـ يىلى | 1988 ـ يىلى |
|---|---|---|---|---|
| كورېيە | 7.2 | 11.8 | 12.0 | 12.1 |
| سىنگاپور | 5.9 | 1.8 | 8.6 | 10.9 |
| تەيۋەن | 10.3 | 9.9 | 9.1 | 7.1 |
| شياڭگاڭ | 5.1 | 8.7 | 12.1 | 8.0 |

ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى : مەزكۇر دۆلەت ( رايون ) ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات.

21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئالدىدا، «تۆت كىچىك ئەجدىھا» خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېقىمىغا ئەگىشىپ پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈردى، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلان تۈزۈپ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدىن بالدۇرراق ئورۇن ئېلىشقا تىرىشتى. تۆۋەندە كورېيە بىلەن سىنگاپور ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

www.uyghurkitap.com

## 2 ـ بۆلۈم كورېيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، چاۋشيەنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى

**كورېيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى** 1953 ـ يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، لى چېڭۋەن باشچىلىقىدىكى بيۇروكرات سىياسەتۋازلار كورېيە هاكىمىيىتىنى داۋاملىق تىزگىنلىدى. لى چېڭۋەن لىبېرالىستلار پارتىيەسىگە تايىنىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئۆكتىچى پارتىيەلەرگە زەربە بەردى، دېموكراتىيەنى باستى.

سىرتقا قارىتا، كورېيە ئامېرىكا بىلەن بىر قاتار شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «كورېيە ـ ئامېرىكا ئورتاق مۇداپىئە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى؛ 12 ـ ئايدا «كورېيە ـ ئامېرىكا ئىقتىسادىي كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى؛ ئارقىدىنلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ھەربىي، ئىقتىسادىي ياردەم كېلىشىمى» (1954 ـ يىلى 11 ـ ئاي)، «دوستانە سودا ئالاقىسى، دېڭىز قاتنىشى شەرتنامىسى» (1956 ـ يىلى 11 ـ ئاي) قاتارلىقلارنى ئىمزالىدى. جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قوشۇنى 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغا قەدەر چاۋشيەندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى، ئەمما ئامېرىكا قوشۇنلىرى كورېيەدە قېلىۋەردى.

چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئاساسەن، 1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، جۇڭگو، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر جەنۋەدە خەلقئارا يىغىن چاقىرىپ، ئالدى بىلەن چاۋشيەن مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، جەنۇبىي چاۋشيەن بىلەن شىمالىي چاۋشيەن ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى، ئەمما ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

يىغىن چاۋشيەن مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇزاكىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي ھالەتتە تۇردى.

1956 ـ يىلى لى چېڭۋەن يەنە بىر قېتىم پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. لى چېڭۋەن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىدى. ئۇ «ئالدى بىلەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاندىن قۇرۇلۇش قىلىش» فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ، «شىمالغا يۈرۈش قىلىش» ھەققىدە توختىماي جار سالدى. كورېيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىقتىسادتا ئېغىر چېكىنىش كۆرۈلدى. لى چېڭۋەن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1960 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لى چېڭۋەن باشچىلىقىدىكى لىبېرالىستلار پارتىيەسى سايلامنى كونترول قىلىش ۋە ئۆكتىچىلەر پارتىيەسىگە زەربە بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سايلامدا يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى. لى چېڭۋەن پىرېزىدېنت، لى چىپېڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولدى. سايلامدىكى ئادالەتسىزلىككە خەلق ئاممىسى نامايىش قىلىپ ئېتىراز بىلدۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سېئۇل قاتارلىق شەھەرلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كورېيەگە 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان (1948 ــ 1960 ـ يىللار) لى چېڭۋەن ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ھاۋايىغا كېتىپ 1965 ـ يىلى شۇ يەردە ئۆلدى.

لى چېڭۋەن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، باش مىنىستىر شۇ جېڭ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا دېموكراتلار پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلدى، جاڭ ميەن باش مىنىستىرلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. جاڭ ميەن لى چېڭۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ ساۋاقلىرىنى

قوبۇل قىلىپ «ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىر قىسىم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بىراق، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش تۈپەيلىدىن، ئىچكى كابىنېت بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، جاڭ ميەن كورېيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى قالايمىقان ھالەتنى تىزگىنلىيەلمىدى. 1961 - يىلى 3 — 4 - ئايلاردا كورېيە خەلقىنىڭ كۈرىشى قايتىدىن ئەۋج ئالدى.

1961 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ پىلانلاشقا قاتنىشىشى ۋە قوللىشىدا كورېيە ئارمىيەسى 2 - كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پۇ جېڭشى (1917 — 1979 - يىللار) ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جاڭ ميەن ئىچكى كابىنېتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەربىيلەر ھاكىمىيىتى قۇردى. پۇ جېڭشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە «جىددىي ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى» ئېلان قىلىپ دۆلەت مەجلىسى، پارتىيەلەرنى تارقىتىۋەتتى، ئۆزى «دۆلەتنى قايتا قۇرۇش ئالىي كومىتېتى» نىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يىن پۇشەن پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىدى. 1962 - يىلى 3 - ئايدا يىن پۇشەن پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇ جېڭشى «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىش» نى جاكارلىدى ھەمدە «دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى» نى تەشكىللەپ سايلامغا قاتناشتى. 1963 - يىلى 12 - ئايدا پۇ جېڭشى پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاساسىي قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، سايلامنى تىزگىنلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇدا بەش نۆۋەت پىرېزىدېنت بولدى. پۇ جېڭشى باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر كورېيەدە 18 يىل ھاكىمىيەت

يۈرگۈزدى (1961 — 1979 - يىللار).

پۇ جېڭشى تەختكە چىققان ۋاقىتتا كورېيەدە ئىجتىمائىي داۋالغۇش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. 1961 - يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 83 دوللار ئىدى. پۇ جېڭشى تەختكە چىققاندىن كېيىن لى چېڭۋەننىڭ «ئالدى بىلەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاندىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى «ئالدى بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئاندىن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» كە ئۆزگەرتتى، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئۇ ئىقتىسادىي ساھەدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى ئىشقا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، قويۇق «خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق» مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1965 - يىلى «كورېيە - ياپونىيە ئاساسىي مۇناسىۋەت شەرتنامىسى» ۋە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەر ئىمزالانغاندىن كېيىن، كورېيەنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشتى، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمكارلىقى كۈچەيدى.

ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 60 - يىللاردىن باشلاپ كورېيە ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى. پۇ جېڭشى ھۆكۈمىتى «سىرتقا يۈزلەنگەن» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەل مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى كۆپلەپ كىرگۈزدى ھەمدە «ئېكسپورت بىرىنچى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېكسپورتقا پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى قۇرۇپ، تاشقى سودىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. نەتىجىدە تۆۋەن ئىش ھەققى ئاساسىدىكى ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلغان بۇ خىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئۈنۈم كۆرسەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا

مەزگىللىرىدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئەمگەك كۈچ-جۇملەشكەن ئېغىر سانائەت، خىمىيە سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن كورېيە ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى. 1962 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.3% ئاشتى، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 40%كە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 1979 ـ يىلى 1614 دوللارغا يەتتى.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى دۇنيا ئېنېرگىيە كرىزىسىنىڭ زەربىسى ۋە ئىچكى جەھەتتىكى تۈرلۈك نۇقسانلار تۈپەيلىدىن، كورېيە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر مەھەل قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر سىياسىي كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشى زىيالىيلار ۋە جامائەت پىكرى ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ھۆكۈمەتنىڭ چەكلەش ۋاستىسىنى قوللىنىشى مەملىكەت مىقياسىدا نارازىلىق پەيدا قىلدى، مۇستەبىتلىككە قارشى دېموكراتىك ھەرىكەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پۇساندا ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى، نامايىش تېزلىكتە ماسانغا كېڭەيدى. ھۆكۈمەت جىددىي ھالەتنى يولغا قويدى، ھەربىيلەر بىلەن نامايىشچى ئامما ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پو جېڭشى مەركىزىي ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جىن زەيگۈي تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. باش مىنىستىر سۈي گۈيشيا مۇۋەققەت پرېزىدېنت بولدى، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئەمما، ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتۈپ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە كەلگەندە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئامانلىق

ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى چۇەن دۇخۇەن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى ھەمدە «ئالاھىدە جىددىي ھالەت ئېلان» قىلىپ، ئۆكتىچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى قولغا ئالدى. 1980 - يىلى 5 - ئايدا كۋاڭجۇ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ 200 مىڭ ئامما قورال كۈچى بىلەن شەھەرنى توققۇز كۈن ئىشغال قىلدى. چۇەن دۇخۇەن قوزغىلاڭنى ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، نەچچە مىڭ ئاممىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كورېيە بۈگۈنكى دەۋر تارىخىدىكى كۋاڭجۇ ۋەقەسىدۇر. ئارقىدىنلا چۇەن دۇخۇەن «دۆلەتنى قوغداش پەۋقۇلئاددە تەدبىر كومىتېتى» نى قۇردى. 8 - ئايدا سۈي گۈيشيا نائىلاج پىرېزىدېنتلىقتىن ئىستىپا بەردى، چۇەن دۇخۇەن پىرېزىدېنت بولدى. 1981 - يىلى 2 - ئايدا چۇەن دۇخۇەن دېموكراتىيە ئادالەت پارتىيەسىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كورېيە 5 - جۇمھۇرىيەت ① دەۋرىگە قەدەم قويدى.

چۇەن دۇخۇەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ،

① 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كورېيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ 1 - جۇمھۇرىيەتتۇر؛ 1960 - يىلى 4 - ئايدا لى چېڭۋەننىڭ تەختتىن چۈشۈشى بىلەن 1 - جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئاخىرلاشقان. 1960 - يىلى 7 - ئايدا يىن پۇشەن پىرېزىدېنت بولغان، بۇ 2 - جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتالغان؛ پۇ جېڭشى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغاندىن كېيىن 1962 - يىلى 3 - ئايدا يىن پۇشەن پىرېزىدېنتلىقتىن ئىستىپا بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن 2 - جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئاخىرلاشقان. 1963 - يىلى پۇ جېڭشى پىرېزىدېنتلىققا سايلىنىپ 3 - جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان. 1972 - يىلى 10 - ئايدا پۇ جېڭشى «يېڭىچە تۈزۈلمە» بەرپا قىلىپ داۋاملىق پىرېزىدېنت بولغان ھەمدە جۇمھۇرىيەت نامىنى 4 - جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتكەن، 4 - جۇمھۇرىيەت 1979 - يىلى چۇەن دۇخۇەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ كورېيەنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى قولغا ئالغۇچە داۋاملاشقان. 1981 - يىلى 2 - ئايدا چۇەن دۇخۇەن پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن كورېيە 5 - جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان.

ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنى «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش تىپى» دىن تەدرىجىي ھالدا «ئەلئارا يېتەكچىلىك قىلىش تىپى» غا ئۆزگەرتتى ھەمدە تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ كورېيە ئىقتىسادى داۋاملىق يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى. 1988 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغا قەدەر ئۈدا ئۈچ يىل ئېشىش نىسبىتى 12% تىن ئېشىپ كەتتى. 1989 ـ يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 204 مىليارد دوللارغا، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4830 دوللارغا، ئېكسپورت سوممىسى 62 مىليارد 380 مىليون دوللارغا يەتتى. كورېيە قالاق يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن يېڭى سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويدى ھەمدە شەرقىي ئاسىيادىكى يېڭىدىن سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بىراق، كورېيە ئىقتىسادىدىمۇ سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ، ئېكسپورت سانائىتى بىلەن ئىچكى ئېھتىياج سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولماسلىق ، ئېنېرگىيە ۋە بايلىق كەمچىل بولۇش، تاشقى قەرز كۆپ بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلاندى.

كورېيەدە ھەربىيلەر گۇرۇھىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، دېموكراتىيەنى بېسىشى خەلق ئامىمىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى كۈرەش كەسكىنلەشتى. يېڭى ئاۋام پارتىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆكتىچى كۈچلەر ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، «سايلىغۇچىلار ئۆمىكى» نى تارقىتىۋېتىش، پرېزىدېنتنى بىۋاسىتە سايلاشنى تەلەپ قىلىپ كەڭ قوللاشقا ئېرىشتى. 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 37 شەھەردىكى 800 مىڭدىن ئارتۇق ئامما مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ

كۆنى چۆەن دۆخۋەن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەستىقلاپ، پىرېزىدېنتنى بىۋاسىتە سايلاش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق لۇ تەيىۋ پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. 1988ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـكۈنى لۇ تەيىۋ يېڭى رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇردى. كورېيە 6 ـ جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى.

لۇ تەيىۋ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن دېموكراتىيە كۈچلىرىنىڭ بېسىمىدا كۋاڭجۇ ۋەقەسىنى دېموكراتىيە ھەرىكىتى دەپ جاكارلىدى ھەمدە دېموكراتىك زات جىن داجۇڭغا ئارتىلغان «توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىش جىنايىتى» نى بىكار قىلىپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ چۆەن دۆخۋەننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى پارا ئېلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئىنسانىي ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى سۈرۈشتۈرۈلدى، چۆەن دۆخۋەننىڭ ئىنىسى چۆەن جىڭخۋەن، سېئۇل شەھىرىنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقى ليەن پۇشۇەن، ئىلگىرىكى خەۋپسىزلىك پىلان بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ شىدۇڭ قاتارلىق چۆەن جەمەتىدىكىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قولغا ئېلىندى. چۆەن دۆخۋەن بولسا جىنايىتىنى تونۇش باياناتى ئېلان قىلدى ھەمدە تاغلىق كەنتتە خىلۋەتتە ياشىدى.

لۇ تەيىۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە كورېيە ئىقتىسادى يەنىلا يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ باردى. 1992 ـ يىلى كورېيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 294 مىليارد 500 مىليون دوللارغا، كىشى بېشى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6744 دوللارغا ( ئەينى چاغدىكى مال باھا سەۋىيەسى ئاساس قىلىندى ) يەتتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى: 1962 ـ يىلى ياسىمىچىلىقنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى

www.uyghurkitap.com

14.4% بولۇپ، 1992 ـ يىلى 33.8% كە يەتتى؛ 1962 ـ يىلى سودا سوممىسى ئاران 500 مىليون دوللار بولۇپ، 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە 15 مىليارد 240 مىليون دوللارغا يەتتى. ئىچكى ئامانەت پۇل نىسبىتى 1962 ـ يىلى 3.3% بولۇپ، 1992 ـ يىلى 34.9% كە يەتتى. كورېيە سىرتقا يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ ئېكسپورتنى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلغانلىقتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئەمما، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى چاغدا لۇتەيىۋ باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ـــ دېموكراتىك ئادالەتچىلەر پارتىيەسى دۆلەت مەجلىسىدە كۆپ ئورۇنغا ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئۆكتىچى پارتىيە كۈچلۈك ئىدى. ئەينى چاغدا جىن يۇڭسەن باشچىلىقىدىكى بىرلىككە كەلگەن دېموكراتلار پارتىيەسى، ئىلگىرىكى باش مىنىستىر جىن جۇڭپى باشچىلىقىدىكى يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى، جىن داجۇڭ باشچىلىقىدىكى تىنچلىق ـ دېموكراتىيە پارتىيەسى قاتارلىقلار ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيە ئىدى. 1990 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىدىكى دېموكراتىيە ـ ئادالەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن بىرلىككە كەلگەن دېموكراتلار پارتىيەسى، يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىرلىشىپ دېموكراتىك لىبېراللىستلار پارتىيەسىنى تەشكىل قىلدى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە دۆلەت مەجلىسىدە نىسبەتەن كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جىن يۇڭسەن پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى، بۇ كورېيەدە 32 يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم قەلەمدارلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئىدى. جىن يۇڭسەن «يېڭى كورېيە نەزەرىيەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار يېڭى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى،

پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملىدى؛ «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» نى جاكارلاپ، ئىمكانقەدەر ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئازايتىپ ئەل ئارىسىدىكى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۇردى. جىن يۇڭسەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە خىيانەتچىلىكنى يوقىتىپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، كورېيە ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. 1995 - يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10000 دوللارلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ 10 مىڭ 76 دوللارغا يەتتى، ئىقتىساد كۆلىمى دۇنيا بويىچە 11 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېقىنلاشتى.

**چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى** ئۈچ يىل داۋاملاشقان چاۋشيەن ئۇرۇشى چاۋشيەننىڭ خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە زىيان سالدى ①. غەرب ئەللىرىدىكى بەزى كىشىلەر: «چاۋشيەن 100 يىلدىمۇ ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ» دەپ جار سالدى. ئەمما، چاۋشيەن خەلقى قەيسەرچىلىكتا باش ئەگمىدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن كېيىن ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. 1954 - يىلىدىن باشلاپ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى نىشان قىلغان ئۈچ يىللىق پىلان (1954 — 1956 - يىللار) نى يولغا قويۇشقا باشلىدى، پىلاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: سانائەت يېزا ئىگىلىكى

① چاۋشيەن ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان (1953 - يىلى) چاغدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1949 - يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 64% ىگە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى 1949 - يىلىدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 88% ىگە توغرا كەلگەن. خەلق ئىگىلىكىنىڭ زىيىنى 420 مىليارد يۇەنگە يەتكەن (چاۋشيەننىڭ كونا پۇلى بويىچە).

ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يېتىش ياكى ئېشىپ كېتىش، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا چاۋشيەن خەلقى تولۇپ تاشقان ئەمگەك قىزغىنلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بويىچە مۇسابىقىنى قانات يايدۇردى ھەمدە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە مۇددەتتىن تۆت ئاي بۇرۇن پىلاندا بەلگىلەنگەن بارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چاۋشيەن خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلىدى. 1956 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى نىسبىتى 98% كە يەتتى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا قاتناشقان دېھقانلار پۈتۈن دېھقانلارنىڭ 80.9% ىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى ئاخىرلاشتى.

1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى 3 ـ قۇرۇلتايىنى چاقىرىپ، 1957ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1 ـ بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ كىيىم، تاماق، تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ئاساسەن ھەل قىلىش ئىدى. بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا

قويۇلۇشى چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

بۇ مەزگىلدە كىم ئېرسىن «ئاساسىي گەۋدە ئىدىيەسى» يېتەكچى فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاۋشيەننىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىيە جەھەتتە ئاساسىي گەۋدە تۇرغۇزۇش بىلەن تەڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەردە ئاساسىي گەۋدە خىزمىتىنى بېكىتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن «سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە تايىنىش، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە ئۆزىنى قوغداش» پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى «سوتسىيالىزم يولىدا تۇلپاردەك ئىلگىرىلەش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇنىڭدىن باشلاپ چاۋشيەن داغدۇغىلىق «تۇلپار ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى. بۇ ھەرىكەتنى دەسلەپتە 1959 ـ يىلى پيوڭياڭ شەھەرلىك غەربىي جەنۇبىي كاڭسون پولات تاۋلاش زاۋۇتى ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن «تۇلپار مەشغۇلات گۇرۇپپىسى» قوزغىغانىدى. كېيىن ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلارغا كېڭەيتىلىپ، نەچچە مىليون ئەمگەكچى ئامما قاتناشقان مۇسابىقە ھەرىكىتىگە ئايلاندى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «تۇلپار» نامىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن مەشغۇلات گۇرۇپپىسى ۋە سېخ بارلىققا كەلدى.

1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كىم ئېرسىن ئۆزى پيوڭئان ـ نامدودىكى كاڭسۇ ۋىلايىتى چوڭسان رى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا بېرىپ «نەق مەيداندا كۆرسەتمە بېرىپ» ، «چوڭسان رى روھى» ۋە «چوڭسان رى ئۇسۇلى» ①نى خۇلاسىلىدى ھەمدە

---

① «چوڭسا رى روھى» ۋە «چوڭسان رى ئۇسۇلى» نىڭ ئاساسىي نۇقتىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ھەمىشە نەق مەيدانغا بېرىپ، «ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، مە- سىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقىش ھەمدە سىياسىي خىزمەتنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەرقايسى تارماقلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شۇنداقلا ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى ۋە ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 1 ـ بەش يىللىق پىلان مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

1961 ـ يىلى چاۋشيەن خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يەتتە يىللىق پىلانى (1961 ـــ 1967 ـ يىللار ) نى ئوتتۇرىغا قويدى. پىلاننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تايىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى دەۋر بۆلگۈچ ھالدا ئۆستۈرۈش» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «زور كۆلەملىك مەركەز سانائىتى بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك كۆلەملىك يەرلىك سانائەتنى تەڭ ئېلىپ بېرىش»، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەتتە يىللىق پىلان مەزگىلىدە چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى «چوڭسان رى روھى» ۋە «چوڭسان رى ئۇسۇلى» ئاساسىدا، يەنە «تايئان خىزمەت سىستېمىسى» دەپ ئاتالغان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتكومنىڭ بىر مەنبەلىك رەھبەرلىكىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بولۇپ، زاۋۇت، كارخانىلاردا پارتكومنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى يولغا قويدى، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، يېزا ئىگىلىكىگە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى سۈپىتىدە ۋىلايەتلىك كوپېراتسىيە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كوللېكتىپقا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ماددىي تېخنىكا ياردىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر مەنبەلىك پىلان تۈزۈلمىسىنى بېكىتىپ، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بارلىق زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ پىلانىنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزدى. يەتتە يىللىق پىلانىنى يەنە ئۈچ

يىل ئۆزلۈكسىز 1970 ـ يىلى تاماملاندى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئېچىلغان چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيىدا چاۋشيەن سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، زامانىۋى سانائەت ۋە تەرەققىي تاپقان يېزا ئىگىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىستىك سانائەت دۆلىتىگە ئايلانغانلىقى جاكارلاندى.

70 ـ، 80 ـ يىللاردا چاۋشيەن ئالتە يىللىق پىلان ۋە 2 ـ يەتتە يىللىق پىلان (1978 ــ 1984 ـ يىللار ) نى يولغا قويدى ھەم تاماملىدى. 40 يىلدىن بېرى چاۋشيەن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1946 ـ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 1984 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 430 ھەسسە، ئاشلىق مىقدارى 4.3 ھەسسە، مىللىي دارامەت 64 ھەسسە ئاشتى. 1975 ـ يىلدىن باشلاپ 11 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، 260 ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، 570 تىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زىيالىيلارنىڭ سانى 1 مىليون 460 مىڭغا يەتتى. 1987 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 3 ـ يەتتە يىللىق پىلانى (1987 ــ 1993 ـ يىللار) نى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، چاۋشيەن ئىقتىسادىي تەڭشەش ئېلىپ باردى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا راجىن ـ سوڭبوڭ ئەركىن سودا رايونىنى قۇردى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىقتىسادىي قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «چەت ئەل مەبلەغ سېلىش قانۇنى»، «چەت ئەل شېرىكسىز كارخانا قانۇنى»، «ھەمكارلىق قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى ئېلان قىلدى. 1993 ـ يىلى «ئەركىن ئىقتىساد ـ

سودا رايونى قانۇنى»، «تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش قانۇنى»، «چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەللىكلەردىن باج ئېلىش قانۇنى»، «يەر ئىجارە قانۇنى»، «چەت ئەل مەبلىغى بانكىسى قانۇنى» ۋە «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەركىن ئىقتىساد ـ سودا رايونىغا كىرىپ ـ چىقىش بەلگىلىمىسى» قاتارلىقلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تەڭشەپ، ئىقتىساد كۆلىمىنى كىچىكلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تاشقى ئىقتىساد مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئومۇمىي يىغىن 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۈچ يىلنى «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش مەزگىلى» قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت ۋە سودىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ۋە تۆمۈريول ترانسپورتىنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلىدى.

گەرچە چاۋشيەن 3 ـ يەتتە يىللىق پىلاندا كۆزلەنگەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كۆلىمى ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، پولات ـ تۆمۈر، خىمىيەلىك تالالارغا ئائىت بىر قىسىم مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتىغا قارىغاندا، 3 ـ يەتتە يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 50% ئېشىپ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 5.6% كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى 30% ئاشقان، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش 40% ئاشقان، پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى 30% ئاشقان. جەنۇب

- شىمال سۆزلىشىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1988 - يىلىدىن باشلاپ جەنۇب - شىمال ئىككى تەرەپ ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇردى، 1994 - يىلى ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى 227 مىليون 900 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، چاۋشيەن يەنە 100 دىن ئارتۇق دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئاساسلىق سودا ھەمراھلىرى جۇڭگو، رۇسىيە، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ۋە باشقا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدۇر.

1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ داھىيسى ۋە چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى كىم ئىرسىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، ئوغلى كىم جۇڭئىل ئۇنىڭ ۋارىسى بولدى. كىم جۇڭئىل باشچىلىقىدىكى چاۋشيەننىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چاۋشيەن خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىش ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلماقتا.

**چاۋشيەننىڭ جەنۇب - شىمال سۆزلىشىشى** 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولۇپ، ئىككى ھاكىمىيەت، ئىككى ئارمىيە ئۇزاق مەزگىل تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. چاۋشيەن ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، يەنى 50 -، 60 - يىللاردا چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى جەنۇب - شىمال ئىككى تەرەپ يەنىلا ئۆزئارا ئايرىلىش ۋە قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇردى.

70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو - ئامېرىكا، جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى ۋە نورماللىشىشقا قاراپ ماڭدى، ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1971 - يىلى كورېيە يېڭى ئاۋام پارتىيەسىنىڭ مەسلىھەتچىسى جىن داجۇڭ

جەنۇبىي ۋە شىمالىي چاۋشيەننىڭ «تىنچ بىللە تۇرۇش»، «تىنچ ئالاقە قىلىش»، «تىنچ بىرلىككە كېلىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئامممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەچكە كەڭ ئالقىشقا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىن جېڭشىنىڭ جەنۇب ـ شىمالنىڭ بىرلىككە كېلىش مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىمۇ بىرئاز ئۆزگىرىش بولدى.

1971 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى كىم ئىرسىن جەنۇب ـ شىمال ئۆزئارا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەردى، ئۇ «ھەرقانداق ۋاقىتتا جەنۇبتىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ( يەنى لىن جېڭشى باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئايرىم زاتلار بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇب قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئايرىلىپ كەتكەن ئائىلە تاۋابىئاتلار مەسىلىسى ھەققىدە شىمال بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1971 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1972 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە جەنۇب ـ شىمال قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋەكىللىرى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. 1972 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن كېيىن رەسمىي سۆھبەتنى باشلىدى. قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋەكىللىرى سۆھبەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئىككى تەرەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىمۇ باشلاندى. 1972 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كورىيە مەركىزىي ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى خۇلو پيوڭياڭدا مەخپىي زىيارەتتە بولدى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى پۇ چېڭجېمۇ سېئۇلدا جاۋابەن زىيارەتتە بولدى. كىم ئىرسىن لى خۇلونى قوبۇل قىلغاندا ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپى، يەنى «ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش، تىنچ بىرلىككە كېلىش، بۈيۈك مىللىي ئىتتىپاقلىق»



www.uyghurkitap.com

پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ «جەنۇب ـ شىمال قوشما باياناتى» نى ئېلان قىلدى. بۇ باياناتتا يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك پىرىنسىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەمدە باياناتقا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي پىروگراممىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئارقىدىنلا ئىككى تەرەپ مىنىستىر دەرىجىلىك جەنۇب ـ شىمال كېڭەشىش كومىتېتى تەشكىللىدى ھەمدە مەخسۇس بىۋاسىتە تېلېفون لىنىيەسى ئېچىپ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىلىرى ئۈستىدە كونكرېت كېڭەشتى.

جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى پەسەيتىپ خەلقئار جەمئىيەتنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 1973 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 28 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ سىياسىي كومىتېتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي چاۋشيەن ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ چاۋشيەن مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «جەنۇب ـ شىمال قوشما باياناتى» دىكى ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۈچ پىرىنسىپنى مۇئەييەنلەشتۈردى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كورېيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش كومىتېتى»نى تارقىتىۋەتتى. 1975 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 13 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى يەنە قارار ماقۇللاپ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابى» نى تارقىتىۋەتتى. بۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چاۋشيەننىڭ سۆزلىشىشىگە پايدىلىق شارائىت ياراتتى.

بىراق، جەنۇبىي ۋە شىمالىي چاۋشيەننىڭ سۆزلىشىشى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي بولدى. 1972 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1973 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە جەنۇب ـ شىمال كېڭەشىش كومىتېتى ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى، لېكىن ئەمەلىي ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىدى. 1973 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1974 ـ يىلىنىڭ

بېشىغىچە جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا مىنىستىر دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئۇچراشقان بولسىمۇ، يەنىلا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى، كېيىن ئۇچرىشىش بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى.

80 ـ يىللاردا جەنۇب ـ شىمالنىڭ سۆزلىشىشىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا مەخسۇس بىۋاسىتە تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىش، ئۇچرىشىدىغان ئورۇننى بېكىتىش، قانداق شەكىلدە خەۋەر بېرىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا كىم ئىرسىن «كورېيە دېموكراتىك فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش يېڭى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيە، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىش، ئىككى تەرەپ باراۋەر سالاھىيەت بىلەن قاتناشقان بىرلىككە كەلگەن مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش، جەنۇب ـ شىمالدا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشنى تەكىتلىدى. بۇ شىمالنىڭ ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش يولى ئىدى. چۈەن دۇخۇەنمۇ جەنۇب ـ شىمال دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا زىيارىتى ئارقىلىق تىنچ بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىدىن «مىللىي بىرلىك كېڭىشى» تەشكىللەپ بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي قانۇن لايىھەسى تۈزۈپ، پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي قانۇننى بېكىتىش، ئاندىن ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىرتقا قارىتا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەم «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ گىرەلەشمە ئېتىراپ قىلىشى»، يەنى ئامېرىكا، ياپونىيە شىمالىي چاۋشيەننى ئېتىراپ قىلىش، سوۋېت

ئىتتىپاقى، جۇڭگو جەنۇبىي چاۋشيەننى ئېتىراپ قىلىشنى ئۇتتۇرىغا قويدى. شىمال تەرەپ جەنۇبنىڭ نوپۇسى شىمال نوپۇسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر، پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىلگىرى بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بۆلۈنۈشنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى ۋە قانۇنلۇق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دەپ قارىدى.

گەرچە يۇقىرىقىدەك ئىختىلاپلار بولسىمۇ، 1984 ـ يىلى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە سۆزلىشىشىدە يەنىلا ئاز ـ تولا ئىلگىرىلەش بولدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلدى، شىمال تەرەپ جەنۇب تەرەپكە قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، جەنۇب قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تۇنجى قېتىم ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشى ئىدى. 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم ئىقتىسادىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، جەنۇب ـ شىمال ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئورتاق كومىتېتى قۇرۇشقا قوشۇلدى ھەم ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشقا ئائىت كېلىشىم لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 1985 ـ يىلى 7 ـ ۋە 9 ـ ئايلاردا ئىككى تەرەپ پانمۇنجۇمدا پارلامېنت يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، شىمال تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق بىرلەشمە خىتابنامىسى ئىمزالاش ھەققىدىكى تەكلىپ ۋە جەنۇب تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ئىشلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە جەنۇب ـ شىمال قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى سەنئەتكارلار ۋە يۇرتىنى زىيارەت قىلغۇچىلاردىن

تەشكىللەنگەن بىردىن ئۆمەكنى باشلاپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پيوڭياڭ، سېئۇللاردا زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويدى ۋە تۆغقان يوقلىدى. بۇ چاۋشيەن ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىنكى ئىككى تەرەپ خادىملىرىنىڭ تۇنجى قېتىم 38 ـ پارالېل سىزىقىدىن ئۆتۈشى ئىدى .

80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ سۆزلىشىشىدە ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈلدى. 1986 ـ يىلى باھاردا شىمال تەرەپ كورېيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ 38 ـ پاراللېل سىزىقىغا يېقىن جايدا «ھەمكارلىق روھى ـــ 86 » ناملىق بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى، شۇنداقلا باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ سۆھبىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمال تەرەپ جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىياسىي، ھەربىي ئىشلار سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش، 1988 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئورتاق ئۆتكۈزۈش، ئىككى تەرەپ باسقۇچلارغا بۆلۈپ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇب تەرەپتىن چېكىنىشى قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ جەنۇب تەرەپ بولسا 1986 ـ يىلى ئۈزۈلۈپ قالغان پارلامېنت ، قىزىل كىرېست جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىگە دائىر سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە «جەنۇب ـ شىمال دائىرىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي مەسئۇللىرى سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ئىككى تەرەپ بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەردە، ئالايلۇق، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئورتاق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەنلىكتىن، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ سۆزلىشىشى تەسىرگە ئۇچرىدى.

1990 ـ يىلى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ سۆزلىشىشىدە يېڭى بۆسۈش بولدى. شۇ يىلى 9 ـ، 10 ـ، 12 ـ ئايدا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ باش مىنىستىرلىرى سېئۇل ۋە پىيوڭياڭدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سۆھبەتنىڭ تېمىسى «جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي تىركىشىش ھالىتىنى تۈگىتىپ، كۆپ تەرەپلىمە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش» ئىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا سېئۇلدا «جەنۇب ـ شىمال بىرلىكى پۇتبول مۇسابىقىسى»، پىيوڭياڭدا «پان مىللىي بىرلىك مۇزىكا كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلدى. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن كورىيە جۇمھۇرىيىتى تەڭلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جەنۇب بىلەن شىمال باش مىنىستىرلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق سۆھبىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى، سېئۇلدا «جەنۇب بىلەن شىمال يارىشىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ھەمكارلىق ۋە ئالاقە كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كەڭ ئەمەلىي مەزمۇنغا ئىگە بۇ كېلىشىم «بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ تۈزۈمىگە ھۆرمەت قىلىش»، «قارشى تەرەپكە قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك، قارشى تەرەپكە قوراللىق تاجاۋۇز قىلماسلىق»، «سۆھبەت ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق پىكىر ئىختىلاپى ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى تىنچ ھەل قىلىش»، ئۇرۇش توختىتىش ھالىتىنى تىنچ ھالەتكە ئۆزگەرتىش، شۇنداقلا ئىش باشقارمىسى ۋە تۈرلۈك تارماق كومىتېتلارنى قۇرۇش، ئىقتىساد ۋە تەرەققىيات، قاتناش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، تەنتەربىيە، سەھىيە، مۇھىت ئاسراش، ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش، ئايرىلىپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بېرىش ـ كېلىشى ۋە ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالغانىدى. ئارقىدىنلا ئىككى تەرەپ 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يەنە پانمۇنجومدا «چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى يادرو قوراللىرىدىن خالىي قىلىش ئورتاق خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ سىياسىي ئىشلار تارماق كومىتېتى، ھەربىي ئىشلار تارماق كومىتېتى، ئالاقە ۋە ھەمكارلىق تارماق كومىتېتىنى قۇردى. ئامېرىكا ۋە كورېيە ھۆكۈمىتى جەنۇبتىكى يادرو قوراللىرىنى ئائېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «ھەمكارلىق روھى» ناملىق بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرنى ۋاقىتلىق توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يادرو خەۋپسىزلىك كاپالىتى تەدبىرى كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇپ، خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى.

1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پىيوڭياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جەنۇب ـ شىمال ئىككى تەرەپ باش مىنىستىرلىرىنىڭ 8 ـ قېتىملىق سۆھبىتىدە، جەنۇب بىلەن شىمال يارىشىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ئالاقە ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن كېلىشىم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. جەنۇب ـ شىمال سۆھبىتىدىكى يۇقىرىقى نەتىجىلەر 40 نەچچە يىللىق تىركىشىشتىن كېيىن بىرلىككە كېلىشكە قاراپ بېسىلغان خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم. ۋاھالەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياستى ھەققىدىكى ئىختىلاپى، شۇنداقلا جەنۇبنىڭ شىمالنىڭ يادرو قوراللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا بولغان گۇمانى تۈپەيلىدىن، جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىدە يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت.

## 3 ـ بۆلۈم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشى

**شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھىندونېزىيە، مالايسىيا، فىلىپپىن، تايلاند ۋە سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر باڭكوكتا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىرۇنېي مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قاتناشتى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ئالتە دۆلەت ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شىمالدا ئاسىيا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ياپونىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ، تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئىرروپىك بەلباغقا جايلاشقان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردىن كاۋچۇك، گۈرۈچ، ياغاچ ماتېرىياللىرى، قەلەي ۋە نېفىت كۆپ چىقىدۇ، تەبىئىي بايلىقى ئىنتايىن مول. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3 مىليون 50 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يەر كۆلىمىدىن بىر ھەسسە چوڭ؛ ئومۇمىي نوپۇسى 280 مىليون بولۇپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئومۇمىي نوپۇسى بىلەن تەڭ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مەزكۇر ئىتتىپاققا ئەزا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىنىڭ ئۈچقاندەك راۋاجلىنىشى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونى

ھەتتا ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتتى، شۇنداقلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر قۇرغان خېلى زور تەسىرگە ئىگە رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئايلاندى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر ئىزدىنىش جەريانىدۇر. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئاساسەن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، 1955 ـ يىلى باندۇڭ يىغىنى ۋە 1961 ـ يىلى ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1961ـ يىلى 8 ـ ئايدا مالايسىيا، فىلىپپىن، تايلاند قاتارلىق ئۈچ دۆلەت شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى قۇردى. 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەنە مالايسىيا، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى تەشكىلاتنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مالايسىيا بىلەن فىلىپپىن ساباھنىڭ تەۋەلىكىنى تالاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندونېزىيە سوكارنو ھۆكۈمىتى مالايسىيا فېدېراتسىيەسىگە①ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، مەزكۇر تەشكىلات بۆلۈنۈش گىردابىغا

---

① 1963 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مالايسىيا، سىنگاپور بىلەن ئەنگلىيە ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، مالايسىيا فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغان. فېدېراتسىيە ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە قاراشلىق مالايسىيا، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ئاپتونوم ئىشتات سىنگاپور ۋە ئەنگلىيەنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى مۇستەملىكە ساراۋاك، ساباھ بىرلەشتۈرۈلۈپ تەشكىل قىلىنغان. 1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سىنگاپور فېدېراتسىيەدىن چېكىنىپ چىققان ھەمدە سىنگاپور جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ھىندونېزىيە بۇنى ھىندونېزىيەنى مۇھاسىرىگە ئالىدىغان يېڭى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغانلىقتىن، سوكارنو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارىتا قارشىلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ھىندونېزىيەنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن ھەمدە ساراۋاك، ساباھلارنىڭ مالايسىيا ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرىشىنى قوللىغان.



www.uyghurkitap.com

بىرىپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۆز رولىنى دېگەندەك جارى قىلدۇرالمىدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى، بىر تەرەپتىن ھەرقايسى دۆلەتلەر 20 نەچچە يىللىق مۇستەقىللىق كۈرىشى ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، سىياسىي نىسپىي مۇقىم بولغان ۋە تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىكمۇ پەسىيىشكە يۈزلەندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەنىڭ سۇۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى، ئامېرىكىنىڭ ھىندىچىنى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە زىلزىلە پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارادا رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بولۇپمۇ ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە زور ئىلھام بولدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى پەقەت بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىشنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

1965 ـ يىلى ھىندونېزىيەدە «30 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى ①

---

① 1965 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پىرېزىدېنت سۇكارنونىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ باتالىيون كوماندىرى، پودپولكوۋنىك ئۇنتۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېرلار سۇكارنو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «30 ـ سېنتەبىر ھەرىكىتى» نى قوزغاپ، بىر قىسىم ئوڭ قانات گېنېراللارنى قولغا ئالغان ۋە ئۆلتۈرگەن. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سۇخارتو باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر گۇرۇھى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، «30 ـ سېنتەبىر ھەرىكىتى» گە قاتناشقۇچىلارنى، شۇنداقلا كوممۇنىستلار ۋە سول قانات زاتلارنى باستۇرغان. 1967 ـ يىلى سۇخارتو سۇكارنونىڭ ئورنىغا ھىندونېزىيە پىرېزىدېنتى بولغان.

يۈز بەرگەندىن كېيىن، سۇخارتو سۇكارنونىڭ ئورنىغا چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى ھەمدە مالايسىيا ۋە سىنگاپورغا قاراتقان قارشىلىشىش سىياسىتىنى توختاتتى. 1966 ـ يىلى فىلىپپىن ۋە مالايسىيا تايلاندنىڭ ياراشتۇرۇشىدا ساباھنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1967 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت «باڭكوك خىتابنامىسى»، يەنى «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى، نەتىجىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلدى. خىتابنامىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى «ئورتاق تىرىشچانلىق ئارقىلىق مەزكۇر رايون ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش»، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئەمما، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر جىددىي بولۇپ، ئىتتىپاق ئىچكى تالاش ـ تارتىشلارنى كېلىشتۈرۈش، تەشكىلىي تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولدى، رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق باشلىنىش ھالىتىدە تۇرغاچقا، خەلقئارا جەمئىيەت بۇ تەشكىلاتنى تازا بىلىپ كەتمىدى.

70 ـ يىللاردىن كېيىن ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1971 ـ يىلى جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پىرېزىدېنت نىكسون جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى «ئاسىيا كوللېكتىپ

خەۋپسىزلىك سىستېمىسى» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياندىكى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر تاشقى سىياسىتىنى تەڭشىدى. 1971 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كۇئالا لۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يەۋقۇلئاددە يىغىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا «تىنچ، ئەركىن، بىتەرەپ رايون خىتابنامىسى» نى ئىمزالاپ، زوّرۇر تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن خالىي، تىنچ، ئەركىن، بىتەرەپ رايون قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇ ۋەجىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى 1972 ـ يىلى مالاككا بوغۇزىنى خەلقئارالاشتۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى، 1973 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاسىيا خەۋپسىزلىك سىستېمىسى» تەشەببۇسىنى يەنە بىر قېتىم بىردەك رەت قىلدى. 1974 ـ 1975 ـ يىللىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، مالايسىيا، فىلىپپىن، تايلاند قاتارلىق ئۈچ دۆلەت جۇڭگو بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى يېڭى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. 1975 ـ يىلى ھىندىچىنى ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى ۋە ئامېرىكا ھىندىچىنىدىن قوشۇن چېكىندۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ۋيېتنام بۇ رايوندىكى كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى، «نېفىت كرىزىسى» سەۋەبلىك غەرب ئەللىرى ئىقتىسادىدا چېكىنىش كۆرۈلدى، نەتىجىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ئۆز خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاقتا ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ھەقىقىي

كۆچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھىندونېزىيەنىڭ بارى ئارىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ۋە «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ بىردەك ماسلاشتۇرۇش خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى. يىغىن سىياسىي ھەمكارلىقنى مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ ھەمكارلىق دائىرىسىگە رەسمىي كىرگۈزدى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ كونكرېت پرىنسىپلىرىنى بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەشكىلىي جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈش، زۆرۈر بولغاندا، باشلىقلار يىغىنى چاقىرىشتا چىڭ تۇرغاندىن سىرت، يەنە ئىقتىساد، ئەمگەكچىلەر، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مائارىپ ۋە تەشۋىقات قاتارلىق مىنىستىر دەرىجىلىك بەش يىغىننى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تەستىقلىدى. ھىندونېزىيەنىڭ جاكارتا شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان دائىمىي كاتىبات باشقارمىسى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ۋە ھەرقايسى ئاپپاراتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. بارى ئارىلى باشلىقلار يىغىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ يىغىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ماسلىشىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىقنى ھەقىقىي كۈچەيتىشتەك يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1977 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى كۇئالا لۇمپۇردا 2 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئېچىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ ھەمكارلىقى ۋە تاشقى سىياسىتىنى

ماسلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. فىلىپپىن ساباھ رايونىغا بولغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى. يىغىن رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش پىلانىنى تەستىقلاپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايون ھەمكارلىقى كۈنسېرى كۈچەيدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئورتاق مەبلەغ سېلىپ بەش تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش، سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، تاۋار ئالماشتۇرۇشتەك ئېتىبارلىق سودىنى يولغا قويۇش ھەم مالىيە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ ھەمكارلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقى جەھەتتە، ئەزا دۆلەتلەر ئارا ئىككى تەرەپلىك بىر قىسىم شەرتنامىلەر ئىمزالاندى، ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك بىرلەشمە ھەربىي مانېۋېرلار ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋيېتنام دېموكراتىك كامبودژاغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، كامبودژا، تايلاند چېگراسىغا قوشۇن توپلىدى؛ 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە تايلاندقا قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ مەيدانىنى ماسلاشتۇردى، ئورتاق تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى قوللاندى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دېموكراتىك كامبودژانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى

قانۇنلۇق ئورنىنى قوللىدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كامبودژا مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار ۋە ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى قوغدىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1981 ـ يىلى كامبودژا مەسىلىسىگە ئائىت خەلقئارا يىغىن ئېچىلىپ، ۋيېتنامنىڭ كامبودژادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى، كامبودژا خەلقىنىڭ سىرتنىڭ ھېچقانداق ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى تەلەپ قىلىندى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقتىن، خەلقئارادىكى تەسىرى كۈنسېرى كۈچەيدى.

**شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىشى** شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەندىن سىرت، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولدى، بۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر تەرەققىياتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا بەش دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 1967 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە %8 كە يېقىنلاشتى. بۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن ھالقىپلا قالماستىن، بەلكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىنمۇ بىر ھەسسە يۇقىرى ئىدى. 1980 ـ يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا بەش دۆلەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 172 مىليارد دوللار بولۇپ، كىشى بېشىغا چاققاندا، سىنگاپورنىڭ

4218 دوللارغا، مالايسىيانىڭ 1763 دوللارغا، فىلىپپىننىڭ 733 دوللارغا، تايلاندنىڭ 708 دوللارغا، ئەڭ تۆۋەن بولغان ھىندونېزىيەنىڭمۇ 460 دوللارغا يەتتى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت سەۋىيەسىدىن قارىغاندا، سىنگاپور تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگەن بولۇپ، باشقا ئەزا دۆلەتلەرمۇ ئوتتۇراھال كىرىمدىكى دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. 1984 ـ يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىرۇنېينىڭ نوپۇسى ئەڭ ئاز، بىراق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى مول بولۇپ، شۇ يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 17 مىڭ 282 دوللار بولدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ دۆلەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «ئىمپورت سەپلىمىسى» سانائەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغان بولۇپ،[1] تاموژنا بېجى سىياسىتى ئارقىلىق ئىمپورتقا چەك قويۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىمپورتماللارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمگەك كۆجۈملەشكەن سانائەت، جۈملىدىن كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 70 ـ يىللارغىچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر «ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلىش تىپى» دىكى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە «سىرتقا ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن مەبلەغ ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش بىلەن بىللە ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «ئېكسپورت ئارقىلىق ئىقتىسادنى جانلاندۇردى» ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «ئېكسپورتقا پىششىقلاپ

ئىشلەش رايونى» ۋە «ئەركىن سودا رايونى» قۇردى. بۇ ئىستراتېگىيە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە سانائەتنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يېزا ئىگىلىكىدىن ئېشىپ كەتتى، تاشقى سودا تېز ئاشتى. 1980- يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا بەش دۆلەتنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 130 مىليارد دوللارغا يېتىپ، تەرەققىي قىلغۇچى دۆلەت ۋە رايونلار تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ % 14 نى ئىگىلىدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا كۆپ قىسىم دۆلەتلەر ئىلگىرى «نوقۇل تېرىقچىلىق» تىپىدىكى يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىدى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا بولدى، يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. بىراق، 70 - يىللاردىن كېيىن دۆلەت مەبلەغ سېلىپ «كۆپ خىل ئىگىلىك» نى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، «نوقۇل تېرىقچىلىق» ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتتى. گۈرۈچ، كاۋچۇك قاتارلىق ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياغلىق پالما، كۆممىقوناق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى، ئاشلىق كەمچىل بىر قىسىم دۆلەتلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى قامداش نىسبىتى ئۆستى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايونى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولغان رايونغا ئايلاندى، بولۇپمۇ سىنگاپور ئىقتىسادى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، تەرەققىي قىلغۇچى دۆلەتلەر ئىچىدە نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەردىن قالسىلا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى، بۇ ھال



www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

سىنگاپور يەر كۆلىمى كىچىك، بايلىقى كەمچىل ئارال دۆلىتى. 1959 - يىلى ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى ئىچىدە ئاپتونومىيەنى يولغا قويدى. 1963 - يىلى مالايسىيا فېدېراتسىيەسىنىڭ بىر ئىشتاتى بولدى. 1965 - يىلى 8 - ئايدا مالايسىيا فېدېراتسىيەسىدىن چېكىنىپ چىقتى ھەمدە مۇستەقىل سىنگاپور جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىنگاپور خەلقئارا دېڭىز قاتنىشى تۈگۈنى بولۇشتەك ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەركىن سودا پورتىغا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ سودا مەركىزىگە ئايلانغانىدى. 1959 - يىلدىن ئىلگىرى سىنگاپور ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەڭ سودىسى مەركىزى بولۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، مىللىي دارامەتنىڭ 75% نى ئۆتەڭ سودىسى كىرىمىنى مەنبە قىلغانىدى. لى گۋاڭياۋ①، باشچىلىقىدىكى سىنگاپور خەلق ھەرىكىتى پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە مۇنداق ئىككى جەھەتتى ئىقتىسادىي بېسىمغا ئۇچرىدى: بىرى، قوشنا دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن چەت ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە سودا ئالاقىسى ئورناتتى، سىنگاپورنىڭ ئۆتەڭ سودىسى كاساتلاشتى؛ يەنە بىرى، سىنگاپور

---

① لى گۋاڭياۋ (1923 - يىلى تۇغۇلغان) سىنگاپور رافلېس ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن. 1946 - يىلدىن 1950- يىلغىچە لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مېدلې ئادۋوكاتلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئەنگلىيە لېيبورىستلار پارتىيەسىگە قاتناشقان. 1950 - يىلى دۆلىتىگە قايتىپ ئادۋوكاتلىق قىلغان. 1954 - يىلى 11 - ئايدا سىنگاپور خەلق ھەرىكىتى پارتىيەسىنى تەشكىللەشكە قاتناشقان ھەم ئىزچىل مەزكۇر پارتىيەنىڭ باش كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1959 - يىلى سىنگاپور ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، لى گۋاڭياۋ باش مىنىستىر بولغان. 1965 - يىلى 8 - ئايدا مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىچكى كابىنېتنىڭ باش مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1990 - يىلى 11 - ئايدا ۋۇ زودۇڭ باش مىنىستىر بولغاندىن كېيىن، لى گۋاڭياۋ باش مىنىستىر مەھكىمىسىنىڭ ئالىي مىنىستىرى، ئىچكى كابىنېتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

سانائەتتە ئارقىدا قالدى، ئىشسىزلىق نىسبىتى 15% كە يەتتى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىنگاپور ھۆكۈمىتى ئىشنى نوقۇل ئۆتەك سودىسىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاپ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بەردى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا سانائەتلىشىش ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلما بەرپا قىلىش يولىغا ماڭدى.

1959 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان 1 ـ بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇپ، «ئىمپورت سەپلىمىسى» ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى، «يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت قانۇنى»، «سانائەتنى كېڭەيتىش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ پەرمانلارنى ئېلان قىلدى، مەلۇم مەزگىلدىكى تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىپ، سودا كاپىتالىنىڭ سانائەتكە ئېغىشىغا ئىلھام بەردى. بۇ مەزگىلدە ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلارنى قۇرۇپ، سانائەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سالدى. 1966 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە 2 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى. سىنگاپور ئېكسپورت سانائىتىگە ئىلھام بېرىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەت «ئىقتىسادنى زورايتىش ـ مۇكاپاتلاش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، سىنگاپور تەرەققىيات بانكىسى ۋە جۇروڭ ئېكسپورتقا پىششىقلاپ ئىشلەش رايونىنى قۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن چەت ئەل مەبلىغى جەلپ قىلىپ ۋە ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، كاپىتال ۋە تېخنىكا كۆجۈملەشكەن سانائەت تارماقلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

70 ـ يىللاردىن باشلاپ سىنگاپور سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى. 60 ـ يىللاردا سىنگاپور ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 8.7% كە، 70 ـ يىللاردا 9.4% كە يەتتى. قىسقىغىنا 20 يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق سىنگاپور ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز قەد كۆتۈرۈپ، تەرەققىي تاپمىغان

دۆلەتتىن «يېڭىچە سانائەتلەشكەن دۆلەت» قاتارىغا كىردى. ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا نېفىت ئايرىش، ئېلېكترون ـ ئېلېكتىر سايمانلىرى، پاراخوت ياساش ـ رېمونت قىلىشنى ئاساس قىلغان يېڭى سانائەتلەر تەرەققىي قىلدى، سىنگاپور دۇنيادىكى داڭلىق دېڭىز تىرانسپورتى، نېفىت ئايرىش مەركىزى ۋە ئاسىيادىكى پۇل مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلدى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 71% ئاھالە ھۆكۈمەت سالغان ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئەرزان باھالىق جامائەت تۇرالغۇلىرىغا كۆچۈپ كىردى، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 15 كىۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئاسىيا قىتئەسىدە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

سىنگاپور ئىقتىسادىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئەقلىي سىلىنمىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سىنگاپور ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدارىسى قۇرۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، چوڭلار مائارىپى ئىدارىسى قۇرغان ( 1960 ـ يىلى)، كېيىن يەنە تېخنولوگىيە مائارىپى ئىدارىسى قۇردى( 1968ـيىلى). ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تېخنولوگىيە مائارىپىنى ئاساس قىلغان مائارىپ تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى ھەمدە مائارىپ خىراجىتىنى يىلسېرى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى تارماقلاردىكى تېخنىكلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى. مەدەنىيەت جەھەتتە سىنگاپور ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى.

سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولى ئەگرى ـ توقاي

مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا بىر قىسىم قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى زور دەرىجىدە چەت ئەل مەبلىغىگە تايىناتتى، ئۇلارنىڭ تاشقى سودىسىمۇ كاپىتالىزم دۇنياسى بازىرىغا خېلى زور دەرىجىدە بېقىنىقىپ قالغانىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى زىيادە يۇقىرى ئىدى، بولۇپمۇ سىنگاپورنىڭ زېمىنى كىچىك، بايلىقى كەمچىل بولغانلىقتىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساسەن تاشقى سودىغا تايىناتتى، گەرچە نوقۇل ئۆتەڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت بولۇپ، كاپىتالىزم دۇنياسى ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر ئىدى.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىدى، قورۇقچىلىق باش كۆتۈردى، نەتىجىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودىسى ئالدى بىلەن زەربىگە ئۇچرىدى. 1983 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئاستىلىدى. 1985 ـ يىلى فىلىپپىن ئىقتىسادى 5%، سىنگاپور ئىقتىسادى 1.7% تۆۋەنلىدى. خەلقئار كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ناچارلاشقانلىقتىن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى قەرزى كۆپىيىپ، 1984 ـ يىلى 73 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. فىلىپپىننىڭ تاشقى قەرزى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1984 ـ يىلى 25 مىليارد 340 مىليون دوللارغا يەتتى، بىر يىللىق دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى تەڭ

www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇش سوممىسىلا 3 مىليارد دوللار بولدى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشى فىلىپپىننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 1983 ـ يىلىدىن كېيىن فىلىپپىندا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كىرىزىس گىرەلىشىپ كەتتى، نەتىجىدە 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماركوس ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ كىراسون ئاكىنو يېڭى ھۆكۈمەتنى قۇرۇلدى.

ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىساد ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر قاتار ئىقتىسادىي تەڭشەش ۋە ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئالايلۇق، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان تىزگىنلىشىنى بوشاشتۇردى، رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ بازار ئىگىلىكىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرگۈزۈپ خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى؛ چەت ئەل مەبلىغىگە بولغان تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بوشىتىپ، چەت ئەل بەغلىغىگە قارىتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللاندى ھەم ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلغان، ئىمپورت سەپلىمىسىگە بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدەندى، ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىقىنى تەكرار پىششىقلاشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى. 1987 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىش ۋە قايتا ئېشىشقا قاراپ ماڭدى، ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 7.1% كە يەتتى. بۇ 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق تېز ئېشىش مەزگىلىدۇر. جۈملىدىن تايلاند ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 10.5% كە يەتتى، سىنگاپور، مالايسىيا، ھىندونېزىيەنىڭ بولسا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8.9%،

www.uyghurkitap.com

8.2%، 6.2% كە يەتتى. سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىز بولۇشى ۋە دېڭىز قولتۇقى كىرىزىسى سەۋەبلىك نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، فىلىپپىن ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى تەخمىنەن 4.3% بولدى، بۇ مەزكۇر ئىتتىپاقتا ئەزا باشقا دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن بىرقەدەر تۆۋەن. 90 ـ يىللاردا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم ئېشىپ باردى. تايلاند، مالايسىيا، ھىندونېزىيە ئۈچ دۆلەت 21 ـ ئەسىرگە كىرگەندە ئاسىيا قىتئەسىدىكى يېڭى «كىچىك ئەجدىھا» غا ئايلىنىشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا. شۇڭا، كۈتسىرى قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

## 4ـ بۆلۈم ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سىياسىي ۋە ئىقتىساد

**ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نېھرۇنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياستى** 1947 ـ يىلى ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدا يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ دومىنىئونى ئىدى. 1948 ـ يىلى6 ـ ئايدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە پادىشاھى گېنېرال موۋنتباتتېننى ھىندىستان دومىنىئونىنىڭ باش ۋالىيلىقىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئېلىشقا تەيىنلىدى، ئىلگىرىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيەدە تەربىيەلەنگەن مۈلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەنگلىيە گېنېرالىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان قوشۇنى ئاساسەن ساقلىنىپ قالدى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھىندىستان ئاساسىي

قانۇن ئىلان قىلىپ «مۇستەقىل ۋە ئۆزىگە ئۆزى غوجا جۇمھۇرىيەت» قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى، لېكىن داۋاملىق ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا بولدى. ھىندىستان فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، بۇرژۇئا پارلامېنتلىق دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. فېدېراتسىيە پارلامېنتى يۇقىرى پالاتا بولغان فېدېراتسىيە پالاتاسى بىلەن تۆۋەن پالاتا بولغان خەلق پالاتاسىدىن ئىبارەت ئىككى پالاتادىن تەركىب تاپقان. پرېزىدېنت دۆلەت باشلىقى بولۇپ، ئىككى پالاتا سايلايدۇ. مەمۇرىي ئورگان مىنىستىرلار كېڭىشى بولۇپ، باش مىنىستىر ھۆكۈمەت باشلىقى ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستان پارلامېنتلىق ئىچكى كابىنېتلىق تۈزۈمنى يولغا قويغان، ئىچكى كابىنېتنىڭ باش مىنىستىرلىقىنى خەلق پالاتاسىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن پارتىيەنىڭ باشلىقى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھىندىستاندا پارتىيە ناھايىتى كۆپ، ئەمما مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئاساسەن دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلدى. 1952 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ھىندىستان سەككىز قېتىم ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈپ، پارلامېنتلىق دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئاساسەن ساقلاپ كەلدى، بۇ ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىدە كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە.

ھىندىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىل (1947 ــ 1950 ـ يىللار) دە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ھۆكۈمىتىدە باش مىنىستىر نېھرۇ بىلەن مۇئاۋىن باش مىنىستىر پاتېل چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ئاتالمىش «قوش باشلىق سىياسىي» ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پاتېل ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن نېھرۇ بارلىق ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ ھەقىقىي داھىيغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان بۈگۈنكى دەۋر تارىخىدىكى نېھرۇ دەۋرى باشلاندى.

نېھرۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ھىندىستاندىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشچىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوراللىق قىسىملارنى ھەيدەرئابادقا ئەۋەتىپ تېلىنگەنە رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈشنى جاكارلاپ ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قورال تاشلاپ پارلامېنت پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇردى، سىتىۇبلىش ۋە ھەربىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ 552 يەرلىك بەگلىكنى قوشۇۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1951 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە نېھرۇ ھۆكۈمىتى 1 ـ بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويدى ھەمدە كۆپ سانلىق ئىشتاتلاردا «ۋاستىچى» پومېشچىك تۈزۈمىنى بىكار قىلدى ۋە يەر ئىجارىگە ئېلىش ئىسلاھاتى پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. 1 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، ھىندىستاننىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى، مال باھاسى تۇراقلىششقا باشلىدى، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى 1939 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە يەتتى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ۋاستىچى پومېشچىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يەر ئىجارىسى نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى، ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ مەلۇم مەزگىل يەر ئىجارە ئېلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. گەرچە، يەر ئىسلاھاتى ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستان يېزا ئىگىلىكىدىكى كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە نېھرۇ «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا تۇتۇش قىلدى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نېھرۇ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، يەنە ھىندىستاندا «سوتسىيالىزم تىپىدىكى جەمئىيەت» قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياندۇرقى يىلى 1 ـ ئايدا دۆلەت كونگرېسى

پارتىيەسىنىڭ ئاۋادىدا چاقىرىلغان يىللىق يىغىنى ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «سوتسىيالىزم تىپىدىكى جەمئىيەت» قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللاپ، سوتسىيالىزم تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشنى ھىندىستان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. نېھرۇ ئۆزى تەرغىب قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ كوممۇنىزمغىمۇ، كاپىتالىزمغىمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە «دېموكراتىيە» ۋە «پىلانلاشتۇرۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. نېھرۇ ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپلا بىر خىل خىيالىي باراۋەرلىك قارىشىغا ئىگە ئىدى، ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا فابىئان ئېقىمىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش مەسلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دۆلەتكە قايتقاندىن باشلاپ، غەيرىي زوراۋانلىق ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، گەندىزم مۇرىتىغا ئايلانغان، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگولاردا زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك ئارقىلىق ئېغىر سانائەتنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى ۋە جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش تەجرىبىسى ئۆلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغانىدى. شۇڭا، نېھرۇ تەشەببۇس قىلغان سوتسىيالىزم ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيەنىڭ فابىئان ئېقىمى، ھىندىستاننىڭ گەندىزم ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگولارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، مەقسىتى سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىدا مۇستەقىل مېڭىش ئىدى.

1955 ـ يىلى نېھرۇ ھۆكۈمىتى ھىندىستان ئىمپېرىيە بانكىسى بىلەن ئۆمۈر سۇغۇرتا كەسپىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئىككى بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويدى. بۇ مەزگىلدە ھىندىستاننىڭ سانائىتى بىرقەدەر

راۋاجلاندى ھەمدە بىر يۈرۈش مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. 1956 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 136 (1951ـ يىلى 100 ئىدى) دىن 264.2 گە ئۆرلەپ، بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىن سىرت، خۇسۇسىي مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىمۇ بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى. نېھرۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيەسى يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ۋە كوپېراتىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش بولۇپ، كوپېراتىپ ۋە يېزا كېڭەشنى كەڭ كۆلەمدە قۇردى، ئەمما بۇ ئىستراتېگىيە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. 1956 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم بولمىدى، ھەر ئىككى، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، بەزىدە ھەتتا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كەڭ كۆلەمدە ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قالاقلىقى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا قىلدى، بۇ ھال سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتتى.

تاشقى سىياسەت جەھەتتە نېھرۇ ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھاكىمىيەت ئەمدىلا تىكلەنگەندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ تاشقى سىياسىتى يەنىلا ئىلگىرىكى ھامىي دۆلەت ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتى تولۇق گەۋدىلەنمىدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھىندىستاننىڭ ئىتتىپاق تۈزمەسلىك دىپلوماتىيە سىياسىتى روشەنلەشتى ھەمدە ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى ئىچىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. نېھرۇ جاھانگىرلارنىڭ ھەربىي گۇرۇھىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىپ،

1954 - يىلى 6 - ئايدا زۇڭلى جۇ ئېنلەي بىلەن بىرلىكتە تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، 1955 - يىلى ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى چاقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە قاتناشتى، 1961 - يىلى تىتو، ناسىر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشتى.

ئىگىلىك ھوقۇق ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن ھىندىستان 1950 - يىلى 5 - ئايدا فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىدىن پونديچېررى، كارىكال، يانام ۋە مائې تۆت رايوننى قايتۇرۇۋالدى. 1961 - يىلى 12 - ئايدا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بېسىۋالغان گوئا، دامان ۋە دىئۇ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلدى. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن نېھرۇ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىش يامان نىيىتىدە بولدى. 1949 - يىلى 6 - ئايدا ھىندىستان سىككىمگە قوشۇن كىرگۈزدى، 1950 - يىلى 12 - ئايدا سىككىمنى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، سىككىمنى ھىندىستاننىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت» كە ئايلاندۇردى. ھىندىستان يەنە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىگە ئارىلاشتى. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ھىندىستان بۇتاننى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى، شەرتنامىدە بۇتاننىڭ تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ھىندىستاننىڭ «يېتەكچىلىكى» نى قوبۇل قىلىشى بەلگىلەندى.

1950 - يىلى 4 - ئايدا ھىندىستان جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق

ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىدى. لېكىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى يەنە جۇڭگونىڭ شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىشىغا ئارىلاشتى، 1950 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە كۆپ قېتىم نوتا تاپشۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ شىزاڭغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن «ھودۇقۇقانلىقى ۋە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. 1959 ـ يىلى ھىندىستان شىزاڭدىكى ئەكسىيەتچى يانچىدارلارنىڭ توپىلىڭىنى ئاشكارا قوللىدى، ئارقىدىن يەنە دالاي لامانىڭ ھىندىستاندا ئاتالمىش «سەرگەردان ھۆكۈمەت» قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە چېگرا تالاش ـ تارتىشى پەيدا قىلدى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن باشلاپ يامانلاشتى ھەمدە 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگراسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھىندىستانغا كۆپلەپ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم بەردى ھەمدە ھىندىستاننى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاساسلىق دۆلەتكە ئايلاندى.

ئىندىرا گەندى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى ھىندىستان 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نېھرۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى شاسترى باش مىنىستىر بولدى. 1966 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شاسترىمۇ كېسەل سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن نېھرۇنىڭ قىزى ئىندىرا گەندى (1917 — 1984 ـ يىللار) باش مىنىستىر بولدى. ئىندىرا گەندى نېھرۇنىڭ سىياسەت ۋە فاڭجېنلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن بىللە «نامراتلىقنى تۈگىتىش، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قالاق، ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقتىن، 1967 ـ يىلى باھاردا غەربىي بېنگال ئىشتاتىنىڭ شىمالىدىكى ناكسالبارى رايونىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى ھەمدە تېزلىكتە ھەر

قايسى يېزىلارغا يامراپ پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئاكسالبارى ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. 1967 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي سايلامدا دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەرچە خەلق پالاتاسىدىكى كۆپ سانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتە داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئىشتاتلارنىڭ پارلامېنتىدا كۆپ سانلىق ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆكتىچى پارتىيەگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە، ئىندىرا گەندى ھۆكۈمىتى ناكسالبارى ھەرىكىتىنى قورالىلىق باستۇرۇش بىلەن تەڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تەڭشىدى. ئاشلىق كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «يېشىل ئىنقىلاب» نى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى ھەمدە بازار ئىگىلىكىگە تېخىمۇ كۆپ تايىنىش، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە تۇغۇتقا چەك قويۇشنى ھەقىقىي ئومۇملاشتۇرۇش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھىندىستان ئىقتىسادىي جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش ۋە بازار ئىگىلىكىگە كۆپرەك تايىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان «يېشىل ئىنقىلاب» ھىندىستاندا مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1966 ـ يىلى ھىندىستان ئامېرىكىدىن بۇغداي ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت ئىدى، بىراق 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئاساسەن قامدايدىغان بولدى. 1978 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 130 مىليون توننىغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. «يېشىل ئىنقىلاب» ئەۋج ئالغان رايونلار، ئالايلۇق، پەنجاپ، خاريانا، ئۇتتارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يېزىلار تاۋار ئاشلىق بازىسىغا ئايلاندى، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بۇ

رايونلاردا تەرەققىي قىلدى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، ئىندىرا گەندى ھۆكۈمىتى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە داۋاملىق قاتناشتى. ئەمما، 1962 - يىلىدىكى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى ۋە 1965 - يىلىدىكى 2 - قېتىملىق ھىندىستان - پاكىستان ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ۋە پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جىددىيلەشتى، دىپلوماتىيە جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ ئاغدى. 1971 - يىلى 8 - ئايدا ئىمزالانغان «ھىندىستان - سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. شەرتنامىدە: «ھەرقانداق بىر تەرەپ ھۇجۇمغا ياكى ھۇجۇم تەھدىتىگە ئۇچرىسا، شەرتنامە تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ئورتاق كېڭىشىپ بۇ خىل تەھدىتنى دەرھال يوقىتىشى ھەمدە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ ئىككى دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مۇددىتى 20 يىللىق بولغان بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھىندىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدا شەرقىي پاكىستاننىڭ ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىگە ئارىلاشتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ھىندىستان قوشۇن چىقىرىپ شەرقىي پاكىستاننىڭ مەركىزى داككانى ئىشغال قىلدى. 3 - قېتىملىق ھىندىستان - پاكىستان ئۇرۇشىدا پاكىستان مەغلۇپ بولدى. 1971 - يىلى 12 - ئايدا شەرقىي پاكىستان مۇستەقىل بولۇپ بېنگال دۆلىتى قۇرۇلدى. 1973 - يىلى 4 - ئايدا ھىندىستان سىككىمدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكنى باھانە قىلىپ، سىككىمنىڭ پايتەختى گاڭتوكتا قوشۇن تۇرغۇزدى. 1975 - يىلى ھىندىستان پارلامېنتى سىككىمنى ھىندىستاننىڭ بىر ئىشتاتى قىلىش ھەققىدىكى قارارنى ماقۇللاپ سىككىمنى رەسمىي قوشۇۋالدى.

3 ـ قېتىملىق ھىندىستان ـ پاكىستان ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغانلىقتىن 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا مىللەتچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئىندىرا گەندى ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئىچىدە رەقىبلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى بىرقانچە قېتىملىق بۆلۈنۈشتە يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇردى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى چەك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈش گىردابىغا بېرىپ قالدى، ئىندىرا گەندى ھاكىمىيىتى يېڭى كرىزىسقا دۇچ كەلدى.

1975 ـ يىلى ئۇتتار ئىشتاتى ئاللائاباد يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىندىرا گەندى 1971 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي سايلامدا ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ كۆز بويامچىلىق قىلمىشى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئۆكتىچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكى كابىنېتنى ئاغدۇرۇۋېتىش دولقۇنى قوزغىدى. ئىندىرا گەندى قاتتىق بېسىش ۋاستىسى قوللىنىپ، جىددىي ھالەت پەرمانى ۋە ئاخبارات تەكشۈرۈشنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئۆكتىچىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىشى ۋە جىددىي ھالەت يولغا قويۇش پەرمانى ھەرقايسى تەبىقىدىكى ئاممىنىڭ ئىندىرا گەندى ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنداقلا تۇغۇتنى مەجبۇرىي چەكلەشتەك قوپال ۋاستىلەرنى قوللىنىش تۈپەيلىدىن ئومۇملاشتۇرغانلىقتىن، ئىندىرا گەندى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. 1977 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى ئومۇمىي سايلامدا ئىندىرا گەندىنىڭ دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشتى. دېساي باش مىنىستىرلىقىدىكى خەلق پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى.

www.uyghurkitap.com

بىراق، دىساي باشچىلىقىدىكى خەلق پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئىچكى قىسمىدا قاتمۇقات زىددىيەتكە تولغان بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان يېڭى فاكتورلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي سايلامدا ئىندىرا گەندى 2/3 قىسىمدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ، قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

ئىندىرا گەندى قايتىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (1980 ـ 1984 ـ يىللار) دە، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭشەش ۋە چەكلىك ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللاندى، 6 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن نېفىت سانائىتىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇردى، تاشقى سودىنى كۈچەيتتى، چەت ئەل مەبلىغى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا بولغان چەكلىمىنى بوشاشتۇردى ھەمدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزدى. 6 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ھىندىستان ئىقتىسادىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.2% كە يېتىپ، ئىلگىرىكى 30 يىلدىكى 3.5% لىك يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى. بولۇپمۇ بىر قەدەر ئاجىز بولغان نېفىت قېزىش كەسپى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1983 ـ 1984 ـ يىلى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 26 مىليون توننىغا يېتىپ، ئىچكى ئېھتىياجىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاندۇردى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر ياخشى بولدى، 1983 ـ 1984 ـ يىللىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 152 مىليون توننىغا يېتىپ، مەلۇم مىقداردا زاپاس ئاشلىققا ئىگە بولدى.

ھىندىستان نوپۇسى كۆپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى، ئىچكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز چوڭ دۆلەت. شۇڭىمۇ 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن

ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. خەلقئارا كىرىمى چىقىمنى قاپلىيالمىغاچقا، چەت ئەلنىڭ ياردىمى ۋە چەت ئەل مەبلىغىگە بولغان تايىنىش كۈنسېرى ئېغىرلاشتى؛ ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى، شۇنداقلا نوپۇسنىڭ زىيادە تېز كۆپىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىزچىل بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلدى. 1983 — 1984 ـ يىللىرى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت تەخمىنەن 190 دوللار بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەر قاتارىدا قالدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستان بويىچە ئىشسىزلار 23 مىليونغا، نامراتلىق چېكىنىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقانلار 37% كە يەتتى. نەتىجىدە ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق ئېغىرلاشتى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كۈنسېرى كۆچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيدى.

ھىندىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مۇرەككەپ، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي مەزھەپلەر توقۇنۇشى ئىنتايىن ئۆتكۈر، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە بولغان زىيانكەشلىكى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بولغان قارشىلىقىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پەنجاپتىكى سىخ دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ مۇستەقىل كالىستان دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى سىخ دىنىدىكى چەكتىن ئاشقان ئۇنسۇرلار ئامرىتساردىكى ئالتۇن بۇتخانىدا باش ئىشتاب قۇرۇپ قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى. ئىندىرا گەندى ھۆكۈمىتى 1984 ـ يىلى پەنجاپ ئىشتاتىنى خەتەرلىك رايون دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ ئالتۇن بۇتخانىنى ئىشغال قىلىپ، سىخ دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ رادىكال مەنىۋى داھىيسى بىندرانۋال

قاتارلىق 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېتىپ تاشلىدى، 7000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. بۇ ۋەقە ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن سىخ دىنىي مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سىخ مىللىتىدىن بولغان ئۈچ نەپەر مۇھاپىزەتچىنىڭ ئىندىرا گەندىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى بۇ زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### راجىپ گەندىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلاھاتى

ئىندىرا گەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى راجىپ گەندى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا سايلاندى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندىستاندا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى ①) مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىبىگە ئېرىشتى، يەنى خەلق پالاتاسىدا 4/5 قىسىم ئورۇنغا ئېرىشتى. راجىپ گەندى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيەنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى رەسمىي ئۈستىگە ئالدى.

راجىپ گەندى (1944 ــ 1991 ـ يىللار) ئىندىرا گەندىنىڭ چوڭ ئوغلى، كىچىكىدىنلا ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەخلاق تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، كېيىن ئەنگلىيەنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ھەمدە ئىتالىيەلىك قىز سونىيە بىلەن توي قىلغان. 1968 ـ يىلىدىن

① ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئىچىدە كۆپ قېتىم بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن، 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئىندىرا گەندى باشچىلىقىدىكى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى) بىلەن دېساي باشچىلىقىدىكى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (تەشكىلات گۇرۇھى)دىن ئىبارەت ئىككى پارتىيەگە بۆلۈنگەن. 1978 ـ يىلى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ( ئىندىرا گۇرۇھى ) يەنە بىر قېتىم بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىندىرا گەندى باشچىلىقىدىكى گۇرۇھ يەنىلا دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ( ئىندىرا گۇرۇھى) دەپ ئاتالغان، ئىسلام سانجىۋارىدى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ ئورتودوكسال دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى دەپ ئاتالغان.



www.uyghurkitap.com

باشلاپ ھىندىستان ئاۋىياتسىيە شىركىتىدە ئۇچقۇچى، ئايروپىلان باشلىقى بولغان. 1980 ـ يىلى ئىنىسى سانجاي گەندى ئايروپىلان ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن راجىپ گەندى سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەلق پارتىيەسىنىڭ پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان. 12 ـ ئايدا ياش دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گورۇھى) نىڭ باش سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىندىرا گەندىنىڭ مۇھىم ياردەمچىسىگە ئايلانغان. بۇ ئۇنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىدىكى زۆرۈر تەييارلىق ئىدى.

راجىپ گەندى نېھرۇ جەمەتىدىن چىققان 3 ـ ئەۋلاد باش مىنىستىر، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن پىرىنسىپ جەھەتتىن ئانىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنىغا ۋارىسلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمىي نىشانىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى، ئىقتىسادىي سىياسەتنى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشىدى، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەرنى ئىسلاھ قىلدى.

ئىندىرا گەندى سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھىندىستاندا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. راجىپ گەندى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ ئىندىرا گەندىگە قەست قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالىدىغانلىقى، جۇملىدىن «ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئىندىرانى خاتىرىلەيدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پارلامېنت ھەرقايسى پارتىيەنىڭ

ئەزالىرىنىڭ خالىغانچە باشقا پارتىيەگە ئۆتۈپ كېتىشىنى چەكلەشكە ئائىت قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى، بۇنىڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مەلۇم دەرىجىدە مۇقىملاشتى.

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن راجىپ گەندى «سوتسىيالىزم» ۋە پىلانلىق ئىگىلىك سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى جاكارلاش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى قاراش ۋە قائىدىلەرگە «جەڭ ئېلان قىلىش»، ھەتتا ئالدىنقىلار تۈزگەن سىياسەتلەرنى «ئوپېراتسىيە قىلىش»نى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات فاكچىنىغا قارىتا بىرقەدەر زور تەڭشەش ئېلىپ باردى، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەتنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى؛ خۇسۇسىي تارماقلار ۋە چەت ئەل مەبلىغىگە بولغان چەكلىمىنى بوشىتىپ، ئاليۇمىن تاۋلاش، نېفت ئايرىش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، كۆمۈر، كومپيۇتېر، مېھمانخانا قاتارلىق 30 تارماقنى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېچىۋەتتى، مونوپول كارخانىلار ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈر بولغان 27 خىل سانائەت تۈرىدىن 22 خىلنى ئادەتتىكى ئىجازەتنامە ئالىدىغان سانائەت تۈرىگە ئۆزگەرتتى ھەمدە مونوپول كارخانىلارنىڭ مۈلۈك چېكىنى 200 مىليون رۇپىيەدىن 1 مىليارد رۇپىيەگە ئۆستۈردى؛ ھۆكۈمەت كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلىدى، كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كۆچەيتتى ھەمدە ئۈنۈمى تۆۋەن كارخانىلارنى جازالىدى؛ بازارنىڭ فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ ئورنىنى تەڭشىدى؛ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

راجىپ گەندى ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەرنى مەلۇم دەرىجىدە



www.uyghurkitap.com

ئىسلاھ قىلدى، ئۇ پەنجاپ ئىشتاتىدىكى سىخ مىللىتى بىلەن بولغان زىددىيەتنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ئىشتاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلدى. راجىپ گەندى ياش مۇتەخەسسىسلەرنى بىرقەدەر ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى ھەمدە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سىرتقا قارىتا بىر قەدەر جانلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللاندى. ئۇ ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنى داۋاملىق قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشتى، «جەنۇبىي ئاسىيا رايون ھەمكارلىقى ئىتتىپاقى» قۇرۇشنى قوللاپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، مۇۋازىنەتلىكنى ساقلىدى ھەمدە جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى. 1988 - يىلى 12 - ئايدا راجىپ گەندى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتكە ئائىت كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى ھەمدە چېگرا ئىشلىرى بويىچە مەخسۇس بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

راجىپ گەندى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بەش يىل (1984 - يىلى 12 - ئايدىن 1989 - يىلى 12 - ئايغىچە) دا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى 7 - بەش يىللىق پىلان (1985 — 1990 - يىللار ) نى يولغا قويدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر قەدەر تېز بولدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5%كە، سانائەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 8% كە يەتتى. يېزا ئىگىلىكى ياخشى تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلىدى، 1988 — 1989 - يىللىرى ئاشلىق ھەھسۇلات مىقدارى 171 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت

يارىتىلدى. پەن ـ تېخنىكا زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. ھىندىستاندا 3 مىليونچە پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ، بىر قىسىم يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھىندىستاننىڭ ھەربىي كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكياندىكى كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتكە ئايلاندى.

بىراق، ھىندىستاننىڭ تەرەققىياتى ئىچكى قىسىمدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى، راجىپ گەندىنىڭ ئىسلاھاتىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولدى. 1987 ـ يىلىدىن كېيىن دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولدى، مىللەت، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئەدەپ كەتتى. بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە ئۆتۈش جەريانىدا ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق ۋە قەرز، قىزىل رەقەم كۆپىيىش، پۇل پاخاللىشىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلار كۆرۈلدى. راجىپ گەندى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى ئومۇمىي سايلامدا دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى) مەغلۇپ بولدى، راجىپ گەندى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتلىك فىرونتنىڭ رەھبىرى ۋ. پ. سىنگ 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ئاز سانلىقلار ھۆكۈمىتى تەشكىللىدى، خەلق پارتىيەسى (سوتسىيالىستلار گۇرۇھى) نىڭ رەھبىرى چاندرا شېكار 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ( ئىندىرا گۇرۇھى ) نىڭ قوللىشىدا يېڭىدىن ئاز سانلىقلار ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلدى. ئەمما، پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكتىن ئاز سانلىقلار ھۆكۈمىتى ئۇزاققا قالمايلا، ئارقا ـ ئارقىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشتى. راجىپ گەندى باشچىلىقىدىكى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى) سايلامدا قايتىدىن سايلىغۇچىلارنىڭ

ئىشەنچىگە ئېرىشتى ھەمدە سايلامدىن كېيىن دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەشكە تەييارلىق قىلدى. لېكىن، 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى راجىپ گەندى تامىل نادۇ ئىشتاتىدا سايلام پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقاندا، بەختكە قارشى قەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى. دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىنى مەرتىۋىلىك پىشقەدەم ناراشىمخا رائو ئۈستىگە ئالدى.

## 5 ـ بۆلۈم جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى

جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا سەككىز دۆلەت ۋە بىر رايون بار[1]، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4 مىليون 190 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1/10ىنى، نوپۇسى 870 مىليون (1980ـيىلى )بولۇپ ئاسىيا قىتئەسى نوپۇسىنىڭ 1/3 ىنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى، ھىمالايا تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبى، ھىندى ئوكيانىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن مۇستەقىل بىر بۆلەك بولۇپ، ئادەتتە «جەنۇبىي ئاسىيا سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېيىلىدۇ.

جەنۇبىي ئاسىيا، ئاسىيا، ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىن ئافرىقا، ياۋروپاغا بارىدىغان دېڭىز قاتنىشى تۈگۈنىنى تىزگىنلەپ تۇرغان بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. 2 ـ دۇنيا

[1] جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا نېپال، سىككىم، بۇتان، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال، سىرى لانكا، مالدىۋې قاتارلىق سەككىز دۆلەت ۋە كەشمىر رايونى بار.

ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا غوجا بولۇۋالغان ھەمدە بۇ جاينى بازا قىلىپ، يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا كېڭەيمىچىلىك قىلغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى زاۋالغا يۈزلەندى، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى، ئەمما ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بۇ رايوندىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئەنگلىيە بۇ رايوندا يەنىلا ئەنئەنىۋى كۈچىنى ساقلاپ كەلدى، ئامېرىكا بولسا ياردەم بېرىش ۋە ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا سىڭىپ كىردى. 50 ـ يىللاردا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان «مۇداپىئە سىستېمىسى» نى بەرپا قىلىپ «شىمال پىلانى» نى يولغا قويدى، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئەنگلىيە، فرانسىيەلەر بىلەن «باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتى» نى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا شەرتنامىسى تەشكىلاتى» نى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ھىلال ئاي شەكىللىك مۇھاسىرە چەمبىرىكى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا پاكىستان يۇقىرىقى ئىككى ھەربىي گۇرۇھقا قاتناشتى. ھىندىستان بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە قاتناشماي ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا ھىندىستاننى ئۆزىگە تارتىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ھىندىستانغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ئاسىيادىكى ئاتالمىش «دېموكراتىيە كۆزنىكى» گە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بارىچە ھىندىستانغا يېقىنلاشتى. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ھىندىستان ـ پاكىستان چېگرا ئۇرۇشى



www.uyghurkitap.com

پارتلىغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ پاكىستاندىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھىندىستانغا بولغان ياردەمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى سۇۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىن ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىدى، ئامېرىكا ھىندىچىنى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئاجىزلىدى. 1975 ـ يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ باسقۇچلار بويىچە تارقىتىۋېتىلىدىغانلىقى جاكارلاندى، 1977 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ تەشكىلات رەسمىي تارقىتىۋېتىلدى. 1979 ـ يىلى پاكىستان «مەركىزىي شەرتنامە تەشكىلاتى» دىن چېكىنىپ چىقتى. جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

70 ـ يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھىندىستان بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ھىندىستان تىنچلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالاش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ «جەنۇبقا ئىلگىرىلەش ئىستراتېگىيەسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەنۇبىي ئاسىياغا كېڭەيدى. 1979 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋيېتنامغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلدى، بولۇپمۇ ئافغانىستانغا بىۋاستە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئۇنىڭ شەرق ـ غەرب تەرىپىدىكى ئورنىنى كۈچەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى سەۋەبىدىن ئافغانىستان ئۇرۇشى كەسكىنلەشتى، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئافغانىستان مۇساپىرلىرى پاكىستانغا يوپۇرۇلۇپ كىردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنى پاكىستان چېگراسىغا قىستاپ كەلگەنلىكتىن، توقۇنۇشنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا يامراش خەۋپى جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆچىيىشىگە قارىتا ئامېرىكا پاكىستانغا بولغان ياردەمنى كۆچەيتتى. 1981 ـ يىلى رىگان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بەش يىل ئىچىدە پاكىستانغا 3 مىليارد 200 مىليون دوللار ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 1986 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا يەنە 1987 ـ يىلدىن كېيىنكى ئالتە يىل ئىچىدە پاكىستانغا 4 مىليارد 20 مىليون دوللارلىق ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئامېرىكا پاكىستاننى جەنۇبىي ئاسىيادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان مۇھىم كۈچ دەپ قارىدى.

جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر تارىختا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇزاق مۇددەت قارشى تۇرۇشتەك ئورتاق كۆرەش تارىخىغا ئىگە ئىدى. لېكىن، جاھانگىرلارنىڭ «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەك مۇستەملىكە سىياسىتى، شۇنداقلا جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىرق، تىل ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك زىددىيەت، ئارازلىق ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ قارىمۇقارشىلىقى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ تەدرىجىي «ئۈچكە بولۇنۇشى» نى پەيدا قىلىپ ھىندىستان، پاكىستان ۋە بېنگالدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى شەكىللەندۈردى.

ھىندىستان جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. 1979 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھىندىستان مەزكۇر رايون ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 72% نى، ئاھالىسىنىڭ 77% نى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 84% نى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 79%نى، تاشقى

سودىنىڭ 64% ىنى ئىگىلەيدىكەن. ھىندىستان 1 مىليون 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ھىندىستان بىلەن جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم زىددىيەتلەر مەۋجۇت، ئالايلۇق، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى، ھىندىستان بىلەن بېنگال ئوتتۇرىسىدىكى گانگ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئورتاق ئىشلىتىش مەسىلىسى ۋە دېڭىز چېگراسىنى ئايرىش مەسىلىسى، ھىندىستان بىلەن نېپال ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر پارچە زېمىن تالاش - تارتىشى قاتارلىقلار. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، تاشقى سودا تاۋارلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغانلىقتىن، خەلقئارا بازاردىكى رىقابىتىمۇ ناھايىتى كەسكىن. ئالايلۇق، ھىندىستان، سىرى لانكا، بېنگال چاي مەھسۇلاتلىرىنى؛ ھىندىستان، بېنگال سېرىق كەندىر ۋە كەندىر مەھسۇلاتلىرىنى؛ ھىندىستان بىلەن پاكىستان پاختا ۋە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدۇ، بۇ دۆلەتلەر مەزكۇر مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سودىسىدا رىقابەتلىشىپ باھانى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھەرقايسى دۆلەتلەر چەت ئەللەرنىڭ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشتىن، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىزچىل سودا قورۇقچىلىقى سىياسىتىنى يولغا قويىدى. شۇڭا، بۇ رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى، ئاساسەن رايون سىرتىدىكى ئەللەر بىلەن ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇردى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئىلگىرى جەنۇبىي ئاسىيانىڭ رايون ھەمكارلىقى تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، دۇنيادىكى بىردىنبىر رايون ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلمىغان رايون بولۇپ قالدى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن بۇيان جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈكسىز ياخشىلىنىپ رايون ھەمكارلىقى يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. دۆلەتلەر ئارا سودا ئالاقىسى كۈچەيدى ۋە خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشى كۆپەيدى، سانائەت، قاتناش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق كۈچەيدى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا ناھايىتى ئارقىدا، ھىندىستان، پاكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى نامرات دۆلەتلەردۇر. جەنۇبىي ئاسىيا رايونى دۇنيا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 2%نىنى، دۇنيا ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 12% نىنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20% نىنى باقىدۇ. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تېخى 500 دوللارغا يەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مىللىي ئىگىلىكنى تېز راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، نامرات، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى قىلغان بولۇپ، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى دەل رايون ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشتۇر.

«جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى» نىڭ تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ قوشنا رايون شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقى جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ رايون ھەمكارلىقى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ 1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېنگال پرېزىدېنتى زىيا رەھمان (1936 ـ 1981 ـ

يىللار) جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە كېڭەشكەندىن كېيىن، «بېنگالنىڭ رايون ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسى» نى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. تەشەببۇسنامىدە رايون ھەمكارلىقىنىڭ ئاقىلانىلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى چۈشەندۈرۈلۈپ، ھەمكارلىشىشقا بولىدىغان ساھەلەر ۋە رايون ھەمكارلىقى تەشكىلاتى ئاپپاراتى قۇرۇش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بېنگالنىڭ تەشەببۇسى جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. 1981 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال، سىرى لانكا، نېپال، مالدىۋې ۋە بۇتان قاتارلىق يەتتە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە كاتىپلىرى ( دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مىنىستىرىغا تەڭ ) كولومبودا رايون ھەمكارلىقى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلدى.

1981 ـيىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي ئاسىيادىكى يەتتە دۆلەت ئۇدا بەش قېتىم دىپلوماتىيە كاتىپلىرى يىغىنى چاقىرىپ، رايون ھەمكارلىقى پىرىنسىپى، دائىرىسى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى ھەمدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا ھۆججەت تەييارلىدى. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە يەتتە دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىشقا تەييارلىق قىلدى. جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇرۇش ھەرقايسى قاتناشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ قايتا ـ قايتا كېڭىشىش ۋە ئۆزئارا مۇرەسسەلىشىشىدەك بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۈرلۈك شارائىتلار ئاساسەن پىشىپ يېتىلدى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنى يەتتە دۆلەت داككادا تۇنجى قېتىم دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ

«جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى خارتىيەسى» نى بىردەك ماقۇللىدى، «داكا خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. خارتىيەدە ئىتتىپاقنىڭ خاراكتېرى غەيرىي سىياسىي خاراكتېرلىك گۇرۇھ، ئاساسىي مەقسىتى مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدىكى ئاكتىپ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە رايون ھەمكارلىقىنى ئىگىلىك ھوقۇق باراۋەرلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكى، سىياسىي مۇستەقىللىق، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇش؛ رايون ھەمكارلىقىنى ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك، بەلكى ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىش؛ رايون ھەمكارلىقى ئەزا دۆلەتلەر ئۈستىگە ئالغان ئىككى تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك مەجبۇرىيەتكە زىت كەلمەسلىك، ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرى بىردەك كېڭىشىش پرىنسىپى بويىچە قارار چىقىرىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ۋە تالاش ـ تارتىشتىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزمەسلىك، دەپ بەلگىلەندى. خارتىيەدە يەنە ئىتتىپاقنىڭ باشلىقلار يىغىنىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش، زۆرۈر بولغاندا خالىغان ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈش؛ ھەرقايسى دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن مىنىستىرلار كېڭىشى يىلدا كەم دېگەندە ئىككى قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈش؛ ھەرقايسى دۆلەت دىپلوماتىيە كاتىپلىرىدىن دائىمىي كومىتېت تەشكىللەش ھەمدە بىرقانچە تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇش بەلگىلەندى.

جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقىنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى سىياسىي بىلەن ئىقتىساد ئايرىۋېتىلگەن چېچىلاڭغۇ تەشكىلات، شەرقىي



www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىقتىساقى بىلەن سىلىشتۇرغاندا روشەن پەرققە ئىگە. لېكىن، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشتىن ھەمكارلىششقا قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مالدىۋىنىڭ پايتەختى مالېدا ئۆتكۈزۈلگەن جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى «مالې خىتابنامىسى» نى بىردەك ماقۇللاپ، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. خىتابنامىدە جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ نىشانى ئۆز رايونىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش، ھالبۇكى، بۇ نىشانغا ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارا چۈشىنىش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 6 ـ بۆلۈم 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى

**ئۆكتەبىردىكى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ۋە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان نېفىت كۈرىشى** 1967 ـ يىلىدىكى 5 ـ ئىيۇل ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە زىددىيىتى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. شۇ يىلى چاقىرىلغان ئەرەب ئەللىرى باشلىقلىرىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنى «سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىپ، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى يوقىتىش، ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ 5 ـ ئىيۇندىن كېيىن

ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش» نى قارار قىلدى. ھەمدە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيەگە قاراتقان «ئېتىراپ قىلماسلىق، ياراشماسلىق، سۆھبەتلەشمەسلىك» تەك بىرلىككە كەلگەن مەيدانىنى بېكىتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن ئوتتۇرا شەرقنى تالىشىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىسىر، سۇرىيە، ئىراق قاتارلىق ئالدىنقى سەپتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئامېرىكا بولسا يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە ياردەم بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى كېڭەيمىچىلىكى ۋە تەسىرىگە قارشى تۇردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەسكىن رىقابىتىدە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلەشتى. بىراق، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرا شەرقتە ئاشكارا قارشىلىشىشنى خالىمىدى، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرا شەرقتە «يا ئۇرۇش قىلماسلىق، يا ياراشماسلىق» تەك بىر خىل ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. ھەربىي جەھەتتە، ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا «بىردەم ئۇرۇشۇپ، بىردەم توختاش، بىردەم توختاپ، بىردەم ئۇرۇشۇش» تەك خورىتىش ئۇرۇشى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، ئۇلار ھەم بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى، ھەم سۆھبەت ئارقىلىق مەسىلىنى ھەققىي ھەل قىلمىدى. سىياسىي جەھەتتە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى لايىھە، پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىياسىي سودا بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەرەب ئەللىرى قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئىسرائىلىيە بولسا «چېگرا بىخەتەرلىكى» نى دەستەك قىلىپ، 5 ـ ئىيۇن ئۇرۇشىدا ئىشغال قىلغان يەرلەردىن چېكىنىشنى رەت قىلدى؛ پەلەستىنلىك ئەرەبلەر يۇرت ـ

ماكانىغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر بولسا، مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنىلا مۇزاكىرە قىلدى. بۇ خىل قاتمال ۋەزىيەت ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك جايلار ۋە نېفىت بايلىقىنى تالىشىش، قورال ـ ياراغلىرىنى بازارغا سېلىش ۋە يېڭى قوراللارنى سىناق قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئەرەب ئەللىرى بۇنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتتى.

«يا ئۇرۇش قىلماسلىق، يا ياراشماسلىق» تەك ۋەزىيەت مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. 1970 ـ يىلى ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىسىرغا سادات (1918 ــ 1981 ـ يىللار) پىرېزىدېنت بولدى. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، ھەربىي خىراجەت زىيادە يۇقىرى بولۇش، سوۋېش قانىلى توسۇلۇپ قېلىش، سىناي يېرىم ئارىلىدىكى نېفىتلىك ئىشغال قىلىنىشتەك قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى. ئۇ 1971 ـ يىلىنى مىسىر ئۈچۈن ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان رايونلارنى ئازاد قىلىدىغان، پەلەستىن خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان «ھەل قىلغۇچ بىر يىل» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ئۇ بىر يىل ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۆت قېتىم زىيارەتتە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھۇجۇم قىلغۇچى قوراللار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇددىتى 15 يىللىق دوستلۇق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. لېكىن، 1972 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا دۆلەت باشلىقلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ـ شەرقنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى مىسىرنى يېڭىچە قورال ـ ياراغلار بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلدى. سادات سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مىسىردىكى

ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىسىردىكى ھەربىي ئەسلىھەلىرى ۋە جابدۇقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1973 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مىسىر، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل باشلىقلىرى بىلەن قاھىرەدە يىغىن ئېچىپ، كەلگۈسى ئۇرۇشتىكى ئورتاق ئىستراتېگىيەنى مۇزاكىرە قىلدى. 5 ـ ئايدا مىسىر ئالجىرىيە پرېزىدېنتى بۇۋمېدىيەنى قاھىرەدە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 8 ـ ئايدا سادات سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە قاتاردا زىيارەتتە بولدى ھەمدە نېفىتنى قورال قىلىپ كۈرەش قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە كېڭەشتى. 9 ـ ئايدا مىسىر، سۈرىيە، ئىيوردانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قاھىرەگە يىغىلىپ ئىسرائىلىيەگە قارشى ئورتاق كۈرەش نىشانىنى بېكىتتى. مىسىر ئۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى ھەمدە سۈرىيە، ئىيوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن «چەكلىك ئۇرۇش» قىلىش ئارقىلىق «يا ئۇرۇش قىلماسلىق، يا ياراشماسلىق» تەك قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولدى.

5 ـ ئىيۇل ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان سىناي يېرىم ئارىلىدا توققۇز لوي ئەسكەر تۇرغۇزدى ھەمدە ئۈچ يىل ۋاقىت، 300 مىليون دوللار سەرپ قىلىپ سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا قانالغا يانداش ئۇزۇنلۇقى 170 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر مۇداپىئە سىستېمىسى قۇردى، بۇ مۇداپىئە سىستېمىسى ئەينى چاغدىكى باش ئىشتاب باشلىقىنىڭ نامى بىلەن «بارلېۋ مۇداپىئە سېپى» دەپ ئاتالدى. ئىسرائىلىيە بۇ مۇداپىئە سېپىنى «پولاتتەك مۇستەھكەم»، «ھالقىپ ئۆتكىلى بولماس» مۇداپىئە سېپى دەپ

جار سالدى. ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ كۈچىگە تەمەننا قويۇپ، مىسىر قوشۇنىنىڭ مۇستەھكەم بۇ مۇداپىئە سېپىدىن ھالقىپ ئۆتەلىشىگە ئىشەنمىدى.

مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر قوزغىغان ئۆكتەبىر ئۇرۇشى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ۋە ئالدىن قول سېلىش خاراكتېرىدىكى بىر مەيدان ئۇرۇش ئىدى. ئۇلار 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يەنى ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت كۈنى، يەھۇدىي دىنىدىكى گۇناھىنى يۇيۇش كۈنىنى ھۇجۇم كۈنى قىلىپ تاللىدى. يەھۇدىي دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، گۇناھىنى يۇيۇش كۈنى ئالدىنقى سەپتىكى ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە كىشى تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي، تاماكا چەكمەي ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى. مىسىر، سۇرىيە قوماندانلىق ئىشتابى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئومۇمىي سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مىسىرنىڭ 200 دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى قانال رايونىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، سىناي يېرىم ئارىلىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ زەربە بەردى، توپچىلار 2000 دانە توپ بىلەن ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ پوزىتسىيەسىنى بىرلا ۋاقىتتا توپقا تۇتتى. ئىسرائىلىيەنىڭ ئىگىلىگەن ئاخباراتى توغرا بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىماي، بىر قېتىملىق ھەربىي مانېۋىر ياكى قىسمەن ھۇجۇم دەپ قارىدى.

ئايروپىلان، توپلارنىڭ ھىمايىسىدە مىسىر ئارمىيەسى «بارلېۋ مۇداپىئە سېپى» نى بىراقلا بۆسۈپ ئۆتۈپ، سىناي يېرىم ئارىلىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1973 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ كەڭلىكى 15 — 20 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىسىنى تىزگىنلىدى. سۇرىيە ئۇرۇش سېپىدە بولسا سۇرىيە قوشۇنى ئىراق، ئىيوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىسرائىلىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم

قىلىپ، گولان ئېگىزلىكىدىكى قولدىن كەتكەن بىر قىسىم جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. پەلەستىن پارتىزانلىرى ئىسرائىلىيەنىڭ ئارقا سېپىگە كىرىپ ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ گازارما ۋە تەمىنات بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش، ئىسرائىلىيە قوشۇنىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئارقىلىق روبىرو ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەڭگە ماسلاشتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىسىر، سۈرىيە قوشۇنى ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپلا قالماي، دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ پايدىلىق ئورۇندا تۇردى. دۇنيادىكى 40 تىن ئارتۇق دۆلەت بايانات ئېلان قىلىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيەگە قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى، 19 دۆلەت ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. يەتتە ئەرەب دۆلىتى نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، بۇنىڭدىن سىرت مىسىر، سۈرىيەگە مالىيە جەھەتتىن جىددىي ياردەم بەردى. ئىسرائىلىيە بولسا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش باشلىنىپ 4 - كۈنى ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى گولدا مېير (1898 — 1978 - يىللار) ئامېرىكىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى.

مىسىر، سۈرىيە بىر مەيدان «چەكلىك ئۇرۇش» قىلىش ئارقىلىق مەلۇم ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ھۇجۇمنى توختىتىش، ئاندىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياكى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن پايدىلىق شارائىتتا ئۇرۇش توختىتىشنى پىلانلىغانىدى. بىراق، ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي، قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تايىنىپ، مىسىر ۋە سۈرىيە قوشۇنى ھۇجۇمنى توختاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر

مەيدان تانكا ئۇرۇشى قىلدى. 16 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى ئامېرىكىنىڭ جاسۇسلۇق سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق مىسىرنىڭ 1 ـ، 3 ـ ئارمىيە سېپىنىڭ تۇتۇشۇش جايىدا مۇداپىئەسى ئاجىز بىر يوچۇق بارلىقىنى بايقاپ، بىر بىرونېۋىك قىسمىنى مۇشۇ جاي ئارقىلىق قانالدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، غەربىي قىرغاقتىكى مىسىر قوشۇنىنىڭ ئارقا سېپىگە كىرىشكە ئۇرۇنلاشتۇردى. 24 ـ كۈنى سۈۋەيش شەھىرىنى قورشىۋېلىپ مىسىر 3 ـ ئارمىيەسىنىڭ تەمىنات لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، مىسىرنىڭ ئارقا سېپىگە تەھدىت پەيدا قىلدى. ئىسرائىلىيە يەنە سۇرىيەگە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ گولان ئېگىزلىكىنى قايتا ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، سۇرىيەنىڭ باشقا بىر قىسىم زېمىنىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى.

ئۆكتەبىردىكى ئۇرۇشتا نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى ئەرەب ئەللىرى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى پىلان بويىچە نېفىتنى قورال قىلىپ، باھانى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلاتنى كېمەيتىش، ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش، ئۆز دۆلىتىنىڭ پاي ھوقۇقىنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىر مەيدان داغدۇغىلىق نېفىت كۈرىشىنى قوزغاپ، مىسىر ۋە سۇرىيە قاتارلىق ئالدىنقى سەپتىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈرىشىگە ماسلاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستان، قاتار، ئىراق، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ئىران قاتارلىق دېڭىز قولتۇقى ئەللىرى خام نېفىتنىڭ بازار باھاسىنى 77% ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. ئەتىسى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى ئەرەب ئەللىرى يىغىنى يەنە ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 9 ـ ئايدىكى مەھسۇلات مىقدارى ئاساسىدا، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ھەر ئايدا 5% كېمەيتىش؛ نېفىت ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرنى ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن «دوستانە دۆلەتلەر»، «بىتەرەپ دۆلەتلەر» ۋە «دوستانە بولمىغان دۆلەتلەر»

دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىپ، نېفىت بىلەن تەمىنلەشتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسرائىلىيەنى قوللىغان ئامېرىكا بىلەن گوللاندىيەگە ئومۇمىيۈزلۈك نېفىت ئېمبارگوسى يۈرگۈزدى.

نېفىت كرىزىسى دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى، بولۇپمۇ ئىزچىل ئىسرائىلىيەنى قوللاپ كەلگەن ئامېرىكا ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولدى. نېفىت ئېمبارگوسى تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىنىڭ نېفىت ئىمپورتى ئازىيىپ نېفىت كرىزىسى يۈز بەردى، نۇرغۇن زاۋۇتلار ئىش توختىتىشقا، ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى ئامالسىز نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىشقا مەجبۇر بولدى، ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدا ئۆچرەتتە تۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. نېفىت باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، ئامېرىكا دوللىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى مەملىكەت بويىچە «جىددىي ھالەت» ئېلان قىلدى. ئامېرىكا پارلامېنتىمۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ھەققىدە پرېزىدېنتقا ئىجازەت بەردى.

نېفىت كرىزىسى غەرب دۇنياسىدا ئېغىر ئىقتىسادىي تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، يەنە غەربىي ياۋروپا، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنى سىياسىي جەھەتتىنمۇ پارچىلىدى. ئۆكتەبىردىكى ئۇرۇشتا ئەنگلىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيەنى قوللاش سىياسىتىگە قارىتا، ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيەسىنى قوللاندى، ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيەگە قورال ـ ياراغ يەتكۈزىدىغان ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىدىن ئۆتۈشى، ترانسپورت ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشىنى رەت قىلدى. غەربىي ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ياپونىيە يەنە 11 ـ ئايدا ئارقا ـ ئارقىدىن بايانات ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنىدىن چېكىنىشىنى مۇراجىئەت قىلىپ،

ئامېرىكىغا ئوخشىمايدىغان قارىشىنى ئىپادىلىدى. ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە يېتىم قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىن «دەرھال ئۆز جايىدا ئۇرۇش توختىتىش» نى تەلەپ قىلىدىغان خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 388 ـ نومۇرلۇق قارارىنى ماقۇللىدى. شۇ كۈنى مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە قارارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 24 ـ كۈنى سۈرىيەمۇ ئۇرۇش توختىتىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئىككى تەرەپتە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولدى. بىراق، مىسىر ۋە سۈرىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ «يا ئۇرۇش قىلماسلىق، يا ياراشماسلىق» تەك قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى يېڭىلمەس دېگەن ئەپسانىگە خاتىمە بەردى، مىللىي روھنى ئۇرغۇتتى. ئەرەب ئەللىرى قوزغىغان نېفىت كۈرىشى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىجادىي ھەرىكەت، ئۇ 3 ـ دۇنيا خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مىللىي ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش كۈرىشىگە ئىلھام بەردى. نېفىت كۈرىشى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. 1973 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە پارس قولتۇقىدىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى ئالتە دۆلەتنىڭ نېفىت كىرىمى 879 مىليارد 100 مىليون دوللارغا يەتتى.

ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشتا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرى ئاشكارىلاندى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئەھۋالى تۈپەيلى

ئۆرۈشتىن كېيىن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، «گۇنامىنى يۇيۇش كۈنى ئۇرۇشى» «بىر مەيدان ئاپەت» دەپ قارالدى. 1974 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مېير ھۆكۈمىتى ئامالسىز ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشتى. 1977 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئىشچىلار پارتىيەسى مەغلۇپ بولۇپ، لىكۇد گۇرۇھى ① نىڭ داھىيسى بېگىن (1913 ـــ 1992 ـ يىللار) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. بېگىن ھۆكۈمىتى بۈيۈك ئىسرائىلىيە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى تېخىمۇ داۋالغۇپ تۇردى.

**ئۆكتەبىر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مىسىر ـ ئىسرائىلىيە سۈلھىسى** ئۆكتەبىر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پىرېزىدېنت سادات قورال كۈچى ۋاستىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرسا قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالالمايلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تەسىر يېتىدىغانلىقى ھەمدە كونسېرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىنىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ساداتنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپ پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇ ئامېرىكا بىلەن يېقىنلىشىپ ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە زىددىيىتىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش فاڭجېنىنى قوللاندى.

ئامېرىكا ئۆكتەبىر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا «ياراشتۇرغۇچىلىق» رولىنى ئوينىدى. كىسسىنگېر ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا

---

① لىكۇد گۇرۇھى ئىسرائىلىيە مەملىكەتلىك لىبېراللار ئىتتىپاقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ گۇرۇھ گاخار گۇرۇھى، ئەركىنلىك مەركىزى، دۆلەت پارتىيەسى، بۈيۈك ئىسرائىلىيە پارتىيەسى ۋە مۇستەقىللىق مەركىزى قاتارلىق يەھۇدىي قىساسچىلىقى پارتىيەلىرىنىڭ بىرلىشىشىدە 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان، بېگىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان.

موكىدەك قاتراپ يۈرۈپ «قاتراش دىپلوماتىيەسى» نى يولغا قويدى. 1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مىسىر بىلەن ئامېرىكا 5 ـ ئىيۇن ئۈزۈشىدا ئۈزۈلۈپ قالغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 6 ـ ئايدا نىكسون مىسىردا زىيارەتتە بولۇپ، سادات بىلەن «مىسىر ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ۋە ھەمكارلىقى كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. ئامېرىكىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن 1974 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ھەربىي ئۆچرىشىشتىن ساقلىنىشقا ئائىت ئىككى كېلىشىم ئىمزالىدى، ئىسرائىلىيە سىنايدىكى بىر قىسىم جايلاردىن چېكىندى، ئىشغال قىلىۋالغان نېفىتلىكنى قايتۇرۇپ بەردى. 1975 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سەككىز يىل تاقالغان سۇۋەيش قانىلىدا قايتا قاتناش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىسىر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىسىرغا بېرىدىغان ھەربىي ياردىمىنى توختاتتى، برېژنېفنىڭ 1975 ـ يىلى مىسىردا زىيارەتتە بولۇش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1976 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مىسىر پارلامېنتى «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ مىسىر دوستلۇق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى بىكار قىلىش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى.

1977ـ يىلى 11 ـ ئايدا سادات دادىل، تەشەببۇسكار ھەرىكەت قوللىنىپ يېرۇسالېمنى زىيارەت قىلىپ، ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى بېگىن بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلەشتى. 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كاتېنىڭ كېلىشتۈرۈشىدە سادات بىلەن بېگىن ئامېرىكىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «داۋىد لاگېرى كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. مەزكۇر كېلىشىم «ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى پىروگراممىسى» ۋە «مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش پىروگراممىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مىسىر ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ۋە پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل

www.uyghurkitap.com

قىلىشىنىڭ «تىنچلىق مۇساپىسى» بەلگىلەنگەنىدى. 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۆھبەت ئارقىلىق مىسىر، ئىسرائىلىيە، ئامېرىكا ئۈچ تەرەپ ۋاشىنگتوندا «مىسىر ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. 1980 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى سىناي يېرىم ئارىلىدىن تولۇق چېكىنىپ چىقتى. ئەمما، ئىسرائىلىيە ئاقابا قولتۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى تابا رايونىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ سۈلھىلىشىش مۇساپىسى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولغان بولسىمۇ، بىراق پەلەستىن مەسىلىسى سۆھبىتىدە ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئىسرائىلىيە 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مىسىر، ئىسرائىلىيە، ئامېرىكا ئۈچ تەرەپ سۆھبىتىدە پەلەستىن خەلقىنىڭ ئاپتونومىيەسى پەقەت ئاھالىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، زېمىنغا چېتىلمايدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە پارلامېنتى مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى يۇتۇۋالىدىغان نىگىزلىك قانۇن ماقۇللاپ، ئۇنى «مەڭگۈلۈك پايتەخت» قىلىپ بەلگىلىدى.

مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا سۈلھىلىشىشى بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرى بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش كېلىشىمىگە خىلاپ يۇقىرىقىدەك قىلمىشى سادات ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋە داۋىد لاگېرى كېلىشىمىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەرەب ئەللىرى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى : سۈرىيە، لىۋىيەدىن تەشكىللەنگەن «ئەرەب رەت

قىلىش فرونتى» ئۆز ئالدىغا سۆلھىلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى، قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىنغان نەرسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇڭا «رەت قىلغۇچىلار گۇرۇھى» دەپ ئاتالدى؛ سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر گەرچە ئۆز ئالدىغا سۆلھىلىشىشكە قوشۇلمىسىمۇ، ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق ئىسرائىلىيە بىلەن ئومۇميۈزلۈك، ئادىل سىياسىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارشى تۇرمىدى. 1981 - يىلى 8 - ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانى «سەككىز نۇقتىلىق تەكلىپ» لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، لايىھەدە ئىسرائىلىيە 1967 - يىلى مابەينىدە ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنلىرىدىن چېكىنىش، ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە غەززە رايونىدا قۇرغان ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىنى چېقىۋېتىش، يېرۇسالېمدىكى ئەرەبلەر رايونى پايتەخت قىلىنغان پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش، مەزكۇر رايوندىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىندى. بۇ لايىھە «مۆتىدىللەر» دەپ ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ قارىشىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەمدە كۆپ ساندىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا ماراكەشنىڭ فېس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەرەب ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنى ماقۇللىغان «فېس لايىھەسى» دەل سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ لايىھەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەنىدى.

مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىن ئەرەب ئەللىرى مىسىرنى كوللېكتىپ جازالىدى. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى مىسىرنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى، 17 ئەرەب دۆلىتى مىسىر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى، ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى باش ئىشتابىنىمۇ قاھىرەدىن تۇنىسقا يۆتكىدى. مىسىردىكى چەكتىن ئاشقان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ساداتنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

سۈيىقەستىنى پىلانلىدى. 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىسىر ئۆكتەبىر ئۇرۇشىنىڭ سەككىز يىللىقىنى خاتىرىلەپ ھەربىي پارات ئۆتكۈزگەندە، پىرېزىدېنت سادات ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ساداتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتنىڭ ئىنكاسىدۇر.

**لىۋاندىكى مالىمانچىلىق ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىشى**

70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە سۈلھىلەشكەندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە بارلىق دىققىتىنى شىمالغا قاراتتى. لىۋان ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىكى يېڭى «قىزىق نۇقتا» غا ھەمدە ئوتتۇرا شەرقتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى.

ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب ئەللىرى ئىچىدە، لىۋان خىرىستىيان ۋە مۇسۇلمان ئاھالىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىردىنبىر دۆلەت. لىۋاندا خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك دىنى مارون مەزھىپى، گىرېتسىيە پراۋۇسلاۋىيە دىنى، گىرېتسىيە كاتولىك دىنى، ئەرمىنىيە پىراۋۇسلاۋىيە دىنى، ئەرمىنىيە كاتولىك دىنى ۋە پىروتېستانت قاتارلىق مەزھەپلىرى بار؛ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي، شىئە ۋە دىرۇزىيە مەزھەپلىرى مەۋجۇت. لىۋاندىكى دىنىي مەزھەپلەر بىر ياكى بىرقانچە جەمەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، بىر قىسىم پارتىيەلەر دىنىي مەزھەپ ۋە جەمەتنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان. بۇ خىل پارتىيە، دىنىي مەزھەپ، جەمەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىشىشى بۈگۈنكى دۇنيادا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسە. لىۋاندىكى دىنىي مەزھەپ، جەمەت ۋە پارتىيەلەر ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش رايونى ھەمدە قوراللىق كۈچكە ئىگە. نوپۇسى 2 مىليون 600 مىڭدىن، يەر كۆلىمى ئاران 10 مىڭ 400 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كىچىككىنە بۇ دۆلەتتە 100 گە يېقىن پارتىيە، 40 تىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ بار.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىلا لىۋاندا

دىنىي مەزھەپ تەۋەلىكىنى ئاساس قىلغان سىياسىي تۈزۈلمە شەكىللەنگەندى. ئىلگىرى ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھەپىدىكىلەر چوڭ ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ كەلگەن. فىرانسىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان مەزگىل (1920 — 1940 ـ يىللار)دە خىرىستىيان دىنىي مارون مەزھىپى كۈچەيگەن. 1943 ـ يىلى لىۋان مۇستەقىل بولغاندا مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 53% ىنى خىرىستىيانلار، 47% ىنى مۇسۇلمانلار ئىگىلىگەن بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا دۆلەت ھوقۇقىنى تەقسىملەش كېلىشىمى ئىمزالىغان، كېلىشىم بويىچە پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى خىرىستىيان دىنىي مارون مەزھىپىدىن بولغان كىشى، باش مىنىستىرلىقنى ئىسلام دىنىي سۈننىي مەزھىپىدىن بولغان كىشى، پارلامېنت باشلىقلىقىنى شىئە مەزھىپىدىن بولغان كىشى ئۈستىگە ئالاتتى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلىرىنىڭ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسى مەزھەپلەرگە نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىناتتى. ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىقىنى مارون مەزھىپىدىن بولغان كىشى، باش ئىشتاب باشلىقلىقىنى دىرۇزىيە مەزھىپىدىن بولغان كىشى ئۈستىگە ئالاتتى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى خىرىستىيانلارنىڭ نوپۇسىدىن ئېشىپ كېتىپ، مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 60% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ دۆلەت ھوقۇقىنى قايتىدىن تەقسىملەش ساداسى كۈنسېرى كۈچىيىپ باردى.

سىياسىي ھوقۇقنى تەقسىملەش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا لىۋاندىكى ئىككى چوڭ دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ۋە ھەرقايسى پارتىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كۈنسېرى كەسكىنلەشتى ھەمدە بىرلەشمە فىرونت شەكىللەندى. 1976 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىرىستىيانلارنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق پارتىيەلىرى «لىۋان فىرونتى» نى تەشكىللىدى، ئىسلام مەزھەپلەر بولسا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مەملىكەتلىك ھەرىكەت» (كېيىن «لىۋان مىللىي

دېموكراتىك فىرونتى» غا ئۆزگەرتىلگەن) ۋە «ئامال ھەرىكىتى» (يەنى «ئۈمىد ھەرىكىتى») نى تەشكىللىدى. لىۋاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ ئۈچ چوڭ كۈچ ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپكە تەۋە بولۇپ، سىياسىي تەشەببۇسلىرىمۇ پەرقلىنەتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت توقۇنۇشى مەۋجۇت ئىدى، دەل مۇشۇ سەۋەبلەر لىۋان ۋەزىيىتىدە مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى.

بىرقانچە قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى، بولۇپمۇ 1970 ـ يىلىدىن كېيىن پەلەستىن مۇساپىرلىرى ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي خادىملىرى لىۋانغا كىردى. ھەرقايسى دىنىي مەزھەپ ۋە پارتىيەلەرنىڭ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە ئىسرائىلىيەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى پەرقلىق بولغانلىقتىن بۇ ئىش لىۋاندىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. تەخمىنەن 600 مىڭ پەلەستىنلىك مۇساپىر لىۋانغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونى ۋە لىۋاننىڭ جەنۇبىدا مۇساپىرلار لاگېرى ۋە ھەربىي بازا قۇردى، لىۋاندىكى مۇسۇلمانلار بۇنى قارشى ئالدى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى لىۋاندىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى ــ «مەملىكەتلىك ھەرىكەت» ئوتتۇرىغا قويغان لىۋاننىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش تەلىپىنى قوللىدى ھەمدە لىۋاننىڭ جەنۇبىنى بازا قىلىپ ئىسرائىلىيەگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. خىرىستىيانلارنىڭ تەشكىلاتى ــ «لىۋان فىرونتى» بولسا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ قوراللىق كۈچىنىڭ لىۋاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا ئىسرائىلىيە بىلەن بىرلىشىپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قوراللىق كۈچلىرىگە ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىشتىنمۇ يانمىدى. نەتىجىدە خىرىستىيان دىنىي مارون مەزھىپى بىلەن ئىسرائىلىيە بىر تەرەپ، مۇسۇلمانلار بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىر تەرەپ

بولۇپ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. لىۋاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بىلەن ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى بىرلىشىپ كەتتى.

1975 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىۋاندا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ 19 ئاي داۋاملاشتى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىسرائىلىيە «جەنۇبىي لىۋان ئارمىيەسى» نى يۆلەپ، خىرىستىيان ئوڭ قانات خەلق ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى پارتىزانلىرىغا زەربە بەردى. 1976 ـ يىلى سۇرىيە قوشۇنى «ئەرەب تىنچلىقنى ساقلاش قىسمى » نامى بىلەن لىۋانغا كىرىپ لىۋاننىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى. كېيىن لىۋاننىڭ شىمالىدىكى بىقا جىلغىسىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى قۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەت قوشۇن تۇرغۇزدى ھەمدە سۇرىيەنىڭ قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى قەتئىي تەلەپ قىلغان لىۋان خىرىستىيان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن لىۋاندىكى زىددىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى.

لىۋاندىكى مالىمانچىلىقمۇ ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىشنى ئەكس ئەتكۈزدى. ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى بۇرۇنلا لىۋانغا كىرگەن بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىرىستىيان دىنىي مارون مەزھىپىنى قوللىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا لىۋاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سول قانات كۈچلىرى ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى قوللىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى لىۋاندىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. پايتەخت بېيرۇتنىڭ شەرقىي رايونى بىلەن غەربىي رايونىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خىرىستىيان خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ھەم پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قوراللىق كۈچلىرى ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇپ، قوراللىق بۆلۈنمە ھالەت پەيدا قىلدى. ئىسرائىلىيە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى

پارتىزانلىرىغا زەربە بېرىشنى دەستەك قىلىپ، 1978 ـ يىلى لىۋانغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى پارتىزانلىرىنى يوقىتىش، سۈرىيە قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىش ھەمدە لىۋاندا ئىسرائىلىيەگە مايىل بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

1982 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئادەم ئەۋەتىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى قەستلەپ يارىلاندۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ، لىۋانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ ناھايىتى تېزلا لىۋاننىڭ 1/4 قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى، پەلەستىن پارتىزانلىرىنىڭ كۆپ قىسىم بازىلىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە سۈرىيە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، سۈرىيەنىڭ بىقا جىلغىسىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى ۋەيران قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابى تۇرۇشلۇق بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىنى قورشىۋالدى. بۇ ئۇرۇش يەنە «5 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

1982 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لىۋان ھۆكۈمىتى رىگاننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ھابىب ئوتتۇرىغا قويغان «بېيرۇت مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لايىھەسى» نى ماقۇللىدى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بۇ لايىھەنى نائىلاج قوبۇل قىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە 12 مىڭ جەڭچىسىنى 15 تۈركۈمگە بۆلۈپ بېيرۇتتىن چېكىندۇرۈپ ئىيوردانىيە، ئىراق قاتارلىق سەككىز ئەرەب دۆلىتىگە تارقاقلاشتۇردى. سۈرىيە قوشۇنىمۇ بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىدىن چېكىندى. قوشۇن چېكىندۈرۈشنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل كۆپ دۆلەت قىسمى (ئامېرىكا، ئىتالىيە، فىرانسىيە

ئارمىيەسىدىن تەشكىللەنگەن) 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېيىنى ـ كېيىندىن لىۋاندىن چېكىنگەن بولسىمۇ، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى چېكىنمىدى ھەمدە 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىنى ئىشغال قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى بىلەن خىرىستىيان خەلق ئەسكەرلىرى ماسلىشىپ، ئىككى پەلەستىن مۇساپىرلىرى لاگېرىدىكى 2000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان پاجىئەنى پەيدا قىلدى. بېيرۇتتىكى چوڭ قىرغىنچىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، ئىسرائىلىيە قوشۇنى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق ھەربىي جەھەتتە غەلىبىگە ئېرىشكەن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قوراللىق كۈچلىرىنى ئاجىزلاتقان بولسىمۇ، بىراق ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئىسرائىلىيەدىن 20 مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، 5 مىليارد دوللار ئۇرۇش خىراجىتى سەرپ قىلىندى. لىۋاننىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلىش ئىسرائىلىيە ئۈچۈن زور ئىقتىسادىي يۈك بولدى. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى سەۋەبىدىن دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى، تىنچلىق ھەرىكىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە لىكۇد گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لىكۇد گۇرۇھى بىلەن ئىشچىلار پارتىيەسى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە ئىچكى كابىنېتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ لىۋاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈش پىلانىنى ماقۇللىدى. 6 ـ ئايدا ئىسرائىلىيەنىڭ كۆپ قىسىم قوشۇنى ئۆز چېگراسىغا چېكىندى، ئەمما يەنىلا لىۋاننىڭ جەنۇبىدا 850 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان «بىخەتەر رايون» نى ساقلاپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

## 7 ـ بۆلۈم ئىراندىكى ئىسلاھات ۋە ئىسلام ئىنقىلابى، ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى

پەھلىۋىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئىران پادىشاھى پەھلىۋى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدا نېفىتنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان مۇھەممەد مۇسەددەق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. پەھلىۋى پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پارلامېنتنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى، باش ۋەزىر ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ ۋەزىرىنى بىۋاسىتە تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات تەشكىلاتى ( ساۋاك ) ۋە خان جەمەتى ئاخبارات تەشكىلاتىنى قۇرۇپ دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچەيتتى. سىرتقا قارىتا ئۇ «بىر تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ ئاشكارا ھالدا غەرب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. باندۇڭ يىغىنىدا بىتەرەپ تۇرۇشنى رەت قىلىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا قارشى تۇردى. 1955 ـ يىلى باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا رەسمىي قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1957 ـ يىلى ئېيزىنخاۋېرىزمنى ئاشكارا قوبۇل قىلدى. 1959 ـ يىلى يەنە ئامېرىكا بىلەن ھەربىي كېلىشىم ئىمزالاپ، ھەربىي ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئەمما، نېفىتنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىراننىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتى ئىزچىل مۇقىم بولماي كەلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولدى، ئىجتىمائىي زىددىيەت كەسكىنلەشتى، بولۇپمۇ يېزىلاردا سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق كۈنسېرى كۈچەيدى. 50 ـ يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئىجارىگە قارشى كۆرىشى ئۆزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى. 1960 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ كۆرىشى مازاندىران، ئەزەربەيجان، گىلان قاتارلىق ئۆلكىلەرگە يامرىدى.

پەھلىۋى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلغان قىزىل رەڭلىك ئىنقىلابنى بېسىش ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدە «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» («پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلابى» مۇ دېيىلىدۇ) ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ مەيدان ئىنقىلاب 1963 ـ يىلىنىڭ بېشىدا رەسمىي باشلاندى. ئۇنىڭدا يەر ئىسلاھاتىنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئىمپورت سەپلىمىسى» سانائەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش مەركەز قىلىندى.

1963ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پەھلىۋى «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» پىلانىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويدى ۋە ئارقىدىنلا بۇ پىلاننىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ تۆۋەندىكىلەرنى شەكىللەندۈردى : بىرىنچى، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش؛ ئىككىنچى، ئورمان، چارۋىچىلىق مەيدانى، سۇ كۈچى بايلىقىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش؛ ئۈچىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پاي چېكىنى سېتىش، ئىشچىلارنى زاۋۇتنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلىش؛ تۆتىنچى، سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئومۇمىي سايلامنى يولغا قويۇش، ئاياللارغا سايلاش ھوقۇقى بېرىش؛ بەشىنچى، مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يېزىلاردا «زىيالىيلار قوشۇنى» قۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەكتەپ يۈتكۈزگەندىن كېيىن دۆلەت ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت خالىس خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەقسىز ئوقۇتۇش؛ ئالتىنچى، مەمۇرىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئورگانلاردىكى بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ، مەمۇرىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش؛ يەتتىنچى، شەھەر ـ يېزا

www.uyghurkitap.com

يېرىلىك پىلانىنى تۈزۈپ، شەھەر ـ يېزىلاردا ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى يولغا قويۇش؛ سەككىزىنچى، يېزا داۋالاش ئەترىتى («ساقلىقنى ساقلاش قوشۇنى»)، تېخنىكا كېڭەيتىش ئەترىتى («ئۆزلەشتۈرۈش قوشۇنى») قۇرۇش، يېزىلاردا سوت كوللېگىيەسى («ئادالەت ئائىلىسى») تەسىس قىلىش ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش قاتارلىقلار.

يەر ئىسلاھاتى 1962 ـ يىلىدىن باشلاپ باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي مەزمۇنى پومېشچىك، مەسچىتلەرنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى سېتىۋېلىش، خان جەمەتىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى پۇلنى بىر قېتىمدىلا تۆلەش ياكى قەرەللىك بۆلۈپ تۆلەش ئۇسۇلى بىلەن يېرى يوق، يېرى ئاز دېھقانلارغا سېتىپ بېرىش ئىدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق 46 مىڭ ئائىلىلىك باشقا يۇرتتا تۇرۇشلۇق چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يېرى 50% تىن 20% كە چۈشتى، خان جەمەتى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنىڭ 10% ى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى، ئىلگىرى دىنىي ساھەدىكىلەر باشقۇرۇپ كەلگەن ۋەخپە يەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. 1971 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقان تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولدى، ناۋادا ھەربىر ئائىلىدە بەش جان بار دەپ ھېسابلىغاندا، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق 9 مىليون 600 مىڭ دېھقان مەنپەئەتكە ئېرىشتى ھەمدە ئىراننىڭ يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1963 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئىران پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى 3 ـ، 4 ـ بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى يولغا قويۇپ، نېفىت ئېكسپورت قىلىپ ئىگە بولغان مەبلەغكە تايىنىپ ئېكسپورت سەپلىمىسى سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرقەدەر زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ يىل ئىچىدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ

يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 11.5% كە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىر ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، 1962 ــ 1963 ـ يىلىدىكى 159 دوللاردىن 1971 ــ 1972 ـ يىلىدىكى 304 دوللارغا يەتتى. نېفىت سانائىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن سىرت، توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك، سېمونتچىلىق، ئاياغچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئەنئەنىۋى سانائەت ۋە مېتاللورگىيە، نېفىت ـ خىمىيە، ماشىنىسازلىق قاتارلىق يېڭى گۈللەنگەن سانائەتلەرمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دۇنيادا ئېنېرگىيە كىرىزىسى پارتلىدى. 1973 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى ئەرەب ئەللىرى نېفىتنى قورال قىلىپ نېفىت كۈرىشى قوزغىدى. پايدىلىق خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئىران ھۆكۈمىتى نېفىت بايلىقى ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئابادان نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. نېفىت باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلىگەنلىكتىن ئىراننىڭ نېفىت كىرىمى تېز ئاشتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1972 ــ 1973 ـ يىلى ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كىرىمى 2 مىليارد 800 مىليون دوللار بولۇپ، 1974 ــ 1975 ـ يىلى 17 مىليارد 800 مىڭ دوللارغا يەتكەن. ئىران غايەت زور سوممىدىكى نېفىت كىرىمىگە تايىنىپ، قەرزدار دۆلەتتىن ھەقدار دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا ئىراننىڭ يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 200 مىليون توننىغا يېتىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا 1 ـ ئورۇندا، دۇنيادا 4 ـ ئورۇندا تۇردى ھەمدە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى باي دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتى.

ۋاھالەنكى، ئۈزلۈكسىز كىرىپ تۇرغان نېفىت دوللىرى پادىشاھ پەھلىۋىنىڭ كاللىسىنى قىزىتىۋەتتى، ئۇ ئىقتىسادىي

تەرەققىيات پىلانىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ سىياسىتىنى كەڭ كۆلەمدە كۆپەيتتى، سانائەت قۇرۇلۇشى سۈرئىتىنى زورمۇزور تېزلەتتى ھەمدە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئىرانىنى سانائىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان سانائەت دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، «دۇنيادىكى قۇدرەتلىك 5 ـ چوڭ دۆلەت» كە ئايلاندۇرۇشنى جاكارلىدى.

پەھلىۋىنىڭ «ئاق رەڭلىك ئىنقىلابى» ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىدى، يەر ئىسلاھاتى بېشى بار، ئايىغى يوق ئىش بولۇپ قالدى، نۇرغۇن پومېشچىكلار ئىسلاھاتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سۈيى ئەلۋەك ياخشى يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرىۋەردى. يەرلەرنى ياخشى، ئوتتۇرا ھال، ناچار، ئاقتارما يەر دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىپ، چەك تارتىش ئۇسۇلى بىلەن بۆلۈپ بەردى، بۇنداق قىلىش گەرچە ئادىل بولسىمۇ، لېكىن تېرىلغۇ يەرلەر تېخىمۇ تارقاقلىشىپ كەتتى، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان كۆپ قىسىم دېھقانلار تەقسىم قىلىنغان يەرگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىيالمىدى، ئۇلار قەرز پۇل ئالالمىغانلىقتىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئېلىشقا مەجبۇر بولدى ياكى دېھقانچىلىق قىلالماي قەرزگە بوغۇلۇپ، شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ دېھقانچىلىققا سەل قارالغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كېمىيىپ كېتىپ چەت ئەلدىن زور مىقداردا ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا توغرا كەلدى، بۇ ھال ئېغىر پۇل پاخاللىقىنى پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەت مال باھاسىنى تىزگىنلەش ۋە ھەددىدىن ئارتۇق پايدا ئېلىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تىغ ئۇچىنى شەھەرلەردىكى سودىگەر، دۇكاندارلارغا قاراتتى. پادشاھ، خان جەمەتى باشچىلىقىدىكى 2000 ئائىلىلىك چوڭ بايلار مال ـ دۇنيا شىلىۋېلىش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، خىيانەتچىلىك قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇلنى ساماندەك سورۇدى، بۇ ھال كەڭ ئاممىنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. پەھلىۋى ساقچى، ئارمىيە ۋە مەخپىي

ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى «ساۋاك» قا تايىنىپ مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. 1975 ـ يىلى بارلىق پارتىيەلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى يولغا قويدى، هۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنى باستۇردى ۋە چەتكە قاقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى كۆنسېرى يېتىم قالدى.

ئىران ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، شىئە مەزهىپىدىكىلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. 1978 ـ يىلى شىئە مەزهىپىنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك دىنىي خادىم 85 مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي خادىم هېسابلىنىدىغان ئايەتۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە غايەت زور نوپۇزغا ئىگە. پەهلىۋىنىڭ يەر ئىسلاهاتى يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەگدى، ئۇ يولغا قويغان دىنىي زاتلارنىڭ تەسىرى ۋە ئورنىنى ئاجىزلىتىش، پادىشاھ هوقۇقىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى (دىنىي خادىملارغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىر قىسىم دىنىي سورۇنلارنى تاقاش، ئىران كالېندارىنى هىجرىيە كالېندارىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، دىندىن خالىيلاشتۇرۇش قاتارلىقلار) دىنىي خادىملارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى هەمدە 1979 ـ يىلىدىكى پادىشاهقا قارشى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

**هۇمەينىنىڭ هاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى ۋە ئىران ئىسلام جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1979 ـ يىلى ئىراندا شىئە مەزهىپىدىكى دىنىي داهىي هۇمەينىنىڭ رەهبەرلىكىدە ئىسلام ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلدى. روهوللاھ مۇساۋى هۇمەينى ( 1902 — 1989 ـ يىللار ) ئىراندىكى داڭلىق دىنىي ئالىم. 60 ـ يىللاردىكى ئىراندىكى ئالتە چوڭ ئايەتۇللاهنىڭ بىرى. 1964 ـ يىلى هۇمەينى «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» قا ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، پادىشاهلىق هۆكۈمەتكە قارشى هەرىكەت قوزغىغانلىقتىن

ئىراندىن قوغلاپ چىقىرىلغان، ئۇ باشتا تۈركىيەدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، كېيىن ئىراققا بارغان. سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا دۆلەت ئىچىدىكىلەر بىلەن ئىزچىل ئالاقە قىلىپ تۇرغان ھەمدە ئۆكتىچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەڭ زور تەسىر كۈچكە ئىگە داھىيغا ئايلانغان. ئۇ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» دېگەن كىتابچىنى يېزىپ، ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىسلام دىنى بىلەن سىياسىينىڭ ئايرىلمايدىغانلىقىنى شەرھلەپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش ئىسلام دىنىنى يوقىتىش بىلەن باراۋەر، دىندىن خالىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق ھاكىمىيەت ئەمەس دەپ قارىدى. خۇمەينى ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەھلىل قىلدى ھەمدە كەلگۈسىدىكى ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغۇچىنىڭ (تەشكىللىي)كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. خۇمەينى ئالدى بىلەن تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەر قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى تەشكىللىك ئىسلام ھەرىكىتى شەكىللەندۈرۈشكە تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە تەشەببۇسلىرى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشتىكى مەنىۋى قورالىغا ئايلاندى.

1977 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خۇمەينى دۆلەت ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇسۇلمانلارنى پادىشاھقا قارشى «غازات» ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. 1978 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىراندا پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت پارتلىدى. 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە مەدرىسەلەرنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي مۇقەددەس شەھەر قۇمدا پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ نامايىش قىلغاندا باستۇرۇشقا ئۇچراپ 70 ئادەم ئۆلۈش، 400 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلىنىشتەك پاجىئە يۈز بەردى. قۇمدىكى قىرغىنچىلىق 1978 — 1979 ـ



www.uyghurkitap.com

يىلىدىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنى بولدى. 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نارازىلىق ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتكە يامرىدى. 9 ـ ئايدا ئۇدا بىرقانچە ھەپتە داۋاملاشقان ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى پارتلاپ، پۈتۈن مەملىكەت پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ــ 11 ـ كۈنلىرى پايتەختتېھراندا يېزىلاردىن كەلگەن قوللىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليون كىشىلىك كەڭ كۆلەملىك نامايىش يۈز بەردى. نامايىشنى تەشكىللىگۈچىلەر 17 تۈقتىلىق بايانات ئېلان قىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش، خۇمەينىنى ئەڭ ئالىي رەھبەر دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دىننى قوغداش، سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا يول قويۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئارمىيەنىڭ باستۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىش تاشلاش پارتلىدى، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. پادىشاھ 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى نائىلاج «مىللىي فىرونت» نىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان بەختىيارنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى، 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باش ۋەزىر بەختىيار باشچىلىقىدىكى نايىبلىق كومىتېتى تەشكىللەندى. بەختىيار گەرچە ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى پارلامېنت ۋە ساۋاكنى تارقىتىۋېتىش، ئارمىيە، ساقچىلارنى ھۆكۈمەت تىزگىنلەش، پادىشاھ دەرھال چەت ئەلگە ئىستىراھەتكە چىقىش، كەلگۈسىدە ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇش قارقىلىق پادىشاھنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما،بەختىيار پادىشاھ بىلەن ھەمكارلاشقانلىقتىن مىللىي فىرونتتىن چىقىرىۋېتىلدى.

ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئەمدى توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق

www.uyghurkitap.com

ئاساسى يىمىرىلىشكە يۈزلەندى، ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا تايىنىپ كېلىۋاتقان ئارمىيەدە تەۋرىنىش بولدى، بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئىنقىلاب لاگېرىغا ئۆتۈپ كەتتى، خان جەمەتى ئەزالىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئوفىتسېرلار مال ـ مۈلكىنى بەس ـ بەستە چەت ئەلگە يۆتكىدى. پەھلىۋىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. ھالقىلىق پەيتتە، ئامېرىكىنىڭ پادىشاھنى قوللاش پوزىتسىيەسى ئۆزگەردى. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىران ئارمىيەسىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، پىرېزىدېنت كات پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىراننىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھۆمەينىنىڭ ۋەكىلى بىلەنمۇ سۆھبەتلەشتى. ئامېرىكىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلەپ پەھلىۋىدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلدى.

1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىچكى ـ تاشقى بېسىم تۈپەيلىدىن، پەھلىۋى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ئىراندىن چىقىپ كەتتى. پادىشاھنىڭ دۆلەتتىن چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ئىران قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، كىشىلەر «پادىشاھ يوقالدى !»، «ساۋاك تۈگەشتى !» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھۆمەينى ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تېھرانغا قايتىپ كېلىپ «پادىشاھلىق تۈزۈم دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى»نى دەرھال جاكارلاپ، «ئىسلام ئىنقىلابىي كومىتېتى» تەشكىللەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە داڭلىق مىللەتچى بازارگاننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى.

1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھۆمەينى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتە ئىسلام

شەرىئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈردى، شەيخۇلئىسلام ئايەتۇللاھ ( «ئاللانىڭ بەلگىسى» دېگەن مەنىدە ) ئەڭ ئالىي داھىي دەپ قارىلىپ، پارلامېنت ۋە دۆلەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدىن ئۈستۈن تۇردى، ئۇنىڭ ئەمرى قانۇن ئىدى. ھۆمەينى ئالىي داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق چوڭ ھوقۇقلارنى ئىگىلىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئەسلىيەتچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» نى مىزان قىلىپ ئىچكى جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويدى، ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى؛ سىرتقا قارىتا «شەرقىمۇ، غەربكىمۇ ئۆتۈۋالماسلىق» پىرىنسىپى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پەخەس بولۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى ھەمدە ئىسلام ئىنقىلابىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش ھەققىدە جار سالدى.

1979 ـ يىلىدىكى ئىسلام ئىنقىلابى ۋە ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئالغا سىلجىتىش رولىنى ئوينىدى.

**ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ۋە دېڭىز قولتۇقى ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇشى**

1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىراق بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان ئۇرۇش 80 ـ يىللاردا ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىغا، بولۇپمۇ دېڭىز قولتۇقى ① رايونى ۋەزىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئىران ـ ئىراق زىددىيىتىگە ئۇزاق بولغان، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چېگرا، مىللەت، دىن ۋە دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى

① دېڭىز قولتۇقى پارس قولتۇقى بولۇپ، ئەرەبلەر ئەرەب قولتۇقى دەپ ئاتايدۇ.

هوقۇق ـ مەنپەئەت قاتارلىق مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت ئىدى. ئىلگىرى ئەرەب دەرياسىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زېمىن تالاش ـ تارتىشى سەۋەبلىك كۆپ قېتىم توقۇنۇش يۈز بەرگەنىدى. ئىككى دۆلەت چېگرا لىنىيەسى 1280 كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبتىكى 105 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكى ئەرەب دەرياسىنى چېگرا قىلغانىدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا مول نېفىت بايلىقى بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇھىم نېفىت بازىسى ۋە نېفىت پورتى جايلاشقانىدى. بۇ دەريا ئىراقنىڭ دېڭىز قولتۇقىغا تۇتىشىدىغان بىردىنبىر دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى ئىدى. تارىختا ئوسمان ئىمپېرىيەسى پېرسىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ ئىراننىڭ خوررامشا پورتىغا يېقىن جايدىن باشلاپ ئەرەب دەرياسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى چېگرا قىلىش، قالغان قىسمىدا دەريانىڭ شەرقىدىكى ئىرانغا يېقىن تېيىز لىنىيەنى چېگرا قىلىشنى بەلگىلىگەن، دەريانىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغانىدى. ئىراق 1921 ـ يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەزكۇر دەرياغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئىككى دۆلەت دەريا چېگرا لىنىيەسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1937 ـ يىلى ئىككى تەرەپ چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، دەريانىڭ ئابادان پورتىغا يېقىن جايىدىكى تۆت ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان بىر بۆلىكىدىمۇ ئاساسىي سۇ يولىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى چېگرا قىلىشنى بەلگىلىدى، نەتىجىدە ئىراننىڭ بىر قىسىم دەريا چېگراسى كېڭەيدى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىران 1937 ـ يىلىدىكى شەرتنامىنى بىكار قىلدى. 1971 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 1975 ـ يىلى ئالجىرىيە پىرېزىدېنتى بوۋمېدىننىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىمزالانغان ئىران ـ ئىراق «دۆلەت چېگراسى ھەققىدىكى ئىناق قوشنىدارچىلىق شەرتنامىسى» دا، دەريا چېگراسىنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئاساسىي سۇ

لىنىيەسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئايرىش بەلگىلەندى. ئىران ـ ئىراق چېگراسىدىكى كۇردلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيىتىنى قوللاشنى توختىتىشقا قوشۇلدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، بىراق ھەقىقىي تۈردە ھەل بولمىدى.

مىللەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىراقتىكى ئاساسلىق مىللەت ئەرەبلەر، ئىراندىكى ئاساسلىق مىللەت پارسلار بولسىمۇ، ئەمما ئىراندا 2 مىليوندىن ئارتۇق ئەرەب بولۇپ ئىراق بىلەن چېگرالىنىدىغان خۇزېستان ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقانىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بۇ رايون ئىراق ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ «ئەرەبىستان» دەپ ئاتالغانىدى. 1925 ـ يىلى ئىران ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىدا مەركىزى رايوننى ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ، ئىراق بۇ رايوندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنىدى.

مەزھەپ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىراننىڭ 95% ئاھالىسى شىئە مۇخلىسى ئىدى، ئىراقتا گەرچە شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ نوپۇسى دۆلەت نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەت سۈننىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. 1964 ـ يىلى ئىران شىئە مەزھەپىنىڭ داھىيسى ھۇمەينى ئىران پادىشاھى تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىراقتىكى شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس جايى نەجەفتە 14 يىل تۇرغانلىقتىن، ئىراقتىكى شىئە ئارىسىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

1979 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، پەھلىۋى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۇمەينى پارىژدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ھۇمەينى «ئىسلام ئىنقىلابى» نى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ ئىراقتىكى شىئەلەرنىڭ ئىراقتىكى

سۈننىيلەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى ئاشكارا قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشتى.

پارس قولتۇقى رايونىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىمۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم تالاش - تارتىش ئىدى. ئىران بىلەن ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا بۇ رايوندىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئاراللارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدىمۇ تالاش - تارتىش مەۋجۇت ئىدى. پارس قولتۇقى رايونىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان ھورموز بوغۇزىغا يېقىن جايدىكى چوڭ - كىچىك تەنب ئاراللىرى ۋە ئەبۇ مۇسا ئارىلىنى ئىلگىرى ئەنگلىيە ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ، 1971 - يىلى ئەنگلىيە پارس قولتۇقى رايونىدىن چېكىنگەندىن كېيىن ئىران بىلەن پارس قولتۇقى رايونىدىكى ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقى ئۈچ ئارالنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش يۈز بەردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىران قوشۇن چىقىرىپ بۇ ئۈچ ئارالنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەرەب ئەللىرى بۇنىڭغا قارشى تۇردى. ئىراق ئۈچ ئارالنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ پارس قولتۇقى رايونىنىڭ ئەرەبلىشىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قويماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە بۇ مەسىلىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەل بولمىدى.

1980 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىران بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. ئىراق 1975 - يىلى ئىمزالانغان چېگرا كېلىشىمىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا توقۇنۇشى بارا - بارا كۈچەيدى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىراق پرېزىدېنتى سادام ئىراقنىڭ ئەرەب دەرياسىغا نىسبەتەن تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. 22 - سېنتەبىر ئىراق 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن

بىلەن ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىراق ئارمىيەسى ئىران چېگراسىغا كىرىپ ئىراننىڭ 20 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرچە زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن ئىران ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قولدىن كەتكەن كۆپ قىسىم زېمىنىنى ۋە خوررامشا شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىراق ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە قوشۇنىنى ئۆز چېگراسىغا چېكىندۈردى. 7 ـ ئايدىن كېيىن ئىران كۆپ قېتىم ئىران ـ ئىراق چېگراسىدا ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە ئەرەب دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىراق چېگراسىغا كىرىپ ئىراقنىڭ مۇھىم پورت شەھىرى بەسرەگە قىستاپ كەلدى. ئۇرۇش ئىككى دۆلەت چېگراسىدا تەكرار ئېلىپ بېرىلدى. بىراق، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغانلىقتىن، بۇ ئۇرۇش بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلغان خورىتىش ئۇرۇشىغا ئايلاندى.

قورۇقلۇق ئۇرۇشىدىكى قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى دېڭىز بوغۇزى ۋە شەھەرلەرگە كېڭەيتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، نېفىت ئېكسپورت قىلىش لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «ماي پاراخوتى ئۇرۇشى» ۋە «شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى» باشلاندى.

ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گەرچە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاسىتە ھەربىي جەھەتتىن ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ دېڭىز قولتۇقى رايونىغا سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپكە دو تىكتى ھەمدە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىران ۋە ئىراققا قورال ـ ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىپ،

ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

دېڭىز قولتۇقىدىكى ئالتە ئەرەب دۆلىتى ئىران غەلىبە قىلغاندىن كېيىن شىئەلەر قوزغىغان «ئىسلام ئىنقىلابى» نىڭ كېڭىيىپ ئۆزلىرىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇنداقلا ئىراننىڭ ماي پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ دېڭىز قولتۇقىدىكى نېفىت يولىنى قامال قىلىشىدىن قورقاتتى. ئۇلار «دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ ئەرەب خاراكتېرىنى ساقلاش» ئۈچۈن ئىراققا ئاكتىپ ياردەم بەردى، ئەمما ئىراننىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىران بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىشنى خالىمىدى، شۇڭا ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى ئالتە ئەرەب دۆلىتىدىن باشقا مىسىر، ئىيوردانىيە، ماراكەش، تۇنىس قاتارلىق 10 نەچچە ئەرەب دۆلىتى ئىراقنى قوللىدى. لېكىن، سۇرىيە بىلەن لىۋىيە ئىراننى قوللىدى. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ئەرەب دۇنياسىنىڭ يېڭىدىن بۆلۈنۈشى ۋە قايتا تەشكىللىنىشىنى پەيدا قىلدى ھەمدە ئىسرائىلىيەگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيە تاماشا كۆردى ھەمدە ئىراننى ئاستىرتىن قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ لىۋان ۋە پەلەستىن مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى بۇرىدى.

ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى، ئىتتىپاقسىز دۆلەتلەر ھەرىكىتى، دېڭىز قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى، شۇنداقلا بىر قىسىم دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىنى مۇراجىئەت قىلىپ ياراشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1987 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 598 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئىككى دۆلەتتىن دەرھال ئۇرۇش توختىتىش، قوشۇنلىرىنى ئۆز دۆلىتى چېگراسى ئىچىگە

چېكىنىدۇرۇش، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىش ۋە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىككى تەرەپنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك، ئادىل، ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان ۋە ئۇزاققىچە كۈچتىن قالمايدىغان بىر تۇرلۇك ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلدى. ئىراق قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، قارار بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىشقا قوشۇلدى. گەرچە ئىران قارارنى رەت قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇرۇش توختىتىش بىلەن تاجاۋۇزچى دۆلەتنى ئەيىبلەشنى، قوشۇن چېكىندۇرۇش بىلەن ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشنى بىرلەشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە ئىران — ئىراق ئۇرۇشى توختىمىدى.

1988 – يىلى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئىرانغا پايدىسىز ئۆزگىرىش بولدى. 4 – ئايدا ئىراق قوشۇنى فاۋ يېرىم ئارىلىدا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ 1982 – يىلى 7 – ئايدىن كېيىن ئىران ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنلىرىنى ئاساسەن قايتۇرۇۋالدى. 1988 – يىلى يازدا ئىران – ئىراق ئۇرۇشىنى تىنچ ھەل قىلىش پۇرسىتى تۇغۇلدى. ھۆمەيىنى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئىراننىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 18 – كۈنى ئىران پىرېزىدېنتى ھامنىيى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دېكۇلىيارغا خەت يېزىپ ئىراننىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 598 – نومۇرلۇق قارارىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىراننىڭ بۇ قارارى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 8 – ئاينىڭ 28 – كۈنى ئىران – ئىراق ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش توختاتتى.

سەككىز يىل داۋاملاشقان ئىران – ئىراق ئۇرۇشىدا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، ئىككى تەرەپ نەچچە تىرىللىيون دوللار بەدەل تۆلىدى. ئۇرۇش دېڭىز قولتۇقى

رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، سودا پائالىيىتى ۋە خەلقئارا سۇ يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى. ئىران - ئىراق ئۇرۇشى ئەرەب دۇنياسى ۋە پۈتۈن دۇنيا ۋەزىيىتىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، ئۇرۇش ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ يېقىندىن بۆلۈنۈشى ۋە قايتا تەشكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى ھەمدە دېڭىز قولتۇقى رايونى ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇشىنى جىددىيلەشتۈردى.

ئىران - ئىراق ئۇرۇش توختاتقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپىنىڭ قوللىشىدا قوشۇن چېكىندۈرۈش، ئەسىرلەرنى قايتۇرۇش، چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى. 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىنلا سادام ئىراندىن قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئىران ئەسىرلىرىنى قويۇپ بەردى، شۇنداقلا 1975 - يىلى ئىمزالانغان ئالجىر كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىران - ئىراق ئۆزئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئون تۆتىنچى باب

# ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

## 1 ـ بۆلۈم ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە ۋە ئىرقچىلىققا قارشى كۈرىشى ھەم نامىبىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشى

پورتۇگالىيەگە قاراشلىق ئافرىقا مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە زىمبابۋې جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا ئادەتتە جەنۇبىي پاراللېل 5 ـ 30 گىرادۇس ئارىلىقىدىكى جايلارنى، يەنى مالاۋى، زامبىيەدىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقىغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن بۇ رايوندا مالاۋى، زامبىيە، زىمبابۋې، موزامبىك، ئانگولا، بوتسۋانا، سۋېزىلاند، لېسوتو، نامىبىيە ۋە جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەر بار. بۇ رايون مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئاخىرقى قورغىنى ۋە ئاق تەنلىك ئىرقچىلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان جاي بولۇپ، 70 ـ يىللارنىڭ مابەينىدىكى ئافرىقا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلاب بورىنىدا مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئىرقچىلىق يىمىرىلىپ بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.

ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

كونا مۇستەملىكىچى دۆلەت پورتۇگالىيە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە ۋەھشىيلەرچە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى ۋە ياۋۇزلارچە ھاشارغا سېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1951 ـ يىلى پورتۇگالىيە ئافرىقىدىكى موزامبىك، ئانگولا قاتارلىق مۇستەملىكىلىرىنى «چەت ئەللەردىكى ئۆلكە» قىلىپ ئۆزگەرتىپ پورتۇگالىيە زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىدى، بۇ مۇستەملىكىلەرگە ساقچىلارنى ئەۋەتىپ ھەربىي جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەرلىكلەر بىلەن «مەدەنىيلەر» باراۋەر ھوقۇقتا ئىگە دەپ جاكارلاپ، ھاشارنى بىكار قىلىپ يەرلىكلەرگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر يول قويدى. مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى پورتۇگالىيەلىكلەرنى ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا كۈچەپ رىغبەتلەندۇردى ھەمدە ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر ئارىسىدا غەيرىي رەسمىي ھەربىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. ئاق تەنلىك كۆچمەنلەرنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ كېلىشى بىلەن ئافرىقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش كۈچىيىپ، مىللىي زىددىيەت كەسكىنلەشتى.

50 ـ يىللاردا پورتۇگالىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكە دۆلەتلەردە مىللەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى ھەمدە مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئانگولا، گىۋىنېيە (بىسسائۇ)، موزامبىكتە ئارقا ـ ئارقىدىن خەلقنىڭ تەشكىللىك قوراللىق كۈرىشى پارتلىدى. 1961 ـ يىلىدىن باشلاپ پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەدرىجىي 160 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، 6 ـ 7 مىليارد دوللار سەرپ قىلىپ، بىر مەيدان قانلىق مۇستەملىكە ئۇرۇشى ئارقىلىق ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرەش ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇندى.

بىراق، پورتۇگالىيەگە قاراشلىق ئافرىقا مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقنىڭ كۈرەش ئوتى بارغانسېرى ئۇلغايدى. 1961 ـ يىلى

2 ـ ئايدا ئانگولادا ئالدى بىلەن مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى. ئانگولا خەلقىنىڭ كۈرەشگە 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى (قىسقارتىلىپ «خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى» دېيىلىدۇ)؛ 1957 ـ يىلى قۇرۇلغان ئانگولا خەلق ئىتتىپاقى، بۇ تەشكىلات 1962 ـ يىلى ئانگولا مىللىي ئازادلىق فىرونتى (قىسقارتىلىپ «ئازادلىق فىرونتى» دېيىلىدۇ) غا ئۆزگەرتىلدى؛ 1966 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى (قىسقارتىلىپ «ئانگولا ئىتتىپاقى» دېيىلىدۇ) رەھبەرلىك قىلدى. 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ ئۈچ تەشكىلاتنىڭ قوراللىق كۈچى راۋاجلىنىپ 15 مىڭ ئادەمگە يەتتى، پائالىيەت دائىرىسى ئانگولانىڭ شىمالى، شەرقى ۋە پايتەخت لۇئانداننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە يېتىپ باردى. 1963 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گىۋىنېيە (بىسسائۇ) دىكى ۋەتەنپەرۋەر-لەرمۇ پورتۇگالىيەگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. بۇ كۈرەشكە 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان گىۋىنېيە ۋە يېشىل تۇمشۇق ئافرىقا مۇستەقىللىقى پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى ئازلىقتىن كۆپىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ 70 ـ يىللارنىڭ بېشىغا بارغاندا 10 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بىر قوشۇنغا ئايلاندى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 2/3 قىسمى ۋە ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلدى. 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئازاد رايوندا مەملىكەتلىك خەلق پارلامېنتى چاقىرىلىپ، گىۋىنېيە بىسسائۇ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئارقىدىنلا 1964 ـ يىلى موزامبىك ئازادلىق فىرونتى (1962 ـ يىلى قۇرۇلغان) «قوراللىق قوزغىلاڭ خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1974 ـ يىلغا كەلگەندە موزامبىكتىكى ۋەتەنپەرۋەر قوراللىق كۈچلەرمۇ راۋاجلىنىپ 10 مىڭ كىشىدىن ئاشتى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى توققۇز ئىشتاتنىڭ ئالتىسىدە

پائالىيەت ئېلىپ باردى.

70 ـ يىللاردا پورتۇگالىيەگە قاراشلىق ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى كۈرەش پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. 1974 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پورتۇگالىيەدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرغان كائېتانو ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. يېڭى ھۆكۈمەت ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قىل ئۈستىدە قالغانلىقىدەك ئېغىر ۋەزىيەتكە قارىتا سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى مۇستەملىكىلەردىكى ئازادلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا گىۋىنېيە ۋە يېشىل تۇمشۇق ئافرىقا مۇستەقىللىقى پارتىيەسى پورتۇگالىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىمدە پورتۇگالىيەنىڭ 1974 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى قانۇنىي جەھەتتىن گىۋىنېيە بىسسائۇ جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە گىۋىنېيە بىسسائۇدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى بەلگىلەندى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا موزامبىك ئازادلىق فرونتى پورتۇگالىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. ياندۇرقى يىلى 6 ـ ئايدا موزامبىك رەسمىي مۇستەقىل بولۇپ، موزامبىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پورتۇگالىيە ئانگولادىكى ئۈچ ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ئانگولانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئانگولا مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى لۇئاندادا ئانگولا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ كۈنى ئانگولا مىللىي ئازادلىق فرونتى بىلەن ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى ئانگولا خەلق دېموكراتىك

جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى چېكىنىش بىلەن تەڭ ئانگولادىكى ئۈچ چوڭ ئازادلىق تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنۈش ئىچكى ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ دۆلەت مۇستەقىل بولۇش بىلەن بىللە، پورتۇگالىيەنىڭ ئافرىقا قىتئەسىدىكى باشقا مۇستەملىكىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. 1975 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سان تومې ۋە پىرىنسىپى مۇستەقىل بولدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا يېشىل تۇمشۇق مۇستەقىللىق جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ 15 ـ ئەسىردىن بۇيان 500 يىل داۋاملاشقان پورتۇگالىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە سىستېمىسى تامامەن يىمىرىلدى. پورتۇگالىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىق دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1975 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيەگە قاراشلىق كومورو تاقىم ئاراللىرى، 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق سېيشېل تاقىم ئاراللىرى مۇستەقىل بولدى، فىرانسىيەگە قاراشلىق سومالى يۇقىرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق 1977 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇستەقىللىق جاكارلىدى ھەمدە جىبۇتى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

زىمبابۋې ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، جەنۇبىي رودېسسىيە① دەپ ئاتالغانىدى. 1953 ـ يىلى ئەنگلىيە جەنۇبىي رودېسسىيە بىلەن شىمالىي رودېسسىيە (ھازىرقى زامبىيە) ۋە نىياسالاند (ھازىرقى مالاۋى) نى بىرلەشتۈرۈپ «ئوتتۇرا ئافرىقا فېدېراتسىيەسى» نى قۇردى. يەرلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن 1963 ـ يىلى مەزكۇر فېدېراتسىيە

---

① 1890 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى رودېسسىيەدە ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا شىركىتىنى قۇرۇپ زىمبابۋېنى ئىشغال قىلىۋالغان، 1895 ـ يىلى نامىنى جەنۇبىي رودېسسىيەگە ئۆزگەرتكەن. 1923 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈۋېلىپ «دومىنىئون» قىلغان ھەمدە باش ۋالىي ئەۋەتىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.

پارچىلاندى. 1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سىمىت باشچىلىقىدىكى ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ھاكىمىيىتى ئۆز ئالدىغا «مۇستەقىللىق» جاكارلىدى ھەم 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دۆلەت نامىنى «رودېسسىيە جۇمھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتتى. ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، زىمبابۋېدىكى كەڭ نىگىرلار ئاممىسىنى ئەزدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ زىمبابۋې خەلقى ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلدى. 1966 ـ يىلىدىن كېيىن زىمبابۋې ئافرىقىلىقلار مىللىي ئىتتىپاقى بىلەن زىمبابۋې ئافرىقىلىقلار خەلق ئىتتىپاقى ئارقا ـ ئارقىدىن قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1974 ـ يىلىدىن كېيىن سىمىت ھاكىمىيىتى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا باستۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە «زىمبابۋې ئافرىقىلىقلار مىللىي ئىتتىپاقى» ۋە «زىمبابۋې ئافرىقىلىقلار خەلق ئىتتىپاقى» بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1977 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سىمىت ھاكىمىيىتى بىلەن مۇزورېۋا باشچىلىقىدىكى «بىرلىككە كەلگەن ئافرىقىلىقلار مەملىكەتلىك كومىتېتى» نى ئاساس قىلغان مۆتىدىللەر گۇرۇھى كېلىشىم ئىمزالاپ «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» قۇرۇپ، ئاتالمىش «ئىچكى جەھەتتە ھەل قىلىش» نى كۆزلىدى. 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مۇزورېۋا «نېگىرلار كۆپ سانلىق»نى ئىگىلىگەن «ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى» لىقىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە دۆلەت نامىنى زىمبابۋې (رودېسسىيە) جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتتى. ئىچكى ـ تاشقى جامائەت پىكرى، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن بۇ ھۆكۈمەت خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.

«ئىچكى جەھەتتە ھەل قىلىش» پىلانى سوغا چىلاشقاندىن كېيىن 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ئەنگلىيەنىڭ

رىياسەتچىلىكىدە لوندوندا رودېزىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يىغىنى چاقىرىلدى، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېلىشىم ئىمزالاندى. 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېلىشىمگە ئاساسەن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدا روبېرت مۇگابى (1924 ـ يىلى تۇغۇلغان) باشچىلىقىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي ئىتتىپاقى غەلىبە قىلىپ، ئافرىقا نېگىرلىرى پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلاپ زىمبابۋې جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. زىمبابۋې خەلقى ئاخىر ئاق تەنلىك ئىرقچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئافرىقىلىقلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقچىلىققا قارشى كۈرىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

**جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى** ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان جەنۇبىي ئافرىقا (يەرلىكلەر «ئازانىيە» دەپ ئاتايدۇ) ھىندى ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شەرق بىلەن غەربنىڭ دېڭىز قاتنىشى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئۈمىد تۇمشۇقى ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قېزىلما بايلىقى ئىنتايىن مول. ھازىرغا قەدەر نېفىت ۋە ئاليۇمىن رۇدىسىدىن سىرت، سانائەتتە كېرەكلىك باشقا مىنېراللارنىڭ ھەممىسى بايقالدى، جۈملىدىن ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، سۈرمە، ئۇران، مانگان، خىروم، فىتور تاش قاتارلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى كاپىتالىزم دۇنياسىدا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە بانتۇ تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە بۇشمېنلار، خوتتېنتوتلار ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، 1652 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ كەيپ مۇستەملىكىسىنى قۇردى. 1806 ـ

يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيە تەدرىجىي گوللاندىيەنىڭ ئورنىنى ئالدى ھەمدە پۈتۈن جەنۇبىي ئافرىقىنى ئىشغال قىلدى. 1910 ـ يىلى ئەنگلىيە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەيپ، ناتال، ترانسۋال، ئورانژىي قاتارلىق تۆت ئىشتاتىنى بىرلەشتۈرۈپ «جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى» دومىنىئونىنى قۇردى. 1948 ـ يىلى گوللاندىيەلىكلەرنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن 1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ دۆلەت نامىنى «جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتتى.

جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نوپۇسى 33 مىليون 900 مىڭ (1986 ـ يىلى) بولۇپ، ئافرىقىلىقلار 25 مىليون 160 مىڭ، رەڭلىك ئىرقتىكىلەر (ئاسىيالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 3 مىليون 840 مىڭ، ئاق تەنلىكلەر 4 مىليون 900 مىڭدىن كۆپرەك ئىكەن. ئاق تەنلىكلەرنىڭ 57% ى گوللاندىيەلىكلەر پۇشتىدىن، 39% ى ئەنگلىيەلىكلەر پۇشتىدىن بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى «ئاق تەنلىكلەرنى ئەلا بىلىش» تەك سىياسەتنى يولغا قويدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسى «ئىرقىي ئايرىمچىلىق» نى پروگرامما قىلىپ «ئاق تەنلىكلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىسى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىچكى جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان ئىرقىي كەمسىتىش ۋە زۇلۇم سىياسىتىنى يولغا قويدى، سىرتقا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىدىكى تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ باردى، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، نەتىجىدە جەنۇبىي ئافرىقا بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئىرقچىلىقنىڭ جاھىل

قورغىنى بولۇپ قالدى.

1910 ـ يىلىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1948 ـ يىلىنىڭ مابەينىدە جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىرقچىلىقنى تۈزۈملەشتۈردى ۋە قانۇنلاشتۇردى، ئىرقىي كەمسىتىشكە ئائىت بىر قاتار پەرمان ① لارنى تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرقايسى جەھەتلەردىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلار ۋە باشقا ئىرقتىكىلەرنى ئېزىپ، مۇكەممەل ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى.

1948 ـ يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسى ھاكىمىيىتى «ئوخشىمىغان ئىرقتىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىنى چەكلەش قانۇنى» (1949 ـ يىلى)، «كوممۇنىزمنى باستۇرۇش قانۇنى»(1950 ـ يىلى)، «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنى» (1951 ـ يىلى)، «يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسى قانۇنى» (1952 ـ يىلى)، «بانتۇلار مائارىپ قانۇنى» (1953 ـ يىلى) «بانتۇلار ئاپتونومىيە قانۇنى» (1959 ـ يىلى)، «بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» (1962 ـ يىلى) قاتارلىق قانۇنلارنى ماقۇللىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە «يەرلىك ئىشچىلار توختام قانۇنى»، «كانچىلىق ۋە زاۋۇت، سانائەت قانۇنى»قاتارلىق قانۇنلارمۇ بار. «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنى» جەنۇبىي ئافرىقا ئاھالىسىنى ئاق تەنلىكلەر، باشقا ئىرقتىكىلەر ۋە يەرلىك ئاھالىدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈپ، رايونلار بويىچە ئايرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى، يەنى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان

① 1910 ـ يىلىدىن بۇيان جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىرقىي كەمسىتىشكە ئائىت بىر قاتار پەرمانلارنى جاكارلىغان. جۈملىدىن جەنۇبىي ئافرىقىدا 1910 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە 49 تۈرلۈك، 1948 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە 53 تۈرلۈك، 1960 ـ يىلىدىن كېيىن 100 نەچچە تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشكە ئائىت پەرمان ئېلان قىلىنغان.

ئافرىقىلىقلارنى تارقاق، ئۈنۈمسىز «ساقلاپ قېلىنغان يەرلەر» گە ھەيدىدى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 17% ىگىمۇ يەتمەيدىغان ئاق تەنلىكلەر 87% تىن ئارتۇق مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. «يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسى قانۇنى» دا 16 ياشتىن ئاشقان ئاق تەنلىك بولمىغانلار چوقۇم كىملىك، كۆچۈش گۇۋاھنامىسى قاتارلىق 60 خىلدىن ئارتۇق كىنىشكىنى ئېلىپ يۈرۈشى بەلگىلەندى. ساقچىلار خالىغانچە تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىدى، ئالايلۇق، كىنىشكىسى تولۇق بولمىغانلار قاماپ قويۇلاتتى ياكى جەرىمانە قويۇلاتتى.

ئالاھىدە مۇھىم قانۇن «بانتۇلار ئاپتونومىيە قانۇنى» ئىدى. بۇ قانۇندا ئافرىقىلىقلار تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن سەككىز قەبىلە ئاپتونومىيە بىرلىكىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «قانۇن تۈرغۈزۈش پارلامېنتى» ۋە «ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى» تەسىس قىلىنىپ «بانتۇستان» دەپ ئاتالدى، كېيىن «نېگىرلار يۇرتى» دەپ ئاتالدى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئاق تەنلىكلەر رايونىدىكى نېگىرلارنى تەدرىجىي ھالدا بۇ رايونلارغا ھەيدىۋېتىپ «ئىرقىي ئايرىمچىلىق» ۋە «ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىش» مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. 1976 ـ يىلىغا قەدەر 10 «نېگىرلار يۇرتى» قۇردى. بۇ «يۇرت» لار ئەمەلىيەتتە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، دەسلەپتە جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىدە «ئاپتونومىيە» نى يولغا قويۇپ، كېيىن «مۇستەقىل» بولاتتى. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ترانسكىي، بوفۇتاتسۋانا، ۋېندا ۋە سىسكېيدىن ئىبارەت تۆت «نېگىرلار دۆلىتى» نى پەيدا قىلدى. بىراق، بۇ «مۇستەقىل» دۆلەتلەر جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىكى قورالى ئىدى، خالاس.

جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقى



www.uyghurkitap.com

خېلى بۇرۇنلا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. 1912 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا مىللەتچىلىك تەشكىلاتى ــ جەنۇبىي ئافرىقا يەرلىكلەر مىللىي قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى، كېيىن نامى جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلدى. دەسلەپتە ئۇ قەبىلە باشلىقى، زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى تەبىقىدىكى ئافرىقىلىقلارنى يادرو قىلغان ھەرىكەت بولۇپ، ئافرىقىلىق يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش، پارلامېنت ۋە جامائەت ئورگانلىرىدا ئافرىقىلىقلارنىڭ ۋەكىلى بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى، كۈرەش ئۇسۇلى مۆتىدىل ئىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جەنۇبىي ئافرىقا سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىشى بىلەن نېگىر ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى زورايدى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى نېگىرلار زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 40 ـ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مىللىي ھەرىكىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى «مىللىي مۇستەقىللىق» تىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ كۈرەش پىروگراممىسى ۋە كۈرەش ئۇسۇلىدا يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. 1949 ـ يىلى مەركىزىي تەشكىلات ئۆزىنىڭ «ھەرىكەت پىروگراممىسى» دا تۇنجى قېتىم ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بايقۇت قىلىش، ئىش تاشلاش، بويسۇنماسلىق، ھەمكارلاشماسلىق، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر كۈن

ئىش تاشلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى تۇردى. 50 ـ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرەشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ يېڭى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا ئىشچىلىرى نامايىش قىلغاندا قاتتىق باستۇرۇلدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش يۈز بەردى، ھەرقايسى جايلاردىكى نەچچە 100 مىڭ كىشى نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشىغا قاتناشتى. كېيىن بۇ كۈن «جەنۇبىي ئافرىقا ئەركىنلىك كۈنى» قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە ھەر يىلى بۇ كۈنى ئىرقچىلىققا قارشى كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن ھىندىستانلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى بىرلىكتە ئادالەتسىز پەرمانلارنى مەنسىتمەسلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، كەڭ كۆلەمدە «بويسۇنماسلىق ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى، ئىرقچىلىققا ئائىت پەرمانلارنى بايقۇت قىلدى. 1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى قاتارلىق بەش تەشكىلات جەنۇبىي ئافرىقا خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ «ئەركىنلىك خارتىيەسى» نى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا «جەنۇبىي ئافرىقا مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئولتۇرۇشلۇق بارلىق خەلققە مەنسۇپ، بارلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتكۈزمەيدىغان ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشىغا بولمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنداقلا دۆلەتنى خەلقنىڭ باشقۇرۇشى، ھەممە مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى، بارلىق جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ باراۋەر پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى، ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشى تەلەپ قىلىندى.

60 ـ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مىللىي ئازادلىق

ھەرىكىتى ۋە ئىرقچىلىققا قارشى كۈرىشىدە يېڭى بۇرۇلۇش بولدى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا زوراۋانلىق كۈرىشىگە ئايلاندى. 1960 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نەچچە ئون مىڭ ئافرىقىلىق شارپېۋىلدا يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ نەق مەيداندا يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى كۆيدۈردى، نەتىجىدە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ 67 ئادەم ئۆلدى، 180 ئادەم يارىلاندى، 20 مىڭ ئادەم قولغا ئېلىندى، مانا بۇ دۇنيانى چۆچۈتكەن «شارپېۋىل پاجىئەسى» دۇر. 28 ـ كۈنى پۈتۈن جەنۇبىي ئافرىقا بويىچە «تەزىيە كۈنى» قىلىنىپ 500 مىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئىشچى ئىش تاشلىدى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە پان ئافرىقىچىلار قۇرۇلتىيىنى «قانۇنسىز» تەشكىلات دەپ جاكارلىدى. 1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسلىق شەھەرلەردىكى 90% تىن ئارتۇق ئاھالىلەر ئىش تاشلاش، دەرس تاشلاش ۋە سودىنى تاشلاشقا قاتنىشىپ ئاتالمىش «جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا «مىللەت نەيزىسى» ۋە «ئافرىقا ئەلاچىلىقى» دىن ئىبارەت ئىككى قوراللىق تەشكىلات قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى باشلىدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ئافرىقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەشكىلاتى قوزغىغان نېگىرلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى تېخىمۇ كۆپ باشقا ئىرقتىكىلەر ۋە ئاسىيالىقلارنى ئىرقچىلىققا قارشى تۇرۇش، نېگىرلارنى ئازاد قىلىش بايرىقى ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇردى.

70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا جەنۇبىي قىسىم ئافرىقىدىكى بىر قاتار دۆلەتلەر مۇستەقىل بولدى، بولۇپمۇ 1980 ـ يىلى زىمبابۋې جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىگە تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. 1982 ـ يىلى 8 ـ ئاي ۋە 10 ـ

ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى ئىرقچىلىق ھاكىمىيىتىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش، نېلسون ماندېلا ① ۋە بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ خەلق قوراللىق كۈرىشى بىلەن شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قاتتىق زەربە بەردى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1983 ـ يىلى «يېڭى ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلدى، ئاق تەنلىكلەر پارلامېنتىدىن سىرت يەنە رەڭلىك تەنلىكلەر پارلامېنتى ۋە ئاسىيالىقلار پارلامېنتى تەسىس قىلىپ ئاتالمىش «ئۈچ پالاتالىق پارلامېنت» ئارقىلىق رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ۋە ئاسىيالىقلارنى يېنىغا تارتىپ، ئافرىقىلىقلارنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ بۇ سۇيىقەستى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېتىراز دولقۇنىنى قوزغىدى. «يېڭى ئاساسىي قانۇن» غا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە «بىرلەشمە دېموكراتىيە فرونتى»، «مەملىكەتلىك مۇنبەر» قاتارلىق ئىرقچىلىققا قارشى بىرقانچە يېڭى تەشكىلات ۋە بىر تۈركۈم ئىرقچىلىققا قارشى داڭلىق داھىيلار بارلىققا كەلدى، ئالايلۇق، ئېپىسكوپ تۇتۇ (1931 ـ يىلى تۇغۇلغان). جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى زىمبابۋې خەلقىنىڭ ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ «جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى» نى

---

① نېلسون ماندېلا (1918 ـ يىلى تۇغۇلغان) — جەنۇبىي ئافرىقا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، 1951 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان، 1961 ـ يىلى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ھەربىي باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1962 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قولغا ئېلىنىپ، 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قويۇپ بېرىلگەنگە قەدەر 27 يىل تۈرمىدە ياتقان. ئۇ تۈرمىدىكى مەزگىلىدە ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ۋە باراۋەر، ئەركىن يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئىگىلىرى ۋە ئافرىقا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىنى «ماندېلا كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن.



www.uyghurkitap.com

ئاغدۇرۇپ تاشلاش، «خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» شوئارىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشى جەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىر قاتار قارارلارنى ماقۇللاپ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقچىلىق ھاكىمىيىتىنى ئەيىبلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1982 ـ يىلىنى «جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچىلىق ھاكىمىيىتىنى جازالاش خەلقئارا يىلى ۋە نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يىلى» دەپ ئېلان قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى مىسلىسىز يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئەمما ئۇلار ئاز ساندىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يول قويۇشى ۋە قوللىشىدا ئەكسىيەتچىل ئىرقچىلىق سىياسىتىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى ھەمدە داۋاملىق نامىبىيەنى بېسىۋالدى.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا «يېڭى ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىپ پىرېزىدېنت بىلەن پارلامېنتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى بەلگىلىدى، پىرېزىدېنت دۆلەت باشلىقى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقى بولدى، ئەمما «يېڭى ئاساسىي قانۇن» ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىگە تەگمىدى، كەڭ نېگىرلارنى سىياسىي ھوقۇقتىن داۋاملىق مەھرۇم قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى گەرچە «ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىش ھەققىدە داۋراڭ سالغان ھەمدە 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «ئوخشىمىغان ئىرقتىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىنى چەكلەش قانۇنى» ۋە «ئەخلاقسىزلىق قىلمىشى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى» نىڭ 16 ـ ماددىسىنى، 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يەنە «يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسى قانۇنى» نى بىكار قىلغان بولسىمۇ، بىراق بوتا باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى رەت قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ قارشىلىق

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىش كۈرىشىنى داۋاملىق باستۇردى.

1986 - يىلى 6 - ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا پرېزىدېنتى بوتا پۈتۈن مەملىكەتتە جىددىي ھالەت جاكارلىدى. 24 - كۈنى بوتا ئامانلىق ساقلاش ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە ئائىت ئىككى تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىگە ئىمزا قويۇپ جىددىي ھالەتنى كۈچەيتتى. 1987 - يىلى 6 - ئايدا ۋە 1988 - يىلى ئۇدا ئىككى قېتىم «مەملىكەت بويىچە يۈرگۈزۈلگەن جىددىي ھالەت» نى بىر يىل ئۇزارتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئىرقچىلىققا قارشى كۈرەش چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈچەيدى. مىللىي پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش كېرەكمۇ - يوق ۋە قانداق بىكار قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىدە ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى، «ئىسلاھات» قا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئوڭ قاناتلار بىلەن تېخىمۇ دادىلراق «ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سول قاناتلار پارتىيەدىن چېكىندى. 1989 - يىلىنىڭ بېشىدا بوتا كېسەل سەۋەبىدىن مىللىي پارتىيەنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، مائارىپ مىنىستىرى فرېدېرىك ۋىللىم دې كلېرك (1936 - يىلى تۇغۇلغان) مىللىي پارتىيەنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا مىللىي پارتىيە 1948 - يىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، بىراق يەنىلا پارلامېنتتا يېرىمىدىن ئارتۇق ئورۇنغا ئىگە بولدى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دېكلېرك پرېزىدېنتلىققا سايلاندى.

دېكلېرك گەرچە ئاق تەنلىك ئىرقچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا ئائىت توپ قانۇن ۋە تۈزۈملەردە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، بىراق

«ئىسلاھات» قەدىمىنى تېزلىتىدىغانلىقى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش» مەسىلىسى ئۈستىدە نېگىرلارنىڭ داھىيلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىرقىي كەمسىتىشنى تەدرىجىي تۈگىتىپ «يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا» قۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1990 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پرېزىدېنت دىكلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى، پانئافرىقىچىلار قۇرۇلتىيى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بولغان مەنئىي قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى نېگىرلار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق داھىيسى نېلسون ماندېلا قويۇپ بېرىلدى، 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى تۇنجى قېتىم باراۋەر سۆزلەشتى ھەمدە بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش نۇقتىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىككى تەرەپ 2 ـ قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى تۆت يىل داۋاملاشقان جىددىي ھالەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىغا ئەزا سىياسىي مەھبۇسلارنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ قويۇپ بېرىشكە، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى خادىملىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىشقا، خەۋپسىزلىك قانۇنىغا داۋاملىق قاراپ چىقىپ سىياسىي پائالىيەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا قوشۇلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىمۇ قوراللىق كۈرەشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ كېلىشىم جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 1991 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 6 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايغىچە جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچىلىققا ئائىت 80 دىن ئارتۇق قانۇننى بىكار قىلدى ھەمدە 140 خىل قانۇندىكى ئىرقچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى، ئاساسلىقلىرىدىن «نوپۇس تىزىملاش قانۇنى»، «يەرلىك ئاھالىلەر يەر قانۇنى»، «گۇرۇھلار ئولتۇراق رايونى قانۇنى» ۋە «نېگىرلار ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنى» قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ پەرمانلارنىڭ بىكار قىلىنىشى ئىرقچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى مۇھىم قەدەم بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ، ماندېلا رەئىسلىكىدىكى يېڭى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزالىرى 700 مىڭغا يەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ نىشانى ئىرقچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇش، ھەربىر كىشى بىر بېلەت تاشلاش سايلام پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئىدى. دې كلېرك باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى گەرچە سۆھبەت ئارقىلىق نېگىرلارغا مەلۇم ھوقۇق بېرىشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما ئاق تەنلىكلەرنىڭ كەڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىرقىي گۇرۇھلارنى ئاساس قىلغان ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي مەسىلىلەردە يەنىلا زور ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. ئاق تەنلىك ئوڭچى كۈچلەر نېگىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قارشى تۇردى، ئۆكتىچى پارتىيە بولغان جەنۇبىي ئافرىقا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى يەنىلا ئىنتايىن پائالىيەتچان بولۇپ، سايلام ئارقىلىق دې كلېرك باشچىلىقىدىكى ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. جەنۇبىي ئافرىقا

ساقچىلىرى نامايىشچى نېگىرلار ئاممىسىنى داۋاملىق قوراللىق باستۇردى، جەنۇبىي ئافرىقىدا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى داۋاملىق كۆپىيىپ باردى، سىياسىي ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلدى. گەرچە ئەركىن، دېموراتىك، ئىرقچىلىقتىن خالىي جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇش يولى ئەگرى ـ توقاي، مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

**نامىبىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشى** نامىبىيەنىڭ ئەسلىي نامى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا بولۇپ، 1890 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ «گېرمانىيەگە قاراشلىق غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا» دەپ ئاتالدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئەسكەر چىقىرىپ نامىبىيەنى بېسىۋېلىش ھەققىدە جەنۇبىي ئافرىقىغا يوليورۇق بەردى. 1920 ـ يىلى خەلقئارا ئىتتىپاق جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىگە غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىغا «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى» نى بەردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا بەردى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، بايلىقى مول بۇ رايوننى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتى «غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا ئىشلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قانۇنى» نى ماقۇللاپ، نامىبىيەنى قانۇنسىز يۇتۇۋالدى ھەمدە مەمۇرىي باشلىق قويۇپ قوشۇن تۇرغۇزدى، بازا قۇرۇپ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈرگۈزگەن ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا ئائىت سىياسەت، پەرمانلارنى نامىبىيەگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، يەرلىك ئافرىقىلىقلارنى ئاساسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى.

جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، نامىبىيەنى ئۆكتەملىك بىلەن يۇتۇۋېلىش قىلمىشى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. 1950 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق خەلقئارا سوت جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قانۇنسىز قىلمىش دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆپ قېتىم قارار ماقۇللاپ جەنۇبىي ئافرىقىدىن غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق جەنۇبىي ئافرىقا ئىزچىل رەت قىلدى. 1966 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارار ماقۇللاپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان مانداتلىق هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1968 ـ يىلى يەنە قارار ماقۇللاپ «غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئارزۇسى» بويىچە غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نامىنى «نامىبىيە» دەپ ئۆزگەرتتى.

جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتۇشى نامىبىيە خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئافرىقا مۇستەقىللىق هەرىكىتى دولقۇنىنىڭ تۇرتكىسىدە 1960 ـ يىلى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ نامىبىيە غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىنىڭ رەهبەرلىكىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى، خەلقئارا جەمئىيەت غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىنى نامىبىيەنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلدى. 1973 ـ يىلى بىرلەشكەن



www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى نامىبىيە قوراللىق كۈرەشنى باشلىغان 26 ـ ئاۋغۇست كۈنىنى «نامىبىيە كۈنى» قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.

70 ـ يىللاردىن بۇيان خەلقئارا جەمئىيەت نامىبىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىر قاتار قارارلارنى ماقۇللاپ جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ نامىبىيەنى قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ۋە نامىبىيەدە ئىرقىي كەمسىتىشنى يولغا قويغانلىقىنى ئەيىبلىدى. 1977 ـ يىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، فېدېراتسىپ گېرمانىيە ۋە كانادا قاتارلىق بەش دۆلەت گۇرۇپپا تەشكىللەپ نامىبىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. مەزكۇر گۇرۇپپا 1978 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە بىر تۈرلۈك لايىھە تاپشۇردى. 8 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋالدھېيم بەش دۆلەت لايىھەسى ئاساسىدا نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشى باش كاتىپىنىڭ پىلانىنى تەستىقلاپ، «ئۆتكۈنچى مەزگىلدە نامىبىيەنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلىگە ياردەم بېرىش ئۆمىكى قۇرۇش» قارارىنى ماقۇللىدى، بۇ قارار 435 ـ نومۇرلۇق قارارمۇ دېيىلىدۇ. قاراردا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش پارلامېنتى تەسىس قىلىپ، نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىشنى

www.uyghurkitap.com

ئارقىغا سوزدى ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىغا مايىل «تۈنخال دېموكراتىك ئىتتىپاقى» ① كۈچلىرىنى يۆلەپ، ئاتالمىش «ئىچكى جەھەتتىن ھەل قىلىش چارىسى» نى يولغا قويۇپ سايلامنى ئۆزلىرى تىزگىنلەش ئارقىلىق قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جەنۇبىي قىسىم ئافرىقىنى تالىشىشنى كۈچەيتتى، نامىبىيە مەسىلىسى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت تالاش ـ تارتىشىدىكى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. 1981 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كۇبانىڭ ئانگولادىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا، ئامېرىكا بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى كۇبانىڭ ئانگولادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي ئافرىقا نامىبىيەدىن قوشۇن چېكىندۈرۈش، كۇبا ئانگولادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشتىن ئىبارەت «ئىككى قوشۇن چېكىندۈرۈش لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئالاھىدە يىغىن چاقىرىپ نامىبىيە مەسىلىسىگە يەنە قاراپ چىقتى ھەمدە 532 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن كېڭىشىپ 435 ـ نومۇرلۇق قارارنى تېزلىكتە يولغا قويۇشقا ھوقۇق بەردى. 8 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دېكۇلىيار جەنۇبىي ئافرىقا، ئانگولا ۋە نامىبىيەدە زىيارەتتە بولدى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

1984 ـ يىلى 5 ـ ۋە 7 ـ ئايلاردا غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك

---

① 1977 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاق تەنلىكلەرنىڭ پارتىيەسى بولغان «جۇمھۇرىيەت-چىلەر پارتىيەسى» ئون نەچچە قەبىلىنىڭ سىياسىي گۇرۇھلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، «تۈنخال دېموكراتىك ئىتتىپاقى» نى قۇرغان بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق جۇمھۇرىيەت-چىلەر پارتىيەسىنىڭ قولىدا ئىدى. 1980 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغا قەدەر مىللىي پارلامېنت ۋە مىنىستىرلار كومىتېتىنى تىزگىنلەپ جەنۇبىي ئافرىقىغا ئوخشاش سىياسەتنى يولغا قويغان.

تەرەپلەر نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۇرۇش توختىتىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئانگولا يەنە جەنۇبىي ئافرىقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 435 ـ نومۇرلۇق قارارىنى يولغا قويۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۇبا قوشۇنلىرىنىڭ ئانگولادىن تەدرىجىي چېكىنىشىگە ئائىت كۆپ خىل ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى نامىبىيە خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرىش نامى بىلەن ئانگولا قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلدى. 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا نامىبىيەدە «مىللىي ئىتتىپاقلىق ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتى» قۇردى. بۇ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت «ئىجرائىيە ئىچكى كابىنېتى»، «مىللىي پارلامېنت» ۋە «ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى» قاتارلىق ئۈچ ئاپپاراتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن «تولۇق مەمۇرىي ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى» غا ئىگە ئەمەس ئىدى، نامىبىيەنىڭ «دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئە، خەۋپسىزلىك ۋە نامىبىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش ھوقۇقى» يەنىلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قولىدا ئىدى. «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت»تە نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاش ھوقۇقى يوق ئىدى، جەنۇبىي ئافرىقا تەيىنلىگەن نامىبىيەدە تۇرۇشلۇق مەمۇرىي ئەمەلدار «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» چىقارغان قارارلارنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» كە تۇنخال دېموكراتىك ئىتتىپاقى، غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق پارتىيەسى، غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتى دېموكراتىزمچىلىرى ۋە رېخوبوتخېرلار ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار «كۆپ پارتىيە پارلامېنتى» تەشكىللەپ «مىللىي يارىشىش» ۋە سۆھبەت ئارقىلىق مۇستەقىللىق قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئەڭ چوڭ مىللەتچى تەشكىلات غەربىي جەنۇبىي

www.uyghurkitap.com

ئافرىقا خەلق تەشكىلاتى «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» كە قاتناشتۇرۇلمىدى. 1985 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 566 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ جەنۇبىي ئافرىقىدىن نامىبىيەدە قۇرغان «ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئانگولا، كۇبا، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئامېرىكا ۋەكىللىرى لوندوندا تۆت تەرەپ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، خەۋپسىزلىك كېڭەشنىڭ 435 ـ نومۇرلۇق قارارى ۋە كۇبانىڭ ئانگولادىن قوشۇن چېكىندۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يەتتە ئاي داۋاملاشقان 11 نۆۋەتلىك سۆھبەت ۋە كۆپ قېتىملىق كېڭىشىش ئارقىلىق شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئانگولا، كۇبا، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئاخىر ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى مەسىلىسى ۋە نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمدە 1989 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 435 ـ نومۇرلۇق قارارىنىڭ روھى بويىچە نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق مۇساپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بەلگىلەندى. 6 ـ ئايدا چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن نامىبىيە مۇساپىرلىرى ۋەتىنىگە قايتىشقا باشلىدى. 7 ـ ئايدا نامىبىيەدىكى ھەرقايسى پارتىيەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سايلام پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق مۇساپىسى گەرچە بىرقانچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلىدى.

1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارىتىدە، نامىبىيە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى سايلىمى ئۆتكۈزدى، سايلامغا 10 پارتىيە قاتناشتى، 700 مىڭدىن ئارتۇق سايلىغۇچى تىزىمغا ئالدۇردى، 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سايلامغا قاتناشتى. غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتى 57.3% ئاۋاز بىلەن غەلىبە قىلدى. كېلىشىم بويىچە،

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي ئافرىقا نامىبىيەدە تۇرۇشلۇق ئەڭ ئاخىرقى 1500 كىشىلىك قوشۇننى چېكىندۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى سام نۇيوما (1921 ـ يىلى تۇغۇلغان) كۆلەڭگە كابىنېت تەشكىللىگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نۇيوما نامىبىيە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى تەرىپىدىن نامىبىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نامىبىيە رەسمىي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقى نامىبىيە خەلقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا خەلق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقئارا جەمئىيەت، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا قوراللىق كۈرەش بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىق مۇساپىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى. نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كونا مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ پۈتۈنلەي يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 2 ـ بۆلۈم ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

**ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى** ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش مۇساپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر سىياسىي مۇستەقىللىقنى مۇستەھكەملەش،

مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ تارىخىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى.

ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىللىي دۆلەت قۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئەمدىلا مۇستەقىل بولغان مەزگىلدە بەرپا قىلغان سىياسىي تۈزۈلمىسى پەرقلىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۇسۇلى ۋە دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قوراللىق كۈرەش ۋە كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەر ئومۇمەن رادىكال مىللەتچى پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بۇ پارتىيەلەر ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە، پارتىيەنىڭ داھىيلىرى دۆلەت باشلىقىغا ئايلاندى. ئۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ھەممىسى دېگۈدەك ئافرىقىچە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر ھامىي دۆلەتلەرنىڭ ئامالسىز يول قويۇشى ۋە ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، بۇ دۆلەتلەردىكى مىللەتچى پارتىيەلەر ۋە پارتىيەلەرنىڭ داھىيلىرى ھامىي دۆلەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى، سىياسىي تۈزۈلمىسى ھامىي دۆلەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراپ، ئاساسەن مۇستەملىكە بولغان مەزگىلدىكى ئەنئەنىۋى شەكلىنى ساقلاپ قالدى.

ھۆكۈمەت تەشكىللەش شەكلىدىن قارىغاندا، ئافرىقىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنى قوللىنىپ، پارتىيە سىياسىيسىنى يولغا قويدى، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، پارلامېنت تەشكىللەپ مۇلكىي ئەمەلدارلار ھۆكۈمىتى قۇردى. بەزى دۆلەتلەر بىر پارتىيە تۈزۈمىنى، بەزى دۆلەتلەر كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كۆپ قىسىم دۆلەتلەر پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىدىكى ئىچكى

كابىنېتنى قۇرغان بولۇپ، پىرېزىدېنتنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پىرېزىدېنت ئۆمۈرلۈك دەپ بەلگىلەنگەن، ئالايلۇق، مالاۋى، تۇنىس قاتارلىقلار. ئافرىقىدا ئاز ساندىكى بىرقانچە دۆلەت، يەنى ماراكەش، لېسوتو، سۋېزىلاند ۋە 1974 ـ يىلىدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى ئېفىيوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ پادىشاھنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويدى، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشنى قوللىدى، سىياسىي جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، ئەمما نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولمىدى، ھۆكۈمەت موكىدەك ئالمىشىپ تۇردى. بۇلار كونكرېت تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ھەربىيلەرنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشى ۋە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1952 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە ئافرىقىدا جەمئىي 241 قېتىم ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، 72 قېتىملىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان؛ 1986 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ كۆپ قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى يۇقىرى، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، جۈملىدىن 11 دۆلەتنىڭ ھەر بىرىدە ئون قېتىمدىن ئارتۇق ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن دۆلەتتە مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى 30 يىلدا 21 قېتىم ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

(2) قىسمەن قوراللىق توقۇنۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغا قەدەر ئافرىقىدا 20 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇش (مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يۈز بەردى. بۇ چېگرا توقۇنۇشى، ئىچكى ئۇرۇش، چەت ئەل ياللانما قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چېتىشلىق دۆلەت 30 نەچچىگە يېتىدۇ. ئىچكى توقۇنۇشقا چەت ئەل كۈچلىرى (چوڭ دۆلەتلەر ياكى قوشنا دۆلەتلەر) ئارىلاشقان، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزاق بولۇپ، ئافرىقا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

سۇدانىدىكى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشتۇر. سۇدانىنىڭ شىمالىدىكى ئەرەبلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، جەنۇبىدىكى نېگىرلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ تىل، ئىدىيە ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى پەرقلىنىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر شىماللىقلاردۇر. 1958 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئابۇد ھەربىي ھۆكۈمىتى جەنۇبتىكى نېگىرلارغا قارىتا بېسىش، كەمسىتىش سىياسىتىنى قوللاندى، نېگىرلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. 1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىمىرى رەھبەرلىكىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار فرونتى» ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئۇ جەنۇبقا ئاپتونومىيە بېرىشكە قوشۇلدى، نەتىجىدە جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك بىر مەزگىل پەسەيدى. 1982 ـ يىلى سۇدان پەۋقۇلئاددە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، نىمىرى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتە ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويدى، كېيىنكى يىلى جەنۇبتىكى ئاپتونوم رايوننى

ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن جەنۇبتىكى نېگىرلارنىڭ قارشىلىقى قايتا باشلاندى. جەنۇبتىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر «سۇدان خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى» دەپ ئاتالدى ھەمدە چەت ئەللەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سۇداندىكى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ئۇزۇلمىدى.

ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي «ئافرىقا تۇمشۇقى» دا داۋالغۇش ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ ئۇرۇش ئۇزۇلمەي كەلدى. ئافرىقا تۇمشۇقى قىزىل دېڭىزغا ياندىشىپ، سۈۋەيش قانىلىنىڭ جەنۇبتىكى كىرىش ئېغىزىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، بۇ رايوندا ئېفىيوپىيە، سومالى، جىبۇتى قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بار. 60 ـ يىللاردىن بۇيان بۇ يەردە ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. بىرىنچى، ئوگادېن ئۇرۇشى، بۇ ئېفىيوپىيە بىلەن سومالى ئوتتۇرىسىدىكى ئوگادېن رايونىنىڭ تەۋەلىكىنى تالىشىش ئۇرۇشىدۇر. ئوگادېندىكى ئاھالىلەر سومالىلىقلار بولۇپ، 1897 ـ يىلى بۇ رايون ئوفىيوپىيەگە ئايرىپ بېرىلگەندى، ئېفىيوپىيە بىلەن سومالى ئوخشاشلا بۇ رايونغا نىسبەتەن ئىگىلىك ھوقۇقىمىز بار دەپ قارايتتى. سومالى بۇ رايوننى غەربىي سومالى دەپ ئاتايتتى، 1963 ـ يىلى غەربىي سومالى ئازادلىق فىرونتى قۇرۇلدى. 1964 ـ يىلى چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەردى. 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئوگادېن ئۇرۇشى يۈز بەردى. ئېفىيوپىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كۇبانىڭ قوللىشىدا سومالىنى مەغلۇپ قىلدى. 1981 ـ يىلى ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنى قارار ماقۇللاپ ئوگادېن رايونىنىڭ ئېفىيوپىيەنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بىراق، سومالى ھۆكۈمىتى نارازىلىق بىلدۈردى. سومالى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىككىنچى، ئېرىترېيە ئۇرۇشى. ئېرىترېيەنى تارىختا ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيە تالاشقانىدى. ئېرىترېيە ئېفىيوپىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي قىسمى سۇدان بىلەن چېگرالىنىدۇ. 1890 ـ

يىلى ئېرىترىيە ئىتالىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى، 1936 ـ يىلى ئىتالىيە ئېرىترىيە بىلەن ئېفىيوپىيە ۋە ئىتالىيەگە قاراشلىق سومالىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىتالىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقا ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. 1941 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىتالىيەنى مەغلۇپ قىلىپ ئېرىترىيەنى ئىشغال قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېرىترىيەنى ئەنگلىيەنىڭ «ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى» غا تاپشۇردى. 1950 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ ئېرىترىيەنىڭ ئاپتونوم گەۋدە سۈپىتىدە ئېفىيوپىيە بىلەن فېدېراتسىيە تەشكىللىشىنى بەلگىلىدى. 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە قوشۇنى چېكىنىدى ھەمدە فېدېراتسىيە قۇرۇلدى. 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېرىترىيە پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ ئېفىيوپىيە بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ھەم ئېفىيوپىيەنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندى. ئېرىترىيەدىكى ئېفىيوپىيە بىلەن بىرلىشىشنى ياقلىمايدىغان كۈچلەر بۇنىڭغا قارشى تۇردى. 1961 ـ يىلى «ئېرىترىيە ئازادلىق فىرونتى» قۇرۇلۇپ قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. 1970 ـ يىلىدىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر «ئېرىترىيە خەلق ئازادلىق فىرونتى» ۋە «ئېرىترىيە ئازادلىق فىرونتى خەلق ئازادلىق كۈچى» نى تەشكىللىدى. ئېفىيوپىيە ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم قوشۇن چىقىرىپ باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېرىترىيە قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتالمىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى ئېرىترىيە مەسىلىسى ئېفىيوپىيەنىڭ ئىچكى ئىشى دېگەندە چىڭ تۇردى، ئەمما بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرى ئېرىترىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلغۇچى كۈچلەرنى قوللىدى.

ئىلگىرى فىرانسىيەگە قارام ئېكۋادور ئافرىقىسىدىكى دۆلەت چاد 1960 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دىنىي زىددىيەت، قەبىلە ۋە رايونلار ئارا زىددىيەت، شۇنداقلا تاشقى

كۆچلەرنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇردى. چادنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى تومبالبايې مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى ھەمدە شىمالدىكى قەبىلىلەرنى كەمسىتتى. 1965 ـ يىلى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۆچلەر چادنىڭ شىمالى، ئوتتۇرا قىسمىدا قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. ياندۇرقى يىلى چاد مىللىي ئازادلىق فىرونتى سۇداندا قۇرۇلدى ھەمدە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈرەشكە ئاتلاندى. 1968 ـ يىلى چاد مىللىي ئازادلىق فىرونتىنىڭ رەھبىرى ئىبراھىم ئاباچا ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن چاد مىللىي ئازادلىق فىرونتى 11 گورۇھقا بۆلۈنۈپ ئۆزئارا مەزگىل قالايمىقان ئۇرۇش قىلدى. 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن 11 گورۇھ ۋە چادقا قوشنا ئالتە دۆلەت نىگېرىيەنىڭ پايتەختىدە «لاگوس كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. 11 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئىتتىپاقلىق ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. گۇكۇنى رەئىس، ھابرى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولدى. ئەمما، ھەرقايسى گورۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. گۇكۇنى 1980 ـ يىلى لىۋىيە بىلەن «دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىغاندىن كېيىن، لىۋىيە قوشۇنى چادقا كىرىپ گۇكۇنىغا ياردەملىشىپ ھابرىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئايدا گۇكۇنى لىۋىيە ھۆكۈمىتى بىلەن چاد ۋە لىۋىيەنىڭ بىرلىشىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى، بۇ ھال چادتىكى كۆپ قىسىم گورۇھلار ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھابرى مەملىكەتلىك ئىتتىپاقلىق ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، گۇكۇنى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 10 ـ ئايدا ھابرى پرېزىدېنت بولۇپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن گۇكۇنىمۇ 10 ـ ئايدا لىۋىيەنىڭ قوللىشى بىلەن «دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. چادنىڭ

جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1983 - يىلى 6 - ئايدا ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 19 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ھابرى ھۆكۈمىتىنى چادنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلدى. فىرانسىيە، زايىر، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر ھابرىنى قوللىدى. لىۋىيە بولسا ئاشكارا ئەسكەر چىقىرىپ گۇكۇنى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدى. ئامېرىكا پىرېزىدېنتى رىگان ئاشكارا نۇتۇق ئېلان قىلىپ چاد ھۆكۈمىتىنىڭ «لىۋىيە قوشۇنىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقى» غا قارشى تۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە چادقا بېرىدىغان ھەربىي ياردەمنى كۆپەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەدىن «چادنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى توختىتىش» نى تەلەپ قىلدى. چوڭ دۆلەتلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ قول تىقىشى بىلەن چادنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش بىلەن تاشقى ئۇرۇش گىرەلىشىپ كېتىشتەك قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1986 - يىلى ھابرىنىڭ كۈچى ئۇلغايدى، گۇكۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلگىرىكى ھابرىغا قارشى ھەر قايسى گۇرۇھلار ھابرىغا يېقىنلاشتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا گۇكۇنى گۇرۇھى ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، لىۋىيەگە ئورتاق قارشى تۇردى، چادتىكى ئىچكى ئۇرۇش چاد بىلەن لىۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئايلاندى.

70 - يىللاردا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قەبىلىلەر ئارا ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىدى، ھوقۇق تەقسىماتى مەسىلىسى تۈپەيلى، ئىچكى توقۇنۇش پارتلىدى. ئانگولادىكى ئىچكى ئۇرۇش بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئانگولا 1975 - يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن «ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى»، «ئانگولا مىللىي ئازادلىق فىرونتى»، «ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك

ئىتتىپاقى» قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى ئۈچ ئازادلىق تەشكىلاتى قانداق دۆلەت قۇرۇش، قايسى تەشكىلاتنى ئاساس قىلىپ كابىنېت تەشكىللەش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن كۈرەش قىلدى. ئۈچ گۇرۇھتىن تەشكىللەنگەن ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پارچىلاندى. 1975 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى» ھاكىمىيەتنى ئۆز ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. «ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە كۇبا ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى، «ئانگولا مىللىي ئازادلىق فىرونتى» بولسا زايىر ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. «ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. «ئانگولا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى» كۇبا ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە 1976 ـ يىلى «ئانگولا مىللىي ئازادلىق فىرونتى» نى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە «ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» نى شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى ئىزگىنلىدى. كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش گەرچە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق «ئانگولانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» ۋە «ئانگولا مىللىي ئازادلىق فىرونتى» نىڭ قوراللىق كۈچلىرى چېگرادىكى رايونلاردا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئانگولا، كۇبا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچ تەرەپ كۇبانىڭ ئانگولادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نامىبىيەدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشى ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى، نەتىجىدە ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىك پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى، ئانگولادىكى ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

سىياسىي ۋەزىيەتتى داۋالغۇپ ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق ئۆزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان ئافرىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش خاھىشى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردا بىر قاتار دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ھوقۇق مەركەزلىشىشكە قاراپ راۋاجلاندى. بىر پارتىيە تۈزۈمى ۋە ھەربىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ كۆپىيىشى 70 ـ، 80 ـ يىللاردىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر ئافرىقىدىكى 51 دۆلەتنىڭ 27 سىدە بىر پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 12 دۆلەتتە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى (جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 12 دۆلەتتە ھەربىيلەر ياكى پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

ۋاھالەنكى، ئافرىقىنىڭ ۋەزىيىتى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ مەركەزلىشىشى بىلەن مۇقىملاشقىنى يوق. ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىز بولۇشىغا نۇرغۇن ئامىللار، جۈملىدىن چوڭ دۆلەتلەر ۋە شۇ رايوندىكى بىر قەدەر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن سىرت، يەنە تارىختىن قېلىپ قالغان تىل، دىنىي ئارازلىق، چېگرا توقۇنۇشى ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سەۋەبچى بولغانىدى. بولۇپمۇ قەبىلىۋازلىقنىڭ تەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زۆرۈر. ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە كۆپىنچە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھوقۇق تالىشىشى سەۋەب بولغان، ئىچكى ئۇرۇشقىمۇ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى. ئافرىقا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەبلەر ھازىرقى زامان مىللىي گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەندىن سىرت، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى ئاساسەن بىر

قانچە قەبىلىلەر گۇرۇھىدىن شەكىللەنگەن دۆلەتلەردۇر. ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەردە نەچچە ئون، ھەتتا 200 ـ 300 گە يېقىن قەبىلە بار. قەبىلە ئاقساقاللىرى ئادەتتە ئۆز قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە ئارمىيە قۇرۇشنى ياكى سىياسىي ھوقۇق تەقسىماتىدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. قەبىلىۋازلىق ئافرىقىدا مىللىي دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە سىياسىينىڭ زامانىۋىلىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان مۇھىم بىر ئامىلدۇر.

**ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەسىلىلەر**

ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭدى. نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق سەۋەبىدىن ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا قالغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، مىللىي دارامەت تۆۋەن ئىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى قىتئەلەر ئىچىدە ئافرىقىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئافرىقىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئەڭ قىسقا ئىدى.

ئافرىقا دۆلەتلىرى سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان ھالدا ئاچتى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بىر قاتار كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇستەملىكىزم، پرېكاپىتالىزم

كۆچلىرىنى ئاجىزلاتتى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى. شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتتى. ئافرىقىدىكى خېلى كۆپ دۆلەتلەر قېچىپ كەتكەن ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلدى، بەزى دۆلەتلەر چەت ئەللىك دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى ۋە ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلىپ دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى ھەمكارلىق دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى، ياكى ئافرىقىلىق دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بەردى. ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ كارخانىلىرىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىۋالدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1960 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى چەت ئەل مەبلىغى كارخانىسىدىن 628 نى ئۆتكۈزۈۋالغان بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوخشاش مەزگىلدە ئۆتكۈزۈۋالغان چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 43% ىنى ئىگىلىگەن. ئافرىقا سوتسىيالىزمىنى يولغا قويغان بىر قىسىم دۆلەتلەر كارخانىلارنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشتىن تاشقىرى، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەبلىغى ۋە تاشقى مەبلەغ، چەت ئەل ياردىمىگە تايىنىپ بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرىنى قۇردى. ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھەممىسى دېگۈدەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزدى ۋە دۆلەت مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، كان ئېچىش، قاتناش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

60 ـ يىللاردا زور بىر تۈركۈم ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئىقتىسادىي ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 60 ـ يىللاردا ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ

مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.8% ئېشىپ باردى، 70 ـ يىللاردا بولسا 5.2% ئېشىپ باردى. ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1960 ـ يىلى تەخمىنەن 28 مىليارد دوللار بولۇپ، 20 يىل ئىچىدە ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە 95 مىليارد دوللارغا يەتتى. 60 ـ، 70 ـ يىللاردا ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى باشقا قىتئەلەردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن قېلىشمايتتى، ئوخشاش مەزگىلدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى ئىدى. ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1981 ـ يىلى ئافرىقىدىكى 20 دۆلەتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 340 دوللاردىن 1000 دوللارغىچە بولغان، توققۇز دۆلەتنىڭ 1000 دوللاردىن ئاشقان. ماراكەش، نىگېرىيە، زىمبابۋې، كامېرۇن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 800 دوللارغا يەتكەن، لىۋىيە، ئالجىرىيە، سېيشېل، تۇنىس، ماۋرىتىئۇس، كوتودىۋويرې (پىل چىشى قىرغىقى) كونگو، بوتسۋانا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 1000 دوللاردىن ئاشقان. بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ياسىمىچىلىقى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ئىلگىرى كان ئېچىش سانائىتىلا بار ئىدى، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن سېمونت، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەش، پولات ـ تۆمۈر، نېفىت پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك پىششىقلاش، ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇش قاتارلىق سانائەت تارماقلىرى قۇرۇلدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ سالمىقى تۆۋەنلەپ، سانائەت ۋە كانچىلىقنىڭ سالمىقى ئاشتى. ئافرىقا دۆلەتلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكى، خۇسۇسىي كاپىتالىستىك ئىگىلىك، يەككە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان مىللىي كاپىتال بىلەن چەت ئەل مەبلىغى ھەمكارلىقىدىكى ئارىلاشما ئىگىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى مەيدانغا كەلدى.

ئافرىقا دۆلەتلىرى خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تۈزۈپ چىقتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن تاللىغان تەرەققىيات فاڭجېنى، ئوخشىمىغان مەزگىلدە تەكىتلىگەن تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىسىمۇ ئوخشاش بولمىدى، بىراق ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدە بىر قىسىم ئوخشاشلىقلار بولۇپ، بۇلارنى بىرقانچە خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئافرىقىدىكى كۆپ دۆلەتلەر «ئىمپورت سەپلىمىسى» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىدى، سانائەتلىشىشنى ھەقىقىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىش ۋە ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىشىنى تەكىتلىدى، بولۇپمۇ «ئافرىقا سوتسىيالىزمى» نى يولغا قويغان دۆلەتلەر ئاساسەن ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىقتىسادنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى تىزگىنلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان دۆلەتلەرمۇ پىلان ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان ئەركىن ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويدى. ئافرىقا دۆلەتلىرى تاشقى مەبلەغقە قارىتا مەلۇم چەك قويدى ھەم ئومۇمىيۈزلۈك تاشقى مەبلەغ جەلپ قىلدى، چەت ئەل ياردىمىدىن پايدىلاندى، بۇ ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

60 ـ، 70 ـ يىللاردا مىللىي ئىگىلىكنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر. نىگېرىيە، ئالجىرىيە، گابون قاتارلىقلار نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەتلىشىشىگە تۈرتكە بولدى؛ ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى دۆلەتلەر. كوتودىۋۇيرې، كېنىيە، كامېرون ۋە تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەر ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىپ، تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرغان دۆلەتلەر. ئالايلۇق، بوتسۋانا قاتارلىقلار، بۇلار چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ توپلاپ يېزا ئىگىلىكى ۋە كانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئەمما ئافرىقىدىكى كۆپ قىسىم مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا بولدى، ئالايلۇق، گىۋىنېيە، تانزانىيە، موزامبىك، ئانگولا، گىۋىنېيە ـ بىسسائۇ، زايىر، ئېكۋادور گىۋىنېيەسى قاتارلىقلار مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 3%كە يەتمىدى، جۇملىدىن يېرىمىدىن كۆپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاق مەزگىل تۆۋەن ئېشىش ياكى مەنپىي ئېشىش ھالىتىدە تۇردى.

www.uyghurkitap.com

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلىدى. 80 ـ يىللاردا ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلدى ھەمدە 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىدى. 80 ـ يىللاردا ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 2% ـ 3% بولدى. «ئافرىقىنىڭ 1992 ـ يىللىق ئىقتىسادىي دوكلاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، 1991 ـ يىلى پۈتۈن ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 2.3%، 1989 ـ، 1990 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2.7% ۋە 3.2% بولغان. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 524 دوللار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.5% تۆۋەنلىگەن. 12 دۆلەت ئىقتىسادىدا مەنپىي ئېشىش كۆرۈلگەن. يېقىنقى 20 نەچچە يىل مابەينىدە ئافرىقا نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى تەخمىنەن 2.7%، بەزى يىللاردا 3% بولدى، نوپۇس تېز ئاشقان بولسىمۇ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 2%كە يەتمىدى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئاشلىق مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى تۆۋەنلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زور قۇرغاقچىلىق، ھاشارات ئاپىتى ۋە قۇملىشىش تۈپەيلى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئافرىقىدىكى تىرىكچىلىك كرىزىسى ئۇزاققا سوزۇلۇپ 1991 ـ يىلىغا قەدەر قەھەتچىلىك تۈگىمىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1991 ـ يىلى ئافرىقىدا 10 مىليون توننا ئاشلىق كەم بولۇپ، 30 مىليونغا يېقىن ئادەم قەھەتچىلىكنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، قەھەتچىلىكتىن ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان. خەلقئارا ياردەم خىزمىتى ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى كۆپ قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئافرىقا

دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى قەرزى تېز كۆپىيىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى قەرزى 1973 ـ يىلى 17 مىلىيارد 100 مىليون دوللار بولغان بولسا 1991 ـ يىلى 280 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئافرىقا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %90 ى ۋە ئېكسپورت كىرىمىنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، تۆلەشكە تېگىشلىك ئۆسۈملا 25 مىليارد دوللارغا يەتتى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ناچار بولغانلىقتىن تاشقى مەبلەغ، بولۇپمۇ خۇسۇسىيلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئاز بولدى. ئىقتىسادىي كىرىزىس تۈپەيلى، مىللىي دارامەت تۆۋەنلىدى، خەلق تۇرمۇشى ناچارلاشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بېكىتكەن ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان 43 دۆلەتنىڭ 29 ى ئافرىقا دۆلىتى بولۇپ، ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، دېمەك، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپى ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردۇر. ئافرىقىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي دارامىتى 80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە 352 دوللاردىن تۆۋەن بولدى، پۇل پاخاللىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشتى.

ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تاسادىپىي ئەمەس، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاسارىتى، خەلقئارا كونا ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ باراۋەر بولماسلىقى ۋە ئۇدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت قاتارلىقلار ئىتكار قىلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللاردۇر. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچكى قىسىمدىكى سۇبيېكتىپ سەۋەبكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، بۇ نۇقتىنى ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ كۈنسېرى تونۇپ يەتمەكتە. ئۇلار يېتەكچى فاكچىن بىلەن تەرەققىيات سىياسىتىدىكى خاتالىق ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىز بولۇشى قاتارلىقلارنىڭمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلدى. ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇردى، دۆلەت پۈتۈن زېھنىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاراتمىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى دۆلەت ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىشنى كۆزلىدى، شۇنداقلا بىر تەرەپلىمە ھالدا تەرەققىياتنى سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش ياكى كوللېكتىپلىشىش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى، نەتىجىدە سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراش، شەھەرلەرگە ئېتىبار بېرىپ، يېزىلارغا سەل قاراش، دۆلەت ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىكنى چەكلەش خاھىشى شەكىللەندى.

كىرىزىستىن قۇتۇلۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئافرىقا دۆلەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قايتا دەڭسەپ كۆردى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئىقتىسادنى تەڭشىدى: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىگە بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى، يېزا ئىگىلىك بېجىنى كېمەيتىپ ياكى كۆتۈرۈۋېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ ئاشلىق ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولدى. ئىككىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سالدى، مەبلەغ سېلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەبلەغ سېلىشقا بولغان چەكلىمىنى بوشاتتى، خۇسۇسىيلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا مەدەت بەردى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى تۈزگەن «ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش لايىھەسى» گە ئاساسەن، ئافرىقىدىكى 30 نەچچە دۆلەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىيلاشتۇردى. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كۆپ پارتىيىلەشتۈرۈش دولقۇنىنىڭ تەسىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئاكتىپ ئالغا سىلجىتىشى بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش مۇساپىسى تېزلەشتى. ئۈچىنچى، رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لاگوستا ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدا 2000 ـ يىلىغا بارغاندا پۈتۈن ئافرىقا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە «ئافرىقا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى» قۇرۇش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نىگېرىيەنىڭ پايتەختى ئابۇجادا ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا ئافرىقىدىكى 51 دۆلەت «ئافرىقا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، بۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە قاراپ مۇھىم بىر قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قەدىمى ناھايىتى جاپالىق ھەم ئاستا بولدى. بىراق، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر نەزىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاغدۇردى، كوللېكتىپنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى ۋە رايون ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

1980 ـ يىلى مۇستەقىل بولغان زىمبابۋېگە ئىلگىرى ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنىڭ 80% ى ئاز سانلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

يېزا ئىگىلىكى، ياسىمىچىلىق ۋە كانچىلىق زىمبابۋې ئىقتىسادىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىناتتى. زىمبابۋې جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى روبېرت مۇگابى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر يۈرگۈزگەن زىيادە سولچىل سىياسەتنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي يارىشىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قەبىلىۋازلىق، مەھەللىۋازلىققا قارشى تۇردى، خەلقنى ئاق تەنلىكلەرنى چەتكە قاقماسلىققا ئاگاھلاندۇردى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشىغا يول قويۇپ، ئىلگىرىكى ئۆكتىچى پارتىيە ئافرىقىلىقلار خەلق ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشتى. 1983 - يىلى 12 - ئايدا «ئافرىقىلىقلار مىللىي ئىتتىپاقى» بىلەن «ئافرىقىلىقلار خەلق ئىتتىپاقى» بىرلىشىپ زىمبابۋې مىللىي ئىتتىپاقى ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتى پارتىيەسىنى تەشكىل قىلدى. مۇگابى نېگىرلار ياكى ئاق تەنلىكلەر بولسۇن، ھەممىسى زىمبابۋېلىقلاردۇر، چوقۇم ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى زىمبابۋېنى ئورتاق قۇرۇشىمىز لازىم دەپ تەكىتلىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، مۇگابى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ مۇستەقىل بولغاندا، ۋارىسلىق قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى بۇزمىدى، ئاق تەنلىك دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلمىدى، بەلكى بىر تەرەپتىن ئاق تەنلىك دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنى قوغدىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يېزا جامائەسىدىكى نېگىر دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىكى، جۈملىدىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا ئىلھام

بەردى. مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان زىمبابۋې ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 3.8% بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 11% كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 4.5%، يىللىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2 مىليون توننا، يىللىق ئاشلىق ئېكسپورت مىقدارى 350 مىڭ توننا بولدى. سانائەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.4%كە يېتىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىنى قامداش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي دارامىتى 700 دوللارغا يېقىنلىشىپ ئاچارچىلىققا ئاساسەن خاتىمە بەردى.

زىمبابۋېنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، ئىگىلىكى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، نەتىجىدە زىمبابۋې ئافرىقىدىكى كەم ئۇچرايدىغان ئاسايىشلىقتا ۋە خاتىرجەملىككە تولغان ھاللىق دۆلەتكە ئايلاندى ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇگابى سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمىدى، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ رېئاللىققا ئۇيغۇن ھەم ئىشەنچلىك تەرەققىيات سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. زىمبابۋېنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ خەلقئارا «ئاچارچىلىقنى تۈگىتىش مەركىزى» 1988 ـ يىلى مۇگابىغا «ئافرىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر مۇكاپاتى» نى بەردى. 1990 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنىغان «يېڭى ئافرىقىلىقلار» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «ئافرىقىدىكى ئەڭ ياخشى رەھبەر»نى باھالاش پائالىيىتىدە مۇگابى ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

زىمبابۋېنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، داۋالغۇپ تۇرغان ئافرىقىنىڭ سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىقتا، ئىقتىسادىي جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈللىنىش يولىغا قاراپ مېڭىشى مۇقەررەر.

## 3 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە برازىلىيەنىڭ «ئىقتىسادىي مۆجىزىلىرى» 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى، بولۇپمۇ 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەركەز قىلغان تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئارگېنتىنالىق ئىقتىسادشۇناس رائۇل پرېبىس ① ئوتتۇرىغا قويغان «تەرەققىياتچىلىق» ياكى لاتىن ئامېرىكىسى «قۇرۇلمىچىلىقى» ئىقتىسادىي نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغانىدى. مەزكۇر نەزەرىيەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىساد كومىتېتىمۇ تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، يەنە «لاتىن ئامېرىكىسى

① رائۇل پرېبىس (1905 ـــ 1985 ـ يىللار) ئارگېنتىنالىق داڭلىق ئىقتىسادشۇناس، بۇئېنوس ئايرېس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد پروفېسسورى. ئىلگىرى ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتىدە مالىيە ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان، مەركىزىي بانكىنىڭ باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1950 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىساد كومىتېتىدا ئىجرائىيە كاتىپى بولغان. 1962 ـ يىلى لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي پىلان تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان. 1964 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باش كاتىپلىقىنى ئۆتىگەن.

ئىقتىساد كومىتېتى مەسلىكى» دەپ ئاتالدى. رائۇل پرېبىس تەرەققىياتچىلىق نەزەرىيەسىدە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولى، فاڭجېنى ۋە سىياسىتى ئۈستىدە ئىزدەندى ھەمدە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا «مەركەز» (كاپىتالىستىك چوڭ سانائەت دۆلەتلىرى) بىلەن «ئەتراپ» (تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر) ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك، شۇنداقلا ئامېرىكا قاتارلىق مەركىزىي دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتورلۇقى تۈپ سەۋەب بولغان دەپ كۆرسەتتى. ئۇ «ئېكسپورت سەپلىمىسى» ئىستىراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، تەرەققىيات يېرىك پىلانى تۈزۈش، رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئىسلاھ قىلىش، ئېكسپورتنى كۆپ خىللاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش، مەبلەغنى جايىدا ئىشلىتىش، ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇ تەشەببۇس ۋە تەدبىرلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىراتېگىيەسىنى تۈزۈشكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئىمپورت سەپلىمىسى ئىستىراتېگىيەسىنى يولغا قويغانىدى، 50 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ ئىستىراتېگىيە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سانائەتلىشىشى ئالغا سىلجىتىلدى، 70 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى ئېكسپورت ۋە ئېكسپورت سەپلىمىسىگە يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 30 نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 80 ـ يىللارغا كەلگەندە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاساس سانائەتنى تەدرىجىي بەرپا قىلدى ۋە كۈچەيتتى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان

سانائەتنىمۇ بەرپا قىلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى گەرچە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن تەرەققىيات سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولدى. 50 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى مىللىي ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.5% بولدى. پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1960 ـ يىلىدىكى 69 مىليارد 400 مىليون دوللاردىن 1979 ـ يىلىدىكى 599 مىليارد 300 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1960 ـ يىلى 340 دوللار بولغان بولسا، 1979 ـ يىلى 1500 دوللاردىن ئاشتى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيەسىدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياپونىيەدىن باشقا غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. سانائەت، بولۇپمۇ ياسىمىچىلىق سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، 50 ـ يىللاردا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يېزا ئىگىلىكىدىن ئېشىپ كەتتى، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتىمۇ يېنىك سانائەت نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سانائىتى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولغان بىر قىسىم دۆلەتلەر، ئالايلۇق، بىرازىلىيە، مېكسىكا، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەر



www.uyghurkitap.com

مېتال بۇيۇملار، ماشىنىسازلىق ئۇسكۇنىلىرى، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق تارماقلارنى ئاساس قىلغان بىر قەدەر مۇكەممەل سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سېستىمىسىنى ئاساسەن بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك، كانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىلا ئېكسپورت قىلىشتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى. مىللىي كاپىتالىزم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ كاپىتالى كۆپەيدى، مىللىي كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر كۆپەيدى، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئۆزىگە ئۆزى غوجىلىقى كۈچەيدى، چەت ئەل مونوپول كاپىتالىنىڭ تىزگىنلەش كۈچى كۆنسېرى ئاجىزلىدى. گەرچە، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە بازار قاتارلىق جەھەتلەردە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئامېرىكا ۋە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە خېلى زور دەرىجىدە بېقىنىسىمۇ، ئەمما خەلقئارا ئىقتىساد ساھەسىدە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئىلگىرى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ خام ئەشيا بازىسى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى بولۇشتەك قالاق ھالەتكە خاتىمە بېرىشكە باشلىدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر زور. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2/3 قىسمىنى بىرازىلىيە، مېكسىكا، ئارگېنتىنادىن ئىبارەت ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئۈچ دۆلەت ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭغا چىلىنى قوشقاندا 3/4 قىسمىدىن

ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. جۈملىدىن بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولۇپ، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كاپىتالىزم دۇنياسى بويىچە 8 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

بىرازىلىيە فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتى جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى چوڭ دۆلەت. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن بۇيان بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ 1968 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە بىرازىلىيە ئىقتىسادى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% تىن يۇقىرى ئېشىپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ «ئىقتىسادىي مۆجىزە» ياراتتى. 1982 ـ يىلى بىرازىلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 294 مىليارد دوللارغا يېتىپ لاتىن ئامېرىكىسى بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، شۇ يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2352 دوللارغا يەتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۇرلۇك ئامىللار تۈرتكە بولدى. زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، بايلىقىنىڭ مولluقى، ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق رايونىغا جايلاشقانلىقى بىرازىلىيەنى ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتقا ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ۋەزىيەت بىر قەدەر مۇقىم بولدى، ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ سانائەتلىشىش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزدى ۋە ئىجرا قىلدى، بۇ بىرازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىدىكى تېخىمۇ مۇھىم ئامىلدۇر. 30 ـ يىللاردىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋارگاس ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (1930 — 1945 ـ يىللار) بولۇپ، «ئىمپورت

سەپلىمىسى» سانائەت فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ بىرازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرازىلىيەدە گەرچە ھۆكۇمەت كۆپ ئالماشقان بولسىمۇ، بىراق ھاكىمىيەتنى ئاساسەن تىنىچ ئۆتكۈزۈپ بەردى، سىياسىي ۋەزىيەت نىسپىي مۇقىم بولدى. ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت، جۈملىدىن ھەربىيلەر ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىدە گەرچە بىر ئاز پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، پۈتكۈل مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

1964 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كاستىرو برانكو باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھەربىيلەر ھۆكۈمىتى قۇرغاندىن كېيىن بىرازىلىيەدە ئۇزاق مەزگىل ھەربىيلەر گۇرۇھى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ھەربىي مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆڭۈل بۆلۈش 60 ــ 70 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ قىسىم ھەربىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. بىرازىلىيەدە ھەربىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە تېخنىك خادىملارنى ئىشقا قويۇپ، «مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشى» ئارقىلىق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى.

بىرازىلىيە ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاساسلىق مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرنى يولغا قويدى : بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان ئارىلىشىش ۋە تەڭشەش رولىنى كۈچەيتتى. 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرازىلىيە ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە ئىقتىسادىي پىلان تۈزۈپ ھەمدە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىقتىسادقا بولغان يېتەكچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئىككىنچى، ئىمپورت سەپلىمىسى ۋە ئېكسپورتنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلغان سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات فاڭجېنىنى يولغا قويدى. ئېكسپورت بىرازىلىيەنىڭ قۇرۇلۇش

ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا برازىلىيە «ئىمپورت چىقىش يولى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئېكسپورت سودىسىغا ئىلھام بەردى. ئۈچىنچى، برازىلىيە سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىچكى جۇغلانمىدىن سىرت، يەنە چەت ئەللەردىن كۆپلەپ تاشقى مەبلەغ كىرگۈزدى، قەرز ئالدى، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سانائەت تارماقلىرىنى قۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇ برازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. تۆتىنچى، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ برازىلىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ كۆپ خىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، تارىختىن قېلىپ قالغان بىر خىللا زىرائەتنى ئۆستۈرۈشتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى، بۇ سانائەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىدى. برازىلىيەنىڭ سويا پۇرچاق مەھسۇلاتى 1950 ـ يىلى 350 مىڭ تونىنا بولۇپ، 1977 ـ يىلىغا كەلگەندە 12 مىليون 513 مىڭ تونىنىغا يەتتى، نەتىجىدە برازىلىيە ئامېرىكا ۋە جۇڭگو بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان «سويا پۇرچاق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ چوڭ دۆلەت» نىڭ بىرىگە ئايلاندى. بەشىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش برازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم شەرت. 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە برازىلىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 28 مىليون 410 مىڭغا يېتىپ، 1970 ـ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.38 ھەسسە ئاشتى. 1968 ـ يىلى برازىلىيەدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەت

نوپۇسىنىڭ 0.3% ىنى ئىگىلەيتتى، 1978 - يىلىغا كەلگەندە، 1.1% نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سالدى. يۇقىرىقىلار برازىلىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە تەدبىرى بولۇپ، برازىلىيە «ئىقتىسادىي مۆجىزىلىرى» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر.

ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، برازىلىيە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك دۆلىتىگە ئايلاندى ھەمدە زامانىۋى سانائەتنى يېتەكچى قىلغان بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاپتوموبىل، پاراخوت، ئايروپىلانلارنىمۇ ئېكسپورت قىلىدىغان بولدى. برازىلىيەنىڭ چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا بازارلىرىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر قىسىم دۆلەتلەرگە يورۇشلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ئېكسپورت قىلىپ تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بەردى. شەھەرلىشىش تەرەققىياتى تېز بولدى، شەھەر نوپۇسى كۆپىيىپ، 1980 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 63% ىنى ئىگىلىدى.

60 -، 70 - يىللاردا برازىلىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، ئەمما نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى تاشقى قەرزنىڭ ئېشىشى بولۇپ، بىرنىم كىرىزىسى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تەھدىت پەيدا قىلدى. 1982 - يىلى 8 - ئايدا مېكسىكا ھۆكۈمىتى 80 مىليارد دوللار تاشقى قەرزنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مۇشۇنى

بەلگە قىلغان ھالدا لاتىن ئامېرىكىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر مەيدان قەرز كرىزىسى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى كرىزىس 10 يىل داۋاملىشىپ 1991 ـ يىلىغا بارغاندا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى قەرزى 420 مىليارد دوللارغا يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت رايون ئارا تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، يېزا ئىگىلىكى نىسپىي ئارقىدا قېلىش، يەر مەسىلىسى جىددىي بولۇش، پۇل پاخاللىقى، مال باھاسى ئۆرلەش، مىللىي دارامەت تەقسىماتى تەكشى بولماسلىق، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىپ كېتىش قاتارلىقلارمۇ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتتى. 80 ـ يىللار لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىدا «ھالسىرىغان 10 يىل» دەپ ئاتالدى.

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا يولۇقۇشىدا باراۋەر بولمىغان، ئادالەتسىز كونا خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپ تاشقى سەۋەب؛ «قۇرۇلما خاراكتېرلىك كرىزىس» ئىچكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بىلەن تەرەققىيات سۈرئىتى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمىدى؛ سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراللىغانلىقتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ نىسبىتى بۇزۇلدى، دۆلەت ئىقتىسادقا زىيادە ئارىلاشتى، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن كارخانىلار زىيان تارتتى، پېرېۋوت ۋە تاموژنا بېجى سىياسىتىدىمۇ سەۋەنلىك كۆرۈلدى. كرىزىس لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. گەرچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەڭشەش دەرىجىسى ۋە ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق تۆۋەندىكىدەك بەزى بىر ئورتاقلىقلارغا ئىگە ئىدى : بىرىنچى، ھەرقايسى دۆلەتلەر كۆپىنچە قىسىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، بىرىم مەسىلىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەپ، ماكرو ئىقتىسادىنى

تۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تەڭشىدى؛ ئىككىنچى، «يېڭى لىبېرالىزم» نى تەشەببۇس قىلىپ، جامائەت تارماقلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئازايتىپ بازار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى؛ ئۈچىنچى، سىرتقا يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى كۈچەپ يولغا قويۇش، بازارنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا بازار رىقابىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

تەڭشەش ۋە ئىسلاھات ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى.

**ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇش** 70 ـ يىللاردا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى كۈچەيدى. 1959 ـ يىلى كۇبا ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئالاقىسى كۈچەيدى، سوۋېت ئىتتىپاقى كۇباغىلا ئەمەس، بەلكى پېرۇ قاتارلىق ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىمۇ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. 1970 ـ يىلى چىلى خەلق ئىتتىپاقى فىرونتى سايلامدا غەلىبە قىلدى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن ئاللېندو (1908 ــ 1973 ـ يىللار) يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ئاللېندو ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئامېرىكا مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان مىس كان شىركىتى قاتارلىق چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ چوڭ قورۇقلارنىڭ يېرىنى ئېلىپ ئىشلەتتى؛ تاشقى جەھەتتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە ئارىلاشماسلىق

پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە قاتناشتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، كۇبا، جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئاللېندو قۇرۇلما ئىسلاھاتى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى چىلىنى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى پارلامېنت يولى بىلەن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشنىڭ تىپى دەپ قاراپ زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش خاھىشىنىڭ كۈچىيىشىگە نىسبەتەن، 1969 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان نىكسون ھۆكۈمىتى لاتىن ئامېرىكىسىدا «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بىلەن «يېڭى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» ئورنىتىشنى تەرغىب قىلدى، «پانئامېرىكا سىستېمىسى» ئىچىدە لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى ھەمدە ياردەم بېرىش، سودىنى كېڭەيتىش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى ئامېرىكىغا قارشى خاھىشنى بېسىش ئۈچۈن 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا ھەربىيلەرنىڭ چىلىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىنى قوللاپ، ئاللېندو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ھەربىيلەر ھاكىمىيىتى قۇردى. 1976 ـ يىلى پرېزىدېنت كات ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىغا قارىتا «يېڭى فاڭجېن» ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىنسانىي ھوقۇق دىپلوماتىيەسى»نى يولغا قويدى، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بىلەن بولغان «ھەمكارلىق، كېڭىشىش»نى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى ھەمدە لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە بىرقەدەر جانلىق سىياسەت

قوللاندى. كات ھۆكۈمىتى يامايكا قاتارلىق كارىب دېڭىزى دۆلەتلىرىگە كۆپلەپ ياردەم بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، كۇبانىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى توسۇپتۇ.

1979 ـ يىلى نىكاراگۇئادا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىلاپ سوموزا جەمەتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى، بۇ ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نىكاراگۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ خەلقئارا كۆرەش كەسكىن رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

نىكاراگۇئا ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى، ئىككى ئوكيياننى تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى قانال قېزىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئامېرىكا 1912 ـ يىلى ۋە 1927 ـ يىلى ئىككى قېتىم نىكاراگۇئانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلاشقانىدى. 1934 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن نىكاراگۇئا مىللىي مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ قوماندانى ئاناستاسىئو سوموزا گارسىيا نىكاراگۇئانىڭ مىللىي قەھرىمانى ئاۋگۇستو ساندىنونى قەستلەپ ئۆلتۈردى، 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «پىرېزىدېنت» بولۇپ سوموزا جەمەتىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئاناستاسىئو سوموزا گارسىيا 29 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا چوڭ ئوغلى لېۋىس سوموزا دېبايل پىرېزىدېنت بولۇپ، دادىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1963 ـ يىلى سايلامدىن كېيىن گۇتېررېز پىرېزىدېنت بولدى، بىراق ئەمەلىي ھوقۇقنى يەنىلا سوموزا جەمەتى تۇتۇپ تۇردى. 1967 ـ يىلى

سوموزا دىبايلىنىڭ ئىنىسى ئاناستاسىئو سوموزا دىبايل پىرىزىدېنت بولدى. سوموزا جەمەتى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا سىياسىي ھوقۇق ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن بايلىق شىلىۋېلىپ نىكاراگۇئادىكى ئەڭ چوڭ پۇل مۇئامىلە كاپىتالى گۇرۇھىغا ئايلاندى ھەمدە ھۆكۈمەت، پارلامېنت، ۋە مىللىي مۇھاپىزەت ئەترىتىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق خەلققە فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1972 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پايتەخت ماناگۇئادا قاتتىق يەر تەۋرەپ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، 250 مىڭ ئادەم ماكانسىز قالدى، سوموزا جەمەتى، ھەتتا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. بۇ قىلمىش نىكاراگۇئا خەلقىنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

نىكاراگۇئا خەلقىنىڭ مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى. 1961 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ساندىنو مىللىي ئازادلىق فىرونتى قۇرۇلدى ھەمدە قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. مەزكۇر فىرونتنىڭ رەھبەرلىرىدىن كارلوس، فونسېكا، ئامادور قاتارلىقلار كۈرەشتە قۇربان بولغان ياكى تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، فىرونت تۆۋەندىكىدەك ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈندى: خەلق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار گۇرۇھى، بۇلار «پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەركەزچىلىك مەسلىكى» لۇشيەنىدە چىڭ تۇردى؛ پىرولېتارىياتچىلار گۇرۇھى، بۇلار نۇقتىلىق ھالدا شەھەرلەردە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش، بىۋاستە ھەرىكەتتىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئۈچىنچى، مەملىكەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇھى، بۇلار بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەبىتلىككە قارشى بارلىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قوزغىلىڭى ئارقىلىق خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەملىكەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇھىغا قاراشلىق پارتىزانلار ماناگۇئاغا ھۇجۇم قىلىپ

مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قاتتىق سارانسىمىگە سالدى.
70 ـ يىللاردىن كېيىن زىيالىيلار، كارخانىچىلار ۋە دىنىي ساھەدىكى مەشھۇر زاتلارنى ئاساس قىلغان «دېموكراتىيە ـ ئازادلىق ئىتتىپاقى» ۋە «12 كىشىلىك گۇرۇھ» قاتارلىق ئۆكتىچى تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1978 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دېموكراتىك ـ ئازادلىق ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى، «خەۋەر» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ياكوين چامورروننىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سوموزا جەمەتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر مەيدان كۈرەش پارتلىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايغا قەدەر مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۈچ قېتىملىق چوڭ ئىش تاشلاش ۋە ئۈچ قېتىملىق ئاممىۋى قوزغىلاڭ يۈز بەردى، قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى توققۇز ئۆلكە (جەمئىي 18 ئۆلكە) دىكى نۇرغۇن رايونلارغا كېڭەيدى. نىكاراگۇئانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ ئىقتىساد ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، سوموزا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىسلىسىز يېتىم قالدى.
1979 ـ يىلىنىڭ بېشىدا نىكاراگۇئا خەلقىنىڭ مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ساندىنو مىللىي ئازادلىق فىرونتىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى مەملىكەتلىك رەھبەرلىك كومىتېتى قۇردى، قوراللىق كۈچى 6000 ئادەمگە يەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فىرونتى» نى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر قايسى سىياسىي كۈچلەر بىرلىشىپ مىللىي گۈللىنىش ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇردى ھەمدە ھەرقايسى سىياسىي كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەش كىشىدىن ئىجرائىيە كومىتېتى تەشكىللىدى. نىكاراگۇئانىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرىشى كۇبا، كوستارىكا، پاناما، مېكسىكا قاتارلىق لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سوموزا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قىل

www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە تۇرغان ۋاقىتتا ئامېرىكىمۇ ياردەمنى توختاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاناستاسىئو سوموزا ئامېرىكىغا قېچىپ كەتتى. 19 ـ كۈنى «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فىرونتى» نىڭ قوراللىق قىسىملىرى ماناگۇئاغا كىردى. 20 ـ كۈنى مىللىي گۈللىنىش ھۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېتى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سوموزا جەمەتىنىڭ نىكاراگۇئادىكى 43 يىللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.

ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەمدە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي گۈللىنىش ھۆكۈمىتى سوموزا جەمەتىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە، نىكاراگۇئا «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فىرونتى» باشچىلىقىدىكى كۆپ مەنبەلىك سىياسىينى يولغا قويدى، سوموزانىڭ خەلق لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىن باشقا ھەر خىل سىياسىي خاھىشتىكى پارتىيەلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىگىلىكنى يولغا قويدى، يېزىلاردا بولسا كاپىتالىستىك مۈلۈكچىلىك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، شۇنداقلا يەككە ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېڭى ھاكىمىيەت سوموزانىڭ مىللىي مۇھاپىزەت ئەترىتىنى تارقىتىۋېتىپ، ساندىنو خەلق ئارمىيەسىنى قۇردى.

نىكاراگۇئانىڭ مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئامېرىكىغا گىۋاتېمالا، بېلىز، ھوندۇراس، سالۋادور، نىكاراگۇئا، كوستارىكا ۋە پانامادىن

ئىبارەت يەتتە دۆلەت جايلاشقان بولۇپ، بايلىقى مول، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم، شۇڭىمۇ تارىختىن بۇيان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تالىشىش نىشانى بولۇپ كەلگەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، بىراق كۆپ قىسىم دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىكى ھەربىي مۇستەبىت جەمەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغاچقا، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك يوق ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە چەت ئەل مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قاتمۇقات شىلىۋېلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى كۈنسېرى چوڭىيىپ كەتتى، تاشقى قەرز كۆپەيدى، ئىجتىمائىي زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلاشتى، سىياسىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ تۇراقسىز بولدى.

1959 ـ يىلىدىكى كۇبا ئىنقىلابى، بولۇپمۇ 1979 ـ يىلىدىكى نىكاراگۇئانىڭ مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرى خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بەردى. 1980 ـ يىلىدىن تارتىپ سالۋادور، گىۋاتېمالا ۋە ھوندۇراستا پارتىزانلىق ئۇرۇشى جانلىنىپ كەتتى، ھۆكۈمەتكە قارشى سول قانات تەشكىلاتلارمۇ كەڭ كۆلەمدە كۈرەشنى قانات يايدۇردى. نىكاراگۇئادا «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فرونتى» ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى باشقا دۆلەتلەردىكى مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشنى قوللىدى. نىكاراگۇئادىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوشۇن سالۋادور قاتارلىق دۆلەتلەرنى بازا قىلدى ھەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ نىكاراگۇئا بىر قاش، سالۋادور، ھوندۇراس، گىۋاتېمالا، كوستارىكا بىر قاش بولۇپ ئۆزئارا

قارشىلاشتى، ئوتتۇرا ئامېرىكا رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى.

نىكاراگۇئادىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى ئامېرىكا قوللىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى لاتىن ئامېرىكىسىدا ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ۋە ئاجىزلىتىدىغان پايدىلىق پۇرسەت دەپ بىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كۇبا ئارقىلىق نىكاراگۇئاغا ياردەم بەردى، بىر قىسىم قورال ـ ياراغلار نىكاراگۇئا ئارقىلىق ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈلدى. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستى ھەمدە تىغ ئۇچىنى نىكاراگۇئاغا قاراتتى. رىگان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئامېرىكىغا قارىتا ئىلگىرىكى پرېزىدېنت كاتتىنىڭ قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرى ھۆكۈمىتىگە بېرىلىدىغان ھەربىي ياردەمنى كۆپەيتتى. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن كېيىن ئامېرىكا نىكاراگۇئاغا بىۋاسىتە ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. 10 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئوتتۇرا ئامېرىكا مۇداپىئە كومىتېتى ①پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كارىب دېڭىزىدىكى ئارال دۆلىتى گرېنادادا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، رىگان ھۆكۈمىتى «ئامېرىكا مۇھاجىرلىرىنى قوغداش» ۋە «كارىب دېڭىزى دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ جىددىي تەلىپى» نى دەستەك قىلىپ گرېناداغا

① ئوتتۇرا ئامېرىكا مۇداپىئە كومىتېتى ئامېرىكىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا گىۋاتېمالا، ھوندۇراس، نىكاراگۇئا، سالۋادور ۋە كوستارىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1963 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كۇباغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ئىتتىپاق ئىدى. 1979 ـ يىلى نىكاراگۇئادىكى مۇستەبىت ـ لىككە قارشى كۈرەش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن نىكاراگۇئا بۇ تەشكىلاتتىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان، نەتىجىدە مەزكۇر ئىتتىپاق پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان.

تاجاۋۇز قىلىپ ئامېرىكاپەرەس ھاكىمىيەتنى يۆلىدى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نىكاراگۇئاغا تەھدىت خاراكتېرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تالاش - تارتىشلىرى ئوتتۇرا ئامېرىكا ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈردى. ئوتتۇرا ئامېرىكىدا تۇرلۇك زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، نىكاراگۇئا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق ئەڭ كەسكىن بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نىكاراگۇئا بىلەن كوستارىكا، ھوندۇراس چېگراسىدا پات - پات توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇردى.

ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى داۋالغۇش لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى ئەندىشىگە سالدى. ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ پۈتكۈل رايوننىڭ تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر چەت ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى، ئوتتۇرا ئامېرىكا مەسىلىسىنى ئوتتۇرا ئامېرىكا خەلقى ئۆزى ھەل قىلىشى ھەققىدىكى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئامېرىكا مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش مۇساپىسى باشلاندى. 1983 - يىلى 1 - ئايدا ئوتتۇرا ئامېرىكا كرىزىسىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان «كونتادورا گۇرۇھى» بارلىققا كەلدى. بۇ گۇرۇھقا ئەزا مېكسىكا، كولومبىيە، پاناما ۋە ۋېنېسۇئېلا تۆت دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى پانامانىڭ كونتادورا ئارىلىدا يىغىن ئېچىپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا توقۇنۇشىنى تىنچ ھەل قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆت دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنى ياراشتۇردى. 7 - ئايدا تۆت دۆلەت پرېزىدېنتلىرى «ئوتتۇرا ئامېرىكا تىنچلىقىغا دائىر كانكۇن خىتابنامىسى» نى ئىمزالاپ، باشقا دۆلەتلەر ئارىلاشماسلىق، ئۆز

تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، دۆلەتلەر ئىگىلىك ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ۋە تالاش - تارتىشنى تىنچ ھەل قىلىش پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلىدى، ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە «ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش، چەت ئەل مەسلىھەتچىلىرىنى قايتۇرۇش، ھەربىي ھەرىكەتتىن خالىي رايون قۇرۇش» ھەققىدە تەكلىپ بەردى. كونتادورا گۇرۇھىنىڭ ياراشتۇرۇش ھەرىكىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى 7 - ئايدا بىرازىلىيە، ئارگېنتىنا، ئۇرۇگۋاي ۋە پېرۇ قاتارلىق تۆت دۆلەتتىن تەشكىللەنگەن «لىما گۇرۇھى» «كونتادورا گۇرۇھى» نى قوللاپ، ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتتى.

ئوتتۇرا ئامېرىكا تىنچلىق مۇساپىسى ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلىدى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى، يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇھنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى بىلەن 1986 - يىلى 5 - ئايدا ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەت (گىۋاتېمالا، ھوندۇراس، سالۋادور، نىكاراگۇئا ۋە كوستارىكا) باشلىقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلدى، نەتىجىدە ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ سۆزلىشىشى باشلاندى. ياندۇرقى يىلى 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بەش دۆلەتنىڭ 2 - قېتىملىق دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى «ئوتتۇرا ئامېرىكىدا مۇقىملىق ۋە ئۇزاققىچە تىنچلىق بەرپا قىلىش پىروگراممىسى» ناملىق ھۆججەتنى ئىمزالاپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونىدا ئۇرۇش توختىتىش، ھۆكۈمەت بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى گۇرۇھلار سۆزلىشىش، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى باشلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ ئوتتۇرا ئامېرىكا تىنچلىق مۇساپىسىدىكى زور ئىلگىرىلەشتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى كۆپ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ

ئوتتۇرا ئامېرىكا توقۇنۇشىنى تىنچ ھەل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نىكاراگۇئا پىرېزىدېنتى ئورتېكا بەش دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنىدا بايانات ئېلان قىلىپ نىكاراگۇئادا مەملىكەت بويىچە يۈرگۈزۈلگەن جىددىي ھالەتنى بىكار قىلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر بىلەن دەرھال بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇش توختىتىشنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 3 ـ ئايدا نىكاراگۇئادىكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىپ ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئاساسەن توختىدى. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنى سالۋادوردا ئېچىلدى، يىغىندا نىكاراگۇئا ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ھوندۇراستىكى پائالىيەت بازىسىنى بىكار قىلىش، قوراللىق خادىملارنىڭ قورال تاشلاپ يۇرتىغا قايتىشىغا، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالاندى. كېلىشىمگە ئاساسەن نىكاراگۇئا ھۆكۈمىتى 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشى، ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىشى لازىم ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن نىكاراگۇئا ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىك پەسەيدى.

نىكاراگۇئادىكى ئومۇمىي سايلام بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى قاتارلىقلارنىڭ نازارەتچىلىكىدە 1990 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەتلىك ئۆكتىچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامزاتى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زات ۋىئولېتا چاموررو خانىم 55% ئاۋاز بىلەن 10 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فرونتى» نىڭ نامزاتى، پىرېزىدېنت ئورتېكانى مەغلۇپ قىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىققا

سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن چامورروخانىم دۆلەتنىڭ تىنچلىق مەسىلىسى ھەققىدە «ساندىنو مىللىي ئازادلىق فرونتى» ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈچ مۇھىم كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، دۆلەتنىڭ تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىندى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان پرېزىدېنت ئورتېگا پرېزىدېنتلىق لېنتىسىنى چامورروخانىمغا ئېسىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ چامورروخانىم نىكاراگۇئا تارىخىدىكى تۇنجى ئايال پرېزىدېنت بولۇپ قالدى. نىكاراگۇئادا ھاكىمىيەتنىڭ تىنچ ئالمىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سالۋادور پارتىزانلىرى ھۆكۈمەت بىلەن 11 يىل داۋاملاشقان قوراللىق توقۇنۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. گىۋاتېمالا پارتىزانلىرىمۇ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سۆھبەتنى تېزلەتتى. ئوتتۇرا ئامېرىكا تىنچلىق مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇش نەتىجىسىدە بۇ رايوندا نىسپىي مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئىقتىسادقا قارىتا تەڭشەشنى كۈچەيتىش ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى.

**لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىشىشى، ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى** ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى لاتىن ئامېرىكىسىنى تالىشىشنى كۈچەيتكەن ئەھۋالدا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە كۆپ تەرەپلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ كەڭ ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى، شۇنداقلا غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇردى، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ ئىقتىسادنى بىر

گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە سىياسىينى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلەتتى.

1970 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە مېكسىكىدا ئېچېۋېررىئا ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، كۆپ تەرەپلىمىك تاشقى سىياسەتنى يولغا قويدى ھەمدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 60 نەچچە دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1974 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بىرازىلىيە گېيسېل ھۆكۈمىتى «مەسئۇلىيەتچان پىراگماتىزم» دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ ھەم ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلىدى، ھەم 3 ـ دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بىر مەيداندا تۇردى. بۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن كەڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1979 ـ يىلى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 11 دۆلەت ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 80 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى سودا ساھەسىدىن پۇل مۇئامىلە، تېخنىكا، ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە كېڭەيدى.

70 ـ يىللاردا ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنى گەرچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرسىمۇ، بىراق ياپونىيە، غەربىي ياۋروپا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشى، كاپىتال چىقىرىش سۈرئىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنى كۈنسېرى ئۆستى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق بازىرىغا ئايلاندى، فېدېراتىپ گېرمانىيە ئامېرىكا، ياپونىيەدىنلا كېيىن تۇرىدىغان لاتىن ئامېرىكىسىنى تاۋار بىلەن تەمىنلىگۈچى دۆلەت

ۋە ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان لاتىن ئامېرىكىسى ماللىرىنى ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى. تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ كۆپ تەرەپلىشىش يۈزلىنىشى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇزاق مەزگىل ئامېرىكىغا بېقىنىشىدەك دىپلوماتىك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ئاساسىدىكى تەرەققىيات ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى يادرونى مونوپول قىلىش، يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنى يادروسىز رايون قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، دېڭىز ـ ئوكيان زومىگەرلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 22 دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 مىل دېڭىز تەۋەلىكىنى، ئەنئەنە بويىچە بېلىق تۇتۇپ كېلىۋاتقان دېڭىزلارنى، مەخسۇس ئىقتىسادىي رايونلارنى ياكى بېلىق تۇتۇش رايونلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى جاكارلىدى ھەمدە ھەرىكەت قوللىنىپ 200 مىل دېڭىز ـ ئوكيان رايونىنى قوغدىدى. 60 ـ يىللارنىڭ مابەينىدە لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1960 ـ يىلى ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر لاتىن ئامېرىكىسى ئەركىن سودا ئۇيۇشمىسىنى قۇرغاندى. 1962 ـ يىلى ئوتتۇرا ئامېرىكا ئورتاق بازىرى، 1969 ـ يىلى لاپلاتا دەرياسى ۋادىسى كېلىشىمى تەشكىلاتى ۋە ئاندېس شەرتنامىسى تەشكىلاتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 70 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىي سىستېمىسىدا 25 ئەزا دۆلەت بار بولۇپ، ئۇلار تاموژنا بېجىنى ئۆزئارا كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش، بايلىقنى ئورتاق ئېچىش، كۆپ دۆلەت بىرلىشىپ

كارخانا قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن رايون ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. 1981 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەركىن سودا ئۇيۇشمىسى لاتىن ئامېرىكىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۇيۇشمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، رايون خاراكتېرلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى ھەمدە لاتىن ئامېرىكىسى ئورتاق بازىرى قۇرۇشقا شارائىت يارىتىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا لاتىن ئامېرىكىسى رايونى ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ھەممىسى دېگۈدەك بىر گەۋدىلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى ھەمدە تار رايون ئاساسىدىكى كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقتىن پۈتۈن رايوننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويدى.

ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسىمۇ تېزلىتىلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەربىيلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر قىسىم دۆلەتلەر دېموكراتىيەلەش-تۈرۈش، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇپ بەردى» ھەمدە سايلام ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا مۇلكىي ئەمەلدارلاردىن تەشكىللەنگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى كابىنېتقا ئۆتتى. لاتىن ئامېرىكىسى تارىخىدا ھەربىيلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىت خېلى ئۇزاق. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 20 دۆلەت ئىچىدە 14 دۆلەت ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. بىراق، مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ زەربىسىدە كونا شەكىلدىكى ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تەختتىن چۈشتى، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پاراگۋاي ۋە ئوتتۇرا

ئامېرىكىدىكى بىرقانچە دۆلەتتىلا ھەربىيلەر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1959 ـ يىلى كۇبا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى لاتىن ئامېرىكىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلاندى، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغانلىقتىن ھەربىيلەر گۇرۇھى ئوقۇ-مۇشلۇقلار ھۆكۈمىتىنى ئىقتىدارسىز دەپ ئەيىبلىدى، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. 60 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 13 دۆلەتتە ھەربىيلەر يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئەمما، بۇ ھەربىي ھاكىمىيەتلەر كونا شەكىلدىكى ھەربىي ھاكىمىيەتتىن پەرقلىنەتتى، ئۇلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مىللەتچىلىك خاھىشى بولۇپ، بەزىلىرى «ئىقتىسادنى گۈللەن-دۈرۈش»، «دۆلەتنى قايتا قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بىر قەدەر ئەھمىيەت بەردى.

70 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاشتى، ئوتتۇرا تەبىقە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەگە مەنسۇپ ئاھالە كۆپەيدى. ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا كۈنسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، لاتىن ئامېرىكىسى سىياسىي سەھنىسىدىكى ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى. ئارمىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە، يېڭىلىقنى ياقىلغۇچى ھەربىيلەر گۇرۇھى تەدرىجىي ھالدا مۇتەئەسسىپ كونا ھەربىيلەر گۇرۇھىنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەرب ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەربىيلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر



www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، قەرز كۆپىيىپ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى چۈشۈپ كەتتى، ئىجتىمائىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى، ھەربىيلەر ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن قالدى، تېخىمۇ مۇھىمى بىر قىسىم ھەربىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىش» سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى. 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پېرۇ ئالدى بىلەن سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، 12 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھەربىيلەر ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم ھەربىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئورنىنى ئارقا ـ ئارقىدىن خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتلەر ئالدى. ھايتىغا 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۇۋالىئېر مۇستەبىت ھۆكۈمىتى 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاغدۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چىلىدا ھەربىيلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىنى ئوقۇمۇشلۇقلار ھۆكۈمىتى ئالدى. 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھايتىدىن باشقا ھەربىيلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دۆلەتلەر ھەربىي ھۆكۈمەتتىن خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتكە ئۆتۈش مۇساپىسىنى تاماملىدى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەر پارلامېنت تۈزۈمى ئاساسىدىكى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورناتتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ «تاشقى جەھەتتە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، ئىچكى جەھەتتە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش» نى ئالاھىدىلىك قىلغان سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى داۋاملىق راۋاجلانماقتا. گەرچە، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ئايرىم دۆلەتلەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئون بەشىنچى باب

# ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ كۆپ تەرەپلىك دۇنياغا تەرەققىي قىلىشى

## 1 ـ بۆلۈم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تەدرىجىي پەسىيىشى ۋە غەرب ـ شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەڭشىلىشى

پەسىيىشىنىڭ باشلىنىشى 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى داۋاملىق «ئىسكەنجىگە ئالدى». بىراق، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ، ئىقتىسادتا نىسپىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، ئامېرىكا بىلەن غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە كۈچلۈك زەربە بەرگەنلىكتىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇ مىللىي مۇستەقىل كۈچلەرنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش نىيىتىگە كەلدى. مۇشۇ پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچى، بولۇپمۇ يادرو كۈچى تېزلىكتە ئېشىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىدىكى ئەسكەر سانى 5 مىليون 500 مىڭغا كۆپەيدى، ئەمما ئامېرىكا ئارمىيەسىدىكى ئەسكەر سانى ئاران 1 مىليون 400 مىڭ ئىدى. 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋودوروت

بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلاتتى. 1956 ـ يىلى سوۋېت
ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتە ـ
لەيدىغان يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە يادرو
قورال زاپىسىغا ئىگە بولدى. 1957 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت
ئىتتىپاقى قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان بالىستىلىق تۇنجى باشقۇرۇ ـ
لىدىغان بومبىنى ئامېرىكىدىن بىر يىل بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك
سىناق قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاي ۋە 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتى ـ
پاقى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى دانە يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى
قويۇپ بەردى. بۇ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرى ـ
سىدىكى ھەربىي ئەمەلىي كۈچ پەرقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كىچىكلەۋات ـ
قانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىش سىياسىتىنىڭ
كۈنسايىن مۈشكۈل ھالدا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.
يەنە بىر جەھەتتىن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا كەلتۈرگەن پايدىسىز تەسىرى بارغانسېرى گەۋدىلى ـ
نىشكە باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھازىرلىقلار قۇرۇ ـ
لۇشىغا نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر
بولغانلىقتىن، ئىچكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ يېتىشتۈ ـ
رەلمىدى، چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈشمۇ تەسكە
چۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكىغا يې ـ
تىشىۋالىمەن دەيدىكەن، غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى
جىددىيلىكنى مۇئەييەن دەرىجىدە پەسەيتمىسە بولمايتتى. يەنە
كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچى ئاشقانلىقتىن،
ئەمەلىي كۈچىنى پەش قىلىپ ئامېرىكا بىلەن سۆھبەتلىشىشكى ـ
مۇ ئىمكانىيەت بار ئىدى.

1953 ـ يىلى ستالىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سەل ـ پەل
ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. پىرېزىدېنت ئېيزىنخاۋېرمۇ
سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھە دېگەندىلا ئەيىبلەۋېرىشتىن «زېرىكىپ»،
«كېلەچەككە قىزىقىدىغان» بولۇپ قالدى. ئۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى

ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئالماشتى، بۇ پۈتۈنلەي يېڭى بىر باشلىنىش، «ئەمدى بىز ئۆزئارا سۆزلىشىپ بېقىشىمىز كېرەك»، ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش تەكلىپلىرى بولسا، ئاڭلاپ باقساقمۇ مەيلى» دەپ قارىدى. 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېيزىنخاۋېر ئامېرىكا گېزىت باش مۇھەررىرلىرى جەمئىيىتىگە «تىنچلىق پۇرسىتى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چاۋشيەندە «يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئۇرۇش توختىتىش» نى قوللاش، ھىندىچىنى ۋە مالايسىيانىڭ خەۋپسىزلىكىگە بولغان تەھدىتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، كەڭ دائىرىلىك ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى رەھبىرىنى ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە «نامرات رەزىل كۈچلەر» گە قارشى جەڭ قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، «تىنچلىق يولىدىكى ھەربىر سەممىي ھەرىكەتنى ئالقىشلايدىغان» لىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىشقا يەنە بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى رەھبىرى تەختكە چىققاندىن كېيىن ستالىن دەۋرىدىكى تاشقى سىياسەتنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشىپ، يارىشىش پوزىتسىيەسىدە بولدى: بارلىق خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىپ، گىرېتسىيە ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈركىيەگە زېمىن تەلىپى قويۇشتىن ۋاز كەچتى، فىنلاندىيەگە پوركالا ـ ئۇد دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى قايتۇرۇپ بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى ۋەھاكازا. 1956 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدا، خرۇشېف «تىنچ بىللە تۇرۇش سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ باش لۇشيەنى» دەپ،

ئامېرىكا بىلەن «تىنچلىق مۇسابىقىسى» غا چۈشۈشنى تەكىتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يارىشىپ قېلىش، ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈستىدە خېلى ئىمزادەندى.

1953 ـ يىلىدىكى چاۋشىيەندە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى، 1954 ـ يىلى جەنۋەدە چىقىرىلغان ھىندىچىنى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار غەرب بىلەن شەرقنىڭ يارىشىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى، ئاۋسترىيە سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇھىم بىر بۆسۈش بولدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر ئاۋسترىيە مەسىلىسىدە ئۇزاق مۇددەت سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ كېلىشىم ھاسىل قىلالماي كەلگەنىدى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بايانات ئېلان قىلىپ، ئىلگىرى چىڭ تۇرۇپ كەلگەن «ئاۋسترىيەگە قارىتا سۈلھى شەرتنامە تۈزۈشتە گېرمانىيەگە قارىتا سۈلھى شەرتنامە تۈزۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش» مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، ئاۋسترىيەنىڭ بىتەرەپلىكىنى شەرت قىلىش ئاساسىدا، ئاۋسترىيە بىلەن دۆلەت شەرتنامە تۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن دەرھال تۆت دۆلەت يىغىنى ئېچىش تەكلىپىنى بەردى. 4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئاۋسترىيەنىڭ سۆھبىتىدىن رازى بولغۇدەك نەتىجە چىقتى. 1955 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر ئاۋسترىيە بىلەن «مۇستەقىل ۋە دېموكراتىك ئاۋسترىيە دۆلىتىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئاۋسترىيەنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل ۋە دېموكراتىك دۆلەت» ئىكەنلىكىدەك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، گېرمانىيە بىلەن ئاۋسترىيەنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ياكى ئىتتىپاق تۈزۈشنى

چەكلەپ، بارلىق فاشىستىك تەشكىلاتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش بەلگىلەندى، تۆت چوڭ دۆلەت ئاۋستىرىيەنىڭ «مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى» گە ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەت بېرىپ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشغالىيەتچى ئارمىيەلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغان بولدى. ئاۋستىرىيە دۆلىتى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى تۆت دۆلەتنىڭ ئاۋستىرىيەنى بۆلۈپ ئىشغال قىلىش ھالىتىگە خاتىمە بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋستىرالىيە مۇستەقىل ھەم چوڭ دۆلەتلەرنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەن بىتەرەپ دۆلەتكە ئايلىنىپ، ياۋروپادىكى تالاش - تارتىش قىزىق نۇقتىسى يوقالدى، بۇ، دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىشقا يول ھازىرلاپ بەردى.

1955 - يىلى 7 - ئايدا تۆت دۆلەت باشلىقلار يىغىنى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئېيزىنخاۋېر، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئېدېن، فىرانسىيە باش مىنىستىرى فاۋرې، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى بۇلگانىن ۋە ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 - سېكرېتارى خرۇشېفلار يىغىنغا قاتناشتى. بۇ پوتسدام يىغىنىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق چوڭ دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى ئىدى.

گېرمانىيە بىلەن ياۋروپا خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن، يىغىندا تالاش - تارتىشنىڭ فوكۇس نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر «ئەركىن سايلام» ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولۇش، يەنى گېرمانىيەنى غەرب ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كىرىشنى چىڭ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى «گېرمانىيە زېمىنىدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى دۆلەت شەكىللىنىپ بولدى»، يەنە كېلىپ فېدېراتىپ گېرمانىيە

شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان، ئاھالىسىمۇ پۈتۈن گېرمانىيەدىكى ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا «ئەركىن سايلام» ئۆتكۈزۈش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، دەپ قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئىشنى ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشتىن باشلاش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، ياۋروپا كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك سىستېمىسىنى ئىككى باسقۇچقا بولۇپ قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بىرىنچى باسقۇچتا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ ساقلاپ قېلىنىدىغان بولۇپ، دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە بۇ ئىككى گۇرۇھقا ئايرىم ـ ئايرىم قاتنىشالايتتى، گۇرۇھقا قاتناشقان دۆلەتلەر بىر ـ بىرىگە قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك، بارلىق تالاش ـ تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچتا ئىككى چوڭ گۇرۇھ بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك سىستېمىسى دەسسىتىلىپ، گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى توساق بۇزۇپ تاشلىناتتى. غەربتىكى ئۈچ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش كومىتېتىغا سۇنغان لايىھەنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەلىرىنىڭ سانىنى 1 مىليوندىن 1 مىليون 500 مىڭغىچە قىسقارتىش، فرانسىيە، ئەنگلىيە ئارمىيەلىرىنىڭ سانىنى 650 مىڭغا قىسقارتىش تەكلىپىنى بەردى؛ ئاتوم قوراللىرى مەسىلىسىدە بىرىنچى باسقۇچتا، ئىشلىتىشنى مەنئى

قىلىش ۋە سىناقنى ئازايتىش، ئىككىنچى باسقۇچتا، ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەشنى تەۋسىيە قىلدى. ئامېرىكا «ئاسمان بوشلۇقىنى ئېچىۋېتىش»، ھەربىي مۇئەسسەسەلەر پىلانىنى ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنى ھاۋادىن كۆزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا ھەر كىم ئۆز گېپىنى يورغىلاتقانلىقتىن، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۇچرىشىشى مەسىلىسىدە، يىغىنغا قاتناشقان ئەللەر ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەركىن باردى - كەلدى قىلىشى ۋە تىنچ سودا قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان توسالغۇلارنى تەدرىجىي تۈگىتىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەركىن ئالاقە ۋە ئۇچرىشىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشۇلدى.

تۆت دۆلەت باشلىقلىرى جەنۋە يىغىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مىنىستىرلار يىغىنىدا بىرەر ماھىيەتلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. بىراق، جەنۋە يىغىنىدا نىمىلا دېگەنبىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن بۇيان ئۆزۈلۈپ قالغان چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى ئارىسىدىكى سۆزلىشىش ئەسلىگە كېلىپ، خەلقئارادىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشتە پائال رول ئوينىدى.

تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى 1955 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتىپ گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئادېناۋېرنى «ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش» مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن موسكۋادا زىيارەتتە بولۇشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭدا تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئادېناۋېر: سوۋېت ئىتتىپاقى «شۈبھىسىزكى، فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت بىلەن باشقا غەرب ئەللىرى ئارىسىغا شىنا قېقىشقا

ئورۇنۇۋاتىدۇ» دەپ قارىدى، ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە غەرب ئەللىرىنىڭ فېدېراتىپ گېرمانىيەگە بولغان ئىشەنچىسىدىن قۇرۇق قالسا بولمايتتى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش ۋاقتىنى تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇردى. ئادېناۋېر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىلگىرى - كېيىن ۋاشىنگتون ۋە لوندوندا زىيارەتتە بولۇپ، تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە كېڭەشتى، ئاندىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاۋاب نوتا يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئادېناۋېر 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە موسكۋادا زىيارەتتە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئادېناۋېر گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىشنى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، سۆھبەت بىر مەھەل قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىشكە كۆندى. 13 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇپ، رەسمىي يوسۇندا باش ئەلچى دەرىجىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بىراق، ئەتىسى ئادېناۋېر مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن گېرمانىيە خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، گېرمانىيەنىڭ شەرقىي قىسىم چېگراسى ئاخىرقى چېگرا ئەمەس، فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىنلا مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى خاللستېين: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەرقانداق دۆلەت

www.uyghurkitap.com

دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتسا، فېدېراتىپ گېرمانىيە شۇ دۆلەت بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ» دەپ جاكارلىدى. «خاللستېينىزم» دېگەن مانا شۇ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، خرۇشېف ئادېناۋېرغا: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ ۋەزىپە تۇرۇپتۇ، بىرىنچىسى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، ئامېرىكىغا ئوخشاش ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش؛ ئۈچىنچىسى، جۇڭگودا 600 مىليون ئاھالە بار، يەنە كېلىپ يىلىغا 12 مىليوندىن كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە نەگە بارىدۇ؟» دېدى. ئۇ ئادېناۋېردىن ئۆزىنىڭ ياۋروپادىن خالاس بولۇپ، زېھنىنى جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىشىغا ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئادېناۋېر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قوشۇلدى، چۈنكى بۇنداق قىلسا، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ئۆسەتتى، يەنە كېلىپ غايەت زور بىر بازارغا ئېرىشەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق يەنە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پايدىغا ئېرىشەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، دېموكراتىك گېرمانىيەنى گېرمانىيەدىكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت دەپ ھېسابلىدى، ئارقىدىنلا ئۇنى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى گېرمانىيە شەكىللىنىپ، گېرمانىيەنىڭ بۆلۈنۈشى تېخىمۇ مۇقىملىشىپ قالدى. بېرلىن مەسىلىسىگە كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىر پارچە نوتا ئېلان قىلىپ، غەربىي بېرلىننى ھەربىيسىز ئەركىن شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. ناۋادا ئالتە ئايغىچە شۇنداق

قىلالمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ئالدىغا دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالايدىغانلىقىنى، يەنى دېموكراتىك گېرمانىيە غەربىي بېرلىنغا ئۆتىدىغان يولنى ئومۇمىيۈزلۈك تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، ئامېرىكا بۇ تەكلىپنى شۇ ھامانلا رەت قىلدى.

خىرۇشېف تەختكە چىققاندىن كېيىن تۈرلۈك يوللار بىلەن توختىماي ئۆچۈر بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا باشلىقلار سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 1959 ـ يىلى يازدا خىرۇشېف ئاندىن ئېيزېنخاۋېرنىڭ تەكلىپ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ «بىز ئاخىر ئامېرىكىنى بىز بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدۇق» دېدى. خىرۇشېف ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇش ھارپىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەت دەسمايىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئايغا چىقىدىغان راكېتا قويۇپ بەردى. 1959 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خىرۇشېف ۋاشىنگتونغا كېلىپ، ئېيزېنخاۋېرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ نۇرغۇن شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، بارغانلا يېرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا تىنچ، دوستانە ئۆتۈپ، ئوبدان ھەمكارلاشسىلا، ئىككى دۆلەت يېڭىپ بولالمايدىغان توسقۇنلۇق يوق، دەپ گەپ ساتتى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋە 28 ـ كۈنى خىرۇشېف داۋىد لاگېرىدا ئېيزېنخاۋېر بىلەن ئىككى كۈن سۆھبەتلەشتى. ئېيزېنخاۋېر ناۋادا خىرۇشېف بېرلىن مەسىلىسىنى ئالتە ئايدا ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇلتىماتۇمىنى قايتۇرۇۋالمايدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋسىيە قىلغان تۆت چوڭ دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرى سۆھبىتىگە ھەرگىز قاتناشمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىرۇشېف سۆھبەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىلاجسىز بۇ شەرتكە كۆنۈپ، ئۆزىنىڭ مۇئەييەن مۆھلەت ئىچىدە دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن سۈلھى شەرتنامە تۈزۈش

توغرىسىدىكى تەكلىپىنى بىكار قىلىش ھەققىدە ئامېرىكا پىرېزىدېنتىغا كاپالەت بەردى. ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش مەسىلىسىدە، خرۇشېف باشقا دۆلەتلەردىن قوشۇن چېكىندۈرۈش، چەت ئەل زېمىنىدىكى ھەربىي بازىلارنى چېقىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇنداقتا ئامېرىكا ئارمىيەسى غەربىي ياۋروپادىن ھەيدىۋېتىلەتتى. ئامېرىكا غەربىي ياۋروپادىكى مەنپەئەتىدىن ئەلۋەتتە ۋاز كەچمەيتتى. ئېيزېنخاۋېر بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشى يوسۇندا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمدى يادرو سىنىقى قىلماسلىقىنى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يادرو قورال سەۋىيەسىنى توڭلاتقانغا باراۋەر بولۇپ، بۇنداقتا ئامېرىكا يادرو ئۈستۈنلۈكىنى مەڭگۈگە ساقلاپ قالالايتتى. بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلۋەتتە كۆنمەيتتى. داۋىد لاگېرىدىكى سۆھبەتتە زور ئىلگىرىلەش بولمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىرلىنىنىڭ تېگىپلا كەتسە پارتلايدىغان جىددىي ۋەزىيىتىنى پەسكويغا چۈشۈردى، ئامېرىكا تۆت چوڭ دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرى يىغىنىنى ئېچىشقا قوشۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېيزېنخاۋېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئاز - تولا ياخشىلىنىش بولدى.

ئېيزېنخاۋېر ئەسلىدە پارىژدىكى تۆت دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن، 1960 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولماقچى ئىدى. بىراق، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ 2 -U تىپلىق جاسۇسلۇق ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا تېررىتورىيەسىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئېيزىنخاۋېر خرۇشېۋ ئوتتۇرىغا قويغان ئاشكارا ئەپۇ سوراش تەلىپىنى رەت قىلغانلىقتىن، ئالىي رەھبەرلەر يىغىنى ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش پىلانى يوققا چىقتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى.

1961 - يىلى 1 - ئايدا كېننېدى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولدى. 4 - ئايدا ئامېرىكا پىلانلىغان كۇبانىڭ كوچىنوس قولتۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خرۇشېۋ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، يېڭى پرېزىدېنتنىڭ بېرلىن مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيەسىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ۋېيىنادا ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى يىغىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. كېننېدى بۇ خىرىسنى قوبۇل قىلىپ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋېيىنادا خرۇرشېۋ بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەت داۋامىدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، كېننېدى يادرو سىنىقىنى چەكلەش جەھەتتە بىر تۈرلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. خرۇشېۋ يادرو سىنىقىنى چەكلەشنى «ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۈزۈل - كېسىل قىسقارتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك» دەپ قارىدى. گېرمانىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە، خرۇشېۋ بېرلىننى «ئەركىن شەھەر» قىلىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى، ناۋادا ئامېرىكا بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىماقچى بولدى. ئۇ چاغدا، غەرب ئەللىرى غەربىي بېرلىنغا كىرمەكچى بولسا، دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، كېننېدى بۇ تەلەپنى كەسكىن رەت قىلدى. سۆھبەتتىن

ھېچقانداق نەتىجە چىقماي، قاتناشقانلار كۆڭۈلسىز خوشلاشتى.
ۋېيېنا سۆھبىتىدىن كېيىن خرۇشېف بېرلىندىن ئىبارەت بۇ « يامان سۇپەتلىك ئۆسمە » نى كېسىۋېتىش نىيىتىگە كېلىپ، غەربنىڭ غەربىي بېرلىندىن ئالتە ئاي مۆھلەت ئىچىدە قوشۇن چېكىندۇرۇشى كېرەكلىكىنى قايتا تەكىتلىدى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا خرۇشېف ئەسكەرلەرنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنىشىنىڭ ۋاقتىنچە توختىتىلغانلىقىنى، ھەربىي خىراجەتنىڭ 1/3 ھەسسە ئاشۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مالىنوۋسكىي ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر ئارمىيەلىرىنىڭ دېموكراتىك گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋېرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. خرۇشېف: «ناۋادا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭغا ئىتتىپاقداش ئەللەرنىڭ ھەربىي بازىلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يىتچىت قىلىمىز، كېنىنېدى ئامېرىكىنىڭ ئاخىرقى پىرېزىدېنتى بولۇپ قالىدۇ» دەپ پوپوزا قىلدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈندىن 5 - كۈنىگىچە، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر پارتىيەلىرىنىڭ 1 - سېكرېتارلىرى موسكۋادا يىغىن ئاچتى. يىغىندا: ناۋادا غەرب ئەللىرى گېرمانىيە بىلەن سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشنى خالىمىسا، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر ئۆز ئالدىغا گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن سۈلھى شەرتنامە تۈزىدۇ ھەم بېرلىنغا «ئەركىن شەھەر» لىك ئورنى بېرىدۇ، دەپ بايانات ئېلان قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە شەرقىي، غەربىي بېرلىن پاسىلىنى بويلاپ «بېرلىن تېمى» سېلىپ، يولنى قامال قىلىپ، پەقەت پاسىلدا توققۇز چېگرادىن ئۆتۈش پونكىتى قالدۇردى. كىشىلەر باردى - كەلدى داۋامىدا تەكشۈرۈلىدىغان بولدى.
كېنىنېدى بۇنىڭغا شۇ ھامانلا قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە ئېلان قىلىنغان تېلېۋىزىيە نۇتقىدا:

«بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزنى قورال كۈچىگە تايىنىپ بېرلىندىن قوغلىۋېتىشكە قاراپ تۇرالمايمىز ھەم قەتئىي يول قويمايمىز. ئامېرىكا بېرلىننىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشتىن يانمايدۇ» دېدى. ئۇ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنىڭ كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى، قىسمەن زاپاس خادىملار ۋە خەلق مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ چاقىرتىلىدىغانلىقىنى، غەربىي ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنىڭ كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا كۈچىنىڭ ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ پاراشوتچى قىسمى فېدېراتىپ گېرمانىيەدىكى ھەربىي مانېۋىرغا قاتنىشىشقا يۆتكەلدى، B – 52 تىپلىق ۋە B – 47 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ 50% ى تەييارلىق ھالىتىگە كىردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تانكىلىرى بېرلىن تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىپ تۇردى، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قول سالىدىغاندەكلا قىلاتتى، بېرلىن كىرىزىسى يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

بېرلىن كىرىزىسى ئاخىر خرۇشېفنىڭ يول قويۇشى ئارقىسىدا پەسىيىپ قالدى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خرۇشېف سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 22 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە: «بىز 1961 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن سۈلھى شەرتنامە تۈزۈشتە چىڭ تۇرۇۋالمايمىز» دېدى. يەنە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەلىرىنىڭ غەربىي بېرلىندىن چېكىنىش مۆھلىتىنى بىكار قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە غەربىي بېرلىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاخىرقى مۆھلىتى يوقلۇقىنى، قاچان شارائىت پىشىپ يېتىلسە، شۇ چاغدا ھەل قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بېرلىن ۋە گېرمانىيە مەسىلىسى توختىتىلىپ، كىرىزىسنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

1962 - يىلى يەنە كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى پارتلىدى. بۇ يىلى 8 - ئايدا خرۇشېف كۇبانى قوغداش نامى

بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى كۇباغا مەخپىي توشۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى يادرو تەھدىتى پەيدا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى كۈچەيتىش ئىدى. ئامېرىكىنىڭ U ـ 2 تىپلىق ئايروپىلانى رازۋېدكا قىلىش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇبادا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش مەيدانى ياساۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، سۈرەتكە تارتىۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچتە كېنېدى تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆزەتكۈچىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۇبادىكى ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى دەرھال چۇۋۇپ تاشلىشى ۋە چېكىندۈرۈپ كېتىشى كېرەك» دېدى ھەمدە كۇبانى قوراللىق قامال قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسى ھوشيارلىق ھالىتىگە ئۆتتى. 23 ـ كۈنى كېنېدى «ھۇجۇم قوراللىرىنى كۇباغا يۆتكەشنى مەنئى قىلىش» توغرىسىدىكى ئېلاننى ئىمزالاپ تارقىتىپ، ئامېرىكىنىڭ كۇباغا ماڭغان كېمىلەرنى توسۇپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا فلورىدا ئىشتاتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشتاتلارغا قۇرۇقلۇقتا چىققۇچى زور قوشۇن توپلاپ، يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى بازىغا ئەكېلىپ، يادرو ئوق بېشى سەپلەنگەن ئىستراتېگىيەلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى جەڭگە تەق قىلىپ قويدى. كارىب دېڭىزى كرىزىسى ئېغىرلىشىپ، تېگىپلا كەتسە ئۇرۇش پارتلايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق ئوكيان فىلوتىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، كارىب دېڭىزى رايونىدا ئامېرىكىغا تەڭ كېلىپ بولالمايتتى. كېنېدىنىڭ يادرو قوراللىرىغا تايىنىپ پوپوزا قىلىپ قىستىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن خرۇشېف يول قويۇش سىياسىتىنى قوللاندى. 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋە 27 ـ كۈنى

خرۇشېف كېيىنكىدىغا ئىككى قېتىم خەت يېزىپ، كۇبادىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئەكېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇردى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خادىم ئەۋەتىپ نازارەت قىلىشىغا ماقۇل بولدى، ئەمما ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئەكېتىشىنى شەرت قىلدى. كېنىدى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋۋال ھۇجۇم قوراللىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ كۇباغا كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خرۇشېفنىڭ ئامېرىكىغا قويغان تۈركىيەدىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئەكېتىش تەلىپىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خۇپىيانە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خرۇشېف 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كۇبادىن ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئىل 28 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى چېكىندۈرۈپ ئەكېتىشكە، بۇنىڭدىن كېيىن كۇباغا ھۇجۇم قوراللىرىنى يۆتكەپ كەلمەسلىككە قوشۇلدى. ئامېرىكىمۇ كۇباغا قارىتىلغان ھەربىي قامال قىلىشنى بىكار قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئامېرىكا يەنە كۇباغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيەگە ئورۇنلاشتۇرغان يۇپىتېر ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئېلىۋېتىشكە قوشۇلدى. كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

**شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە جىددىيلىشىشىنىڭ پەسىيىشى** كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە پوپوزا قىلىپ، بىر ـ بىرىگە تەھدىت سالغانلىقتىن، يادرو ئۇرۇشى پارتلاش خەۋپى كۆرۈلگەنىدى. بىراق، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ يادرو دۆلىتى دەل مۇشۇ كرىزىستىن يادرو قوراللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئەجەللىك تەھدىتىنى كۆرۈپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار يادرو قورال جەھەتتىكى

مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى چەكلىدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى تىنچ تولۇق بېسىقماي تۇرۇپلا، خرۇشېف 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېننېدىغا كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسىنى ھەل قىلىش كېلىشىمىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ كېلىشىمنىڭ ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشنى چەكلەش كېلىشىمى ھاسىل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئەتىسى كېننېدى جاۋاب خەت يېزىپ، ئاۋۋال «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىش» ۋە «يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشنى چەكلەش» مەسىلىسىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن قاتماللىشىپ قالغىنىغا بەش يىلدىن ئاشقان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى سۆھبىتىدە توساتتىنلا بۆرۈلۈش بولدى.

1963 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر موسكۋادا «ئاتموسفېرا، ئېكزوسفېرا بوشلۇقى ۋە سۇ ئاستىدا يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشنى چەكلەش شەرتنامىسى»، يەنى يادرو قوراللىرى سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، ئاتموسفېرا ۋە سۇ ئاستىدا يادرو قوراللىرى سىنىقى قىلىشنى چەكلەش ھەمدە رادىياكتىپ توزۇندىلار سىناق قىلغان دۆلەت تېررىتورىيەسى سىرتىغا تارقىلىپ كېتىدىغان باشقا يادرو سىنىقىنى چەكلەش بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە يەر ئاستىدا يادرو سىنىقى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىل

يادرو كۆچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى.
يادرو قوراللىرى سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسى ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى، دۇنيادىكى 100 دىن ئارتۇق دۆلەت بۇ شەرتنامىگە قاتناشتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو قوراللىرى سىنىقىنى چەكلەش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە موسكۋا بىلەن ۋاشىنگتون ئارىسىدا «قىزىل لىنىيە» ئورنىتىش كېلىشىمى هاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كرىمېل سارىيى بىلەن ئاقساراي بىۋاسىتە ئالاقە باغلاپ ۋە كېلىشىپ، هەرقانداق ئۇقۇشماسلىقتىن يادرو ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بولدى. 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى يادرو قوراللىرى سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسىنى تەستىقلىدى. كېيىنىدى يەنە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاي شارىنى ئورتاق تەكشۈرۈشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۇغداي سېتىپ بېرىشنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان گەۋدىلىك ياخشىلىنىش بولدى.

1968 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنى باشقا دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى، يادرو قورالى يوق ھەرقانداق دۆلەتنىڭ يادرو قورالى ياسىشى ياكى يادرو قورالىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بەرمەسلىكى، ئىلھام بەرمەسلىكى؛ يادرو قورالى يوق دۆلەتنىڭ يادرو قوراللىرىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قوبۇل قىلماسلىقى ھەمدە خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە باش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. شەرتنامىدە يادرو چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ يادرو

قوراللىرىنى ئالدىن ئىشلەتمەسلىك، يادرو قوراللىرىنى كېمەيتىش ۋە يوقىتىش مەجبۇرىيىتى ئەسلا تىلغا ئېلىنمىغانىدى. دۇنيادىكى 100 دىن ئارتۇق دۆلەت بۇ شەرتنامىگە قاتناشتى، جۇڭگو بىلەن فىرانسىيە قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق ئۆزگىرىش بولدى. شۇڭا، برېژنېف جىددىيلىكنى پەسەيتىش سىياسىتىنى تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن يولغا قويدى. 1969 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىدىغان بىر يۈرۈش تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ سۆزلىشىشىنى، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ياۋروپا كوللېكتىپ خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى» قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. 1971 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 24 ـ قۇرۇلتىيىدا، ئۇ جىددىيلىكنى پەسەيتىش مەركەز قىلىنغان ئالتە نۇقتىلىق «تىنچلىق پروگراممىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جىددىيلىكنى پەسەيتىشنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى جاكارلىدى. برېژنېف بۇنداق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى، سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غەربتىن مەبلەغ ۋە ئىلغار تېخنىكىغا ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىدىن ئومۇميۈزلۈك ئېشىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئارقىلىق غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدا دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. غەربىي بېرلىن كېلىشىمى، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلار

سوۋېتتى، ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتى قاتارلىقلار 70 ـ يىللاردىكى شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىدە ئېيتىلغان «جىددىيلىكنى پەسەيتىش دەۋرى» نىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئۆچ دۆلەتنى غەربىي بېرلىن مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. 1971 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «تۆت چوڭ دۆلەت كېلىشىمى» ياكى «غەربىي بېرلىن كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كېلىشىمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ غەربىي بېرلىندىكى ئورنىنى ئۆزگەرتىشتە چېك تۇرماي، «تۆت دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەتلىرى ۋە ئورتاق ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەتلىرىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى»غا قوشۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي بېرلىن ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى «چېگرا قاتنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. كېلىشىمدە غەربىي بېرلىن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، دەپ بەلگىلەندى. ئەمما، قوشۇمچە ھۆججەتتە يەنە: فېدېراتىپ گېرمانىيە «غەربىي بېرلىندىكى دائىملىق ئاھالىلەرگە كونسول مۇلازىملىقى قىلسا بولىدۇ»، «تۈزۈلگەن خەلقئارا كېلىشىملەرنى بەلگىلىمىدىكى رەسمىيەت بويىچە بېرلىننىڭ غەربىي رايونىغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە «خەلقئارا تەشكىلات ۋە خەلقئارا يىغىنلاردا بېرلىننىڭ غەربىي رايوننىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولدى». 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە بۇنىڭدا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا شەرتنامە ئىمزالاپ، بىر ـ بىرىنى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلدى، ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك

ئاساسىدا ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇردى. 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىككى گېرمانىيە بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا برېژنېۋ فېدېراتىپ گېرمانىيەدە زىيارەتتە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە سانائەت ھەمكارلىق كېلىشىمى، مەدەنىيەت ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە ئاۋىياتسىيە كېلىشىمىنىڭ قوشۇمچە پۇتۇمنامىسىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى گېرمانىيە مەسىلىسىگە ئائىت تالاش ـ تارتىشلار مەلۇم دەرىجىدە ھەل بولۇپ، شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنىڭ پەسىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلار سۆھبىتى 70 ـ يىللاردىكى شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن جىددىيلىكنى پەسەيتىشنىڭ مۇھىم يولى، دەپ قارىلىدۇ. 70 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تۆت قېتىم باشلىقلار سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، سانائەت، تېخنىكا ھەمكارلىقى، سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مېدىتسىنا ۋە ساقلىق ساقلاش، مۇھىت ئاسراش، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەزمۇندىكى نەچچە ئون كېلىشىمنى ئىمزالىدى، ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنى چەكلەش مەسىلىسى ھەر قېتىملىق باشلىقلار سۆھبىتىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە تەڭ دېگۈدەك كېتىۋاتقانلىقتىن، ئاتالمىش «قورقۇنچلۇق كۈچلەر باراۋەرلىكى» كېلىپ چىققانىدى. ئىككى تەرەپ يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ ھەربىي خىراجەت يۈكىنى قورقۇنچلۇق

دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، قارشى تەرەپنى سۆھبەت ئارقىلىق چەكلەپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ياكى ئۆزى ئەۋزەل ئورۇنغا چىقىۋېلىشى زۆرۈر ئىدى. 1972 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىكسون 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان تۇنجى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى سۈپىتىدە، برېژنېف بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت پىرىنسىپى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئىمزالاپ، بارلىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، يادرو ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ھەمدە تالاش ـ تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە «ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېمىنى چەكلەش شەرتنامىسى» ۋە «ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەيدىغان بەزى تەدبىرلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

1972 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىكسون سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، برېژنېف بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، «ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى» ۋە «ئوتتۇرا ياۋروپا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنى» نى ئايرىم يوسۇندا تەڭلا ئېچىشقا قوشۇلۇپ، 1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى «ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى» ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيانقى تالاش ـ تارتىشنى ئاخىرلاشتۇردى. 1972 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خېلسىنكىدا 35 دۆلەتنىڭ باش ئەلچى دەرىجىلىك «ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشى» گە تەييارلىق كۆرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى باسقۇچتا نەچچە مىڭ قېتىملاپ يىغىن ئېچىشى ئارقىلىق «ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى» نىڭ «ئاخىرقى ھۆججىتى» تۈزۈپ چىقىلدى. 1975 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ

كۈندىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۆچىنچى باسقۇچلۇق 35 دۆلەت باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى فورد، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى برېژنېف قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا «ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشىنىڭ ئاخىرقى ھۆججىتى»، يەنى «خېلسىنكى خىتابنامىسى» ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە «يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى خىتابنامىسى»، «ئىشەنچ تۇرغۇزۇش تەدبىرى ۋە خەۋپسىزلىك، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى بەزى ھۆججەتلەر»، «ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە باشقا جەھەتتىكى ھەمكارلىق»، «ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە مۇھىت جەھەتتىكى ھەمكارلىق» قاتارلىق ھۆججەتلەرمۇ بار ئىدى. ھۆججەتتە «چېگرالار تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدۇ»، «يادرو قورالىنى ئىشقا سېلىش ياكى يادرو قورالى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تەھدىت سېلىش چەكلىنىدۇ» دېيىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا چېگراسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى مۇقىم ساقلاپ قېلىش توغرىسىدىكى جىددىي تەلىپى قاندۇرۇلدى. بىراق، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن «چېگرانى خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن تىنچلىق ۋاستىسى ۋە كېلىشىم ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلدى. ئىشەنچ تۇرغۇزۇش تەدبىرى جەھەتتە، يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر چېگرادا 250 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە 15 مىڭ كىشىلىكتىن يۇقىرى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەن چاغدا، مانېۋىردىن 21 كۈن ئىلگىرى يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەرگە ئۇقتۇرۇشى ھەم ئۇلارنى كۆزەتكۈچى ئەۋەتىپ، مانېۋىرنى كۆزىتىشكە تەكلىپ قىلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەندى. ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە، يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن قىلىشقا ئەھمىيەت

بېرىشى ئۈمىد قىلىندى. غەربنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى خادىملارنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ «ئەركىنلىشىشى» نى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھۆججەتتە «ھەرقايسى ئەل خادىملىرى، ئاپپاراتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىكى تېخىمۇ ئەركىن باردى - كەلدى ۋە ئۇچرىشىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش»، ئائىلىدىكىلەرنىڭ جەم بولۇشى، دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشىمىغان يۇقىرىلارنىڭ نىكاھلىنىشى، ياشلارنىڭ ئۇچرىشىشى قاتارلىقلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. «ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشى» نىڭ چاقىرىلىشى 70 - يىللاردىكى شەرق - غەرب مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشنىڭ بىر يۇقىرى دولقۇنى بولۇپ قالدى.

ئوتتۇرا ياۋروپا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنى 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋېنادا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى، يىغىنغا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا 19 دۆلەت قاتناشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 34 نۆۋەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، 385 قېتىم يىغىن ئېچىلدى. ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇردى: شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى «ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭپۇڭ قىسقارتىش»، كۆپ بولسا كۆپ قىسقارتىش، ئاز بولسا ئاز قىسقارتىش، ئاخىردا يەر يۈزى قىسىملىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى سانى ئۆزئارا تەڭ بولۇش، ھەر كىم 700 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى «ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭ قىسقارتىش»، يەنى ئوخشاش سان ياكى ئوخشاش نىسبەتتە قىسقارتىشنى تەشەببۇس قىلدى. كۆپ يىل سۆھبەتلىشىش داۋامىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان كونكرېت لايىھە ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ

ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتكۈسى كەلمىدى. ئىككى تەرەپ يەنە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئەمەلىي سانى مەسىلىسىدە توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلدى. 1983 ـ يىلى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئارمىيەسىدە جەمئىي 979 مىڭ ئادەم بولۇپ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئارمىيەسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىكى ئادەم سانىنى ئۆزىنىڭكىدىن 150 مىڭ ئادەم ئارتۇق دەپ قارىدى. ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئارقىلىق قارشى تەرەپنى چەكلەپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەربىي جەھەتتە ئەۋزەل ئورۇنغا ئۆتۈشنى ئويلىغانلىقتىن، ئوتتۇرا ياۋروپا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتىدە ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى، سۆھبەتمۇ داۋاملىشىۋەردى.

## 2 ـ بۆلۈم ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتى ۋە شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتى

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى دۇنيا قىسقىغىنا نەچچە ئون يىلدا ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئاپىتىنى باشتىن كەچۈردى، شۇڭا كىشىلەر ئۇرۇشتىن نەپرەتلىنىپ، تىنچلىقنى، جۇملىدىن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، زور ھەربىي خىراجەت چىقىمىنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇلاردىن سىرت، يادرو قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى يوقىلىش تەھدىتىگە دۇچار قىلدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتمۇ يادرو قوراللىرى مۇسابىقىسىنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا كېڭىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، زىممىسىگە چۈشكەن يۈككە ۋە يادرو ئۇرۇشى كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا، پۈتۈن دۇنيا خەلقىلا تىنچلىقنى قوغداشقا ئەڭ كۈچلۈك بۆلۈپ قالماي، بەلكى بۇ يەنە غەرب ـ شەرق مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ تۈپ مەسىلىگە ئايلاندى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتى بارغانسېرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، تۆت باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. بىرىنچى باسقۇچ 1969 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1972 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ جەرياندا ئاساسلىقى مۇداپىئە كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرى ۋە ھۇجۇم قوراللىرىنى چەكلەش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ يەتتە نۆۋەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. 1972 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىكسون سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ئاخىر برېژنېۋ بىلەن «باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېمىنى چەكلەش شەرتنامىسى» ۋە «ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەيدىغان بەزى تەدبىرلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق كېلىشىم» نى ئىمزالىدى. ۋاقىتلىق كېلىشىمدە، ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى 1972 ـ يىلدىكى سەۋىيەدە توڭلىتىدىغانلىقىنى، يەنى قۇرۇقلۇقتا قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1618 دانە، ئامېرىكىنىڭ 1054 دانە؛ سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 740 دانە، ئامېرىكىنىڭ 656 دانە بولىدىغانلىقى

بەلگىلەندى. بۇ كېلىشىمدە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ سۈپىتى ۋە يادرو ئوق بېشىنىڭ سانىغا چەك قويۇلمىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1979 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. ۋاقىتلىق كېلىشىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بىر تولۇق هۇجۇمچى قوراللارنى چەكلەش شەرتنامىسى تۈزۈپ چىقىشنى چۆرىدىگەن هالدا 15 نۆۋەت سۆھبەت ۋە بەش قېتىم باشلىقلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى. 1973 ـ يىلى 6 ـ ئايدا برېژنېف ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇپ، نىكسون بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئىككى تەرەپ «يادرو ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېلىشىمى»، «هۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى يەنىمۇ چەكلەش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ» قاتارلىق هۆججەتلەرنى ئىمزالىدى. بۇ هۆججەتلەردە: «ئىككى تەرەپ هۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەيدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك كېلىشىم تۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا باراۋەر خەۋپسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك هالدا بىر تەرەپنىڭ ئۈستۈنلۈكنى كۆزلىشىگە يول قويماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا ياكى بىر تەرەپ بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا يادرو توقۇنۇشى خەۋپى كېلىپ چىققۇدەك بولسا، ئىككى دۆلەت دەرهال كېڭەشىدۇ» دەپ جاكارلاندى. هۆججەتتە يەنە ئىككى تەرەپ هۇجۇم قىلغۇچى يادرو قوراللىرىنى «زامانىۋىلاشتۇرسا ۋە يېڭىلىسا» بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1974 ـ يىلى نىكسون سوۋېت ئىتتىپاقىنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، برېژنېف بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ، «يەر ئاستىدا يادرو قورالى سىناق قىلىشنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسى»، «باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېمىنى چەكلەش كېلىشىمنامىسى»، «هۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش مەسىلىسى توغرىسىدا قوشما بايانات» قاتارلىق هۆججەتلەرنى

ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ يەر ئاستىدا ئېكۋىۋالېنتى 150 مىڭ
توننىدىن ئاشىدىغان يادرو سىنىقى قىلماسلىقنى كېلىشىپ
بېكىتتى. باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى مۇداپىئە سىستېمى-
سىنى چەكلەش مەسىلىسىدە، 1972 - يىلىدىكى كېلىشىمدە بې-
كىتىلگەن بۇ سىستېما ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئىككى رايون بىر-
گە ئازايتىلدى. ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى
چەكلەش مەسىلىسىدە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قارشى
تەرەپنى چەكلەپ ئۆزىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن، كې-
لىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. 1974 - يىلى 11 - ئايدا پرېزىدېنت
فورد بىلەن برېژنېۋ ۋلادىۋوستوكتا خىزمەت يۈزىسىدىن ئۇچ-
رىشىپ، «ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللار توغرى-
سىدا قوشما بايانات» ئېلان قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ «باراۋەر
خەۋپسىزلىك» پىرىنسىپىغا ئاساسەن ھۇجۇم قىلغۇچى ئىسترا-
تېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش توغرىسىدا بىر تۇرلۇك كېلىشىم
ئىمزالاشقا قوشۇلغانلىقىنى، 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا
ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان
باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلىدى-
غان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە يادرو قوراللىرىنى توشۇيدىغان
ئىستراتېگىيەلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان سانىنى 2400 دىن
ئاشۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ئوق بېشى ئېلىپ يۈ-
رەلەيدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا توشۇغۇچى ئۈسكۈنىسىنىڭ
سانى 1320 دىن ئاشمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1979 - يىلى 6 -
ئاينىڭ 18 - كۈنى كات بىلەن برېژنېۋ ۋېيىنادا «ھۇجۇم قىلغۇ-
چى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش شەرتنامىسى» ئىمزا-
لىدى، بۇ شەرتنامە 1985 - يىلىغا قەدەر كۈچكە ئىگە بولۇپ،
ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قورال ئومۇمىي سانى 2250
دانە بولىدۇ، دەپ چەك قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈنىدىغان كۆپ
باشلىق سىنارەد ئېلىپ يۈرىدىغان توشۇغۇچى ئۈسكۈنىنىڭ سانى
1320 دانە بىلەن چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسترا-

تېگىيەلىك قوراللارنىڭ سوپىتىنى ياخشىلاشقا قويۇلىدىغان چەك ۋە تەكشۈرۈش چارىسى بەلگىلەندى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. كات ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا جازالاش تەدبىرى قوللىنىش ھەم بۇ شەرتنامىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇپ كۆچكە ئىگە قىلىشنى چەكسىز مۇددەتتە كېچىكتۈرۈشنى جاكارلىدى. 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى يەنە يېڭى شەرتنامە تۈزۈشتىن ئىلگىرى «بۇ شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىدىغان» لىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچىنچى باسقۇچ 1982 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 1983 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، ئاساسلىقى «ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش ۋە كېمەيتىش سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى قايسى جەھەتتىن كېمەيتكەندىلا، ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوت سوقۇپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش كويىدا بولدى. ئىككى تەرەپ ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغاچقا، سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى. 1985 ـ يىلى سۆھبەت ئەسلىگە كەلدى، 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بوشلۇق قوراللىرى، ئىستراتېگىيەلىك قورال ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو قوراللىرى مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەت باشلاندى. بۇ يېڭى باسقۇچلۇق سۆھبەت داۋامىدا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقتى. 1985 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە رېگان بىلەن گورباچېف بەش قېتىم ئۇچراشتى. 1989 ـ يىلى بۇش تەختكە چىققاندىن كېيىن مالتا، ۋاشىنگتون، خېلسىنكى ۋە پارىژدا تۆت قېتىم ئۇچرىشىش بولدى. ھەر قېتىم يادرو قوراللىرى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىندى،

ئەمما ئىلگىرىلەش ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە يول قويۇپ، ئىستراتېگىيەلىك قوراللار سۆھبىتى بىلەن «پىلانېتالار ئۇرۇشى» پىلانىنى «بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قاراش» قا قوشۇلۇشى ئارقىسىدىلا ئاندىن بۇرۇلۇش كۆرۈلدى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋاشىنگتوندا ئۇچرىشىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى كېمەيتىش شەرتنامىسىدىكى ئاساسلىق ماددىلار ئۈستىدە بىر «رامكا كېلىشىمى» ھاسىل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىرېزىدېنت بۇش موسكۋادا زىيارەتتە بولۇپ، گورباچېۋ بىلەن «ھۇجۇم قىلغۇچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى كېمەيتىش شەرتنامىسى» نى ئورتاق ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە يىلدا ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم 11% ۋە 36% كېمەيتىدىغانلىقى، يەنە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى توشۇغۇچى ئۈسكۈنىلىرى 1600 دىن ئاشمايدىغانلىقى، ھەر ئىككىلىسى يادرو ئوق بېشىنى 6000 دانىگە كېمەيتىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى 50%، ئامېرىكا 30% كېمەيتىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوراللار جەھەتتە ئۆتمۈشتىكى بىر ـ بىرىنى چەكلەش ھالىتىنى ئورتاق كېمەيتىش ھالىتىگە ئۆزگەرتتى، بۇمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش ھېسابلىناتتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو قوراللىرى جەھەتتە «تويۇنۇش» ھالىتىدە تۇرغانلىقى، ھەربىي تىركىشىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى ئاستىلىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەشنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقىنى كۈچەيتىشتىكى يول، ئۆزئارا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، ئۇرۇش خەۋپىنى ئازايتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرىدا يادرو

قۇراللىرىنى كېمەيتىش كېلىشىمى ھاسىل قىلالىدى. بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەر ھەربىي خىراجەت يۈكىنى يېنىكلىتىش، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىككى دۆلەت ۋە پۈتكۈل شەرق، غەرب مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ يامانلىشىشى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇشنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، ئامېرىكا بىلەن بالدۇرراق يادرو ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن غەيرىي ھەربىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىشكە ھەمدە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قولايلىق تۇغۇلاتتى. شۇڭا، گورباچېۋ سۆھبەت داۋامىدا بۇشقا قارىغاندا كۆپ يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىمۇ گورباچېۋنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئورنى ۋە ئىسلاھات سىياسىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك پەسىيىۋاتقان ۋەزىيەتنى ساقلاپ شەرتنامە ئىمزالاشقا كۆندى.

**«پىلانېتالار ئۇرۇش» — ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە پىلانى** 80 ـ يىللاردا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى كۈندىن ـ كۈنگە قىزىپ كەتتى، ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئالەم بوشلۇقى ئىستراتېگىيەلىك سىستېمىسىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. چۈنكى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مىڭلىغان ئىستراتېگىيەلىك يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ بومبىلار دۇنيانى بىرقانچە قېتىم ۋەيران قىلىۋېتىشكە يېتەتتى. يەنە كېلىپ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوخشاشلا قارشى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنىڭ ھۇجۇم تەھدىتى

ئاستىدا تۇرۇۋاتقاچقا، «قورقۇنچلۇق تەڭپۇڭلۇق» كېلىپ چىقتى. گەرچە ئىككى تەرەپ يەنىلا يېڭى بىر ئەۋلاد ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ھۇجۇم قىلىدىغان يادرو قوراللىرىغىلا تايىنىپ، نۆۋەتتىكى تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش تەسكە چۈشەتتى. بۇنداق قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى قورال سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئالەم بوشلۇقىدا يېڭى ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق بۇ تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، «4 ـ جەڭگاھ» (ئالەم بوشلۇقى)دىكى ئەۋزەللىكنى تالىشىش ئەمەلىيەتتە خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتتى، بۇ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتە ئامېرىكىدىن بالدۇر تۇتۇش قىلغان بولۇپ، سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللار جەھەتتە ئالدىغا ئۆتۈۋالغان ھەم ئالەم پونكىتى قۇرۇش پىلانىنى پائال يولغا قويغانىدى. ئامېرىكا بۇنى تەھدىت دەپ بىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىشىۋېلىشقا تىرىشتى. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى رېگان غەربتە «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» دەپ ئاتالغان بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاساسلىقى ئامېرىكا زېمىنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قويۇپ بەرگەن يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، 100 ـ 200 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا كۆپ قاتلام، كۆپ ۋاسىتىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېما قۇرۇپ چىقىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى قويۇپ بېرىدىغان قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرلىدىغان بومبا 29 مىنۇتتا ئامېرىكىغا چۈشىدىغان بولۇپ،

ياردەمچى قورۇلمىنىڭ تۇرتكىسىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش باسقۇچى، كېيىنكى ياردەمچى قورۇلمىسىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆرلەش باسقۇچى، ئوتتۇرىلىقتىكى ئۇچۇش باسقۇچى ۋە قايتىدىن ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان تۆت ئۇچۇش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرەتتى. «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئۇچۇۋاتقان ھەربىر باسقۇچتا قاتلام بويىچە مۇداپىئە تورى تۇرغۇزۇلىدىغان بولۇپ، ئوخشىمىغان ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم توسۇۋېلىناتتى. ھەربىر قاتلامدىكى مۇداپىئە تورىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇۋېلىش نىسبىتى 90% كە يېتىش تەلەپ قىلىناتتى. مۇشۇنداق تۆت قاتلاملىق توسۇشتىن كېيىن ئامېرىكا زېمىنىغا يېتىپ بارالايدىغان يادرو ئوق بېشى ھېچقانچە قالمايتتى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن رېگان ھۆكۈمىتى 60 ـ يىللاردىن بېرى يولغا قويۇپ كەلگەن «ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىش» تەك يادرو ئىستراتېگىيەسىنى تەڭشەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «خەۋپسىزلىككە ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى دەسسەتتى. «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانى مۇشۇنداق يېڭى يادرو ئىستراتېگىيە نەزەرىيەسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

رېگان ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى ئىستراتېگىيەنى پائال يولغا قويدى، بىرىنچىدىن، باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى مۇداپىئە سىستېمىسىنى «قالقان»، يادرو ھۇجۇم قورالىنى «شەمشەر» قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكىنى ئالدىغا ئىلگىرىلىگەندە ھۇجۇم قىلالايدىغان، چېكىنگەندە مۇداپىئە كۆرەلەيدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەل ئورۇنغا چىقىرىش لازىم ئىدى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى» ۋە تېخنىكىدىكى قالاقلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم ئىدى. غەربنىڭ مۆلچەرىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 15% ىنى ھەربىي خىراجەتكە سەرپ قىلغان بولۇپ، مۇشۇنداق زور قۇربان بېرىش ئارقىلىقلا، ئامېرىكا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك ھەربىي ھازىرلىقلارنى رويابقا چىقارغانىدى. بۈگۈنكى «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» بولسا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن غايەت زور بىر تۈرلۈك يېڭى خىرىس ھېسابلىناتتى. ئامېرىكىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويالىسىلا، ئۇنىڭغا سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ دېگىنىگە كۆنمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا يەنە «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، يادرو تېخنىكىسى، ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى، ئېلېكترون تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىقلار يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن تەتقىق قىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئاندىن پۇقراۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە يۆتكەلگەنىدى. ئامېرىكىلىق بىر ئالىم نىشانلىق يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ، «بۇمۇ ئېلېكترىنىڭ بايقىلىشىدىن قېلىشمىغۇدەك بىر قېتىملىق ئىنقىلاب» دېگەنىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى نورمان بېللىي ھەتتا: «دۇنيا ئىقتىسادىدىكى چېكىنىشكە ‹پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش› پىلانى ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ» دېدى.

«پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىگە ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ

ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى نىسپىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى تېخىمۇ مۇقىمسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويالتتى. ئامېرىكا ئۆزىمىزنىڭ تېخنىكا، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىمىزگە تايىنىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەر جەھەتتىن بېسىپ، گېپىمىزگە كۆندۈرەلەيمىز، دەپ قارايتتى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سوكولوف 1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، تاۋادا ئامېرىكا ئۆز پىلانىدا چىڭ تۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ يېڭى ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قورallىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، دەپ ئوچۇق جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان ئالەم بوشلۇقى قورالىنى تەتقىق قىلىپ ياساۋاتقان بولۇپ، موسكۋا ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېمىدىكى «رېزىنكە كالاچ» شەكىللىك قويۇپ بېرىش ئۈسكۈنىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ بولغانىدى. غەربنىڭ ئاخباراتلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەر يۈزى ۋە ئالەم بوشلۇقى لازېر قورالىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىنى 1970 ـ يىلى باشلىغان، قازاقىستاندىكى سارىچاگاناكتا ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە لازېر قورالىنىڭ ئەسلىي تىپىنى روياپقا چىقارغان بولۇپ، سۈنئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان لازېر قورالىنى ئۆزگەرتىسىلا، باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى قىسقا مۇساپىلىك، ئوتتۇرا مۇساپىلىك ۋە قىتئەرلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ھەرىكەتچان باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە سىستېمىسىنى ياساۋاتىدۇ، سىبىرىيەدە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دېيىلدى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى كراسنويارسكتا قۇرغان غايەت زور يېڭى رادار پونكىتى باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى

سىستېما دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايتا ــ قايتا سۆكتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەتقىقات دوكلاتىدا، يەر شارىنى ئايلىنىدىغان ئالەم پونكىتىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرسا، بىر مىنۇتتىلا يەر يۈزىدىكى نىشانغا تەگكۈزگىلى بولىدۇ. «بۇ پىلان بوشلۇقتىكى باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە سىستېمىسىغا قارىتا قوللىنىلغان بىر تۈرلۈك ئۇنۇملۈك قارشى تەدبىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»، مۇشۇنداق بولغاندا ئامېرىكىنىڭ پىلانىتالار ئارا ئۇرۇش سىستېمىسىمۇ ھېچقانچە كارغا كەلمەيدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. قىسقىسى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايسىبىرى ئاۋۋادا ئۆزىنىڭ بوشلۇق مۇداپىئە «قالقىنى» نى قۇرۇپ چىقسا، قارشى تەرەپنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەلۇم بىر تەرەپنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسى تۈپەيلىدىن، قارشى تەرەپنىڭ خېلى بىر قىسىم ھۇجۇم قىلغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى كۈچىنى يوقاتقان چاغدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسى قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقى پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان «ئېنىقسىز» ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە كىرىزىس كۆرۈلگەندە، يادرو ئۇرۇشى پارتلاش مۇمكىنچىلىكى زور دەرىجىدە ئېشىپ باراتتى.

ئالەم بوشلۇقى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولغانلىقتىن، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋاقىتىنچە بولسىمۇ مۇرەسسەلىشىشنى ھېچكىمنىڭ رەت قىلغۇسى كەلمەيتتى. 1984 ــ يىلى 6 ــ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى «ئالەم بوشلۇقى ھەربىيلەشتۈرۈش» نىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكىمۇ شۇ ھامانلا قوشۇلدى.

سۆھبەت باشلىنىشى بىلەنلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى سىناق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى دەرھال ۋاقتىنچە توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا بولسا ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى سۆھبىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرى ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو قوراللىرى سۆھبىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى سۆھبىتىدىن كېيىن قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، يادرو قوراللىرىنى تىزگىنلەش سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى كېڭىشىپ بېكىتتى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ قېتىملىق ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى مەركەز قىلغان سۆھبەتكە بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرى ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو قوراللىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىغا بولغان تەشۋىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، رېگان ھۆكۈمىتىنى ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇرلاپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىدا ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىدەك ئورنىنى چەكلەپ تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. رېگان ھۆكۈمىتى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىباشتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالغانلىقى دەل ئامېرىكىنىڭ «پىلانېتالار ئۇرۇش» پىلانىدىن ئىبارەت ئەمەلىي كۈچ سىياسىتىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ «كوزىر» دىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا جاكارلىدى. بىراق، رېگان

ھۆكۈمىتىنىڭمۇ نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقى بار ئىدى. ئۇ «پىلانىتالار ئارا ئۇرۇش» ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسلىسىدە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەۋقەنى يەنىمۇ ماسلاشتۇرمىسا بولمايتتى. دۆلەت ئىچىدە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشنى تەلەپ قىلىش، «پىلانىتالار ئارا ئۇرۇش» قا ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە قارشى تۇرۇش سادالىرى ئەۋجگە چىقماقتا ئىدى. مالىيەدىكى زور قىزىل رەقەممۇ تىرىللىيونلىغان ئامېرىكا دوللىرىنى يەپ تۈگىتىدىغان «پىلان» نى يولغا قويۇشتا كۆتۈرمەك تەسكە چۈشىدىغان بىر يۈك ئىدى. شۇڭا، رېگان ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سىياسىي ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆھبەتلىشىشكە ئىلاجسىز قوشۇلدى، مەقسىتى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشنى ئۆزىگە بەكرەك مەنپەئەت تېگىدىغان تەرەپكە بۇراش ئىدى. 1985 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە رېگان بىلەن گورباچېف جەنۋەدە ئۇچراشتى. بىر يىلدىن كېيىن 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەنە ئىسلاندىيەنىڭ رېيكياۋىكتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. رېگان «پىلانىتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ «پىلان» نى تەجرىبىخانىدىلا يولغا قويۇش بىلەن توختاپ قېلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە سۆھبەت بۇزۇلدى. گورباچېف ئامېرىكىنى: «ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە تەشەببۇسى، ئارقىلىق ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ھەتتا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمنىمۇ يوققا چىقىرىۋاتىدۇ» دەپ سۆكتى.

رېگان ھۆكۈمىتى «پىلانىتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنى يولغا قويۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىققا دۇچ كەلگەنلىكتىن پۈتكۈل سىستېما مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ

بولغاندا، ئاندىن بىراقلا ئومۇمىيۈزلۈك جايلاشتۇرۇشنى ساقلاپ تۇرماي، ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەكرەك مايىل بولدى. پرېزىدېنت بۇش تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە پىلانىنى تەڭشەش نىيىتىگە كەلدى، مۇھىم نۇقتىنى «چەكلىك زەربىگە تاقابىل تۇرىدىغان يەر شارى مۇداپىئە سىستېمىسى» بەرپا قىلىشقا يۆتكەپ، بۇنى «كىچىك تىپتىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە پىلانى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: بىرىنچى، ئالەم بوشلۇقىدىكى تۆۋەن ئوربىتىغا «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شىغىل تاش» دەپ نام بېرىلگەن ئەقلى ئىقتىدارغا ئىگە كىچىك تىپتىكى توسۇپ زەربە بەرگۈچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن 1000 نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەر شارىنى قاپلىغان توسۇش تورى شەكىللەندۈرۈش. ئىككىنچى، ئامېرىكا زېمىنىغا قۇرۇقلۇقتا باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرىدىغان سىستېمىدىن 6 ـ 7 نى ئورۇنلاشتۇرۇش. بۇ سىستېمىلار قۇرۇقلۇقتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرىدىغان 750 دانە باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا سەپلەنگەن 50 دانە نازارەت قىلىپ ئەگىشىش سۇنئىي ھەمراھى ھەم يەر يۈزى رادارلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، بۇ سىستېمىغا «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شىغىل تاش» سىستېمىسى قوشۇلسا، ئامېرىكا زېمىنى 200 دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ، دەپ مۆلچەرلەندى. ئۈچىنچى، جەڭگاھتا تاكتىكىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئاساسلىق ۋەزىپىسى «شاتۇر» بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا دېگەندەك تاكتىكىلىق باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئامېرىكا زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى توقۇنۇش بولۇۋاتقان رايونلاردا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋە ئىتتىپاقداش

ئارمىيەنى قوغداش. بۇش ھۆكۈمىتى يېڭى ۋەزىيەتتە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك يادرو ئۇرۇشى پارتلاش خەۋپى زور دەرىجىدە ئازايدى، رېگان دەۋرىدىكى «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قارىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا زور مىقداردىكى ئىستراتېگىيىلىك يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى ئۇنىڭ ئامېرىكىغا «تاسادىپىي ھادىسە يۈز بەرگەن ياكى ھۆكۈمەت تەستىقلىمىغان ئەھۋالدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمى قىلىش» مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىگە بولغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئە پىلانىغا مەبلەغ ئىنتايىن كۆپ كېتەتتى، ئەمما كىچىك تىپتىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئە پىلانىغا مەبلەغ ئاز كېتەتتى ھەم بۇ پىلان ئوبدان ئەسقاتاتتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شېغىل تاش» لايىھەسىگە كېتىدىغان بارلىق خىراجەت 25 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشمايدىغان بولۇپ، «پىلانېتالار ئۇرۇش» پىلانىنىڭ 1 ـ باسقۇچلۇق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كېتىدىغان 69 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خىراجەتنىڭ 1/3 ىدىن سەل كۆپرەك ئىدى.

**ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۆھبىتى** 1977 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپاغا SS – 20 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو كۈچى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، غەربىي ياۋروپانىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ

خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا: ئامېرىكا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى چەكلەش مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىسكاتقىدەك بالدۇراق سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ، ناۋادا 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كېلىشىم هاسىل قىلالمىسا، ئامېرىكا غەربىي ياۋروپاغا پېرشىڭ II تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن 572 نى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېگەن «ئىككى ياقلىملىق قارار» نى چىقاردى. 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەييارلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 1981 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۆھبىتىنى رەسمىي باشلىدى. رېگان 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «نۆللۈك لايىھە» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي ياۋروپاغا قارىتىلغان SS − 20، SS − 4 ۋە SS − 5 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى چۇۋۇۋەتسە، ئامېرىكىنىڭمۇ غەربىي ياۋروپاغا پېرشىڭ II تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرمايدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلغاندا ئىككى تەرەپنىڭ ياۋروپادىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى نۆل هالىتىگە كېلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇنىڭغا قارشى هالدا «توڭلىتىش لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئەسلىدىكى سەۋىيەدە توڭلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن برېژنېۋ «باسقۇچقا بۆلۈپ قىسقارتىش لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر نىسبەتتە قىسقارتىشىنى تەكىتلىدى. بۇنداقتا بىرىنچى باسقۇچ 1985 ـ يىلىغىچە بولۇپ، ئىككى تەرەپ 1/3 قىسمىنى قىسقارتاتتى. ئىككىنچى باسقۇچ 1990 ـ يىلىغىچە بولۇپ، يەنە 1/3 قىسمىنى قىسقارتاتتى. سۆھبەتتىكى 2 ـ قېتىملىق

ئۈچ‌ىنچى قېتىملىق ئۈچرىشىش 1982 - يىلى 12 - ئايدا ئاندروپوف ئوتتۇرىغا قويغان «تەڭ قىسقارتىش» تەكلىپى بىلەن باشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ناۋادا ئامېرىكا غەربىي ياۋروپاغا يېڭى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرمىسا، ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە چۈشۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچىنى ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە قارشى چىقتى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۈچرىشىش 1983 - يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولدى. رېگان ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى قىسقارتىشتا باراۋەر ئاساستا «ۋاقىتلىق كېلىشىم» هاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا چەك قويۇشتا ئوق بېشىنى بىرلىك قىلىپ هېسابلاشنى، ئامېرىكىنىڭ ئەسلىدە غەربىي ياۋروپاغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى زور كۆلەمدە ئازايتىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ دۇنيا مىقياسىدا قۇرۇقلۇقتىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئامېرىكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە كېمەيتىشنى، ياۋروپادىن كېمەيتكەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى شەرقتىكى ئاسىياغا يۆتكەپ كەلمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنى رەت قىلدى. ئاندروپوف «توشۇغۇچى ئۈسكۈنىلەر ۋە ئوق بېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا يادرو يوشۇرۇن كۈچ باراۋەرلىكى مەسىلىسىدە كېلىشىم هاسىل قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش» نى ئېيتتى، بىراق بۇ كېلىشىمدە ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ يادرو قوراللىرىنىمۇ كۆزدە تۇتماي بولمايتتى. تۆتىنچى قېتىملىق ئۈچرىشىش 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 -

ئاينىڭ 23 ـ كۈنگىچە بولدى. ئاندروپوف ناۋادا ئامېرىكا غەربىي ياۋروپاغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىن قىسقارتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى شەرققە يۆتكەپ كەلمەي، يوقىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رېگان ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى يەر شارى مىقياسىدىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا چەك قويسا ۋە ئۇلارنى قىسقارتسا، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۈتۈن دۇنياغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ سانى ياۋروپاغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سانىغا تەڭ بولۇشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىمۇ سۆھبەت مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشنى ئويلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئىختىلاپ يەنىلا چوڭ بولغاچقا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكا غەربىي ياۋروپاغا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ، ئەنگلىيە، ئىتالىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيەگە پېرشىڭ II تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن 102 نى ئورۇنلاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، غەرب بىلەن بولغان تۈرلۈك ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبەتلىرىنى ئوتتۇرىلىقتا توختىتىپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ SS – 20 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى سۆھبەت باشلانغان چاغدىكى 250 تىن 387 گە كۆپەيدى ھەم دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيەگە قىسقا مۇساپىلىك

باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن نەچچە ئونى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىراق، بۇ چاغدا غەربىي ياۋروپاغا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇنغان، رېگان «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنى يولغا قويۇشقا كىرىشكەنىدى، شۇڭا ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى چەكلەش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولۇپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تالاش ـ تارتىشىنىڭ ئورنىنى ئالدى ھەم ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. يېڭى سۆھبەت داۋامىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىدىن ۋاز كېچىشىنى ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنى قىسقارتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى، ئامېرىكا بۇ پىلاندىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىمىدى، ئىككى تەرەپنىڭ مەۋقەسى ئەسلا ئوخشىمىغاچقا، ئىككىلىسى ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىدە مۇرەسسەلىشىپ بېقىشقا ئۇرۇندى. 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گورباچېف نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىنى «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» پىلانىدىن «ئايرىپ» تۇرۇپ، ئايرىم كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۆھبىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن «دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ بەردى». ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىدە خۇشاللىق بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

غەربىي ياۋروپا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر- بىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشنى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئال-

قىشلايتتى. ياۋروپادا تۆۋەن سەۋىيەدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا كېلىشىمىنىڭ پۈتكۈل ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە ياردىمى بولاتتى، غەربىي ياۋروپانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق ئىدى. بىراق، غەربىي ياۋروپا يەنە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ۋە خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان كېلىشىم ھاسىل قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەچكە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۆھبىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كەلدى. غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: بىرىنچى، ئامېرىكا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسە، ياۋروپانىڭ ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا يېڭى تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، غەربىي ياۋروپا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىسقا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئادەتتىكى ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالاتتى. ئىككىنچى، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئامېرىكا، ياۋروپا مۇداپىئە بەلبېغىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياۋروپانى يادرو جەھەتتىن قوغداۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى، غەربىي ياۋروپا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئېلىپ كېتىلسە، ئامېرىكا غەربىي ياۋروپا بىلەن بولغان «مۇداپىئە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويارمۇ» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۈچىنچى، ناۋادا ياۋروپا ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىدىكى «نۆللۈك لايىھە» ئىشقا ئېشىپ قالسا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچى زور بېسىمغا ئۇچراپ، ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرى مەسىلىسىدە يەنىمۇ ئىلگى-

-رىلەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ
يادرو كۈچىنىڭمۇ بۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلانماق تەس
ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى.
شۇڭا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۆھبىتى-
نىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە
فېدېراتىپ گېرمانىيە كۆپ قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق ئامېرىكا
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا «بىرخىل سادا» بىلەن تەسىر كۆر-
سىتىش نىيىتىگە كېلىپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان
بومبا كېلىشىمىنىڭ باشقا ساھەلەردە تەڭپۇڭسىزلىق كەلتۈرۈپ
چىقارماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. غەربىي ياۋروپا ئۆزىنىڭ
خەۋپسىزلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئوتتۇرا مۇسا-
پىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى قىسقارتىشنى قىسقا مۇساپى-
لىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى قىسقارتىش بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈشنى، يادرو قورالللىرىنى قىسقارتىشنى ئادەتتىكى ھەربىي ھا-
زىرلىقلارنى قىسقارتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى،
ياۋروپا يادروسىزلاشتۇرۇلسا بولمايتتى، قورقۇنچلۇق يادرو تەڭ-
پۇڭلۇقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپا تىنچلىقىنىڭ
كاپالىتى بولۇپ، تۆۋەن سەۋىيەدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالماي
بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپا يەنە مۇدا-
پىئە ئىشلىرىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىپ،
شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ پۇتكۈل مۇدا-
پىئە ئىشلىرىدا «ياۋروپا تۈۋرۈكى» نىڭ مۇھىملىقىنى تەكىت-
لەيتتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىكى ئوت-
تۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۆھبىتىدە، رېگان ھۆ-
كۈمىتى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن كېڭىشىشكە ئەھمىيەت
بېرەتتى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بەزى ئارزۇلىرىنى مۇئەييەن
دەرىجىدە قاندۇرۇشى ۋە بىر قىسىم قورالللارنى ساقلاپ قېلىشى
زۆرۈر ئىدى. ئامېرىكا ياۋروپا مۇداپىئە ئىشلىرى كېڭىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك تەھدىت كۆچىنىڭ «ئايرىلىپ كېتىش» بىدىن ئەنسىرەش ئەھۋالىغا قارىتا، «نۆللىك لايىھە» سەۋەبىدىن ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياۋروپا ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياۋروپاغا داۋاملىق تۇردە خېلى كۆپ يادرو قوراللىرى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، زور بىر تۈركۈم ئامېرىكا جەڭگىۋار قىسىملىرىنىڭ غەربىي ياۋروپادا داۋاملىق تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا يەنە غايەت زور قىممەتلىك ئارا ئىستراتېگىيەلىك قورال - ياراغ ئىسكىلاتى قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. غەربىي ياۋروپامۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتىدىكى مەۋقەسىنى ئاساسەن قوللىدى.

1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاشىنگتوندا «ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە قىسقا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى يوقىتىش شەرتنامىسى» (قىسقارتىلىپ «ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسى» دېيىلدى) نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: شەرتنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، ئىككى تەرەپ 2611 دانە ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ، ئورنىتىلغان يادرو ئوق بېشىمۇ بىرلا ۋاقىتتا چۇۋۇۋېتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. گەرچە، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىدە تىلغا ئېلىنغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا تىپى يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئائىلىسىدىكى كىچىككىنە بىر ئەزا بولۇپ، ئاران 4% چە نىسبەتنى ئىگىلىسىمۇ، بىراق بۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ يادرو قورال ئىسكىلاتىدىن ئوتتۇرا

مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى تولۇق يوقاتماقچى بولۇشى ئىدى. شۇڭا، بۇ شەرتنامە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىدىكى 16 دۆلەت بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىكى ئالتە دۆلەت پارىژدا ياۋروپا ئادەتتىكى قوراللارنى قىسقارتىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، بۇ ئىشلار ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

## 3 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

**غەربىي ياۋروپادىكى بىرلىششنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىدا ئامېرىكىغا ئومۇمىيۈزلۈك تايىنىپ قېلىپ، بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى تىركىشىشى كەسكىنلەشكەنلىكتىن، ئامېرىكا غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىگە تارتىپ، غەربىي ياۋروپانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، شەرقىي ياۋروپاغا قارشى تۇرۇشتىكى توساق ۋە ھۇجۇم قىلىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئەمما، غەربىي

ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئامېرىكىغا بېقىنىپ قېلىشنى خالىمىسىمۇ ئىككى كۈچلۈك دۆلەت ئارىسىغا قىسىلىپ قالغانلىقتىن، بېقىنىش داۋامىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالماقتىن ۋە تەرەققىي قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. غەربىي ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ ياۋروپا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن بولغان بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى مەڭگۈلۈككە يوقىتىۋېتىشنى ھەمدە بىرلەشمە كۈچكە تايىنىپ غەربىي ياۋروپانىڭ گۈللىنىشى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە ليۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت بەش دۆلەت برىيۇسسېل شەرتنامىسى ئىمزالاپ «خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ھەم ھەرقانداق تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇشتا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش» نى بەلگىلىدى؛ يەنە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى توقۇنۇشىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غەربىي ياۋروپادىكى 10 دۆلەت ياۋروپا كومىتېتىنىڭ رەسمىي نىزامنامىسىنى ئىمزالىدى. برىيۇسسېل شەرتنامىسى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى غەربىي ياۋروپانى بىرلەشتۈرۈشتىكى دەسلەپكى سىناق ئىدى. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، غەربىي ياۋروپادىكى ئالتە دۆلەت يەنە «ياۋروپا مۇداپىئە ئىشلىرى گۇرۇھى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، «ياۋروپا

ئارمىيەسى» قۇرۇپ، ھەربىي ئىشلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بىراق، بۇ شەرتنامە فىرانسىيە مىللىي پارلامېنتىنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن يوققا چىقتى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، فېدېراتسىپ گېرمانىيە قاتارلىق 13 دۆلەت پارىژ كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە بىريۇسسېل شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى دەپ ئۆزگەرتىپ، فېدېراتسىپ گېرمانىيە، ئىتالىيەنى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىش بەلگىلەندى. غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلاردا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرىلدى، فېدېراتسىپ گېرمانىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى، بۇ كېلىشىم ئەمەلىيەتتە «ياۋروپا مۇداپىئە ئىشلىرى گۇرۇھى شەرتنامىسى» نىڭ ئورنىنى ئالدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كەسكىن قارشىلىشىپ، ئۆچ قېتىملىق بېرلىن كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى. ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى «رۇسىيەنىڭ قاتتىق تەھدىت سېلىۋاتقانلىقى» نى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر خەۋپسىزلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىنى ئامېرىكا بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشى ئاستىغا قويۇپ، ئاساسلىقى ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى ھەمدە ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. شۇڭا، 50 ـ يىللاردىكى غەربىي ياۋروپا بىرلىكى ھەرىكىتىنى ئامېرىكا پائال قوللاپ كەلدى، ئامېرىكا فىرانسىيەنىڭ قارشىلىقىنى ئازايتىپ، غەربىي ياۋروپادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشكەن غەربىي ياۋروپا دائىرىسىدە فېدېراتسىپ گېرمانىيەنى يېڭىباشتىن

www.uyghurkitap.com

قوراللاندۇرماقچى بولدى.

1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت رىم شەرتنامىسىگە ئاساسەن ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئورتاق گەۋدىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ساھەدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، سودا جېڭى، مەبلەغ سېلىش جېڭى، پۇل جېڭى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئامېرىكىدىن باراۋەرلىك، مۇستەقىللىق تالىشىش خاھىشى كۈچىيىپ باردى. 1958 ـ يىلى دېگول يەنە بىر قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇشتەك دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ «فىرانسىيە ـ فېدېراتىپ گېرمانىيە ئوق مەركىزى» نى ئاساس قىلىپ بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ غەرب ئىتتىپاقىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى يوقىتا چىقىرىشقا، فىرانسىيەنى ئامېرىكىنىڭ ئورنىدا غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىغا غوجايىنلىق قىلىدىغان ئورۇنغا چىقىرىپ، ئامېرىكا بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرالىغۇدەك «ئۈچىنچى كۈچ»نى روياپقا چىقىرىشقا ئۇرۇندى. دېگول تەختكە چىقىپلا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان دائىمىي گۇرۇپپا قۇرۇپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىلەردە تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا

چىڭ تۇردى. 1960 ـ يىلى فىرانسىيە يادرو چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. 1963 ـ يىلى دېگول كېيىنكى ئوتتۇرىغا قويغان فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچىدىن ۋاز كېچىپ كۆپ تەرەپلىك يادرو كۈچى پىلانىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىش پىلانىنى كەسكىن رەت قىلدى ھەم فىرانسىيەنىڭ يادرو قوراللىرى سىنىقىنى چەكلەشكە قىزىقمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1966 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دېگول فىرانسىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئىشلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاپپاراتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كېڭىشى فىرانسىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىلاجسىز چېكىنىپ چىقتى. 1963 ـ يىلى فىرانسىيە يەنە فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يادرولۇق كۈچىنى شەكىللەندۈردى. دېگول ئۇنى ئامېرىكا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشتىكى «بىرىنچى مۇھىم ئامىل» دەپ ھېسابلىدى. ئۇ: فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ھەمكارلىقى «ياۋروپا قۇرۇلمىسىنىڭ شەرتى ۋە ئاساسىنى شەكىللەندۈردى، ھازىر قۇرۇۋېلىۋاتقان شىنىڭ خەۋپسىزلىكىدىكى بىرىنچى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى، كەلگۈسىدە ئۇ شەرقتىن غەربكىچە ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى تىنچلىق، تەڭپۇڭلۇقنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالغۇسى» دەپ ئاشكارا جار سالدى. ئەمما، دېگولنىڭ «ياۋروپالىقلار باشقۇرۇشىدىكى ياۋروپا» قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك تەشەببۇسلىرىنى باشقا بەش دۆلەت ھېچقانچە قوللىمىدى. ئۇ فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ يارىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا دائىر سىياسەتلەرنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويغان بولسىمۇ، نەتىجىدە فېدېراتىپ گېرمانىيە ئۇ

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلغان فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ بىرلىكتە «ياۋروپانىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇددىئاسىنى قوللىمىدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ فېدېراتسىيە پالاتاسى فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ھەمكارلىق شەرتنامىسىنى ماقۇللىغاندا، ئەتەي بىر كىرىش سۆز قوشۇپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شەرتنامىنىڭ فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىمزالىغان كۆپ تەرەپلىك شەرتنامىلەردىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قويۇق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياۋروپانىڭ ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتتى. فېدېراتىپ گېرمانىيە يەنە دېگولنىڭ فىرانسىيە يادرو قوغداش كۈنلۈكىنى ئامېرىكا يادرو قوغداش كۈنلۈكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى ھەم فىرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە ھەمكارلىقىنى دەپ، ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى سىياسىتىگە خىلاپ ئىش قىلىشنى خالىمىدى.

1973 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە، دانىيە ۋە ئىرېلاندىيە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئورتاق گەۋدىنىڭ ئەزاسى ئالتە دۆلەتتىن توققۇز دۆلەتكە كۆپەيدى. ئەنگلىيە ئاخىردا «ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى» ۋە «ئەنگلىيە ئىتتىپاقى ئالاھىدە مەنپەئەت يەتكۈزۈش تۈزۈمى» دىن ۋاز كېچىپ، ئورتاق گەۋدىگە كىردى، بۇ ئورتاق گەۋدىنى سوبيېكتىپ قىلغان غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بىرلىشىشى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان تەرەققىيات يۆزلىنىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ كېڭىيىشى، ئىچكى قىسمىدىكى كېڭىشىش ۋە «بىر خىل سادادا سۆزلەش» نىڭ كۈچىيىپ بېرىشى،

ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلىشقا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئامېرىكا بىلەن باراۋەر ھەمراھ بولۇشقا تىرىشتى. ئامېرىكا نىكسون ھۆكۈمىتىدىن باشلاپ بىرلەشكەن غەربىي ياۋروپانىڭ خىرىسىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىراق، 1973 ـ يىلىدىكى نېفىت كرىزىسى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس تۈپەيلىدىن غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشى توختاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بولغان خىرىسى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. 1974 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلار يىغىنى «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان مۇناسىۋەت خىتابنامىسى»نى ئىمزالاپ، غەربىي ياۋروپا دۈچ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، يېقىندىن كېڭىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى تەكىتلىدى. ئورتاق گەۋدىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك سەل ـ پەل پەسەيدى. ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يەنىلا قاتمۇ قات زىددىيەت بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان بەزى ئىختىلاپلارنى تۈگەتمەك تەس ئىدى. بىراق، «ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى بىر ـ بىرىگە چىڭ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ياۋروپادىكى كۈچلەر باراۋەرلىكى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تايىناتتى». غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا نېمىلا دېگەنبىلەن بىر تۈزۈلمە ئاستىدىكى ئوخشىمىغان تەركىبىي قىسىم ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان ئامىللار بولۇش بىللە، بىر ـ بىرىگە ھاجەتمەتلىك، بىر ـ بىرىنى جەلپ قىلىش ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. غەربىي ياۋروپا بىر جەھەتتىن ئامېرىكىنى بەك پايدا ئېلىپ كەتتى دەپ سۆكسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئامېرىكىنىڭ

ياۋروپاغا پېرشىڭ II تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماقۇل بولماي تۇرالمايتتى. ئىككى تەرەپ ياۋروپا، ئامېرىكا ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش زۆرۈر، ئەمما ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىمەي بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى مەسىلىنىڭ يادروسى ئىدى.

غەربىي ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. 1960 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دېگول خرۇشچېفنى فىرانسىيەدە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، سۆھبەتتە «جىددىيلىكنى پەسەيتىش، چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىشىش» تىن ئىبارەت مەشھۇر ئۈچ باسقۇچلۇق سىياسەت ۋە «ئاتلانتىكتىن ئوكيانىدىن ئۇرالغىچە» بولغان ياۋروپا قۇرۇپ چىقىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دېگول سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ، برېژنېف بىلەن سودا، مەدەنىيەت كېلىشىمى ۋە بوشلۇقتىكى تەكشۈرۈش ھەم تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالاپ، پارىژ بىلەن موسكۋا ئارىسىغا بىۋاسىتە سۆزلىشىدىغان «قىزىق لىنىيە» تارتىشنى قارار قىلدى.

فېدېراتسىپ گېرمانىيەمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە تىرىشتى. ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپتىكى زاتلار «خاللىستېيىنىزم» نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆز دۆلىتىنى مۈشكۈلاتقا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى، دېموكراتىك گېرمانىيە بارغانسېرى كۆپ دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئىككى

گېرمانىيە ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ قالدى، فېدېراتىپ گېرمانىيە ناۋادا گېرمانىيەنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىمەن دەيدىكەن، «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىپ» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي ياۋروپا بازىرىنى ئېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، بۇ چاغدا «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گىگانت ئادەم» ھېسابلىنىدىغان فېدېراتىپ گېرمانىيە ئۆزىنىڭ «شەرق سىياستى» نى يېڭىباشتىن تۈزۈشكە، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى.

1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى برانت باش مىنىستىر بولۇپ، «يېڭى شەرق سىياستى» نى رەسمىي يولغا قويۇپ، «غەرب بىلەن بولغان ھەمكارلىق» ھەم «شەرق بىلەن بولغان چۈشىنىش» نى كۈچەيتىدىغانلىقى؛ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپانىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغانلىقى؛ ئىككى گېرمانىيەنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى گېرمانىيەنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. برانت ھۆكۈمىتى ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزئارا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە بىر تۈرلۈك كېلىشىم ئىمزالاش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپى بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ تەكلىپكە شۇ ھامان ئىنكاس قايتۇردى. 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدا برانت موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ئىككى تەرەپ «قورال كۈچىگە تايىنىپ بىر ـ بىرىگە تەھدىت سالماسلىق ياكى قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك» كە كاپالەتلىك قىلىش، بارلىق ياۋروپا

ئەللىرىنىڭ ھازىرقى چېگراسىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىزلىقىغا شەرتسىز ھۆرمەت قىلىش، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا فېدېراتىپ گېرمانىيە يەنە پولشا بىلەن «ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ئاساسى توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىرقى چېگراسىنىڭ «دەخلى ـ تەرۇزسىزلىقى» نى جەزملەشتۇردى. بۇ ئىككى شەرتنامە «شەرق شەرتنامىسى» دەپ ئاتالدى.

غەربىي ياۋروپادىكى فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەت 50 ـ يىللاردىكى توساقنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپاغا قارىتا يارىشىش ۋە سۆزلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى يارىشىش سىياسىتىنىڭ غەربىي ياۋروپانىڭ تۇپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ياۋروپاغا ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھازىرچە ياۋروپادا ئۇرۇش پارتلاش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم، ئىككى تەرەپنىڭ يالتا ئەندىزىسىدىكى بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق؛ شۇنداقتىمۇ «شچېتسىندىن تىرىئېستىقىچە» بولغان پاسىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياۋروپالىقلار ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا موھتاج ھەم شۇنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېمەك، سىياسىي جەھەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشنىڭ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە پايدىسى كۆپ. ئەلۋەتتە، غەربىي ياۋروپا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور قوشۇن تارتىپ چېگراغا يېقىنلا يەردە تۇرۇۋاتقىنىنى، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي ياۋروپانى ياندىن قورشاۋغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغان بولۇپ، غەربىي ياۋروپا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. شۇڭا، غەربىي ياۋروپا مۇداپىئە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ يارىشىش سىياسىتىنى قوللايدىغان ئارقا تىرەك قىلىپ كەلدى. «مۇداپىئە ئىشلىرى بىلەن يارىشىش سىياسىتىنى تەڭ يولغا قويۇش»، ئەمەلىيەتتە غەربىي ياۋروپانىڭ «شەرق سىياسىتى» نىڭ ئىخچام ئىپادىسى ئىدى. 1977 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپادا SS - 20 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى، 1979 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلدى، 1981 ـ يىلى پولشانىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىشىنى قوللىدى. بۇ ھەرىكەتلەر غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، بىراق بۇ مەزگىلدە غەربىي ياۋروپانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى يەنىلا راۋاجلاندى. 1980 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن بولغان سودا سوممىسى 24 مىليارد 500 مىليون رۇبلىغا يەتتى، 1983 ـ يىلى 31 مىليارد 700 مىليون رۇبلىغا كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى ئورتاق گەۋدىگە ئەزا ئەللەرنىڭ ياۋروپادىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا يەتتە دۆلەتكە قىلغان سودا سوممىسى 43 مىليارد 900 مىليون دوللار بولۇپ، ئورتاق گەۋدىنىڭ دۇنيادىكى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاران 3.4%نى ئىگىلىسىمۇ، بىراق پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى ئارىسىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 60.5% نى ئىگىلەيتتى. غەربىي ياۋروپانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىمۇ راۋاجلاندى. 1983 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فرانسىيە 10 يىللىق

www.uyghurkitap.com

پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1984 ـ يىلى يەنە 1985 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە بولغان ئىقتىساد، سانائەت، پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى ئىمزالىدى. ياۋروپا تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى ئىدى. 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي ياۋروپاغا تەبىئىي گاز چىقىرىشقا باشلىدى. غەربىي ياۋروپا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ بىلگەچكە، ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بىراق ئامېرىكا يەنە ئۆزىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىپ، ياۋروپانىڭ تىنچلىقىنى ساقلىدى.

**ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى**

ياپونىيە 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە تەڭ كەلگۈدەك دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى، 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1965 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ تاشقى سودىسى ياسىسىپ بالانستىن ئاكتىپ بالانسقا ئۆزگەردى. 1973 ـ يىلغا كەلگەندە ياپونىيەنىڭ ئېكسپورت سودا سوممىسى ئامېرىكا ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن قالسىلا دۇنيادا 3 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، ئالتۇن زاپىسى 1978 ـ يىلى 33 مىليارد دوللارغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان سودىسىدىكى ئاكتىپ بالانس يىلمۇ يىل ئاشتى. 1976 ـ يىلى 5 مىليارد 350 مىليون دوللارغا، 1980 ـ يىلى 9 مىليارد 910 مىليون دوللارغا يەتتى. ياپونىيەنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان مەبلىغى 1975 ـ يىلى 58 مىليارد دوللارغا يەتتى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە،

ياپونىيە كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. ياپونىيە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا قىستىلىپ كىردى. كاپىتالىزم دۇنياسىدا ياپونىيە، ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ جاھاننى سورايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، نىكسون ياپونىيەنى دۇنيادىكى «بەش چوڭ ئىقتىسادىي مەركەز» نىڭ بىرى دېدى. 70 ـ يىللاردىن بېرى ياپونىيە سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتلەر بىلەن تەڭ قاتاردا رول ئوينىشى كېرەكلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياپونىيە باش ۋەزىرى ناكاسونې ياسۇخىرو «دۇنيا سىياسىيسىدا ياپونىيەنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتلىك ۋەزنىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى سىياسىي چوڭ دۆلەتلىك ۋەزنىنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تاناكا ئىچكى كابىنېتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىرقانچە نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشتەك دىپلوماتىيە سىياسىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تاينىۋېلىش، بېقىنىشتىن تەدرىجىي «باراۋەر ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» گە ئۆزگەرتىپ، «كۆپ تەرەپلىك، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش دىپلوماتىيەسى» نى يولغا قويدى، يەنى «ياپونىيە، ئامېرىكا ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگودىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش» قا چۈشتى. ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، «ئامېرىكا بىلەن تۈزگەن خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ»، «ئامېرىكىنىڭ يادرو قوغداش كۈنلۈكى ئاستىدا داۋاملىق تۇرۇش» قا موھتاج ئىدى. گەرچە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي زىددىيەت ئۆزۈكسىز ئېشىپ

بېرىۋاتقان، سودا ئىختىلاپى تۈگىمەيۋاتقان، پۇل مۇئامىلە كۆرىشى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر - بىرىگە تايىنىدىغانلىقى ھەم ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتى ئورتاق بولغانلىقى سەۋەبىدىن زىددىيەتلەرنى ھەمىشە سۆھبەت يولى بىلەن پەسەيتىپ باراتتى. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ سودىدىكى ئىختىلاپى ھەمىشە ياپونىيەنىڭ يول قويۇشى بىلەن ۋاقتىنچە توختاپ قالاتتى. تاناكا كابىنېتىدىن كېيىنكى بىرقانچە نۆۋەتلىك ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرى يەنىلا «ياپونىيە - ئامېرىكا ھەمكارلىقى ياپونىيە دىپلوماتىيەسىنىڭ ئاساسى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. 1981 - يىلى باش ۋەزىر سۇزۇكى ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇپ، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ «ئىتتىپاق» لىق مۇناسىۋىتىنى بايانات شەكلىدە يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۇردى. 1983 - يىلى ناكاسونې ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغاندا، ھەربىي ھەمكارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياپونىيە - ئامېرىكا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ «تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي زىددىيىتى راۋاجلىنىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارادىكى ئورنىمۇ ئۆزۈكسىز ئۆستى، ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيەدە «ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇشچانلىقى» يەنىمۇ كۈچىيىپ بارغاچقا، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئارىدىكى «ئىجادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى» گە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

1956 - يىلى 10 - ئايدا ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى «ياپونىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە خىتابنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

1961 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى مىكويان ياپونىيەدە زىيارەتتە بولۇپ، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى «ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى» نى كۈچەيتىشنىڭ تىنچلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋىتىمۇ ئاز ـ تولا ياخشىلاندى. 1973 ـ يىلى باش ۋەزىر تاناكا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ، برېژنېف بىلەن قوشما بايانات ئىمزالاپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتى ھەمدە «شىمالدىكى تۆت ئارال» مەسىلىسىنىڭ تېخى ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلىنمىغان ھەرقانداق تېررىتورىيە مەسىلىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە تۆت ئارالغا چوڭ تىپتىكى ھەربىي بازىلارنى ياساپ، ھەربىي كۈچىنى ئاشۇردى. ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھى شەرتنامىسىمۇ شىمالدىكى تۆت ئارال مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئىمزالانمىدى. 1977 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىزدىكى 200 مىل دائىرىدە ئىقتىسادىي رايون شەكىللىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپ ياپونىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بېلىقچىلىق شەرتنامىسىنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى بېلىقچىلىق كۈرىشى كەسكىنلىشىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كام ران قولتۇقى، داناڭ ۋە كامپوڭ سائومنى دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قىلىۋالغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئۆز

www.uyghurkitap.com

زېمىنى ۋە دېڭىز قاتنىشى خەۋپسىزلىكىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىددىيىتى ئومۇمىيلىق تۈسكە ئىگە بولۇپ، ھەل قىلماق تەسكە چۈشەتتى. شۇڭا، ياپونىيە ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى ئوق مەركىزى قىلىپ، ياپونىيە، ئامرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ياپونىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىگە ماسلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىر كۈچلىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى.

ئەھۋال گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر - بىرگە موھتاج ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بازار، بولۇپمۇ سىبىرىيەدىكى مول بايلىق ياپونىيەنىڭ مونوپول كاپىتالىنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيەنى ئېچىشتا ياپونىيەنىڭ كاپىتالى، تېخنىكىسى ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. 1968 - يىلى 7 - ئايدىن 1976 - يىلى 3 - ئايغىچە ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيەدىكى بايلىقنى ئېچىش مەسىلىسىدە يەتتە ھەمكارلىق تۈرىنى ئىمزالاپ، ياپونىيە 1 مىليارد 560 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەردى. 1975 - يىلى 7 - ئايدىن 1977 - يىلىغىچە ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە 1 مىليارد 800 مىليون دوللارنى ئادەتتىكى تۈر قەرز پۇلى سۈپىتىدە بەردى. 1981 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە 3 - قېتىملىق يىراق شەرقتىكى ئورمانلىقنى ئېچىش پىلانىنى ئىمزالاپ، ياپونىيە 900 مىليون دوللار قەرز پۇل بەردى. 6 - ئايدا نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 1988 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر يىلى ياپونىيەنى 3 مىليون توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز ۋە 1 مىليون 500 مىڭ توننا خام

نېفىت بىلەن تەمىنلەيدىغان، ياپونىيە 3 مىليارد 200 مىليون دوللار قەرز پۇل بېرىدىغان بولدى. ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا سوممىسىمۇ تېز ئاشتى، 1968 ـ يىلى 600 مىليون دوللار ئىدى، 1977 ـ يىلى 3 مىليارد 300 مىليون دوللارغا، 1980 ـ يىلى 4 مىليارد 600 مىليون دوللارغا يەتتى. 1983 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كورېيەنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتقانلىقتىن، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا سوممىسى يىلمۇيىل كېمىيىپ باردى. 1982 ـ يىلى 5 مىليارد 600 مىليون دوللار ئىدى، 1984 ـ يىلى 3 مىليارد 900 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قالدى. 70 ـ يىللاردا ياپونىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلىنغان سودا سوممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن قىلغان سودىسىدا بىرىنچى، ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، 1984 ـ يىلى ئالتىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. گورباچېپ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ناكاسونېغا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنى ئېيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ياپونىيە بىلەن شەرتنامە ياكى كېلىشىم ئىمزالاش ھەمدە «ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە پائال ھەمكارلىشىش» قا تىرىشتى. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى شېۋاردنادزې ياپونىيەدە زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ باج شەرتنامىسى ۋە 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان سودا ۋە چىقىم كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ قەرەللىك كېڭەششىنى بېكىتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيە مەسىلىسىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشقا ئالدىراپ، ياپونىيە ـ ئامېرىكا، ياپونىيە ـ

جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشكە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئاسىيادا ئامېرىكا بىلەن زومىگەرلىك تالىشىش ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشقا ئۇرۇندى. شۇ تۈپەيلىدىن ياپونىيەگە قارىتا «كۈلۈمسىرەش دىپلوماتىيەسى» نى قانات يايدۇرۇپ، «سىياسىي بىلەن ئىقتىسادنى ئايرىش» ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سىياسىي مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا يېتەكلىدى. ياپونىيە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىمالدىكى زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىدە مەۋقەسىنى بوشاشتۇرۇشقا ئۈندەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتە ياپونىيەگە قاراتقان كۈچلۈك ھەربىي بېسىمىنى پەسەيتىشكە تىرىشىپ، ئىقتىساد - سودا جەھەتتە يېڭى بايلىق ۋە بازارغا ئېرىشمەكچى بولدى. ھەر كىمنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان شىمالدىكى زېمىن، بېلىقچىلىق ماجىراسى ۋە خەۋپسىزلىك تەھدىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا پەسىيىش بولۇپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق راۋاجلانغان بولسىمۇ، بىراق «ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» قا تېخى ئىمكان يوق ئىدى. ياپونىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى يەنىلا چەكلىمىگە ئۇچرايتتى.

ئون ئالتىنچى باب

# سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاخىرلىششى

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە خەلقئارا ۋەزىيەت توساتتىنلا ئۆزگەردى. قىسقىغىنا 2 ــ 3 يىلدا، كوممۇنىستىك پارتىيەلەر شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا هاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدىن كەينى ـ كەينىدىن مەھرۇم قېلىپ، هاكىمىيەتنى تېپتىنچلا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىرلىككە كەلگەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا ئەسلىدىكى توققۇز سوتسىيالىستىك دۆلەت ئارىسىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ فېدېراتىپ گېرمانىيەگە قوشۇلۇپ كەتكىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، باشقا سەككىز دۆلەت پارچىلىنىپ 27 دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ جىددىي ئۆزگىرىش پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. شۇ تۈپەيلىدىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يالتا سىستېمىسى ئاخىرلىشىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىلىپ، دۇنيانىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. دۇنيا تارىخى شۇنىڭدىن تارتىپ يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

# 1 ـ بۆلۈم شەرقىي ياۋروپا سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش

شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالبانىيەدىن باشقىلىرى 70 ـ يىللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بەزى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى. بىراق، ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتمىدى، يىرىك ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە تۈجۈپىلەش يولىغىمۇ سالالمىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، پولشا ئىقتىسادى چېكىنىپ، كىرىزىس يۈز بەردى. يۇگوسلاۋىيەدە 1982 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى %1 كىمۇ يەتمىدى. ۋېنگرىيەنىڭ 1985 ـ يىلىدىكى مىللىي دارامىتى بۇلتۇرقىدىن %1.4 كېمەيدى، 1986 ـ يىلى ئاران %0.6 ئاشتى. رۇمىنىيە، چېخوسلوۋاكىيە، بۇلغارىيەلەر 80 ـ يىللاردا ئاساسلىق پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى ھەمىشە ئورۇنلىيالماي كەلدى. ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تاشقى قەرزى شىددەت بىلەن ئاشتى. پولشانىڭ تاشقى قەرزى 1986 ـ يىلى 38 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يېتىپ، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 1988 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيەنىڭ تاشقى قەرزى تەخمىنەن 20 مىليارد دوللار، ۋېنگرىيەنىڭ تاشقى قەرزى 18 مىليارد دوللار ئىدى. پەقەت رۇمىنىيەنىڭلا تاشقى قەرزى ئازىيىپ، 1981 ـ يىلىدىكى 14 مىليارد دوللاردىن 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە 6 مىليارد دوللاردىن چۈشتى. بىراق، ئۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىقلا قەرزىنى ئازايتالىدى، ئاقىۋەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

تۆۋەنلەپ كەتتى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار تۇپەيلىدىن شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ قوشنا غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى. چېخوسلوۋاكىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى دۇنيا بويىچە سانائەتتە كۈچلۈك 15 دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاۋسترىيەنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بىراق، 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە، چېخوسلوۋاكىيەدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5000 دوللارغىمۇ يەتمەي، دۇنيا بويىچە 33 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى؛ ئاۋسترىيەنىڭ بولسا 17 مىڭ 820 دوللارغا توغرا كېلىپ، دۇنيا بويىچە 12 ـ ئورۇندا تۇردى. ۋېنگىرىيەنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى فىنلاندىيەنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران فىنلاندىيەنىڭ 1/5 قىسمىغا توغرا كەلدى. بۇلغارىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گىرېتسىيەنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى 1955 ـ يىلى تېخى گىرېتسىيەنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى، بىراق 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە گىرېتسىيەنىڭكىنىڭ تەخمىنەن 3/5 ىگە توغرا كەلدى. ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبمۇ كۆپ تەرەپلىك ئىدى. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتىكى قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي، بەلكى خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىغىمۇ تەگدى. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق دادىل قەدەم تاشلىيالماي، ھېلى ئۇنداق، ھېلى

بۇنداق ئۆزگەرتىپ، پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. ھەر قايسى ئەللەردىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي كىرىزىس كۈنسايىن گەۋدىلەندى.

گورباچېۋ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ئىسلاھاتىغا پائال ئىلھام بەردى ھەم شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. غەرب ئەللىرى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە كۆرۈلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەسىرىنى سىڭدۈردى. بۇلار شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشكە تاشقى شارائىت يارىتىپ بەردى.

**پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى** شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا پولشانىڭ ۋەزىيىتى ئىزچىل مۇقىم بولماي كەلدى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى گومۇلكانىڭ ئىسلاھاتى، 70 ـ يىللاردىكى گېيرېكنىڭ ئىسلاھاتى، 80 ـ يىللاردىكى ياروزېلسكىنىڭ ئىسلاھاتى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى تۈپتىن تەڭشەپ بولالمىدى. 1988 ـ يىلى پولشانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يەنە يامانلىشىپ، يەنە ئىش تاشلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە 10 ـ نۆۋەتلىك 10 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ بۇنىڭغا قارىتا قانداق تەدبىر كۆرۈشنى مۇھاكىمە قىلدى. كەسكىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش قارار قىلىندى. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە پولشادىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆكتىچىلەر بىرلىكتە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات

مەسىلىسىنى چۆرىدەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى يېڭىباشتىن قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارلامېنت يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىدىكى كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كېڭەش پالاتاسى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى. پارلامېنت يەنە يېڭى سايلام قانۇنىنى ماقۇللاپ، پارلامېنتتىكى ئورۇننى يېڭىباشتىن تەقسىم قىلدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاقنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى بارلىق ئورۇننىڭ 83.9% ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتتىن 65% ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى 53.3% تىن 37.6% كە تۆۋەنلىتىلىپ، پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان پارتىيە ھېسابلانمايدىغان بولدى. قالغان 35% ئورۇننى پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلاردىن رىقابەتلەشتۈرۈپ سايلانغانلار ئىگىلەيدىغان بولدى. كېڭەش پالاتاسىدا 100 ئورۇن تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئورۇنغا ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىن رىقابەتلەشتۈرۈپ سايلىنىدىغان بولدى.

1989 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پولشادا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى كېڭەش پالاتاسىدا بىرمۇ ئورۇنغا ئېرىشەلمىدى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 99 ئورۇنغا ئېرىشتى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زات بىر ئورۇنغا ئېرىشتى. پارلامېنتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاق بەلگىلىمە بويىچە 65% ئورۇنغا، يەنى 299 ئورۇنغا ئىگە ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى 173 ئورۇنغا، بىرلىككە كەلگەن دېھقانلار پارتىيەسى 76 ئورۇنغا، دېموكراتلار پارتىيەسى 27 ئورۇنغا، دىنىي تەشكىلات 23 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچىلەر 35% ئورۇن ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئورۇنغا، يەنى 161 ئورۇننىڭ 160 ىگە ئېرىشتى. 7 ـ ئايدا 10 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى ياروزالىسكى بىر بېلەتنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پولشا پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى كىسزاك ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئەسلىدە بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن دېھقانلار پارتىيەسى ۋە دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت مەجلىسى ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، كىسزاك ھۆكۈمىتىنى ئىنكار قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پارلامېنت ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، «ئىتتىپاق ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ باش مۇھەررىرى مازوۋىئېسكىنى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى ماقۇللىنىپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن 12 ئادەم، بىرلىككە كەلگەن دېھقانلار پارتىيەسىدىن تۆت ئادەم، دېموكراتلار پارتىيەسىدىن ئۈچ ئادەم كابىنېت تەركىبىگە كىردى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى پەقەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرى ۋە تاشقى سودا مىنىستىرىدىن ئىبارەت تۆت مىنىستىر ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قالالىدى. مازوۋىئېسكى ھۆكۈمىتى شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بولمىغانلار باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەن تۇنجى ھۆكۈمەت بولۇپ قالدى. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پارلامېنت ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ماقۇللاپ، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر گەپلەرنى چىقىرىپ

تاشلىدى ھەم دۆلەت نامىنى پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن پولشا جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتتى. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى 11 ـ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. 29 ـ كۈنى قۇرۇلتاي قارار ماقۇللاپ، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە ئامالسىز قالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن پارتىيەنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى تەشكىللەشنى قارار قىلدى، دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇشنى كۈرەش نىشانى قىلىپ بېكىتتى ھەم كۋاسنىئېۋسكىنى ئالىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. پىرېزىدېنت ۋە ھۆكۈمەتتىكى تۆت مىنىستىر يېڭى قۇرۇلغان پارتىيەگە قاتناشمىغانلىقتىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنى 22 گە ئازىيىپ، پارلامېنتتىكى ئەڭ كىچىك پارتىيە بولۇپ قالدى.

1990 ـ يىلى باھاردا باش مىنىستىر مازوۋئېسكى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى زاتلارنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئەسلىدە بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى تۇتۇپ كەلگەن ھەربىي، ساقچى ھوقۇقىنى تەدرىجىي قولىغا ئالدى. 5 ـ ئايدا سىياسىي پارتىيەلەر قانۇنى ماقۇللىنىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ زاۋۇت، ئارمىيە ۋە دۆلەت ئورگىنىدا پارتىيە ـ گۇرۇھلار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەندى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەرلىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەرلىك ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. 12 ـ ئايدا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋالېسا پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن پولشانىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى مەركەزدىن يەرلىككىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.

چېخوسلوۋاكىيەدە 1968 ـ يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قاتماللىق ۋە توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىمۇ ئېغىر دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىدى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا «پراگا باھارى» نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان سادالار ئىزچىل ئاڭلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خۇساك ئۇنى بىر مەيدان ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە دەپ قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. 1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باش سېكرېتارلىق ئورنىغا چىققان ياكېسمۇ ئوخشاش قاراشتا ئىدى. 1977 ـ يىلى جەمئىيەتتە 1968 ـ يىلىدىكى ۋەقەنى ئاقلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەر خىل كۈچلەر ئىنسانىي ھوقۇقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «77 ـ يىلى خارتىيەسى» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە قارشى ئۆكتىچى گۇرۇھنى شەكىللەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا گورباچېف «يېڭى ئىدىيە» نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش كۆنسايىن ئەۋج ئالدى. 1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي، 8 ـ ئاي ۋە 10 ـ ئايدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى يۈز بەردى. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پراگادىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ناتسىستلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. بۇ قېتىملىق يىغىلىش ئەۋج ئېلىپ ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشقا ئايلىنىپ كەتتى، قاتناشقان ئادەممۇ 40 ـ 50 مىڭغا يەتتى. چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ نامايىشنى توسۇپ، ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى يارىلاندۇردى، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى قامىدى. بۇ ئىش خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقتىن نامايىش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ

ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، نەچچە 100 مىڭ ئادەم نامايىشقا قاتناشتى. «77 ـ يىلى خارتىيەسى» تەشكىلاتى قاتارلىق 10 نەچچە تەشكىلات بىرلىشىپ، «پۇقرالار مۇنبىرى» نى قۇرۇپ چىقىپ، 1968 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخوسلوۋاكىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشىنى قوللىغان چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋە 26 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پەۋقۇلئاددە ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. ياكېس باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىستىپا بەردى. 1968 ـ يىلىدىكى ۋەقەگە چېتىلىپ قالمىغان ئۇرباتېك باش سېكرېتارلىققا سايلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياستى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1968 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيەگە قوشۇن چىقارغانلىقى خاتا، دەپ جاكارلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيە، ۋېنگىرىيە، پولشا ۋە دېموكراتىك گېرمانىيەدىن ئىبارەت بەش دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى 1968 ـ يىلى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ چېخوسلوۋاكىيەگە قوشۇن چىقارغانلىقىنى «چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق، ئەيىبلىنىشكە ھەقلىق» دەپ جاكارلىدى.

1968 ـ يىلىدىكى ۋەقەنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلىنىشىغا ئەگىشىپ، چېخوسلوۋاكىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى باش مىنىستىر ئادامېس ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بولمىغان بەش كىشىنى ئىچكى كابىنېتقا قاتناشتۇردى. پۇقرالار مۇنبىرى بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئەتىسى 200 مىڭ كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدى. 7 ـ كۈنى ئادامېس خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى.

10 ـ كۈنى خۇساكمۇ پېرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت 21 كىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن جەمئىي 10 كىشى بار ئىدى. ئۇزاققا بارماي باش مىنىستىر كالفا ۋە ئىككى مۇئاۋىن باش مىنىستىر چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئورنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ، 21 ـ كۈنلىرى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، ستالىن ئەندىزىسىدىكى پارتىيە ۋە جەمئىيەتتىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلاپ، «چېخوسلوۋاكىيەدە دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇش» ھەرىكەت پروگراممىسىنى ماقۇللىدى ھەمدە خۇساك قاتارلىقلارنىڭ پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى، كېيىن ئۇلارنى يەنە پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۇ قارارى كومپارتىيەنىڭ ئورنىنىڭ يەنىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى. 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «پراگا باھارى» نىڭ رەھبىرى دۇبچېك فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئەتىسى «77 ـ يىلى خارتىيەسى» تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسچىسى، دىراما يازغۇچىسى خاۋېل جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. يۇقىرالار مۇنبىرى 170 ئورۇنغا، كوممۇنىستىك پارتىيە 47 ئورۇنغا ئېرىشتى. كالفا داۋاملىق ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇشتەك ئورنىدىن مەھرۇم قالدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى فېدېراتسىيە پارلامېنتى پەرمان ماقۇللاپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن بولغان كادىرلارنىڭ ئورگان، كارخانا ۋە كوپېراتىپلاردىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا

قارار چىقاردى. 11 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيەدە يەرلىك سايلام ئۆتكۈزۈلدى. چېخىيەدە پۇقرالار مۇنبىرى ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، 35.6% سايلام بېلەتنى قولغا كەلتۈردى، كوممۇ- نىستىك پارتىيە ئاران 17.2% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. سلوۋاكىيەدە خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ھەرىكىتى 27.4% سايلام بېلىتىگە، كوممۇنىستىك پارتىيە 13.7% سايلام بېلى- تىگە ئېرىشتى. يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كوممۇنىست بولمىغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ۋېنگىرىيە كادىرنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ كۆرسەتمە خاراكتېرلىك پىلاننى تەدرىجىي بىكار قىلىپ، بازار سودىسى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شېرىك كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۇنيادا نېفىت كرىزىسى يۈز بېرىپ، ماي باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. بۇ نېفىت ئىمپورتىغا تايىنىدىغان ۋېنگىرىيەگە غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان ۋە قىيىنچىلىق كەلتۈردى. ۋېنگىرىيە رەھبەرلىرى نېفىت كرىزىسى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن خاتا قاراشتا بولغاچقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ۋاقتىدا تەڭشىمەي، ئەكسىچە دۆلەتتىن كۆپلەپ تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق كرىزىس كۆرۈلگەن ساھەنى ساقلاپ قېلىپ چەت ئەللەرگە ئىنتايىن كۆپ قەرز بولۇپ كەتكەچكە، ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت چوڭقۇرلىشىپ، پارتىيە ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى. ۋېنگىرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىپ، سوتسىيالىزمنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي پارتىيە ئىچىدىكى ئىختىلاپ ئاشكارىلاندى. سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى پوزسگاي ئىمرې ۋە ئۇنىڭ گورۇھى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋېنگرىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتتە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 5 ـ ئايدا كادار كېسەل بولۇپ قالغاچقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. 6 ـ ئايدا ھۆكۈمەت 1956 ـ يىلىدىكى ۋەقەدە ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ناگى ئىمرېنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلىدى ھەم يېڭىباشتىن داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى 14 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ پارتىيەنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى ھەم دېموكراتىك سوتسىيالىزمنى يېڭى پارتىيەنىڭ كۆرەش نىشانى قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش سېكرېتارى گروسز قاتارلىقلار بۇ قارارغا قوشۇلماي، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسىنى يېڭىباشتىن قۇردى.

1990 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايدا ۋېنگرىيە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي سايلامنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئۆتكۈزدى. دېموكراتىيە مۇنبىرى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، دۆلەت مەجلىسىدىكى 386 ئورۇننىڭ 164 نى قولغا كەلتۈرۈپ، 42.7% ئورۇنغا ئېرىشتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 33 ئورۇنغا ئېرىشتى، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى دۆلەت مەجلىسىگە كىرەلمىدى. 5 ـ ئايدا يېڭى دۆلەت مەجلىسى دېموكراتىيە مۇنبىرىنىڭ رەئىسى ئانتال جوزسېفقا كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بەردى. ئۇ مۇستەقىل ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسى ۋە خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك خەلق پارتىيەسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى

بىر چەتتە قېلىپ، ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ۋېنگرىيەدە كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت يۈز بەرمەي، ئىچكى مىللىي توقۇنۇش كۆرۈلمەي، شىددەتلىك ئىجتىمائىي داۋالغۇش بولمايلا ھاكىمىيەت ئالماشتى.

بۇلغارىيە 70 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىشچى ـ دېھقانلار ئۈنۈمى ۋە ئىنتىزامى ئۆسۈپ، ئىقتىسادى گۈللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. بىر مەھەل گۈللەنگەن يېزا ئىگىلىكى 80 ـ يىللاردا بىر ئىزدا توختاپ قالدى، قىزىلچا، مېۋە ـ چېۋە، كالا ـ قوي گۆشى قاتارلىق مۇھىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى. سىياسىي جەھەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى ژىۋكوف ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى. 1984 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 1/10 نى ئىگىلەيدىغان تۈرك ئاھالىلىرىنىڭ بۇلغارىيەچە ئىسىم قوللىنىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى، بەزى جايلاردا ھەتتا قوراللىق قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇلغارىيە چېگرانى ئېچىۋەتتى، 8 ـ ئايدا چېگرانى تاقىغانغا قەدەر 300 مىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسى تۈركىيەگە كۆچۈپ كەتتى. بۇ ئىش بۇلغارىيە ئىقتىسادىغا نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرگەنلىكتىن، ۋەزىيەت كۈنسايىن داۋالغۇشقا باشلىدى. 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياۋروپا مۇھىت ئاسراش يىغىنى سوفىيەدە ئېچىلدى. ئادەم سانى 200 گىمۇ يەتمەيدىغان «ئېكولوگىيە ئاشكارىلىقى» تەشكىلاتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىمزا قويۇپ مۇراجىئەتنامە سۇنۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنى «دېموكراتىيە يېتەرلىك بولمىدى»، «ئىنسانىي ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىدى»، «ئاخباراتنى ئاشكارىلىمىدى» دەپ سۆكتى. 11 ـ

ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «ئېكولوگىيە ئاشكارىلىقى» تەشكىلاتى 4000 كىشىلىك نامايىش قوزغىدى ھەم پارلامېنتقا 10 مىڭ كىشى ئىمزا قويغان مۇھىت ئاسراش مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇراجىئەتنامىنى سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدا ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىش سادالىرى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. ئىلاجسىز قالغان ژىۋكوف 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئاۋام بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىدى. 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سوفىيەدە 100 مىڭ كىشى نامايىش قىلىپ، «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك» تەلەپ قىلىپ، ژىۋكوفنى سوتقا تارتىشنى ئىلتىجا قىلدى. 12 ـ ئايدا ژىۋكوف ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ھەم تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلدى. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، پارتىيەنىڭ نىشانى دېموكراتىك ۋە ئىنسانپەرۋەر سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ جاكارلىدى. سىياسىي جەھەتتە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۈچ ھوقۇق ئايرىۋېتىلىپ ئارمىيە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت تارماقلىرى سىياسىيدىن خالىيلاشتۇرۇلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئالىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پارتىيە نامىنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىشنى جاكارلىدى.

1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆكتىچىلەر بىلەن يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئۆتكۈزدى ھەم كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 4 ـ ئايدا پارلامېنت ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قانۇنى، سىياسىي پارتىيە قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ملادېنوف

تۈنجى پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. 6 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى پارلامېنتتىكى 400 ئورۇندىن 211 ئورۇنغا ئېرىشتى. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقى 144 ئورۇنغا ئېرىشتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى لۇكانوف ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پرېزىدېنت ملادېنوف ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. بۈيۈك مىللىي پارمېنت ئالتە نۆۋەت بېلەت تاشلاش ئارقىلىق دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ژېلېفنى پرېزىدېنتلىققا سايلىدى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن سېمېردېيېف مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۈيۈك مىللىي پارلامېنت ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسىغا قاراپ چىقتى. دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى بۇ پىروگراممىنى كەسكىن ئەيىبلىدى ھەم يىغىن مەيدانىدىن كوللېكتىپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن پارلامېنتتا كېڭەشىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى بۆلۈنۈپ كەتتى. لۇكانوف قاتارلىقلار سوتسىيالىستلار پارتىيەسى رەئىسىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى. يەنە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكى 23 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى 211 دىن 188 گە ئازىيىپ، پۈتكۈل پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىشتەك ئەۋزەللىكىدىن مەھرۇم قالدى. 11 ـ ئايدا لۇكانوف ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زات پوپوف بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ھۆكۈمەتنىڭ 18 ئەزاسى ئىچىدە، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز

زاتلار ئالتىدىن سانىنى ئىگىلىدى، دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقى تۆت سانىنى، دېھقانلار ئىتتىپاقى ئىككى سانىنى ئىگىلىدى. ئۈچ پارتىيەدىن بىر نەپەردىن مۇئاۋىن باش مىنىستىر سايلاپ چىقىلدى.

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بۈيۈك مىللىي پارلامېنت ئىمزالىق بىلەت تاشلاش شەكلى ئارقىلىق يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللاپ، بۇلغارىيەنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، سىياسىيتى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش پرىنسىپى يولىغا قويۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېڭى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقى ئازراقلا ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلىپ، 110 ئورۇنغا ئېرىشتى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 106 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۈچىنچى چوڭ پارتىيە ــ تۈركلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان هوقۇق ئەركىنلىكى ھەرىكىتى 24 ئورۇنغا ئېرىشتى. 11 ـ ئايدا دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى فىلىپ دىمتىروف باش مىنىستىر بولدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتقا كىرەلمەي، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇشتەك ئورنىدىن مەھرۇم قالدى.

رۇمىنىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە ئالبانىيەلەردە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى ناۋادا پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيەدىن ئىبارەت بىرقانچە دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشنى نىسبەتەن تىنچ ئەھۋالدا يۈز بەردى، دېسەك، ئۇنداقتا رۇمىنىيەدە ئەھۋال باشقىچە بولدى. 1965 ـ يىلىدىن بېرى چېئوسېسكۇ ئىزچىل تۇردە رۇمىنىيەنىڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپ كەلدى، ئۇ مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشتەك دېپلوماتىيە يولىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارادا ماختاشقا سازاۋەر بولدى، بىراق ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئېغىر سەۋەنلىك سادىر قىلدى. ئۇ مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچى

يېتەرسىز، ئۇنۇمى تۆۋەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن ھېسابلاشماي، يۈزە ھالدا يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى سۈرئەت قوغلىشىپ، خاتىرە مۇنارى تۈسىدىكى چوڭ قۇرۇلۇش بولغان دوناي دەريا — قارا دېڭىز قانىلىنى ياساتتى. كېيىن ئاشكارىلانغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1989 ـ يىلى رۇمىنىيەنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ھۆكۈمەت ئېيتقاندەك 60 مىليون توننا بولماستىن، بەلكى 18 مىليون 230 مىڭ توننا ئىكەن. خەلقنى ئاساسىي كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، مەسىلەن، يېمەكلىك، كۆمۈر گازى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمىغان. قىش كۈنلىرى بۇخارېستنىڭ ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى نۆل سىلسىيە گىرادۇستىن يۇقىرى ھالەتنى ئاران ساقلىغان، كېچىلىرىمۇ كەمدىن ـ كەم چىراغ يېقىلىپ، پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان. بۇلاردىن سىرت، چېئوسېسكۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ، باشقىلارنى چەتكە قاققان. ئۇنىڭ خوتۇنى، بىرقانچە ئىنىسى ۋە ئوغلى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە ئولتۇرۇپ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى تىزگىنلىۋالغان. خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن.

1989 ـ يىلى ۋېنگىر مىللىتىدىن بولغان پىروتېستانت پوپى راسلو توكس ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقتىن، دائىرىلەر ئۇنىڭ پوپلۇق ۋەزىپىسىدىن بىكار قىلدى ھەم ئۇنى روھانىيلار تۇرالغۇسىدىن كۆچۈپ كېتىشكە بۇيرۇدى. 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچتە تىمىشۋئارا شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىسى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلاردىن بولۇپ نەچچە 100 كىشى راسلو تۇرغان چېركاۋدا زەنجىرسىمان سەپ بولۇپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىشكە قارشى تۇردى. ئەتىسى نەچچە مىڭ ئادەم كوچىلارغا چىقىپ نامايىش

قىلغاندا، ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، بەزىلەر قولغا ئېلىندى، نۇرغۇن كىشىلەر يارىلاندى. ئاھالىلەر بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى، 19 ـ كۈنى نەچچە ئون مىڭ كىشى ئېتىراز بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىمۇ كۈنسايىن مۇقىمسىز ھالغا چۈشتى. 20 ـ كۈنى چېئوسېسكو ئىرانغا قىلىۋاتقان زىيارىتىنى ھاپىلا ـ شاپىلا توختىتىپ، دۆلەتكە قايتىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. 21 ـ كۈنى ھۆكۈمەت پايتەختنىڭ مەركىزىدە ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزدى، چېئوسېسكو نۇتۇق سۆزلىدى، ئاممىنىڭ چۇقان ـ سادالىرى ئۇنىڭ نۇتقىنى كۆپ قېتىم ئۈزۈپ قويدى. يىغىندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ئامما چېئوسېسكوغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى، نامايىشقا نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتناشتى. ھۆكۈمەت، ئارمىيە، تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاممىنى قوغلاپ، ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلدى. 22 ـ كۈنى ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى يەنىمۇ كېڭىيىپ، باشقا جايلارغىمۇ يامرىدى. چېئوسېسكو قاتتىق باستۇرۇشنى قارار قىلدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مىلېئا نامايىشچىلار قوشۇنىغا ئوق چىقىرىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى («ئۆلتۈرۈۋېتىلدى» دېگەن گەپلەرمۇ بار). سائەت 11 دە چېئوسېسكو پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بىراق، ئارمىيە رەھبەرلىرى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى. چۈشتە ئاممىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر ئامما تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، نامايىشچى ئامما بىلەن بىرلىكتە پرېزىدېنت مەھكىمىسىگە باستۇرۇپ كىردى. چېئوسېسكو خوتۇنى بىلەن بىللە تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قاچتى. شۇ كۈنى كەچتە باشقا جايدا قولغا ئېلىندى.

1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 دە رۇمىنىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

سابىق باش سېكرېتارى ئىلىئېسكۇ ۋەتەن قۇتقۇزۇش فىرونتى كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەم دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇنداق 10 نۇقتىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسىنى جاكارلىدى: بىر پارتىيە تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش؛ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ، ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش؛ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىكنى بىكار قىلىش؛ يېزا ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىش؛ مەدەنىيەت، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىنى توختىتىش؛ ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا شەرتنامىلەردە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش؛ ئىنسانىي ھوقۇققا ۋە ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش. چېئۇسېسكۇغا سادىق ئالاھىدە قىسىم تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، نامايىشچى ئاممىنى قوللىغان قىسىملار بىلەن داۋاملىق كەسكىن ئېلىشىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پەۋقۇلئاددە ھەربىي سوت چېئۇسېسكۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى ھەم دەرھال ئىجرا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭ تەدرىجىي بېسىقتى. 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. ئىلىئېسكۇ 85% سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئاۋام پالاتاسى بىلەن كېڭەش پالاتاسىدىكى 524 ئورۇن ئىچىدە، ۋەتەن قۇتقۇزۇش فىرونتى 355 ئورۇنغا ئېرىشىپ، 67.7% نى ئىگىلىدى. ۋەتەن قۇتقۇزۇش فىرونتىدىن رومان باش مىنىستىر بولدى. 23 نەپەر ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ئىچىدە، ۋەتەن قۇتقۇزۇش فىرونتىدىن بەش ئادەم بولۇپ، قالغانلىرى پارتىيە ـ

گۇرۇھسىز زاتلار ئىدى.

يۇگوسلاۋىيە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى. 8 مىليون 140 مىڭ ئاھالىسى بار سېربلار ئەڭ چوڭ مىللەت بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 36% ىنى، 4 مىليون 420 مىڭ ئاھالىسى بار خورۋاتلار (كىرودىيەلىكلەر) 19.8% نى، مۇسۇلمانلار 9% نى، سىلوۋېنىيەلىكلەر 8% نى ئىگىلەيتتى. بۇلاردىن سىرت يەنە ماكېدونلار، مونتېنېگرولار (قاراتاغلىقلار) ۋە ئالبانلار بار ئىدى. ئۇلار دىن، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان بولۇپ، تارىختا ئۆزئارا خېلى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تىتو قۇرغان يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيەسى ئالتە جۇمھۇرىيەت ۋە ئىككى ئاپتونوم ئۆلكىدىن تەشكىل تاپتى. بىراق، مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىش مىللەت ئايرىمىسى بىلەن تامامەن بىردەك بولمىدى. كىرودىيە جۇمھۇرىيىتىدە 600 مىڭ سېرب ئاھالىسى بولۇپ، جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭ 12% ىنى تەشكىل قىلاتتى. بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىدە مۇسۇلمانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 40% ىدىن كۆپرەكىنى، سېربلار 30% ىدىن كۆپرەكىنى، خورۋاتلار تەخمىنەن 20% نى ئىگىلەيتتى. 1974 - يىلى ئاساسىي قانۇندا ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر يەرلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئەڭ چوڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر بارغانسېرى مۇستەقىل ئىقتىسادىي بىرلىك بولۇپ شەكىللىنىپ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئۆزگىچە ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. تەرەققىي تاپقان سىلوۋېنىيە، كىرودىيەلەر بىلەن تەرەققىي تاپمىغان رايونلار ئارىسىدا ئارازلىق ۋە زىددىيەت تۈگىمەي كېلىۋاتاتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ پۈتكۈل فېدېراتسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى

بولماي، تاشقى قەرزى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كەتتى. ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم تەڭشىگەن بولسىمۇ تۈپتىن ياخشىلىنىش بولمىدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

1980 ـ يىلى تىتو ۋاپات بولدى. فېدېراتسىيەنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلار ئالمىشىپ تۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭدا مەلۇم بىر جۇمھۇرىيەت رەھبىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ بەك ئېشىپ كېتىشىنىڭ مەقسەت قىلىنغانىدى، بىراق ئاقىۋەتتە مەركىزىي ھاكىمىيەت كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىرلەرگە قۇربى يەتمىدى. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 14 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ھەرقايسى جاي ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلۈپ، ئاخىرىدا ئالتە جۇمھۇرىيەت كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقلىرىمۇ نامىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ياكى دېموكراتىك ئىسلاھات پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتتى.

1990 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر سايلام ئۆتكۈزدى. كىرودىيە، سىلوۋېنىيەلەردە ئەسلىدىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدىن مەھرۇم قالدى. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت مۇستەقىللىق جاكارلىدى. يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيەسى بۇنىڭغا ئارىلىشىپ، قانلىق توقۇنۇش پەيدا قىلدى. سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن خەلق ئارمىيەسى سىلوۋېنىيەدىن

www.uyghurkitap.com

چېكىنىپ چىقىشقا قوشۇلدى. كىرودىيە بىلەن سىلوۋېنىيە مۇستەقىللىق جاكارلاشنى كېچىكتۈرۈشكە ماقۇل بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم كەسكىن جەڭ بولدى. خەلق ئارمىيەسى كىرودىيە زېمىنىدىكى سېرب قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، ۋۇكوۋار شەھىرى ۋە ئوسىيېك بازىرىدا كىرودىيە قۇراللىق كۈچلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. كىرودىيە پىرېزىدېنتى تۇجمان بىر تەرەپتىن قۇراللىق كۈچنى زورايتىپ، ئادەم سانىنى 150 مىڭغا يەتكۈزسە، يەنە بىر جەھەتتىن كىرودىيە زېمىنىدىكى خەلق ئارمىيەسى بازىلىرىنى قامال قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىشنى چوڭايتىپ، خەلقئارانىڭ ئارىلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق ئارمىيەسى مۇھاسىرىنى بۆزۈش باھانىسىدە قوزغۇلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ يولدىن كىرودىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقئارا تىنچلىق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپ ئون قېتىمدىن ئارتۇق كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇلارنى ھېچكىم ئادا قىلمىدى. سېربىيە قۇراللىق كۈچلىرى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، كىرودىيەنىڭ مەركىزى زاگرېبقىچە قىستاپ كەلدى.

1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كىرودىيە، سىلوۋېنىيەلەر رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيە ئالدى بىلەن كىرودىيە ۋە سىلوۋېنىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن 50 تىن ئارتۇق دۆلەت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى يۇگوسلاۋىيەگە تىنچلىق ساقلاش قىسمى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. كىرودىيە زېمىنىدىكى ئۇرۇش ئوتىمۇ تەدرىجىي ئۆچتى. بىراق بوسنىيە ـ

گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىدە يەنە توقۇنۇش پارتلىدى. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خورۋاتلارنىڭ رەھبىرى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. چېگرا ئىچىدىكى سېربىلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە «بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا سېرب جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت ئۇزۇكسىز كەسكىنلىشىپ، 4 ـ ئايدا قانلىق قارشىلىشىشقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇرۇش ئوتى ئۇزۇكسىز ئەۋج ئالدى.

يۇگوسلاۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش دۆلەتنى پارچىلىۋەتتى. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماكېدونىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى فېدېراتسىيە پارلامېنتى مۇتلەق كۆپ بېلەت سانىغا تايىنىپ، سېربىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن مونتېنېگرو جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلىشىپ يېڭى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى تەشكىللىشىنى ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىلىپ، بەش دۆلەتكە پارچىلاندى.

ئالبانىيە 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ چەت ئەللەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماس بولدى. ئاساسىي قانۇندا ئالبانىيەنىڭ جاھانگىرلىك، رېۋىزىئونىزم (شيۇجېڭجۇيى) نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، چەت ئەللەرنىڭ ئالبانىيەدە مەبلەغ سېلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا 40 مىڭدىن ئارتۇق ئىستىھكام سېلىپ، «دۈشمەننى بوسۇغىمىزغا يېقىن يولاتمايمىز» دەپ جار سالدى. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنۋەر غوجا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، ئالىيا ئۇنىڭ ئورنىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولغاندىن كېيىن ئەنۋەر غوجىنىڭ سىياسەتلىرىگە بەزى

تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى.

شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدە 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئالبانىيەدە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى يۈز بەردى. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى سۆكتى. ئالىيا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. ئۆكتىچى پارتىيەلەرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور تەسىر پەيدا قىلالىغىنى دېموكراتلار پارتىيەسى بولدى. 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئەمگەك پارتىيەسى 2/3 قىسىم ئورۇنغا ئېرىشتى. ئالىيا پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشىدى. تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 35 ـ ئەزا دۆلىتىگە ئايلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەمگەك پارتىيەسى 10 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي رولى ئورۇنلىنىپ بولدى دەپ قاراپ، پارتىيەنىڭ نامىنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساس، كۆرەش نىشانى ۋە نەزەرىيە يېتەكچىسى جەھەتلەردە ئۆز ئاساسى بولغان ئەمگەك پارتىيەسىگە تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

1991 ـ يىلى ئالبانىيە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىشسىزلىق 30% كە يەتتى. تاشقى قەرز شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، 800 مىليون دوللارغا يەتتى. يېزىلاردا كوپېراتىپلار تارقىتىۋېتىلىپ، كۆپ

www.uyghurkitap.com

قىسىم يەرلەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى، بىراق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ياخشىلانماي، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېرىمى كېمىيىپ، ئاشلىق تەمىناتىدا تامامەن دېگۈدەك چەت ئەلگە بېقىنىپ قالدى. خەلق نارازى بولغانلىقتىن، ئىش تاشلاش، ئاچلىق ئېلان قىلىش، پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ، نەچچە 10 مىڭ ئادەم كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىتالىيەگە قېچىپ كەتتى.

ئىجتىمائىي داۋالغۇش سىياسىي كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1991 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەمگەك پارتىيەسىدىن بولغان كاركانى ھۆكۈمىتى، نانونىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى، ئاران 22 كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇتەخەسسىسلەر ھۆكۈمىتى ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلاپ چۈشتى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان بۇفى كۆپ پارتىيەلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىدى ھەم ئۇنىڭغا «دۆلەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ھۆكۈمىتى» دەپ نام بەردى، بىراق بۇ ھۆكۈمەتمۇ ئاران يېرىم يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، 11 ـ ئايدا دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتتىن چېكىنىپ چىققانلىقتىن غۇلاپ چۈشتى. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زات ئەھمەد قارانچۇق ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ بۇ چاغدا 130 مىڭ ئەزاسى بولۇپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئالبانىيەدىكى 1 ـ چوڭ پارتىيەگە ئايلانغانىدى. ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە دېموكراتلار پارتىيەسى 140 ئورۇننىڭ 92 سىگە، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 38 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئالىيا ئىلاجىسىز پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېرىشا ئالبانىيە پرېزىدېنتى بولدى. 10 ـ ئايدا دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى مېكسى بۇيرۇققا بىنائەن ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئالبانىيە تارىخى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى.

# 2 ـ بۆلۈم گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى

**دېموكراتىك گېرمانىيە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى ۋە گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرق بىلەن غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزاق مۇددەت ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلاشقانلىقتىن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى ئىزچىل ھەل بولماي كەلدى. 1949 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇلدى، 1955 ـ يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا، دېموكراتىك گېرمانىيە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. 1973 ـ يىلى ئىككى گېرمانىيە بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى، 1975 ـ يىلى «ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭەشى» باشلىقلار يىغىنىغا بىللە قاتنىشىپ، ئاخىرقى ھۆججەتكە بىللە ئىمزا قويدى، شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقى يەنىمۇ جەزملىشىپ قالدى. 1989 ـ يىلى كۈزدە شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئالدىدىمۇ ئىككى گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ دۆلەت گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ رېئاللىقى ۋە مۇمكىنچىلىكىنى تېخى ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغانىدى.

دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ھېسابلىناتتى، بىراق ئۇنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ يېرىمىغا ئاران توغرا كېلەتتى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيەسى دېموكراتىك



www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە پۈتۈن قورالىرىنى بەك جەلپ قىلىدىغان قىلىشتىن، نۇرغۇن كىشىلەر فېدېراتىپ گېرمانىيەگە قېچىپ كەتتى. دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بېرلىن تېمىنى ياسىتىپ ئاھالىلەرنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىنى توسۇدى، كېيىن يەنە دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىككى دۆلەت، ئىككى مىللەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئۇسۇللار ئازراق ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق كۆپىنچە يۈزەلا تەسىر كۆرسەتەلىدى. 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋېنگرىيە غەربىي قىسىم چېگراسىنى ئېچىۋەتتى. ئىككى كۈندىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىسى ۋېنگرىيەگە بېرىپ دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋستىرىيە ئارقىلىق فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كەتتى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ 10 مىڭغا يېقىن پۇقراسى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ چېخوسلوۋاكىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىۋالدى. دېموكراتىك گېرمانىيە بۇلارنىڭ فېدېراتىپ گېرمانىيەگە بېرىشىغا ئىلاجسىز قوشۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. شەرقىي بېرلىن، لېيپزىگ قاتارلىق شەھەرلەردە نامايىش يۈز بېرىپ، نامايىشچىلار دېموكراتىيەنى كۈچەيتىش، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش، چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشقا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ساقچىلار يۇقىرى بېسىملىق سۇ جۈمەكنى ئىشقا سېلىپ نامايىشچىلار قوشۇننى تارقاقلاشتۇرۇپ، بىرقانچە 100 ئادەمنى قولغا ئالدى. پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتى داۋالغۇپ، جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. 18 يىلدىن ئارتۇق ھاكىمىيەت تۇتقان ھونېكېر 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىلاجسىز خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا كرېنز پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى ۋە دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مودروف مىنىستىرلار سوۋېتىدا ستوفنىڭ ئورنىغا چىقىپ، مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ كۆپلەپ ئالماشتى. 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ھونېككېر، ستوف قاتارلىق 12 رەھبەرنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي بيۇرو ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوللېكتىپ ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ، پارتىيەنىڭ پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرىدىغان بىر خىزمەت كومىتېتى قۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ، 9 ـ كۈنلىرى ۋە 16 ـ، 17 ـ كۈنلىرى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە نامىنى «گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى — دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيەسى» دەپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ دېموكراتىك، قانۇن ـ تۈزۈمى مۇكەممەل، ئىنسانپەرۋەر، جەمئىيىتى باراۋەر، مۇھىت ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان دېموكراتىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قۇرۇلتاي گۈسىنى پارتىيەنىڭ رەئىسلىكىگە، مودروف قاتارلىقلارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە بېرلىن تېمىنى ئېچىۋېتىپ، ئاھالىلەرنىڭ چېگرادىن ئەركىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى. ئىككى كۈندىلا دېموكراتىك گېرمانىيەدىن 750 مىڭ كىشى فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كىرىپ كەلدى. سەلدەك كەلگەن بۇ كىشىلەر بۆلۈنۈشنىڭ سىمۋولى بولغان بېرلىن تېمىنى «ئۆرۈپ تاشلاپ»، بىرلىككە كېلىش مەسىلىسىنى پۈتكۈل گېرمانىيە خەلقى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي نۇقتىغا ئايلاندۇردى. فېدېراتىپ گېرمانىيە باش مىنىستىرى كول بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ

كۆنى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى 10 نۇقتىلىق پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېموكراتىك گېرمانىيەدىن «دېموكراتىك، قانۇنلۇق ھۆكۈمەت» قۇرۇپ، تېزدىن بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئىككى گېرمانىيەنىڭ فېدېراتسىيە قۇرۇش مەسىلىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئۈستىدە تەكلىپ بەردى. دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كول ئوتتۇرىغا قويغان پىلانغا قارشى تۇرۇپ، كولنىڭ پىلانى رېئاللىققا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. چۈنكى، پىلاندا بۇنداق ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىتتىپاق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەنلىكتىن، ئىككى گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى تېخى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىدى، دەپ قارالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مودروف ھۆكۈمىتى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيەنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق شەرتنامىسى تۈزۈش، ئىتتىپاق قۇرۇش، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىتتىپاققا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئىككى گېرمانىيەدە تېزلىكتە ئەۋجگە چىققان بىرلىككە كېلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ دۆلەت گېرمانىيەگە قاراتقان سىياسىتىنى ئۈزۈكسىز تەڭشەپ باردى. 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيە بىلەن تۆت چوڭ دۆلەت ئوتتاۋادا ئاۋۋال ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كېلىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىچكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى، ئاندىن ئىككى گېرمانىيە بىلەن تۆت چوڭ دۆلەت بىرلىكتە بىرلىككە كېلىشكە مۇناسىۋەتلىك «تاشقى» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك دەيدىغان ئاتالمىش «2 + 4» لايىھەسىنى ئورتاق تۈزۈپ چىقتى. فېدېراتىپ گېرمانىيە دېموكراتىك گېرمانىيەگە

قارىتىلغان خىزمەتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، «ئىچكى قىسىم» دىكى ئىلگىرىلەش ئارقىلىق «تاشقى» مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيەدە خەلق پالاتاسى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى، گېرمانىيە سوتسىياللار ئىتتىپاقى ۋە دېموكراتىك ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئۈچ پارتىيە گېرمانىيە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ بىرلىكنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرىدىغان سايلام رىقابىتى پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خېلى كۆپ سايلىغۇچىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇردى. فېدېراتسىيە گېرمانىيە ئىتتىپاق پارتىيەسى گېرمانىيە ئىتتىپاقىنى ئاشكارا قوللىدى. كول دېموكراتىك گېرمانىيەگە شەخسەن ئالتە قېتىم بېرىپ سايلام رىقابىتى يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، پەقەت گېرمانىيە ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىلا فېدېراتسىپ گېرمانىيەنىڭ دېموكراتىك گېرمانىيەگە كەڭ كۆلەمدە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. نەتىجىدە گېرمانىيە ئىتتىپاقى سايلامدا غەلىبە قىلىپ 48% سايلام بېلىتىنى قولغا كەلتۈردى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 22% كە يېقىن سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيەسى 16% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، ئەركىن دېموكراتلار ئىتتىپاقى 5% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى پارلامېنت پارتىيە ئۆمىكىنىڭ رەئىسى لوتار دىمايزىيېرى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەندى. يېڭى ھۆكۈمەت 24 نەپەر ئەزادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ 11 ى خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىدىن، يەتتىسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن، ئۈچى ئەركىن دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىن ئىدى. دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيەسى ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇزاقتىن بېرى ھاكىمىيەت

بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن پارتىيە ئەمدىلىكتە ئۆكتىچى پارتىيەگە ئايلىنىپ قالدى. دېمايزېيرې ھۆكۈمىتى تېزلىكتە فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە كېلىش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيەنىڭ مالىيە مىنىستىرلىرى پۇل، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىتتىپاق قۇرۇش توغرىسىدىكى دۆلەت شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ ئىككى گېرمانىيەدە فېدېراتىپ گېرمانىيە ماركىنى قوللىنىپ، دېموكراتىك گېرمانىيە ماركىنى ئوبوروتتىن توختىتىش بەلگىلەندى. دېموكراتىك گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ مائاشى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى، پېنسىيە پۇلى ئۈچۈن پۈتۈنلەي 1:1 نىسبەتتە فېدېراتىپ گېرمانىيە ماركى چىقىم قىلىپ بېرىلدى. قەرز پۇل ۋە بانكا پۇل ئامانىتى ياش پەرقى بويىچە ئۈچ بالداقتا ئايرىلىپ، 1:1 نىسبەتتە ئايرىم ـ ئايرىم 2000، 4000 ۋە 6000 فېدېراتىپ گېرمانىيە ماركى ئايرىۋاشلاپ بېرىلدى، قالغانلىرى 2:1 نىسبەتتە ئايرىۋاشلاپ بېرىلدى. شەرتنامىدە يەنە ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى دەپ بەلگىلىنىپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئەمگەك قانۇن ـ نىزاملىرى يولغا قويۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي، غەربىي بېرلىن چېگراسىدىكى قاراۋۇلخانىلار پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بېرلىن تېمى چېقىپ تاشلاندى.

پۇل ئىتتىپاقى ئىش باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككى گېرمانىيە 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن باشلاپ سىياسىي بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتنى باشلىدى. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شەرقىي بېرلىندا ئىككى گېرمانىيەنىڭ سىياسىي بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككىنچى دۆلەت شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، شەرقىي، غەربىي بېرلىننىڭ قوشۇۋېتىلىدىغانلىقى، دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يولغا قويۇلغان مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش

ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى بەش ئىشتات تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فېدېراتىپ گېرمانىيە «نېگىزلىك قانۇنى» بويىچە فېدېراتىپ گېرمانىيە تەركىبىگە كىرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋە 20 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە خەلق پالاتاسى بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە فېدېراتسىيە پالاتاسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىدى.

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە خەۋپسىزلىكىگە تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولغانلىقتىن، ھەرقايسى ئەللەر گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىش مۇساپىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. گېرمانىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ مەلۇم جەھەتتىن تىزگىنلىشى ۋە نازارىتى ئاستىدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، كول ھۆكۈمىتى دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن ئىچكى قىسىمدا بىرلىككە كېلىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا «4+2» دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە قوشۇلۇشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. كول ھۆكۈمىتى «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە سادىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش» ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن «گېرمانىيەچە ئالاھىدە يول تۇتماي»، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان ئەندىشىلىرىنى تىرىشىپ تۈگەتتى. ئارقىدىنلا يەنە پولشانىڭ غەربىي قىسىم چېگراسىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەنە ئۈچىنچى قېتىملىق «4+2» پارىژ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، گېرمانىيە ـ پولشا چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ،

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر مەسىلە تۈگىتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا تەۋە بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. بىراق، گېرمانىيە بارغانسېرى بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىپ، «4 + 2» يىغىنى بارا ـ بارا ئىككى گېرمانىيە بىلەن غەربتىكى ئۈچ دۆلەت بىر تەرەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپ بولغان سۆھبەتكە ئايلىنىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يېتىم قالدى. كول سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى «ئاخىرقى بىر تال ئاچقۇچ» نى ئېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش نىيىتىگە كەلدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغاندا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى چېگرانى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلگىرى گېرمانىيەگە تەئەللۇق بولغان كونىگسبېرگ (كېيىن كالىنىنگراد دەپ ئاتالغان) توغرىسىدا زېمىن تەلىپى قويماسلىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى؛ گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن قورallىق كۈچتىكى ئادەم سانىنى 370 مىڭغا كېمەيتىشكە قوشۇلدى، يادرو قورالى، بىيولوگىيەلىك قورال ۋە خىمىيەلىك قورالغا يېقىن يولىماسلىقنى كاپالەت بەردى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنى 12 مىليارد مارك ھەقسىز ياردەم ۋە 10 مىليارد ماركقا يېقىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بېرىش ھېسابىغا گورباچېفنى گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن «ئۆزىنىڭ قايسى ئىتتىپاققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئەركىن بەلگىلەش» كە، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە گېرمانىيەنىڭ شەرقىدىن چېكىندۈرۈشكە ماقۇل قىلدى. بۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر «4 + 2» سۆھبىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

موسكۋادا تۈزۈلگەن «2+4» يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەرقايسى ئەل دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى «گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاخىرقى كېلىشىم»نى ئىمزالىدى.

موسكۋا شەرتنامىسىدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، گېرمانىيەگە قارىتىلغان ماھىيەتلىك سۈلھى شەرتنامىسى دەپ قارالدى. شەرتنامىدە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ ئىشغالىيەتچى دۆلەت سۈپىتىدە گېرمانىيە ۋە بېرلىنغا قارىتىلغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە تولۇق ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ھەم ئەركىن ئىتتىپاق تۈزسە بولىدىغانلىقى جاكارلاندى. شەرتنامىدە گېرمانىيەنىڭ ھازىرقى زېمىن ۋە چېگراسى ئاخىر جەزملەشتۈرۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تولۇق چېكىنىپ چىقىشتىن ئىلگىرى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا مەنسۇپ بولمىغان يەرلىك مۇداپىئە قىسىملىرىلا تۇرىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گېرمانىيە شەرقىي قىسمىغا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا تەۋە باشقا گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. گېرمانىيە تىنچلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يادرو قوراللىرى، بىيولوگىيەلىك قوراللار ۋە خىمىيەلىك قوراللارنى ياساش، تىزگىنلەش ۋە بۇ قوراللارغا ئىگە بولۇشتىن ۋاز كېچىدىغانلىقى ھەمدە تۆت يىلدا ئارمىيەنى 45% قىسقارتىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە بايانات ئېلان قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۆت چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى

نيۇيوركتا بىرلەشمە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن كۈندىن باشلاپ، تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ گېرمانىيە ۋە بېرلىنغا قارىتىلغان هوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى توغرىسىدىكى ئىچكى ـ تاشقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەل بولدى.

1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە فېدېراتىپ گېرمانىيەگە رەسمىي قوشۇلدى. بېرلىندىكى دۆلەت مەجلىسى بىناسىدا فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى چىقىرىلدى. 40 يىلدىن ئارتۇق بۆلۈنۈپ تۇرغان گېرمانىيە يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلدى.

گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىككى گېرمانىيە ئىمزالىغان سايلام شەرتنامىسىگە ئاساسەن، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پۈتۈن گېرمانىيەدە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى بىلەن خىرىستىيان دىنى سوتسىيالىزم ئىتتىپاقىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاق پارتىيە جەمئىي %43.8 سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ فېدېراتسىيە پارلامېنتىدىكى جەمئىي 662 ئورۇننىڭ 319 نى ئېرىشتى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى %11 سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، 79 ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۆكتىچى پارتىيە بولغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى %33.5 سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، 239 ئورۇننى ئىگىلىدى. دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيەسى ئاران %2.4 سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. ئىتتىپاق پارتىيە بىلەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلىپ، 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن تۇنجى نۆۋەتلىك فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنى بىرلىكتە تەشكىللىدى، كول داۋاملىق باش

مىنىستىر بولدى.

**ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى**

1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى قۇرۇلغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، پولشا ۋە چېخوسلوۋاكىيەدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەتلا ئەزا ئىدى. كېيىن ئالبانىيە (1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا)، دېموكراتىك گېرمانىيە (1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا)، موڭغۇلىيە (1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا)، كۇبا (1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا)، ۋىيېتنام (1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا) ئارقا ـ ئارقىدىن ئەزا بولدى. بىراق، ئالبانىيە 1961 ـ يىلى چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئون دۆلەت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ قالدى. يۇگوسلاۋىيە 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ مەخسۇس كېلىشىمگە ئاساسەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئافغانىستان، ئېفىيوپىيە، ئانگولا، لائوس، موزامبىك، نىكاراگۇئا، يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئون دۆلەتنىڭ يەر مەيدانى 25 مىليون 390 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 18% نى ئىگىلەيتتى. ئاھالىسى 440 مىليون بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي قىممىتىدە خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلەيتتى، يەنى مىللىي دارامەتتە 25% نى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە 33% نى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدە 20% نى ئىگىلەيتتى. بىراق، ئاھالىگە ئوتتۇرىچىلاشتۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى يەنىلا غەربنىڭكىدىن قالاق ئىدى. 1980 ـ

يىلى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا 10 دۆلەتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى توققۇز دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يېرىمىغا ئاران توغرا كەلدى.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ پائالىيىتى دەسلەپتە ئاساسلىقى ھەرقايسى ئەل ئارىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولدى، 50 ـ يىللاردا پائالىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆزئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشلارنى تەشكىللىدى ھەمدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەرەققىيات پىلانلىرىنى ماسلاشتۇردى. 1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر كوممۇنىستىك پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى موسكۋادا يىغىن ئېچىپ، «سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئارا ئىش تەقسىماتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى» نى ماقۇللاپ، كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق پىلانىنى تۈزۈشكە ئاساس سالدى. 1969 ـ يىلى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر باشلىقلار يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» فاكتېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم يەنىمۇ ھەمكارلىشىش تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. 1971 ـ يىلى «سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسال پىروگراممىسى» ماقۇللىنىپ، 15 ـ 20 يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ تېخنىكا، تاشقى سودا ۋە پۇل مۇئامىلىنى باسقۇچقا ئايرىپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش بەلگىلەندى.

يۇقىرىقى قارارغا ئاساسەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسايىن قويۇقلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر ئىچىدە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مىللىي

دارامىتى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى ئومۇمىي دارامىتىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن باشقا ئەزا ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ مۇھىم ھېسابلىناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزا ئەللەرگە نۇرغۇن نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىدىغان بولۇپ، باھاسى خەلقئارا بازاردىكى باھادىن تۆۋەن ئىدى ھەم رۇبلى بىلەن راسچوت قىلىناتتى. بۇ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، بىراق يەنە مۇشۇ تۈپەيلىدىن ھەرقايسى ئەللەر ئېنېرگىيە جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىنىپ قالدى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەردىن ۋېنگرىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرزدار ئىدى.

بىر گەۋدىلىشىش جەھەتتە، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1985 ـ يىلىغىچە شەرقىي ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىق تۈرى 150 تىن ئاشتى. ئۇلار بىرلىكتە ئورال ئورېنبۇرگ نېفىتلىكىدىن شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزدى، 750 مىڭ ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش تورى ياساپ چىقتى، ئۇكرائىنادىكى خمېلنىتسكايادا يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇردى، ۋەھاكازا. 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر 2000 ـ يىلىغىچە بولغان «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئۇنىۋېرسال پىروگراممىسى» نى ئىمزالاپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش، پۈتۈنلەي ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئاتوم ئېنېرگىيە سانائىتى، يېڭى ماتېرىيال ۋە بىيو تېخنىكىدىن ئىبارەت بەش جەھەتتىكى مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى.

1989 ـ يىلى شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھەرقايسى ئەللەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بازار

ئىگىلىكىگە يۈزلەندى، ئەمما ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى خەلقئارا بازار باھاسى بويىچە سودا قىلمىغانلىقى، ئايرىۋاشلىنىدىغان پۇل بىلەن راسچوت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ئەھۋالنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىدى. بۇلاردىن سىرت شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر غەربىي ياۋروپا بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە ئالدىراپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنى ئۆزگە يۈتلىكاشاڭ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 134 ـ قېتىملىق ئىجرائىيە ھەيئىتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ تەشكىلاتنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى 46 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ تەشكىلاتنى تارقىتىۋېتىشنى رەسمىي جاكارلىدى.

## 3 ـ بۆلۈم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

**«19 ـ ئاۋغۇست»** ۋەقەسى 1990 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھەرىكەت پىروگراممىسى لايىھەسى — «ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىك سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش» توغرىسىدىكى قارار ماقۇللىنىپ، «بىز سوتسىيالىزم بىلەن سىغىشالمايدىغان بيۇروكراتىزملىق تۈزۈلمىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇۋاتىمىز»، سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇپ، ئىنتېرناتسىيونالىزم ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتىنى تىكلەيمىز» دېيىلدى. پىروگرامما لايىھەسىدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى

«سىياسىي مونوپوللۇق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ»، «سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەممە كىشى بىلەن سىياسىي سۆزلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ»، دەپ جاكارلاندى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى 3 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى مۇتلەق رەھبەرلىك ئورنىغا ئائىت ماددىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. قۇرۇلتاي پارتىيە بىلەن دۆلەتنى ئايرىش ئۈچۈن پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى ھەمدە گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى پىرېزىدېنتلىقىغا، لۇكيانوفنى ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. ئارقىدىنلا گورباچېف پىرېزىدېنت كومىتېتىنى قۇردى. كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىگە ئائىت ئاساسىي فاڭجېن ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ پىرېزىدېنت كومىتېتى ئەمەلىيەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتىغا ئايلىنىپ قالدى.

1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدا رىژكوف ھۆكۈمىتى بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، قارشىلىققا ئۇچرىدى. 7 ـ ئايدا شاتالىن يېلتسىننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا رادىكال 500 كۈنلۈك پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. گورباچېفنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشى بىلەن 9 ـ ئايدا ئاگانبېگيان لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 10 ـ ئايدا ئالىي سوۋېت گورباچېفنىڭ لايىھەسىنى ماقۇللاپ، باھانى تىزگىنلەش ئاساسىدا قويۇۋېتىش، سانائەت كارخانىلىرى ۋە باشقا ساھەلەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى تەدرىجىي

دۆلەت ئىگىلىكىدىن ئايرىۋېتىش، سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى ۋە باشقا تارماقلارنىڭ كىچىك كارخانىلىرىنى تېزدىن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك (دۆلەت، كوللېكتىپ) نى ئاساس، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى قوشۇمچە قىلغان ئارىلاشما ئىگىلىك بەرپا قىلىشنى بەلگىلىدى. بىراق، لايىھەدە بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنىڭ كونكرېت كۆنتەرتىپى ۋە تەپسىلىي پىرىنسىپى بەلگىلەنمىدى. يېلتسىن بۇ لايىھەگە ئاشكارا قارشى چىقتى. رۇسىيە فېدېراتسىيە پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ، شاتالىننىڭ 500 كۈنلۈك لايىھەسىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 18 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، پىروگرامما خاراكتېرلىك بايانات ماقۇللىنىپ، «ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىك سوتسىيالىزم» قۇرۇش پارتىيەنىڭ غايىسى دەپ رەسمىي بېكىتىلدى. بۇ ئىدىيەگە ئاساسەن، سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە بىر پارتىيە تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىلىپ، «سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مونوپوللۇقنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش»، كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ۋە پارلامېنتلىق دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش جاكارلاندى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە، «تەڭشىلىدىغان بازار ئىگىلىكى» نى يولغا قويۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالار مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتلىشىشىگە رۇخسەت قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي گورباچېفنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا سايلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 24 نەپەر سىياسىي بيۇرو ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. بۇلارنىڭ گورباچېفتىن باشقىلىرى ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىمىدى. سىياسىي بيۇرونىڭ ئورنى يەنىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. پارتىيە ئىچىدىكى رادىكاللار، مەسىلەن، رۇسىيە ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى

يېلتسىن، موسكۋا سوۋېتىنىڭ رەئىسى پوپوف قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى قۇرۇلتايدا ئاشكارا جاكارلىدى، پارتىيە تەشكىلاتى كۈنسايىن چېچىلاڭغۇلىشىپ كەتتى.

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇميۈزلۈك يامانلاشتى. 1 ـ ئايدا رىژكوفنىڭ ئورنىغا پاۋلوف ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي كىرىزىسنى پەسەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ مەنپىي ئېشىش ئەھۋالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بۇ ئىش ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 3 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدىكى كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ 2 ـ قېتىم مەملىكەت بويىچە كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش ۋەقەسى پارتلىدى، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئىش تاشلىغانلىقتىن 1/3 قىسىم كان قۇدۇقلىرى ئىشتىن توختاپ قالدى. خەلق ئىگىلىكى تېزلىكتە يىمىرىلىش يولىغا ماڭدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈش شامىلىمۇ بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. 1990 ـ يىلى ئەتىيازدىلا بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت ئالدى بىلەن مۇستەقىللىق جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلدى. ئارقىدىنلا مولدوۋا، ئەرمىنىيە ۋە گىرۇزىيەمۇ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئېلان قىلىپ، ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ جاكارلىدى. ئىتتىپاقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان ۋەزىيەتتە، گورباچېف «ستالىننىڭ ماھىيەتتە يەككە تۈزۈمدىكى دۆلەت ئەندىزىسىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، تەلتۆكۈس فېدېراتسىيە تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويۇش» نى ئوتتۇرىغا

قويدى. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يېڭى ئىتتىپاق شەرتنامىسىنىڭ لايىھەسى ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە، دىپلوماتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي تارماقلارنى يەنىلا ئىتتىپاق مەركىزى ئىلكىدە تۇتقاندىن سىرت، باشقا ئىشلارنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئىلكىدە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت، گىرۇزىيە ۋە مولدوۋا بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يەنىمۇ كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاق مەسىلىسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. 80% پۇقرا بېلەت تاشلاشقا قاتناشتى، بۇلارنىڭ 76.4% ى ئىتتىپاقنى ساقلاپ قېلىشنى ياقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گورباچېف توققۇز ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قايتا ـ قايتا كېڭىشىپ، 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يېڭى ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ئېلان قىلدى. شەرتنامىدە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز تېررىتورىيەسىدە تولۇق ھوقۇققا ئىگە، دۆلەت نامى «سوۋېت ئىگىلىك ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ بۇ شەرتنامىنى تۆركۈم بويىچە ئىمزالاش بەلگىلەندى.

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە، يەنى يېڭى ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ئىمزالاشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، مۇئاۋىن پىرېزىدېنت ياناييېف بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئەينى چاغدا قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى فوروستا دەم ئېلىۋاتقان گورباچېفنىڭ «سالامەتلىك ئەھۋالى يار بەرمىگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىرېزىدېنتلىق خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمايدىغانلىقى» نى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ پىرېزىدېنتلىق

ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا يەنە موسكۋا قاتارلىق جايلاردا ئالتە ئاي جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى، دۆلەت جىددىي ھالەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جىددىي ھالەت كومىتېتى مۇئاۋىن پرېزىدېنت يانايېۋ، باش مىنىستىر پاۋلوف، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى يازوف، دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى كريۇچكوف، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى پۇگو قاتارلىق سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپتى. كومىتېت يەنە 1 ـ، 2 ـ نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، گېزىتلەرنى قاتتىق نازارەت قىلىش ۋە نامايىش قىلىش ھەم يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلىشنى بەلگىلىدى، پەقەت «ھەقىقەت گېزىتى» قاتارلىق توققۇز خىل گېزىتنىڭلا نەشر قىلىنىشىغا يول قويدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بىرونېۋىك، تانكا ۋە ئارمىيە موسكۋاغا كىرىپ كەلدى.

بۇ پەۋقۇلئاددە خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئىككى ئاي ئىلگىرى رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى بولغان يېلتسىن شۇ ھامان موسكۋا شەھەر سىرتىدىكى داچىسىدا مۇھىم ئەمەلدارلارنى يىغىپ قارشى تەدبىر ئۈستىدە كېڭىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئۇ دەرھال موسكۋا شەھەر ئىچىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمەت بىناسى — «ئاقساراي» غا كېلىپ، «رۇسىيە پۇقرالىرىغا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىپ ھەم تۆت تۈرلۈك بۇيرۇق ئىمزالاپ، جىددىي ھالەت كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ تەشكىلات ئىكەنلىكى، جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈشنىڭ «ئوڭچىلار قوزغىغان ئاساسىي قانۇنغا قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئۆزگىرىش» ئىكەنلىكى، بۇ كومىتېت چۈشۈرگەن ھەر قانداق بۇيرۇقنىڭ رۇسىيە زېمىنىدا كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى جاكارلاپ، «رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئاسىيلارغا تېگىشلىك قايتۇرما زەربە بېرىشى كېرەكلىكى» نى مۇراجىئەت قىلىپ، مۇددەتسىز ئومۇمىي ئىش

تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەت ھالقىغان كان ئىشچىلار مۇستەقىل ئۇيۇشمىسى 20 ـ كۈنىدىن تارتىپ دومباس قاتارلىق جايلاردا كان ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىش تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەھەردە، ت ئا س س ئاگېنتلىقى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى پاۋلوفنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى، 1 ـ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئۇنىڭ ئورنىدا خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەر تۇيۇقسىزلا جىددىي ھالەت كومىتېتىغا پايدىسىز نۇرغۇن پەرەزلەر ۋە پىتنە ـ پاساتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش كۆرۈلدى. غەرب ئەللىرى يېلتسىننى قوللايدىغانلىقىنى، جىددىي ھالەت كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىلىدىغان ياردەمنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قازاقىستان پرېزىدېنتى نەزەربايېف سۆز قىلىپ، «ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش» ئارقىلىق مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئالىي سوۋېت كېڭىشى چاقىرىپ سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جىددىي ھالەت يۈرگۈزمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. موسكۋا شەھىرىنىڭ باشلىقى پوپوف ۋە لېنىنگراد شەھىرىنىڭ باشلىقى سوبچاك ئايرىم ـ ئايرىم بايانات ئېلان قىلىپ، جىددىي ھالەت كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ھەم بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. موسكۋا بىلەن لېنىنگرادتا جىددىي ھالەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

جىددىي ھالەت كومىتېتى تانكا ۋە ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ «ئاقساراي» نى قورشىدى. بىراق، 100 مىڭ موسكۋا ئاممىسى

www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكىدىن «ئاقساراي» نى قوغداپ تۇرغاچقا، بۇ يەردىكى تانكىلار ھېچنېمە قىلالمىدى. جىددىي ھالەت كومىتېتى يەنە ك گ ب ئالاھىدە قىسمىدىكى «ئالغا» گۇرۇپپىسىغا 21 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە «ئاقساراي» غا ھۇجۇم قىلىپ يېلتسىننى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغىلى ئۇنىمىدى. بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان باشقا پاراشوتچى ئەسكەر ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ قىسىملىرىمۇ ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئاقساراي» نى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش پىلانى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. موسكۋا ئەتراپىدا ساقلاۋاتقان كۆپ سانلىق قىسىملارمۇ خەلققە ئوق چىقىرالمىغاچقا، ھەرىكەتلىنىشنى رەت قىلدى. جىددىي ھالەت كومىتېتى ھەممىلا يەردە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن رۇسىيە ئالىي سوۋېتى جىددىي ھالەت كومىتېتىغا ئۇلتىماتۇم چىقىرىپ، جىددىي ھالەت كومىتېتىنى دەرھال تارقىتىۋېتىش، گورباچېفنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چۈشتىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارمىيەنى ئەسلىي تۇرۇشلۇق جايىغا قايتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئارقىدىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسەتتى قارار چىقىرىپ، گورباچېفنى پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن توختىتىپ قويۇشنى «قانۇنسىزلىق» دەپ قارىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كريۇچكوف بىلەن يازوف ئايروپىلانغا چۈشۈپ قىرىم يېرىم ئارىلىغا بېرىپ، شۇ يەرگە نەزەربەند قىلىنغان گورباچېف بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. بىراق، گورباچېف ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. ئارقىدىنلا رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋە باش مىنىستىرى قىرىم يېرىم ئارىلىغا كېلىپ، گورباچېف بىلەن سۆھبەتلەشتى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ

كۈنى تاڭ سەھەردە گورباچېف موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ، ھاكىمىيەتنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ۋەقە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى** گورباچېف ھوقۇقىنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالغاندىن كېيىن، دۆلەت جىددىي ھالەت كومىتېتى ئېلان قىلغان بارلىق قارارلارنى بىكار قىلىپ، كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە جىددىي ھالەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسى لۇكيانوفنى قولغا ئالغۇزدى. دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى قاتارلىق مۇھىم تارماقلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. رۇسىيە باش مىنىستىرى سىلايېف باشچىلىقىدا كومىتېت قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشقا قويدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، سىياسىي بيۇرو ۋە سېكرېتارىياتىنىڭ «19 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى» دە «قەتئىي ئەيىبلەش ۋە توسۇش مەۋقەسىدە تۇرالمىغانلىقى» نى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىشى، جۇمھۇرىيەتلەر ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. گورباچېف يەنە ھەرقايسى پارتىيە ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ك گ ب ۋە باشقا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئالىي سوۋېتنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى

«سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا پائالىيىتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشنى قارار قىلدى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى پارتىيەنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە ئارخىپلىرىغا مەسئۇل بولدى، تەپتىش مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرنىڭمۇ پائالىيىتى چەكلەندى ياكى ئۆزلىرى پائالىيىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى، ياكى بولمىسا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن ئايرىلىشنى ئۆزدى ۋە پارتىيەنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى. شۇنچە يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەمدىلىكتە ۋەيران بولدى.

«19 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى» دىن كېيىن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى غايەت زور بېسىم ئاستىدا، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. باشقا جۇمھۇرىيەتلەر، مەسىلەن ئۇكرائىنا (8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)، بېلورۇسسىيە (8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، مولدوۋا (8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)، ئەزەربەيجان (8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، ئۆزبېكىستان (8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى)، قىرغىزىستان (8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى) قاتارلىقلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بىراق، ئۇلار يېڭى ئىتتىپاققا كىرىشكە قارشى تۇرماي، پەقەت ئىتتىپاق شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنىغا زور دەرىجىدە تۈزىتىش كىرگۈزدى. گورباچېف ئىتتىپاقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆچىدى. ئۇ روسسىيە، ئۇكرائىنا، بېلورۇسسىيە،



www.uyghurkitap.com

قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمېنىيەدىن ئىبارەت 10 جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئورتاق ھالدا «1 + 10» باياناتى ھاسىل قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى 5 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىردى. قۇرۇلتاي «1 + 10» باياناتىغا ئاساسەن قوشۇلۇپ، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېڭىشىپ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى شەرتنامىسى تۈزۈپ چىقىشى ۋە ئىمزالىشى كېرەك، ھەربىر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىتتىپاققا قاتنىشىش شەكلىنى ئۆز مەيلىچە تاللىسا بولىدۇ؛ بىرلىككە كەلگەن ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دائىرىسىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنى دەرھال ئىقتىسادىي ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. قۇرۇلتاي يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇنى» نى ماقۇللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پىرېزىدېنتى ۋە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان جۇمھۇرىيەت ھالقىغان دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 13 جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبىرى قازاقىستاننىڭ مەركىزى ئالمائاتادا ئۇچراشتى. ئېستونىيە ۋە لىتۋانىڭ رەھبەرلىرى كەلمىدى. يىغىن 12 دۆلەت بىرلەشمە ئاخباراتىنى ئېلان قىلىپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتلەر ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسىنى دەرھال تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر دەپ جەزملەشتۈردى. لاتۋىيە باياناتقا ئىمزا قويمىدى، بىراق ئالاقىلەشكۈچى دۆلەت سۈپىتىدە شەرتنامىگە

قاتنىشىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رۇسىيە، بېلورۇسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، ئەرمېنىيە قاتارلىق سەككىز جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پرېزىدېنتى بىر تۇتاش بازار شەكىللەندۈرۈش ھەمدە بىردەك ماسلاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي سىياسەت قوللىنىش ئۈچۈن، موسكۋا ئىگىلىك ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتلەر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇكرائىنا بىلەن مولدوۋامۇ بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويدى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئالىي سوۋېتى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. بىراق، يىغىنغا رۇسىيە، بېلورۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋەكىللىرىلا قاتناشتى. يىغىندا ئىتتىپاقنىڭ كەلگۈسى سىياسىي قۇرۇلما مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شەرتنامىسىگە قاتناشقان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىتتىپاقتىكى تەخمىنەن 80 مىنىستىرلىق ۋە باشقا ئورگانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. جۇمھۇرىيەت ھالقىغان ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلمىسىدا پەقەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، قاتناش مىنىستىرلىقى، يادرو ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى ۋە تاموژنا باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىقلارلا ساقلاپ قېلىندى. 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەت ھالقىغان دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ئىتتىپاق شەرتنامىسى لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ھەم پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇپ، كەلگۈسىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى «ئىتتىپاق شەكلىدىكى دېموكراتىك دۆلەت»

دەپ جەزملەشتۈردى. يىغىن 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ شەرتنامىنى ئىمزالاشنى بېكىتتى. بىراق، 25 ـ كۈنىدىكى يىغىندا، جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى كەلگۈسىدىكى ئىتتىپاقنى ئىتتىپاق دۆلەتلەر دەپ ئاتاش ياكى فېدېراتسىيە دەپ ئاتاش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئاخىردا دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى شەرتنامە لايىھەسىنى ئېلان قىلىپ، يىل ئاخىرىدا شەرتنامە ئىمزالاشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت پارلامېنتلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشنى قارار قىلدى.

يېڭى ئىتتىپاق تېخى قۇرۇلۇپ بولالمايلا ئۇكرائىنا 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. 83% سايلىغۇچى ئاۋاز بېرىشكە قاتناشتى، بۇلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى ئۇكرائىنانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى قوللىدى. ھازىرقى ئۇكرائىنا ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى كراۋچۇك ئۇكرائىنانىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى بولدى. كراۋچۇك 5 ـ كۈنى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، ئۇكرائىنانىڭ يېڭى ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالىمايدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى. بۇ ئىش گورباچېفنىڭ پىلانىغا ئەجەللىك زەربە بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رۇسىيە پرېزىدېنتى يېلتسىن، ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى كراۋچۇك، بېلورۇسسىيە ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى شۇشكېۋىچ بېلورۇسسىيەنىڭ پايتەختى مىنسكتا ئۇچراشتى. 8 ـ كۈنى «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا قانۇن سۇبيېكتى ۋە رايون سىياسىي گەۋدىسى بولۇشتەك مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانلىقىنى جاكارلىدى. گورباچېف ئالدى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، «كۆپ مىللەتلىك

دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ئۈچ جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلىگىلى بولمايدۇ» دېدى، كېيىن بۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەي، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئاللىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رۇسىيە، بېلورۇسىيە، ئوكرائىنىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، مولدوۋا قاتارلىق 11 دۆلەتنىڭ رەھبىرى قازاقىستان پايتەختى ئالمائاتادا ئۇچرىشىپ، ئالتە ھۆججەت ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەسلىكى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى باراۋەرلىك پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىكىگە ھۆرمەت قىلاتتى. دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت دائىرىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئالىي ئاپپاراتى — دۆلەت باشلىقلىرى كېڭىشى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى كېڭىشى قۇرۇش قارار قىلىندى. يادرو قورال ئىشلىتىش مەسىلىسىدە رۇسىيە پرېزىدېنتى يادرو قوراللار كېلىشىمىگە ئەزا ئەللەر باشلىقلىرى بىلەن كېڭىشىپ ئاندىن قارار چىقىرىدىغان بولدى. رۇسىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا بولۇشتەك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەم باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا كىرىشىنى قوللىدى. 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گرۇزىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گورباچېف تېلېۋىزىيەدە نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ يەنە قوراللىق كۈچلەرنىڭ

ئالىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىنمۇ ئىستېپا بېرىپ، قوراللىق قىسىم ۋە يادرو كوٗنوٗپكىسىنى تىزگىنلەش هوقوٗقىنى روٗسىيە پىرېزىدېنتى يېلتسىنگە ئۆتكوٗزوٗپ بەردى. 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كوٗنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ئاخىرقى قېتىم يىغىن ئېچىپ هەم خىتابنامە ماقوٗللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجوٗتلوٗقىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

## 4 ـ بۆلوٗم يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى

2 ـ دوٗنيا ئوٗروٗشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يالتا سىستېمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش توٗپەيلىدىن مەۋجوٗتلوٗقىنى يوقاتتى.

گېرمانىيەنىڭ بۆلوٗۋېتىلىشى، ياروپانىڭ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ كېتىشى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەهدى تەشكىلاتى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ هەربىي گوٗروٗهنىڭ تىركىشىشى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دوٗنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشىدىن ئىبارەت ئىكى قوٗتوٗپ ئۆزئارا قارشىلىشىدىغان ئەندىزە يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىناتتى. يالتا سىستېمىسى 2 ـ دوٗنيا ئوٗروٗشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدا كۆپ قېتىم شىددەتلىك زەربىگە ئوٗچرىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، بوٗنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شوٗكى، بوٗ خىل ئەندىزە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوٗنيا ئىستراتېگىيەسىدىكى تەڭپوٗڭلوٗقى ۋە ياۋروپا رايونىدىكى كوٗچلەر باراۋەرلىكىگە ماس كېلەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ۋە شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارىسىدىكى ئەمەلىي كوٗچ

سىلىشتۇرمىسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى، شەرق بىلەن غەرب كەسكىن قارشىلىشىۋاتقان، ئىككى چوڭ گۇرۇھ جىددىي تىركىشىۋاتقان شارائىتتا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىق قىلىۋاتقان ئىككى قۇتۇپنىڭ قارشىلىشىشىدىكى تۈزۈلمە ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكتىن، شەرقىي ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئۆز ئىتتىپاقىنىڭ غوجايىنلىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىر – بىرىگە ھۇرپىيىشىپ تۇرسىمۇ، بىر – بىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى بىلگەچكە، ھەربىي ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمايتتى. شۇڭا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، قارشىلىشىش، جىددىيلىك ۋە ئۈزۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرغان كىرىزىس بۇ خىل ئەندىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇنداق ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزە ئاستىدا تالاش – تارتىش قىلىپ دۇنيا ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا زومىگەرلىك، يادرو ئۈستۈنلۈكى تالىشىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىدىن ھالقىغان ھالدا يادرو ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋەردى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ يادرو قوراللار ئامبىرى يامان سۈپەتلىك كېڭىيىپ، بىر – بىرىنى كۆپ قېتىم ۋەيران قىلىۋېتەلىگۈدەك ئىقتىدار ھازىرلىدى. يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە بولدى. ئامېرىكىنىڭ غەرب ئىقتىسادىدىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنى جىددىي تۇستە تەۋرەنلەپ، قىزىل رەقەمنىڭ ئېشىشى، قەرزنىڭ كۆپىيىشى، پاسسىپ بالانسنىڭ ئېشىشى دېگەندەك قىيىنچىلىقلار ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىنمۇ كۆپ بەدەل تۆلىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، 60 –

يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 20 يىلدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە سەرپ ئەتكەن خىراجەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىللىي دارامەتنىڭ تەخمىنەن 16% ىنى ئىگىلىگەن، ئامېرىكىنىڭ بولسا 6% – 7% نى ئىگىلىگەن. خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈشتەك يامان ئاقىۋەت تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادى تۆۋەنلەپ، ئىجتىمائىي كىرىزىس كېلىپ چىقتى. شۇڭا، ئىككى تەرەپنىڭ يادرو قوراللار مۇسابىقىسىنى ئاستىلىتىپ، مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە توغرا كېلىپ، «قارشىلىشىشتىن سۆزلىشىشكە، جىددىيلىكتىن يارىشىشقا ئۆتۈش» تەك بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە، خەلقئارادا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ۋەقەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپادىكى بارلىق ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى يوقىتىش شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللارنى كېمەيتىش سۆھبىتىدىمۇ ئىلگىرىلىدى. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈردى، ئانگولادىكى ئىچكى ئۇرۇش توختىدى، كامبودژا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىمۇ بۇرۇلۇش كۆرۈلۈپ، رايونلارنىڭ قىزىتمىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشمۇ ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە بولدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق بۇرۇلۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك پوزىتسىيەسى ئوخشىمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش يولىنى تاللىدى، خەلقئارا مۇھىتنى ياخشىلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش ئۈچۈن،

مەيلى يادرو سۆھبىتىدە بولسۇن ياكى رايونلار ئارا مەسىلىدە بولسۇن، خېلى كۆپ يول قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپاغا قاراتقان سىياسىتىنىمۇ گورباچېفنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى» بويىچە تەڭشەپ، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى بىر ياقلىق قىلىشىغا يول قويۇپ، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشىغا ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە غەربنىڭ تۈرتكىسىدە، 1989 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالمىشىپ، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئۆزگىرىشنى ئالقىشلاش ۋە قوللاش پوزىتسىيەسى تۇتۇپ، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزىنىڭ «يېڭى سىياسىي تەپەككۇر» ىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، غەرب بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە غەرب بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن، دەپ قارىدى. شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغان بولدى، بۇ ھەرقايسى ئەللەر ئۆز مەنپەئەتىگە ئاساسەن دۆلەتلەر ئارا ئالاقىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئىدى.

شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرى 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مالتادا ئۇچرىشىپ، شەرقىي ياۋروپا مەسىلىسىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلدى، بۇ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ھەمكارلىق

مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسلىدە 1992 ـ يىلى ئېچىش بېكىتىلگەن ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنى 1990 ـ يىلى ئېچىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە قوشۇلدى. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشى پارىژدا باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر «ياۋروپا مۇنتىزىم قوراللىق كۈچ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، «بىرلەشمە بايانات» ئېلان قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ «ئەمدى دۈشمەنلەشمەيدىغانلىقى، ئۆزئارا يېڭىچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغانلىقى ھەم دوستانە ئۆتىدىغانلىقى» نى جاكارلىدى. ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى 34 دۆلەت «يېڭى ياۋروپا پارىژ خارتىيەسى» نى ئىمزالاپ، «ياۋروپانىڭ قارشىلىشىش ۋە بۆلۈنۈش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكى» نى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتى «ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ھۆرمەتلەش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدىغانلىقى» نى تەكىتلىدى. «خارتىيە» ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە ئاپپاراتلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ياۋروپادا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى. بۇنىڭدىن ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئورنى ۋە رولىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ياۋروپادا ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى، كۈچىيىشى ۋە ياۋروپا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقاتتى. 1990 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال

چېخوسلوۋاكىيەدە تۇرۇشلۇق بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. 3 ـ ئايدا ۋېنگرىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، 1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن ئاۋۋال ۋېنگرىيەدە تۇرۇشلۇق بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغان بولدى. 9 ـ ئايدا يەنە 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق 360 مىڭ كىشىلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە ۋەدە بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىشى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ھەربىي ئىتتىپاق خاراكتېرىنى بارغانسېرى يوقاتتى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى سىياسىي كېڭىشىدە «ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ خاراكتېرى، فۇنكسىيەسى ۋە پائالىيىتىنى يېڭىباشتىن مۇزاكىرە قىلىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن ۋېنگرىيە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باشقا دۆلەتلەرمۇ ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن رەسمىي چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ئۆزگەرتىلمەستىن، پارچىلىنىش يولىغا ماڭدى. 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەرنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى موسكۋادا ئۇچرىشىپ، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئاپپاراتى تارقىتىۋېتىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پراگا كېلىشىمنامىسىدە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئاپپاراتى تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىرمۇنچە قوش تەرەپلىك شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى

www.uyghurkitap.com

شەرتنامىگە «شەرتنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر قارشى تەرەپ (دۈشمەن) دەپ قارىغان ھەرقانداق ھەربىي ئىتتىپاققا كىرمەسلىكى كېرەك» دېگەندەك مەزمۇنلارنى كىرگۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كۆپ سانلىق شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بۇ تەلەپكە كۆنمىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ئىتتىپاقداشلارنى ئەركىن تاللاشنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بۇففېر رايونى (توقۇنۇشنى پەسەيتىش رايونى) بولۇپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتى.

شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى ۋە ياۋروپا رايونىدىكى كۈچلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى غەرب ـ شەرق كۈچ تەڭپۇڭلۇقى غەربكە ئېغىپ، ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ تىركىشىشى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپانى ئايرىپ ئىدارە قىلىشى يادرو قىلىنغان شەرق ـ غەرب مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى بۇزۇپ تاشلاندى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىلىپ، كونا شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىگە خاتىمە بېرىلدى. ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئەمدى ئۆتمۈشتىكى شەرق، غەرب مۇناسىۋىتىگە خاس بولغان ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى، ھەربىي قارشىلىشىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىتتىپاق قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرىماس بولدى، ياۋروپادىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىكىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ غەربكە تايىنىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى

جۇڭگو، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت «چوڭ ئۈچ بۇرجەك» يوقىلىپ، ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى، ئامېرىكا ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتى، ئامېرىكا ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە، گېرمانىيە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش ۋە تەڭشىلىش بولدى. ئىلگىرى ئىككى قۇتۇپ قارشىلىشىدىغان تۈزۈلمىدە ۋەزىيەت جىددىي ئىدى، بىراق مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مۇقىم بولۇپ، «جىددىيلىك ئىچىدىكى مۇقىملىق» دېيىشكە بولاتتى. ئەمدىلىكتە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قارشىلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ كونا جىددىي ئامىل تۈگەپ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە جىددىيلىك پەسىيىشكە يۈزلەندى. دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئىمكانىيىتى قالماي، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ئەۋج ئالدى، بەزى رايونلاردىكى توقۇنۇش ئارقا ـ ئارقىدىن پەسەيدى ياكى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش يولىغا ماڭدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، ئەسلىدە ئىككى قۇتۇپنىڭ تىركىشىشى تۈپەيلىدىن بېسىلىپ قالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىپ چىقىپ، بەزى رايونلاردا يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيگىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت تەرەققىياتىدا داۋالغۇش، ئەنسىزلىك ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندى. شۇڭا، ئومۇمىي ۋەزىيەت نۇقتىسىدىن جىددىيلىك پەسەيگەندەك قىلسىمۇ، بىراق داۋالغۇش كۆپ بولدى.

قىسقىسى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغىچە بولغان بۇ چوڭ بۇرۇلۇش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ قارشىلىشىدىغان تۈزۈلمە يادرو قىلىنغان كونا ئەندىزىنىڭ ئاخىرلىشىپ، دۇنيانىڭ مۇھىم كۆپ قۇتۇپلىشىش ئۆتكۈنچى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئون يەتتىنچى باب

# 90 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ياپونىيە

## 1 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا

**بۇش ھۆكۈمىتى** جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن چىققان بۇش 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى، ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلدى، ئىراق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى تارقىلىپ كەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، بۇ ئىشلار تۇيۇقسىز ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆسۈپ، غەلىبىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە يەتتى. بىراق، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت دۆلەت ئىچىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى پەسەيتەلمىدى.

ئامېرىكا ئىقتىسادى 1982 ـ يىلىدىن بېرى سىجىل ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1983 ـ يىلىدىكى 3 تىرىللىيون 275 مىليارد 700 مىليون دوللاردىن 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە 5 تىرىللىيون 392 مىليارد 200 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. بىراق، مالىيەدىكى قىزىل رەقەم ۋە دۆلەت قەرزى مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. رېگان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ خامچوتىدىكى قىزىل رەقەم كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، سەككىز يىل مابەينىدە ھەر يىلى ئوتتۇرىچە قىزىل رەقەم 160 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق بولۇپ كەلگەنىدى، بەزى يىللىرى ھەتتا 200

مىليارد دوللارلىق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جەمئىي مالىيە قىزىل رەقەمى 1 تىرىللىيون 291 مىليارد 600 مىليون دوللارغا يەتكەندى. ھەر يىللىق سودىدىكى قىزىل رەقەممۇ تەخمىنەن 150 مىليارد دوللار ئىدى. دۆلەت قەرزى 2 تىرىللىيون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەندى. بۇش ھۆكۈمىتى چىقىمنى جانلىق توڭلىتىش چارىسىنى قوللىنىپ خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. بۇ تەدبىر دەسلەپتە مۇئەييەن رول ئوينىدى. 1989 ـ يىلىدىكى مالىيە قىزىل رەقەمى بۇلتۇرقىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى، ئەمما ناھايىتى تېزلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىپ قالدى. چۈنكى، قوشما ئىشتاتنىڭ 80% تىن ئارتۇق چىقىمىنى ھەربىي خىراجەت، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان ياردەم، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە دۆلەت قەرزىنىڭ ئۆسۈمىدىن ئىبارەت بىرقانچە چوڭ تۈردىكى چىقىملار ئىگىلىگەن بولۇپ، كېمەيتىش ئىمكانىيىتى بەك تۆۋەن ئىدى. گەرچە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك كۈنسايىن پەسىيىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەربىي خىراجەتنى كېمەيتىشكە شارائىت يارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالمىسا بولمايتتى، ھەربىي خىراجەت ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىگىلا تاقىلىپ قالماي، بەلكى ھەرقايسى چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگىمۇ چېتىلاتتى. كەسكىن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، ئاخىر 1991 ـ يىلى ھەربىي خىراجەتنى 9 مىليارد دوللار كېمەيتىش ماقۇللاندى. بۇ پەقەت قىزىل رەقەمنىڭ 4.5% ىنىلا ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ھېچقانچە دال بولالمايتتى. بۇش ھۆكۈمىتى ئەسلىدە ئىقتىسادنى يىلىغا 3% ئەتراپىدا ئاشۇرۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمىنىمۇ ئاشۇرغىلى بولاتتى. بىراق بۇ ئارزۇمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. پرېزىدېنت بۇش ئۆزىنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى ۋەدىسىنى

ئۆزگەرتمەي تۇرالمىدى، 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قوشما ئىشتات خامچوتىدىكى قىزىل رەقەمنى ئازايتىش ئۈچۈن، باجنى كۆپەيتىشنى جاكارلىدى. ئەمما، باجنىڭ كۆپەيتىلىشى ئامېرىكا ئىقتىسادىغا تېخىمۇ كۆپ پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەدبىر تۈپەيلىدىن كارخانىنىڭ خىراجىتى ئېشىپ، مەبلەغ سېلىش چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجى ئازىيىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئىقتىساد تېخىمۇ چېكىنىپ كەتتى. 1991 ـ يىلى ئىقتىسادتا مەنپىي ئېشىش كۆرۈلۈپ، ئىقتىساد %0.7 تۆۋەنلىدى. ئامېرىكا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ئەل رايىنى سىناشقا ئاساسلانغاندا، ئاۋامنىڭ بۇشنى قوللاش نىسبىتى دېڭىز قولتۇقى كرىزىسى مەزگىلىدىكى %90 لىك ئەڭ يۇقىرى پەللىدىن %46 كە چۈشۈپ قالغان.

ئىجتىمائىي كرىزىس، بولۇپمۇ ئىرقىي زىددىيەت بۇش ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن يەنە بىر ئېغىر مەسىلە ئىدى. 1992 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى 31 مىليون نېگىرنىڭ %36 ى نامراتلىق ئۆلچىمىدىن تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى %14.2 كە يېتەتتى. شۇڭا، نېگىرلار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن ئىنتايىن نارازى ئىدى. 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نېگىر ياش رودنىي كىڭ ئاپتوموبىلنى پەلگىملەنگەن سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ھەيدىگەنلىكتىن ئاق تەنلىك تۆت ساقچى ئۇنى تەلۋىلەرچە دۇمبالىدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى لوس ئانگېلېس يەرلىك سوت مەھكىمىسى بۇ تۆت ساقچى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقارغانلىقتىن، نېگىر ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك غەزىپى قوزغالدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن نەچچە مىڭ نېگىر كوچىغا چىقىپ ئېتىراز بىلدۈردى. ئىش ناھايىتى تېزلا ئەۋجىگە چىقىپ كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ۋەقەسى كېلىپ چىقتى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋەقە

ئاران دېگەندە بېسىقتى. 50 تەن ئارتۇق ئادەم ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈلدى، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى، 5200 دىن ئارتۇق ئۆي ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ئىقتىسادىي زىيان 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇش ھۆكۈمىتى بۇ زوراۋانلىق توقۇنۇشنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش ئەترىتى ۋە خەلق مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ نەچچە 10 مىڭ خادىمىنى يۆتكەپ كېلىپ، نۇرغۇن بىرونېۋىكلارنى ئىشقا سېلىپ، شۇ جايدىكى ھەربىي، ساقچىلار بىلەن بىللە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋە كېچىدە يۈرۈشنى مەنئى قىلىشنى يولغا قويدى. ئامېرىكىنىڭ لوس ئانگېلېستىن باشقا شەھەرلىرى، مەسىلەن نيۇيورك، چىكاگو، سان فرانسىسكو، سىئاتىل قاتارلىقلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاممىۋى نامايىش ۋە زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ 60 ـ يىللاردا نېگىرلارنىڭ خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق ئىرقىي توقۇنۇش ھېسابلىناتتى.

لوس ئانگېلېس ۋەقەسى ۋە ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى جەمئىيەتتە نارازىلىق پەيدا قىلدى. ئامما ھۆكۈمەتتىن خەلقئارادىكى ئىشلارغا ئازراق ئارىلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارغا قارىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ كونسېرۋاتىزمىنىڭ ئىقتىساد چېكىنىپ كېتىش ئەھۋالىنى ياخشىلىيالايدىغان ياكى ياخشىلىيالمايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ بارا ـ بارا يوقاتتى. بۇ ئەھۋالدا بىر مەھەل ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇش ئۇدا پرېزىدېنت بولۇش سايلام رىقابىتىدە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدى.

كلىنتون ھۆكۈمىتى 1992 ـ يىلى ئامېرىكىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك پرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېموكراتلار پارتىيەسىدە بىتەرەپ يول تۇتۇپ كەلگەن كلىنتون ئىزچىل

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، قويۇق لىبېرالىزملىق تۈسىگە ئىگە خاگىن بىلەن كېررىنى تەييارلىق سايلام مۇساپىسىدىلا تەدرىجىي شاللىنىۋېتىپ، پارتىيە ئىچىدە ئوبدانلا نام چىقىرىپ قالدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدە ئوڭ قانات بۇخانان بۇشقا كەسكىن جەڭ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئاخىردا مەغلۇپ بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. كلىنتون 370 پارچە سايلام بېلىتىگە ئېرىشىشتەك ئۇستۇنلۇك بىلەن بۇشنى ھەم مۇستەقىل نامزات پېررونى مەغلۇپ قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ 42 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر 12 يىل ھاكىمىيەت سىرتىدا قالغاندىن كېيىن، يېڭىباشتىن ئاقسارايىنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى.

46 ياشلىق كلىنتون 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇغۇلغان ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن «ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكا ئىقتىسادىنى گۈللەندۇرۇپ»، ئامېرىكىنى «تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ بەختەر» قىلىدىغانلىقىنى مەردانىلەرچە جاكارلىدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتى 12 يىلدىن ئارتۇق يولغا قويۇپ كەلگەن رېگانچە ئىقتىسادشۇناسلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىقتىسادقا ئارىلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئاكتىۋىزمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاقسارايدا دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى ۋە ماسلاشتۇردى. بىراق، كلىنتون ئەنئەنىۋى لىبېرالىزملىق سىياسەتكىمۇ تولۇق قايتمىدى. ئۇ دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ «چوڭ ھۆكۈمەت» ۋە «يۇقىرى قىزىل رەقەم»

سىياسىتىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى «لىبېرالىزمغىمۇ، كونسېرۋاتىزمغىمۇ ياتمايدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى قولدىن بېرىشكىمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئاز- تولا پەرقلىنىدۇ» دېدى ھەم بۇنى «يېڭى لىبېرالىزم» دەپ ئاتىدى.

كلىنتون تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىكى 1992 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى 290 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يەتتى. شۇ تۈپەيلىدىن دۆلەت قەرزى دوللارنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ رايى ياندى، ئىقتىسادنى قايتىدىن ئاشۇرۇشتا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن قىزىل رەقەمنى ئازايتىشقا تۇتۇش قىلدى. كلىنتون ئاقسارايدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ 25% نى قىسقارتىپ، قالغان خادىملارنىڭ مائاشىنى 6% – 9% تۆۋەنلىتىپ، تۆت يىلدا ھۆكۈمەت خىراجىتىنى مۆلچەردە 247 مىليارد دوللار كېمەيتىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆت يىلدا باجنى 246 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. پۈتۈن ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ 1.2% نى ئىگىلەيدىغان بايلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىشنى بەلگىلىدى. ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇش نورمىسى باجنى ئاشۇرۇش پىلانىدىكى ئومۇمىي سوممىنىڭ 60% نى ئىگىلەيتتى. كلىنتوننىڭ بۇ تەدبىرى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەسىدىكى قىزىل رەقەم يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ، 1993 ـ يىلى بۇلتۇرقىغا قارىغاندا 12% تۆۋەنلىدى، 1994 ـ يىلى يەنە 20% تۆۋەنلىدى.

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئامېرىكىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان يەنە بىر چوڭ مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەت كۆپ بولۇپلا قالماي، بۇ ئىشتا نۇقسانمۇ كۆپ ئىدى. 1975 ـ يىلىلا ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى مالىيە قىزىل رەقىمى 1 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتكەن بولۇپ، كېيىن

يىلمۇيىل ئېشىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش خىراجىتى كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتەتتى، بۇ خىراجەت 1992 - يىلى 838 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 14% ىنى ئىگىلىگەچكە، دۆلەتكە ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى يەنە بىر قىسىم ئادەملەردە تايىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكتىن ئۇلار خىزمەت تاپالمىسىلا ئىشسىز يۈرۈۋېرىدىغان بولۇۋالدى. پۈتۈن مەملىكەتتە تەخمىنەن 7 – 8 مىليون ئادەم پاراۋانلىق قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يەنە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولغان بولۇپ، بۇنداق تەمىناتتىن خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر تېخى بەھرىمەن بولالمايتتى. پۈتۈن ئامېرىكىدا تەخمىنەن 37 مىليون ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلمىغانىدى. كلىنتون ئامېرىكىنىڭ پاراۋانلىق تۈزۈمى «رولىنى جارى قىلدۇرالماي، بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىزنى ئىنكار قىلىۋەتتى»، بۇنى «ئۇزۇل - كېسىل ئىسلاھ قىلىش» كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا رەپىقىسى ھىلارىنى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر بىر تۈرلۈك پىلان تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە پرېزىدېنت بۇش ئىنكار قىلغان «ئائىلىدىكىلەر داۋالىنىۋاتقاندا دەم ئېلىشقا رۇخسەت بېرىش قانۇن لايىھەسى» گە ئىمزا قويدى. 9 - ئايدا، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش پىلانىنى دۆلەت مەجلىسىگە رەسمىي سۇنۇپ، دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ داۋالىنىش ياردىمىگە ئىشلىتىدىغان خىراجىتىنى تۆت يىلدا 38 مىليارد 400 مىليون دوللار ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1994 - يىلى 1 - ئايدا

www.uyghurkitap.com

كلىنتون دۆلەت ئەھۋالى مەلۇماتىدا، يەنە داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شۇ يىلى قىلىدىغان بىرىنچى چوڭ ئىش قاتارىغا قويدى. ئۇ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى بارلىق ئاھالىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. كلىنتون داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرمەكچى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ پاراۋانلىق قۇتقۇزۇشقا تايىنىۋېلىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامراتلارغا قۇتقۇزۇش بېرىش ۋاقتىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى. قۇتقۇزۇلىدىغانلارنىڭ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي ماھارىتى يوق ياكى مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن كىشىلەرنى ھەقسىز تەربىيەلەشنى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرىقىدەك كىشىلەرگە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. كلىنتوننىڭ ئىسلاھات پىلانى كەسكىن غۇلغۇلا قوزغىدى، ئۇنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىيە ئۆتەش مەزگىلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، دۆلەت مەجلىسى بۇ پىلاننى تېخى ماقۇللىمىدى.

كلىنتون ھۆكۈمىتى دۇنياۋى ئىقتىسادىي رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا مەبلەغ سېلىشنى تەكىتلەپ، «قوشما ئىشتاتىنىڭ چىقىم مۇھىم نۇقتىسىنى ئىستېمالدىن مەبلەغ سېلىشقا يۆتكەش بۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ بەلگىسى. بىز ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى ئازايتىشقا تىرىشىپلا قالماي، بەلكى چىقىمنى تېخىمۇ ئىشلەپچىقىرىش تۈسىگە ئىگە ئىشلارغا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك» دېدى. كلىنتون تۆت يىلدا ئۇل مۇئەسسەسە، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، مائارىپ ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا 220 مىليارد دوللارنى مەبلەغ سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1993 –

يىلى دۆلەت مەجلىسى پىرېزىدېنتىنىڭ ئارتۇقچە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى ئىككى قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، سوممىسىنىڭ يېرىمىنى ئازايتىۋەتتى.

تاشقى ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتە، كلىنتون تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تاشقى سودىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى «مۇھىم ئامىل» دەپ قارىدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى ئۇراگۋاي ئۇچرىشىشى ۋە سۆھبىتىنىڭ تاماملىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كانادا، مېكسىكا بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش نىشانىنى بېكىتتى. كلىنتون «ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش» ۋە «باراۋەرلىك پرىنسىپى» دا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەركىن سودا ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان جايلاردا ئەركىن سودىنى يولغا قويدى، ئۆزىگە پايدىسىز دەپ قارىغان جايلاردا قارشى تەرەپنى ئادىل ئىش قىلمىدى، دەپ سۆكۈپ، قورۇقچىلىق قىلدى، ھەتتا جازالاش ھەرىكەتلىرىنى قوللاندى.

كلىنتون مائارىپنىڭ چېكىنىشى ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە جەمئىيىتىدىكى ئىللەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ ھېسابلىدى. ئۇ ئوقۇتۇش سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش ئۆلچىمىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلاردىن بىر تۈتاش ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ باھالاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ نامراتلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن

پۇل ئاجرىتىشنى، چوڭ شىركەتلەرنىڭ 5% پايدىسىنى خىزمەت داۋامىدا تەربىيەلەشكە ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلدى.

كلىنتون بۇ تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، ئىقتىساد ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى ۋە تېزلىكتە ئېشىش هالىتىگە ئۆتتى. 1993 ـ يىلى 3% ئاشتى، 1994 ـ يىلى يەنە ئېشىش نىسبىتى 4% كە يەتتى. ئىشسىزلىق نىسبىتى 7% تىن ئالتە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولغان 5.8% كە تۆۋەنلىدى.

كلىنتون هۆكۈمىتى سىياسىي جەھەتتە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دۆلەت مەجلىسى ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلىمىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. كېڭەش پالاتاسىدا، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى سايلامدىن ئىلگىرىكى 56 ئورۇندىن 47 ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئورنى بولسا 44 تىن 53 كە كۆپەيدى. ئاۋام پالاتاسىدا، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى 256 دىن 204 كە چۈشتى، جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بولسا 178 دىن 230 غا كۆپەيدى. دېموكراتلار پارتىيەسى 1955 ـ يىلدىن بېرى ئاۋام پالاتاسىدا تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق ئورۇندىكى پارتىيە بولۇپ قالدى، جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بولسا دۆلەت مەجلىسىدىكى كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىنى تىزگىنلىدى. 36 ئىشتاتنىڭ ئىشتات باشلىقىنى قايتىدىن سايلاشتا، جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قولىدىن 11 ئىشتاتنى ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 50 ئىشتات ئىچىدە 31 ئىشتاتنىڭ باشلىقى جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولدى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ھەرقايسى تەرەپتىكى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. 1994 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى گەرچە يامان ئەمەس بولسىمۇ، بىراق پۇقرالارنىڭ ئىش ھەققى كىرىمى ئاشمىدى، شۇڭا دېموكراتلار

پارتىيەسى ئۇچۇن بىلەت تاشلاشتا كەيپىيات ئانچە قىزغىن بولمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى بارا ـ بارا ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئەزەلدىن جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا، ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپىنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئەمگەكچىلەر سىنىپى ۋە لىبېرالىست زىيالىيلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭى ئاجىز، بىلەت تاشلاش نىسبىتى تۆۋەن ئىدى. ئامما ئارىسىدا ئەزەلدىنلا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە قارشى كەيپىيات بار ئىدى. يەنە كېلىپ دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى بەزى پېشقەدەم سىياسىي چولپانلار پېنسىيەگە چىققانلىقتىن، يېڭىدىن كۆرسىتىلگەن دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى نامزاتلارنىڭ ئابرۇيى بولمىغاچقا، دېموكراتلار پارتىيەسى قولىدىكى ئورۇندىن تېخىمۇ قۇرۇق قالدى.

يېڭى دۆلەت مەجلىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئورنىغا تايىنىپ، دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە توختىماي بېسىم ئىشلەتتى. ھۆكۈمەت «چوڭ ھۆكۈمەت» سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، خامچوت لايىھەسىدە يەتتە يىلدا چىقىمنى 456 مىليارد دوللار ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىرىنسىپىغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولمىدى، بىراق چىقىمنى 812 مىليارد دوللار ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كلىنتون ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە پاراۋانلىق چىقىمىنى زور دەرىجىدە ئازايتىش ئارقىلىق دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى قوللىغۇچىلىرى — ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىغا زەربە بېرىشكە ئالدىرىدى. كلىنتون بۇنىڭغا

كۆنمىگەچكە، ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىشى تۈگىمەي، خامچوت لايىھەسى دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللانمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاجراتقان پۇل ئەمەلىيلەشمەي، 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاي ۋە 12 ـ ئايدا ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىككى قېتىم ئىشىككىنى تاقاپ خىزمەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

## 2 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش غەربىي ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى يېڭى ئۆزگىرىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۆزگىرىش شەرقىي ياۋروپادىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، نىگىزلىك تۈسكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇنى ئالدىنقى بىر مەزگىللىك تىنچ تەرەققىياتقا سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا چوڭ بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىكى سول قاناتلارنى زەربىگە ئۇچراتتى، ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى نامىنى سول قانات دېموكراتلار پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتتى، باشقا دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن پارتىيەنىڭ نامىنى يېڭىلاپ ئۆزىنىڭ پىروگراممىسى ۋە تەشەببۇسلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ھەرقايسى ئەللەردىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەلىرىنىڭ تەسىر كۈچىمۇ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. نۇرغۇن سول قاناتلار ۋە بىتەرەپ سول قانات پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوڭ قاناتلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتچىلىك كۈچلىرىمۇ باش كۆتۈرۈپ، ئۇچىغا چىققان ئوڭ قاناتلار تەرەققىي قىلىپ زورايدى. بىراق،

بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا يەنە سول قاناتلارغا ئېغىش شاماللىرى چىقتى. شۇڭىنىسى سول قاناتلار سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مەۋقەسىگە تولۇق قايتىپ كېلەلمىدى. سول قاناتلار بىلەن ئوڭ قاناتلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قارشىلىشىشى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشتى. كىشىلەرمۇ سىياسىي غايىلەرگە ئانچە ئېرەن قىلماس بولدى، بەلكى قايسى پارتىيەگە بېلەت تاشلاشتا ئۆزىگە كېلىدىغان ئەمەلىي نەپكە قارايتتى. نەتىجىدە، پارتىيەلەر ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيە پەرقىمۇ بارا - بارا مۇجمەللىشىپ كەتتى. ئەسلىدە ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئەڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە چوڭ پارتىيەلەر (مەسىلەن، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى قاتارلىقلار) نىڭ تەسىر كۈچىمۇ ئاجىزلاپ باردى. ئوتتۇرا، ئۇششاق پارتىيەلەرنىڭ كۈچى زورىيىپ، تېخىمۇ كۆپ پارتىيە - گۇرۇھلار پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىردى، سىياسىي ھوقۇق تارقاقلىشىشقا يۈزلىنىپ، بىر - ئىككى چوڭ پارتىيە مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ياكى ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنتتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال ئۆزگەردى. ھەرقايسى ئەللەر كۆپ مەنبەلىك دېموكراتىيە يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ ئۆزگىرىش غەربىي ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلەرگە ئېغىر زەربە بېرىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى، شۇڭا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولمىدى.

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى غەربىي ياۋروپادا ئەسلىدە شەكىللەنگەن كۈچلەر باراۋەرلىكىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ياۋروپانىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يەنە بىر جەھەتتىن، ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى تېخىمۇ مۇرەككەپ ھەم ئەگرى - توقاي قىلىۋەتتى.

غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى 80 - يىللاردا

سىجىل تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، 90 ـ يىللاردا ئەھۋال ئۆزگەردى. ئەنگلىيەدە 1990 ـ يىلى ئەڭ بۇرۇن ئىقتىساد چېكىنىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر زور بولغان گېرمانىيە ئىقتىسادىمۇ 1992 ـ يىلى كاساتلىشىشقا باشلىدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولمىغانلىقتىن، پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئېلىپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئۆرلەپ كەتتى. 1993 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىقتىسادىدا سەل ـ پەل ياخشىلىنىش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىدى. بىراق، شىمالىي ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە دۇنيا بازىرىنىڭ جانلىنىشى تۈپەيلىدىن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئېكسپورتى ئېشىپ، غەربىي ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1994 ـ يىلى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىپ، ئىسلاندىيە ۋە گىرىتسىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن 1% تىن يۇقىرى ئېشىش نىسبىتى ئەسلىگە كەلدى. ھەرقايسى ئەللەر مۇقىم ئېشىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدەك پۇلنى قويۇۋېتىش چارىسى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولماستىن، بەلكى پۇل پاخاللىقىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. بىراق، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش يېتىشەلمىگەنلىكتىن، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر بولدى. 1994 ـ يىلى غەربىي ياۋروپادىكى ئوتتۇرىچە ئىشسىزلىق نىسبىتى بۇلتۇرقى 9.3% تىن 9.8% كە ئۆرلىدى. 1995 ـ يىلى گېرمانىيە ماركىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، ياۋروپا پۇل سىستېمىسىدا كىرىزىس يۈز بەردى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يىلدا غەربىي ياۋروپا ئىقتىسادىي داۋاملىق مۇقىم ئاشتى.

**گېرمانىيە** گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسمىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنى تېزدىن

ئۆزگەرتىش خىزمىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. ئەسلىدىكى دۆلەت پىلانلىق ئىگىلىكىدىن ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش تولىمۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئىدى. 50% ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇلاردىن سىرت، شەرقىي گېرمانىيە ماركىنى غەربىي گېرمانىيە ماركىغا ئايرىۋاشلاش نىسبىتىمۇ زىيادە يۇقىرى بېكىتىپ قويۇلغانىدى. غەربىي گېرمانىيە ماركى شەرقىي قىسىمدىكى جايلارغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدە شەرقىي گېرمانىيە ماركى بويىچە باھا ھېسابلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلىغانلىقتىن، بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاجىز كېلىپ قالدى. شەرقىي گېرمانىيە ئاھالىلىرى غەربىي گېرمانىيە بىلەن كىرىمنى تەڭلەشتۈرۈشكە ئالدىرىغانلىقتىن، مەھسۇلاتلارنىڭ ئەمگەك تەننەرخى تېز ئېشىپ، شەرقىي قىسىمدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازار تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كارخانىلارغا مەھسۇلات مىقدارىنى كېمەيتىش، خادىم قىسقارتىشتىن باشقا ئامال قالماي، تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ شەرقىي قىسىمىنىڭ ئىقتىسادى سىجىل چېكىنىپ، 1991 ـ يىلى 30.3% تۆۋەنلىدى. ئىشسىزلارنىڭ سانى بىراقلا كۆپىيىپ، 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، شەرقىي قىسىم 2 مىليون 435 مىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەرقىي قىسىم ئىقتىسادىدا مەھسۇلات قىممىتى بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىرىكى پۈتۈن گېرمانىيە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1/8 ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتتىن 1/12 ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي قىسىم ئىقتىسادىنى بۇراش ۋە گۈللەندۈرۈشنى قوللاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «گېرمانىيە

بىر تۇتاش فوندى»، «شەرقىي قىسمىنى گۈللەندۈرۈش پىلانى»، تۇرلۇك باج ۋە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ئېتىبار سىياسەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ھەر يىلى شەرقىي قىسىمغا كۆپلەپ نەپ يەتكۈزدى. 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە، غەربىي قىسىمدىن شەرقىي قىسىمغا سېلىنغان ساپ مەبلەغ جەمئىي 500 مىليارد ماركتىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ 1/3 ى جامائەت ئىشلىرى سېلىنمىسىغا، 2/3 سى ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تۇرلۇك ئىستېمالىغا سەرپ قىلىندى.

شەرقىي قىسىمدىكى رايونلاردا كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن، 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھۆكۈمەت ۋاكالەتلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇردى. ئەسلىدە شەرقىي قىسىمدىكى مۈلۈك 600 مىليارد مارك، دەپ مۆلچەرلەنگەنىدى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاكالەتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى 250 مىليارد مارك كىرىم قىلالايتتى. بىراق، شەرقىي قىسىمدىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكىسى قالاق بولۇپ، مۇھىت بۇلغاش مەسىلىسى ئېغىر، بازىرىمۇ كاسات ئىدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاكالەتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا، يەنىلا 4000 دىن ئارتۇق خادىمى بار 25 چوڭ كارخانىنى سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاكالەتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە 250 مىليارد مارك قەرز بولۇپ قالدى.

شەرقىي قىسمىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئېغىر قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، بىراق بىرقانچە يىل تەڭشەش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. 1994 ـ يىلى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشتى. ئەسلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 8000 دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ 2/3 قىسمىنى غەربىي قىسىمدىكى ياكى چەت ئەللەردىكى كارخانىلار سېتىۋالدى، 1/3 قىسمىنى شەرقىي قىسىمدىكى سابىق كارخانا مەسئۇللىرى ياكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سېتىۋالدى. بۇ

كارخانىلار 15 مىڭ خۇسۇسىي كارخانىغا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي قىسىمدىكى رايونلاردا يەنە ئوتتۇرا، ئۇششاق خۇسۇسىي كارخانىدىن يەنە 45 مىڭى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ئىقتىساد 1992 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ھەمدە ئەسلىگە كېلىشتىن تېزلا ئېشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. تۇرالغۇ ئۆي ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلدى. 1994 ـ يىلى بىناكارلىق كەسپىنىڭ قىممىتى بۇلتۇرقىدىن 22.5% ئاشتى. ئۇل مۇئەسسەسەلەر كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، 7000 كىلومېتىردىن ئارتۇق تاشيول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بۇ بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىرىكى تاشيول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىدىن ئاشىدۇ. شەرقىي قىسىم رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ياۋروپادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، 1993 ـ يىلى 5.8% ، 1994 ـ يىلى 9.2% كە يەتتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى 1991 ـ يىلىدىكى 12.8% تىن 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە 3% كە تۆۋەنلىدى. شەرقىي قىسىمدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىرى غەربىي قىسىمنىڭ 30% ىگە ئاران توغرا كېلەتتى. 1994 ـ يىلى 70% تىن يۇقىرىغا توغرا كېلىدىغان بولدى. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ھەر يىلى 20% تىن كۆپرەك ئېشىپ باردى. ماگىزىنلار ئىلگىرىكى 20 مىڭدىن 150 مىڭغا كۆپەيدى. تاۋارلارنىڭ تۈرى تولۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى سۈپىتىمۇ بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ياخشى ئىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى.

بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسىمدا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولمىدى. بىرىنچىسى، ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئىدى، 1993 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ئىشسىزلارنىڭ سانى 1 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى 15% ئىدى، 1994 ـ يىلى 17% كە يەتتى. ناۋادا بۇنىڭغا ۋاقىتلىق

ئىشچى ۋە باشقىچە ئىشسىزلارنى قوشسا، ئەمەلىي ئىشسىزلىق نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرىلاپ كېتەتتى. ئىشسىزلىق مەسىلىسى جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى مەسىلە شۇكى، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئىدىيە، ھېسسىيات جەھەتتىن ئېغىر ئارازلىق بار ئىدى. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن شەرقىي قىسىم غەربىي قىسىمنىڭ قانۇن - تۈزۈمى بويىچە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان بەش ئىشتاتنىڭ مۇھىم مىنىستىرلىق ۋەزىپىلىرىگە غەربىي قىسىملىقلار قويۇلدى. 20 مىڭدىن ئارتۇق سودىيە، پروكراتور ۋە ئەدلىيە خادىملىرىمۇ غەربىي قىسىمدىن تەكلىپ قىلىندى. شەرقىي قىسىمدىكىلەر ئۆزىنى «2 - دەرىجىلىك پۇقرا» لىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بېرلىن تېمى چېقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، گېرمانىيە «ھازىر يەنىلا بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. گېرمانىيەنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنى ھەقىقىي تۈردە تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېخى خېلى ۋاقىت كېتەتتى.

شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭشەش گېرمانىيە مالىيەسىنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى، يەنە كېلىپ غەربنىڭ ئىقتىسادى 90 - يىللارنىڭ بېشىدا ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ يامانلىشىشقا باشلىدى. 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىقتىساد تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە يۈزلىنىپ، 1983 - يىلىدىن بۇيانقى ئۇزاق مۇددەتلىك سىجىل ئېشىش توختاپ قالدى. 1992 - يىلىنىڭ 2 - پەسلىدىن تارتىپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى، 1993 - يىلى ئەھۋال ئەڭ ئېغىر بولۇپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى 3 مىليون 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بىراق، شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى بۇ چاغدا تېز تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1994 ـ يىلى پۈتۈن گېرمانىيە ئىقتىسادى 2.8% ئاشتى.

گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ياۋروپادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ دېگۈدەك كېلىپ قالدى. گېرمانىيە ماركى غەربىي ياۋروپادىكى ئاساسىي يېتەكچى پۇلغا ئايلاندى. گېرمانىيە كولنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي جەھەتتىن كۈنسايىن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىدا رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇپلا قالماي، بەلكى شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئەللەرگە ئۆز تەسىرىنى پائال كېڭەيتتى. گېرمانىيە بۇ دۆلەتلەرگە تەمىن ئەتكەن ياردەم ۋە قەرز پۇل بۇ دۆلەتلەر ئېرىشكەن ياردەم ۋە قەرز پۇلنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتتى. گېرمانىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، كلىنتون ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىگە قارىماي، گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئامېرىكا بىلەن «رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى»نى تەڭ كۆتۈرۈشىگە توختىماي ھەيدەكچىلىك قىلدى.

1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گېرمانىيەدە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى، كول 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن تارتىپ 12 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەچكە، خەلق ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا بىزار بولماي قالمىدى، بولۇپمۇ 1993 ـ يىلدىكى ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەمما، گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كۈچى ئېشىپ باردى. 1991 ـ يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى بولغان ئېنگخولم كولنىڭ

كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇيلىسىخان يەردىن 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېزىتچىلىك ساھەسى ئۇنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىۋەتكەچكە، ئېيىنگخولىم ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. سچارپىنىڭ پارتىيەنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ، ئومۇمىي سايلامدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

كول ئازلا ئاۋازنىڭ ئارتۇقلۇقى بىلەن سايلامدا غەلىبە قىلدى. ئىتتىپاق پارتىيەسى 41.5% سايلام بېلىتىگە، كىنكېلنىڭ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى 6.9% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، ئىككى پارتىيەنىڭكىنى قوشقاندا، ئۆكتىچى پارتىيە ــ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى (36.4%)، يېشىللار پارتىيەسى (7.3%) ۋە دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيەسى (4.4% ) ئېرىشكەن سايلام بېلىتىدىن ئاران 0.3% ئارتۇق ئىدى. فېدېراتسىيە پالاتاسىدا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاق 341 ئورۇنغا ئېرىشتى، بۇ ئۆكتىچى پارتىيەنىڭكىدىن ئاران 10 ئورۇن ئارتۇق ئىدى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كول 4 ـ نۆۋەت باش مىنىستىر بولدى. ئۇ بىر جەھەتتىن ئىچكى سىياسەتنى داۋاملىق تەڭشەپ، مالىيە قىزىل رەقىمىنى ئازايتىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمىنى كېمەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن خەلقئارا ئىشلارغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا ۋە دۇنيادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى.

فرانسىيە 1988 ـ يىلى فرانسىيەدە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈپ، متران ئۆز ئىناۋىتى بىلەن 45% سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، ئۇدا پرېزىدېنت بولدى. ئارقىدىنلا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئوڭ قانات پارتىيە ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئوڭ قانات باش مىنىستىر

شىراك تەختتىن چۈشتى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى يەنە بىر قېتىم ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت ئىگىلىدى. مىتىران ھەرقايسى گۇرۇھتىكى سىياسىي كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتەك سايلام رىقابىتى شوئارىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ رەقىبى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدا بولمىغان ۋەكىلى روكارنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىدى. روكار ھۆكۈمىتى ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەڭشەپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى «سول» چىلارنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك رادىكال تەشەببۇسنى چۆرۈپ تاشلاپ، مۇۋاپىق قىسىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جامائەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىملىرىنى تىزگىنلىدى، «كارخانا روھى» نى تەشەببۇس قىلىپ، دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشى ۋە ئارىلىشىشىنى ئازايتىپ، بازار ئىقتىسادىي تەركىبلىرىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى توختاتتى. بۇ ئۇسۇللار فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بىراق، بۇ ئىشلار سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىغا زىت كەلگەنلىكتىن، پارتىيە ئىچىدە بارغانسېرى كۆپ تەنقىدكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ئارىسىدا «ئىقتىسادنىڭ ئېشىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەقسىملەش» زىددىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئىشچىلار دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە ئىچىدىكى بەزى مەسئۇل خادىملار ئىش تاشلىغۇچىلارنى ئاشكارا قوللاپ، ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەت سىياسىتىنى «سول» غا بۇراشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇ تۈپەيلىدىن كۈنسايىن جىددىيلىشىپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن ھۆكۈمەت

ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ ئەۋجگە چىقتى.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مىتتېران ئىچكى كابىنېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكى ھەرقانداق بىر گۇرۇھقا مەنسۇپ بولمىغان كرېسسون خانىمنى فىرانسىيە تارىخىدىكى تۇنجى ئايال باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىدى، مىتتېران ئۇنىڭ «ھۆكۈمەت ئوبرازىنى يېڭىلاپ»، 1993 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە پارلامېنت سايلىمى ۋە ياۋروپا بىر تۇتاش چوڭ بازىرىنىڭ خىرىسىنى كۈتۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كرېسسون خانىم ماتىگنون سارىيىنىڭ غوجايىنى بولغاندىن كېيىن، سىياسىي نەتىجىسى ئادەتتىكىچىلا بولۇپ، ھېچقانچە تۆھپە يارىتالمىدى، فىرانسىيە ئىقتىسادىكى تۇرغۇنلۇق ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمىدى. فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 1990 ـ يىلىدىكى 2.8% لىك نىسبەتتىن 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە 1.2% كە چۈشۈپ قالدى. 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشسىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليونغا يېقىنلىشىپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى 9.9% كە يېتىپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى ئوتتۇرىچە سان (8.8%) تىن خېلىلا يۇقىرى بولدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرۈلگەن ئىش تاشلاش، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشلار سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكىلىك پارلامېنت سايلىمىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك بېلەت تاشلىشىدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسى مىسلى كۆرۈلمىگەن تالاپەتكە ئۇچرىدى. قۇرۇقلۇقتىكى 94 ئۆلكىنىڭ پەقەت 20 سىدىلا كۆپ سانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالالىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كرېسسون خانىم ھە دېگەندىلا «ئابرۇيىغا ماس كەلمەيدىغان» گەپلەرنى قىلىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا نارازىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، كرېسسون خانىم



www.uyghurkitap.com

هاكىمىيەت بېشىدا 323 كۈن تۇرۇپلا تەختتىن چۈشۈپ، فىرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتىدىكى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلى ئەڭ قىسقا باش مىنىستىر بولۇپ قالدى.

1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېرېگوۋوي ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مىتراننىڭ 1981 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلىدىكى ئىككى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنت سايلىمى كوللېكتىپىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى، يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى باش كاتىپى ۋە روكار، كرېسسون ئىچكى كابىنېتىنىڭ مۇھىم مىنىستىرى بولغانىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى يەرلىك سايلامدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، مىتراننىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، بېرېگوۋوينىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىگە ئاز ـ تولا يېڭى ئۈمىد ئاتا قىلدى.

بېرېگوۋوي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك جايلاشتۇرالماي، گېرمانىيەنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ تېزلىكتە ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپلا قالدى، بۇنىڭغا قارىتا كارغا كەلگۈدەك بىرەر چارىمۇ تاپالمىدى. 1992 ـ يىلى كۈزدە فىرانسىيە ئىقتىسادى كاساتلىشىپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئېچىنىشلىق تالاپەتكە ئۇچراپ، پارلامېنتتا ئىگىلىگەن ئەسلىدىكى 273 ئورنى 53 كە چۈشۈپ قالدى. ئەمما، ئوڭ قانات ئىتتىپاق (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى بىلەن دېموكراتىك ئىتتىپاق) مىللىي پارلامېنتتىكى 577 ئورۇننىڭ 484 ىگە ئېرىشتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتنى ئىلاجسىز ئىستېپا بەردى، جۇمھۇرىيەتنى قوغداش

ئىتتىپاقىدىن ئېدوۋارد باللادۇر باش مىنىستىر بولدى. بۇ 5 ـ جۇمھۇرىيەت تارىخىدا سول قانات پىرېزىدېنت بىلەن ئوڭ قانات باش مىنىستىرنىڭ 2 ـ قېتىم ئەڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىدى. بىراق، بۇ قېتىمقىسى 1986 ـ يىلىدىكىگە ئوخشىمايتتى. ئەينى چاغدا، ئوڭ قانات ئىتتىپاق مىللىي پارلامېنتتا ئىگىلىگەن ئورۇن يېرىم ساندىن ئاران ئىككى ئورۇن ئارتۇق بولۇپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى يەنىلا پارلامېنتتىكى بىرىنچى چوڭ پارتىيە ھېسابلىناتتى. ئوڭ ـ سول قاناتلارنىڭ كۈچى باراۋەر دېگۈدەك كېلىپ قالاتتى. شۇڭا، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئىككى يىلدىن كېيىن ھاكىمىيەتنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئوڭ قانات ئىتتىپاق پارلامېنتتا ئىگىلىگەن ئورۇن 84% تىن ئېشىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مىتىران بازىنى تىرىشىپ ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق «ئاقساق پىرېزىدېنت» قا ئايلىنىپ، ئوڭ قاناتلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى.

پومپىدو ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا باللادۇر ھۆكۈمەتتە مۇھىم مەنسەپ تۇتقان، دېستائىن پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ساھەدىن بىر مەھەل ئايرىلغانىدى. 1980 ـ يىلى سىياسىي مۇنبەرگە قايتىپ كېلىپ، شىراكنىڭ پىرېزىدېنت سايلىمىدا رىقابەتلىشىشىگە ياردەملەشتى. باللادۇر ئېغىر ـ بېسىق، مۇرەسسە، ماداراچىلىقنى ياقىلايدىغان ئادەم بولۇپ، ئىشنى كەسكىن بىر ياقلىق قىلاتتى؛ بىراق مىجەزى جىمىغۇر، سۆرۈن تەلەت، كۆلكە ـ چاقچاقنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى. جامائەت پىكرى ساھەسىدىكىلەر ئۇنى ئاممىنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

باللادۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن، فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىپ كېتىشى، فىرانكنىڭ كۇرسى تۇراقلىق بولماسلىق، ئىشسىزلىق ئېغىر بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرگە قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، فىرانكنىڭ مۇستەھكەم ئورنىنى

ساقلاپ قالدى، دۆلەت كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. فىرانسىيە ئىقتىسادى 1993 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى سۆھبىتىدە، ھۆكۈمەت فىرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامېرىكىغا بەك كۆپ يول قويۇشنى رەت قىلىپ، سۆھبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. باللادۇرنىڭ ئىناۋىتىمۇ شۇ سەۋەبتىن بارغانسېرى ئۆستى.

1995 ـ يىلى فىرانسىيەدە پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، باللادۇر شىراكقا جەڭ ئېلان قىلىپ، پىرېزىدېنت سايلىمىدا رىقابەتكە چۈشتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئەسلىدە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى دېلورسنى پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتمەكچى بولغانىدى. ئەمما، دېلورس بۇنىڭغا كۆنمىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى جوسپىن پىرېزىدېنت سايلىمى رىقابىتىگە چۈشۈپ ئويلىمىغان يەردىن نەتىجىگە ئېرىشىپ قالدى، 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنت سايلىمىدا ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ بېلەت چۈشتى. بىراق، 5 ـ ئايدىكى 2 ـ نۆۋەتلىك سايلامدا شىراك بىلەن رىقابەتكە چۈشۈپ يېڭىلدى.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىراك فىرانسىيە پىرېزىدېنتى بولدى. ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى، جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئالىئان جۇپپېنى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى. شىراك دېگولنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇستەقىل دىپلوماتىيە سىياستىنى يولغا قويۇپ، فىرانسىيەنىڭ خەلقئارادىكى قارشىلىقىغا قارىماي، تەختكە چىقىپ بىر ئايغا بارمايلا، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يادرو سىنىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەنە بىر ئۆرۈلۈپلا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئىشلارنى بىر

گەۋدىلەشتۇرۇش ئاپپاراتىغا قاتناشماسلىق مەۋقەسىدىن يېنىپ، فىرانسىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇنداقتا فىرانسىيەنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشتەك تەرەققىيات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا ئامېرىكا تۇۋرۇكى بىلەن باراۋەر تۇرالايدىغان ياۋروپا تۇۋرۇكى ئورنىتىشىغا قولايلىق تۇغۇلاتتى.

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، مەسىلە كۆپ، ھەل قىلىش تەس بولغانلىقتىن، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شىراك بىلەن جۇپپې دەسلەپتە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەرقايسى پارتىيەلەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ۋە ياللىغۇچىلار جەمئىيەتلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش يولىنى تاپماقچى بولدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك جىددىي پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۈچۈن 10 مىليارد فىرانكنى كۆپ چىقىم قىلىشى، 20 مىليارد فىرانك ئاز كىرىم قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئەمدىلا چېكىنىش يولىدىن يانغان فىرانسىيە مالىيەسىگە نىسبەتەن غايەت زور يۈك بولۇپ قالاتتى. يەنە كېلىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئىقتىساد، مالىيە مىنىستىرى مادلاند بۇنداق ئازغىنا ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، چوڭراق ئىش تەۋرىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى تەنقىدلەپ، جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. جۇپپې ئىلاجسىز مادلاندنى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىۋەتتى. بىراق، مەسىلە ھەل بولماي قېلىۋەردى. ھۆكۈمەت دۆلەت كارخانىلىرىنى تېزدىن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. 8 ـ ئايدا تاۋارلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى 2% پوئىنت ئۆستۈرۈشنى قارار

قىلدى. 9 ـ ئايدا يەنە 1996 ـ يىلى 8 مىليون مەمۇرنىڭ مائاشىنى توڭلىتىۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىش ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون ئىشچى ـ خىزمەتچى قاتناشتى. ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، مالىيەدىكى قىزىل رەقەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. چۈنكى، شۇ يىلى فىرانسىيەنىڭ خامچوتىدىكى قىزىل رەقەم 275 مىليارد فىرانكقا يەتكەن بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 5.7% نى ئىگىلەيتتى، قىزىل رەقەمنى ئامال قىلىپ كىچىكلەتمىسە، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش تەسكە چۈشەتتى، ياۋروپادا بىر تۇتاش پۇل ئوبوروت قىلىش سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيتى. ماستىرىختىت شەرتنامىسىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3% ى ئىچىدە بولۇش بەلگىلەنگەندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش قارارىغا كەلدى.

فىرانسىيەنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۈزۈلگەندىن بېرى مۇئەييەن رول ئويناپ كەلگەنىدى. بىراق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولۇش، ئىشسىزلىق كۆپىيىش، ياشانغانلار كۆپىيىش قاتارلىق ئامىللار تۇپەيلىدىن، تۈزۈمدىكى ئېغىر مەسىلىلەر كۈنسايىن ئاشكارىلانغىلى تۇردى. 1992 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت قىزىل رەقىمى 15 مىليارد فىرانك ئىدى، 1995 ـ يىلغا كەلگەندە 64 مىليارد فىرانكقا كۆپىيىپ، غايەت زور يۈك بولۇپ قالدى. 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇپپې ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىسلاھ قىلىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1996 ـ يىلى

قىزىل رەقەمنى 17 مىليارد فىرانكقا چۈشۈرمەكچى، 1997 ـ يىلى قىزىل رەقەمنى تۈگەتمەكچى بولدى. ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قايتۇرما بېجى ئېلىشنى ئۆتتۈرىغا قويۇپ، 3 مىليون نامرات ئاھالىدىن باشقا بارلىق ئاھالىلەردىن كىرىمنىڭ 0.5% ى بويىچە يېڭىدىن باج ئېلىشنى قارار قىلدى. يەنە مەمۇرلارنىڭ 100% پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدەك 37.5 يىل پېنسىيە سۇغۇرتا سوممىسى تاپشۇرسىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى تارماقلارنىڭ خادىملىرىغا ئوخشاش 40 يىل سۇغۇرتا سوممىسى تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىرلەر ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نەچچە 10 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. 24 ـ كۈنى تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، پارىژدىكى كوچا ئاپتوبۇس، مېترو تارماقلىرىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈش سېپىگە قاتناشتى. فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى قاتمۇقات مۈشكۈلات ئىچىدە قالدى.

**ئەنگلىيە** ساچېر خانىم ئىلاجسىز تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، 47 ياشلىق جون ماجور 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ يېڭى داھىيلىقىغا سايلاندى ھەم ساچېر خانىمنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بولدى. ماجور تەختكە چىققاندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدىكى ئارازلىقنى تۈگىتىشكە كۆپ تىرىشتى. دىپلوماتىيە جەھەتتە ئەنگلىيەنىڭ رېئالىزملىق دىپلوماتىيە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى نەق پەيتىدە تەڭشەپ، ئەنگلىيەنىڭ دۇنيادىكى، بولۇپمۇ ياۋروپادىكى ئورنىنى ئاز ـ تولا ئۆستۈردى. ماجور «ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى دىپلوماتىيەدىكى مۇھىم نۇقتا دەپ ھېسابلىدى، ئۇ باش ۋەزىر

بولغاندىن كېيىن زىيارەت قىلغان تۇنجى دۆلەتمۇ ئامېرىكا بولدى. دېڭىز قولتۇقى كرىزىسىدا، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە قەتئىي ماسلىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئوينايدىغان رولىنى نۆۋەتتە گېرمانىيە تېخى ئويناپ بولالمايدىغانلىقىنى ئامېرىكىغا كۆرسىتىپ قويدى. ئەنگلىيە يەنە ئامېرىكىغا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئۆز ئالدىغا مۇداپىئە ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشىغا قارشى تۇردى، شۇنداقلا ياۋروپاغا قاراتقان سىياسىتىنىمۇ تەڭشەپ، ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى رولىنى كۈچەيتتى. 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماجور گېرمانىيەدىكى ئادېناۋېر فوندى جەمئىيىتىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا: ئەنگلىيە ياۋروپانىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى باشقا ھەمراھلار بىلەن بىرلىكتە ياۋروپانىڭ كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى 15 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «سوغۇقچىلىق» قىسمۇ خاتىمە بېرىلىشكە باشلىدى. دېڭىز قولتۇقى كرىزىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەنگلىيەگە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كېڭەيتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ماجور ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىدا ئۇزاقتىن بېرى جانلىق پائالىيەت قىلالماسلىقىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ، دىپلوماتىيە ۋەزىرى خۇرد بىلەن ئوتتۇرا شەرققە بىرقانچە قېتىم بېرىپ، ئەرەب ئەللىرىدە زىيارەتتە بولدى ھەمدە سۇرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا خەۋپسىزلىك قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىش ۋە كۇرد مۇساپىرلىرى مەسىلىسىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرى ۋە رولىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئىچكى ئىشلار جەھەتتە ماجور ئەلنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان جان بېجى (ئادەم بېشىغا توغرىلاپ ئېلىنىدىغان باج) نى

يۇرەكلىك هالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەرلىك پارلامېنت بېجىنى دەسسەتتى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئايدا ماجور ئىلگىرى ـ كېيىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن دۆلەتنىڭ جامائەت داۋالىنىش ئىشلىرى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇنىڭدا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئالىي مائارىپ ھەم كەسپىي تەربىيە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ماجور ئىقتىسادنىڭ چېكىنىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىسىش تۈسىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويدى. ئۇ يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتىدىن پايدىلىنىپ پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلىدى. پۇل پاخاللىقى تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، يەنە ئۆسۈم نىسبىتىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بەردى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 3% ئاشتى، دائىملىق تۈرلەردىكى خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدا 23 مىليون فوند سترلىڭ ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى، بۇ 1987 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن بېرى تاشقى سودىدا تۇنجى قېتىم ئېشىندى قىلىشى ئىدى.

ماجور هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بىر يىلدىن بېرى گەرچە ئەنگلىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىشتەك مۇشكۇلاتتىن قۇتقۇزالمىغان بولسىمۇ، بىراق بەزى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئەنگلىيە پۇقرالىرى كۆڭلىدە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەن دەپ ھېسابلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى جەريانىدا، ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىمۇ ئاز ـ تولا ئۆستى، شۇڭا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنى يەنىلا كۆپ سانلىق كىشىلەر تېخىمۇ ياخشى دەپ ھېسابلىدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 14 ـ قېتىملىق قانۇن

چىقىرىش سايلىمىدا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى تۆۋەن پالاتادىكى جەمئىي 651 ئورۇننىڭ 336 سىگە ئېرىشىپ، باشقا بارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئېرىشكەن ئورۇن يىغىندىسىدىن 21 ئورۇننى ئارتۇق قولغا كەلتۈردى. لېيبورىستلار پارتىيەسى 271 ئورۇنغا ئېرىشتى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى 20 ئورۇنغا ئېرىشتى، قالغان 24 ئورۇن ئايرىم ـ ئايرىم باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا مەنسۇپ بولدى. ئەنگلىيەدە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى «ئۇدا تۆت قېتىم بىرىنچىلىك» نى قولدىن بەرمىدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك ماجور ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئىقتىساد ئۇزاقتىن بېرى چېكىنىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، 1991 ـ يىلى ئىقتىساد 2.2% تۆۋەنلىدى، كېيىنكى يىلى يەنە 0.6% تۆۋەنلىدى، پۇل سىستېمىسىدىمۇ كىرىزىس كۆرۈلدى. بۇ يىلى 9 ـ ئايدا فوند ستېرلىڭنىڭ ماركقا ئايرىۋاشلاش نىسبىتى توختىماي چۈشۈۋەرگەچكە، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى مېخانىزمىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. قاتمۇقات زەربىگە ئۇچرىغان ماجور ھۆكۈمىتى سايلام رىقابىتى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان «باجنى قەتئىي كۆپەيتمەسلىك» ھەققىدىكى كاپالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 1992 ـ يىلى ئىستېمال بېجىنى كۆپەيتىش، يېقىلغۇ ۋە ئېنېرگىيە قوشۇمچە بېجى ئېلىش قارارىنى چىقىرىپ، جەمئىي باج كىرىمىنى 6 مىليارد 200 مىليون فوند ستېرلىڭ كۆپەيتىشنى قارار قىلىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بىراق، 1993 ـ يىلى 2 ـ پەسىلدىن باشلاپ، ئەنگلىيە ئىقتىسادى باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ بالدۇر ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ يىلى ئېشىش نىسبىتى 1.9% كە، 1994 ـ يىلى بولسا يەنىمۇ يۇقىرىلاپ 4% كە يەتتى. ئىشسىزلىق نىسبىتى 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 10% تىن 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 8.6% كە چۈشتى، ئىشسىزلارنىڭ

سانى 2 مىليون 400 مىڭ ئىدى. ئېكسپورت ئېشىپ، سودىدىكى قىزىل رەقەم ئازىيىپ، فوند سترلىڭنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى ئۆرلىدى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلاندى.

90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. 1991 ـ يىلى ماستىرىخت شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇش قارار قىلىندى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياۋروپا بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازىرى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. بۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا دۇچ كەلگەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى. بەزىلەر ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيەنى فېدېراتسىيە تۈسىگە ئىگە ياۋروپا ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، ئەنگلىيەنى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇشقا نىسبەتەن ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىرى پورتىللو ئاساسلىق ۋەكىللىدىكى ياۋروپادىن گۇمانلىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولمىغىنى بىلەن ئابرۇيى خېلى يۇقىرى بولۇپ، مۇئەييەن چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پارلامېنت «ماستىرىخت شەرتنامىسى» نى تەستىقلاشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، ئۇلار ھەتتا لېيبورىستلار پارتىيەسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ بۇ شەرتنامىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. ماجور ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچنى ئاۋازغا قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ كىرىزىستىن ئاران قۇتۇلدى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە 18 نەپەر ئالىي ئەمەلدارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى نەتىجىسىدە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئابرۇيى ئۈزۈلكسىز چۈشۈپ كەتتى. 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە يەرلىك

پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قايتىدىن سايلانغان 5071 ئورۇندىن ئاران 888 ئورۇنغا ئېرىشىپ، لېيبورىستلار پارتىيەسى (2769 ئورۇن) دىن خېلىلا ئارقىدا قالدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئاران 4982 ئورۇنغا ئېرىشىپ، 20 يەرلىك پارلامېنتنى تىزگىنلىدى. لېيبورىستلار پارتىيەسى ئېرىشكەن ئورۇن 10 مىڭ 867 گە يېتىپ، 207 يەرلىك پارلامېنتنى قولىغا ئالدى. يەرلىك سايلام نەتىجىسى لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ تېزلا قەد كۆتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. لېيبورىستلار پارتىيەسى 1979 ـ يىلى ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەھۋالى ئىزچىل ياخشى بولماي كەلگەنىدى. 1983 ـ يىلى، 1987 ـ يىلى ۋە 1992 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي سايلامدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. 1992 ـ يىلى سىمىت ئەسلىدىكى داھىي كىننوكنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئىشچىلار پارتىيەسىگە داھىي بولغاندىن كېيىن، لېيبورىستلار پارتىيەسىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بىراق بەختكە قارشى يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 41 ياشلىق ئادۋوكات بلاير لېيبورىستلار پارتىيەسىگە داھىي بولدى. ئۇ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى ئىدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، لېيبورىستلار پارتىيەسىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن يەنىمۇ ئازاد قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا قاتلامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى نىشاننى بىكار قىلىشنى كەسكىنلىك بىلەن قارار قىلدى. 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ پەۋقۇلئاددە

يىغىنى بلايرنىڭ بۇ تەكلىپىنى ماقۇللىدى. 4 ـ ماددىنىڭ مەزمۇنى ھوقۇق، بايلىق ۋە پۇرسەت ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت قۇرۇش؛ گۈللەنگەن خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە رىقابەت بىلەن تولغان بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان ئىگىلىك بەرپا قىلىش؛ ئادىل جەمئىيەت، ئېچىۋېتىلگەن دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، دەپ ئۆزگەرتىلدى. بلاير يەنە «يېڭى لېيبورىستلار پارتىيەسى، يېڭى ئەنگلىيە» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېيبورىستلار پارتىيەسى بلايرنىڭ رەھبەرلىكىدە بارغانسېرى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەقىبىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كۈچىمۇ ئۈزۈكسىز زورىيىپ باردى. 1994 ـ يىلىدىكى يەرلىك سايلامدىن كېيىن، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى يەرلىك پارلامېنتتا 5035 ئورۇنغا ئېرىشىپ، 50 يەرلىك پارلامېنتنى تىزگىنلىدى، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. لېيبورىستلار پارتىيەسى ۋە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەن ماجور كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمەتنى تەرتىپكە سالدى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پارلامېنت ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خامچوتىغا چېچىلغان پۇل سوممىسىنى كۆپەيتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكى ياۋروپادىن گۇمانلىنىش تەرەپدارلىرى يەنە بىر قېتىم ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشى تۇردى. ماجور شۇ ھامان ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. بىراق، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن بولغان سەككىز نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئاۋاز بېرىپ بىلەت تاشلاشتا يەنىلا ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. شۇ سەۋەبتىن ماجور ئۇلارنىڭ پارلامېنتتا پارتىيە ـ گۇرۇھلار پائالىيىتىگە قاتنىشىش

ھوقۇقىنى بىكار قىلىۋەتتى. 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن بولغان 60 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى تۆۋەن پالاتادا ماجورغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئەنگلىيەنى ياۋروپا يەككە پۇل سىستېمىسىغا مەڭگۈ قاتناشتۇرماسلىقنى كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماجور بۇ ئىشنىڭ ئۆز رەھبەرلىك ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ داھىي سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ «يا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشى، يا بولمىسا ئېغىزىنى يۇمۇشى» نى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۆۋەن پالاتادىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى بىلەت تاشلاپ سايلام ئۆتكۈزدى، ماجور 218 بېلەتكە ئېرىشىپ، 89 بېلەتكە ئېرىشكەن جون رېدۋود ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئەتىسى ماجور ئىچكى كابىنېتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنى ئىچكى كابىنېتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. يېڭى ھۆكۈمەتتە ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، سول قاناتتىكىلەر بىلەن بىرلەشكەن، ئوڭ قاناتتىكىلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىلگەنىدى. يېڭى ھۆكۈمەت ئەنگلىيە ئىقتىسادى مۇقىم ئېشىۋاتقان پايدىلىق ۋەزىيەتكە تايىنىپ، پۇل پاخاللىقىنى يەنىمۇ تىزگىنلەشنى قارار قىلىپ، مۇۋاپىق پەيتتە تاپاۋەت بېجى بىلەن مىراس بېجىنى كېمەيتىشكە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەدبىر قوللىنىپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، تۇرلۇك سەتچىلىك مەسىلىلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

ماجور ھۆكۈمىتى شىمالىي ئىرېلاندىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى. ماجور ئىرېلاندىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يۇمىلاق ئۈستەل سۆھبىتى

ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولدى. ئىككى گۇرۇھنىڭ مەۋقەسى زىت بولغانلىقتىن، سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى. 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ئىرېلاندىيە بىرلەشمە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، شىمالىي ئىرېلاندىيەنىڭ داۋاملىق ئەنگلىيە تەۋەلىكىدە قېلىشى ياكى ئىرېلاندىيەگە قوشۇلۇشى مەسىلىسىدە، ئىككى تەرەپنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى ئالتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپ بىردەك ھالدا ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى زورلۇق كۈچى ئىشلىتىشنى مەڭگۈ توختاتقانلىقىنى جاكارلاپ، سىن فىن پارتىيەسىگە سىياسىي يوسۇندا ۋەكىللىك قىلغاندىلا سۆھبەتكە قاتنىشالايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ سالا قىلىشى ئارقىسىدا، ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئايدا پروتېستانت دىنى بىرەسمىي ھەربىي تەشكىلاتمۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى. 1995 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئىرېلاندىيەلەر شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بىر پارچە رامكا ھۆججىتى ئىمزالىدى. ئىرېلاندىيە ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئالتە ۋىلايەتكە قارىتىلغان ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئائىت ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشكە ۋەدە بەردى، ئەنگلىيەمۇ شىمالىي ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ ئۆز كېلەچىكىنى تاللاش ھوقۇقىنى قانۇنىي شەكىلدە جەزملەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ماجور ھۆكۈمىتى شىمالىي ئىرېلاندىيە مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

ماجور ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دۇنيادا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا

ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋى پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى تەسكە چۈشىدۇ، ئىراق يەنىلا ئامېرىكىنى ئەزىزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمىسە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ياۋروپانى بىر گەۋدىلەندۈرۈش مۇساپىسىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئەتىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشى لازىم ئىدى.

ئىتالىيە 90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، مالىيە قىزىل رەقەمى ئېغىر ھالدا يۇقىرى بولۇپ كەلدى، 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى جامائەت قەرزى 1 تىرىللىيون 230 مىليارد دوللار بولۇپ، ھەربىر ئىتالىيەلىك ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭ دوللار قەرزدار ئىدى. 1993 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشتا تۆۋەنلەش كۆرۈلدى، بۇ 1975 ـ يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق تۆۋەنلەش ئىدى. ئىراق، 1994 ـ يىلى ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، شۇغىنىسى ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقتىن، ئىشسىزلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

1992 ـ يىلى ئىتالىيەدە مىسلى كۆرۈلمىگەن سىياسىي تەۋرىنىش بولدى. 2 ـ ئايدا مىلانلىق پروكۇرور دى پىئېترو مىلاندىكى بىر ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ باشلىقىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى مىلان شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقىغا پارا بەرگەن دەپ ئەيىبلىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىتالىيەدىكى 2 ـ چوڭ دۆلەت كارخانا گۇرۇھى — ENI گۇرۇھىنىڭ ھەرقايسى پارتىيەلەرگە پارا بەرگەنلىك سەتچىلىكى ئاشكارىلاندى. 1947 ـ يىلىدىكى پارتىيە مەبلىغى قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پارتىيە ـ گۇرۇھلار سايلام رىقابىتىدە ئېرىشكەن سايلام بېلىتىنىڭ نىسبىتى بويىچە دۆلەتتىن

مۇئەييەن خىراجەت ئاللايتتى. تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ جامائەت ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلاردىن مەبلەغ ئېلىشقا بولمايتتى. بىراق، ئىتالىيەدە پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۆپ بولۇپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار سىياسىيسى ئەۋج ئالغانىدى. پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئۆزىنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن، قانۇن، پەرمانلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە قارىماي، ھەمىشە كارخانىلاردىن خۇپىيانە مەبلەغ ئالاتتى، كارخانىلارمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، پارتىيەلەرگە قەرەللىك ھالدا پۇل بېرەتتى. ENI گۇرۇھىنىڭ پارا بەرگەنلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتە جامائەت پىكرى ئەۋجگە چىقتى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مىلاندا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئامما كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پارىخورلۇق دېلوسىغا چېتىلىپ قالغان سىياسىي ساھەدىكى شەخسلەرنى كەچۈرۈم قىلىشقا قارشى تۇرۇپ «دى پىئېترو، چېكىنمە!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى. ئىتالىيە ئاممىسىنىڭ قەتئىي تەلەپى ئاستىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە پاكلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋە 6 ـ كۈنى ئىتالىيەدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. ئەسلىدە بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئېرىشكەن بېلەت نىسبىتى ئالدىنقى نۆۋەتتىكى 53.7% تىن 48.8% چۈشۈپ قېلىپ، پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق ئورنىنى قولدىن بېرىپ قويدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان ئاماتو بەزى ئۇششاق پارتىيەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. پرېزىدېنت كوسسىگا بۇنداق پارتىيە ـ گۇرۇھلار سىياسىيسىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىستېپا بەردى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ



www.uyghurkitap.com

كۈنىدىن تارتىپ پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى پارلامېنت 16 نۆۋەت بېلەت تاشلاش ئارقىلىق 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان سكالفارونى 9 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىققا سايلىدى.

1992 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1993 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئىتالىيىدىكى پارىخورلۇق دېلوسىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە بەزى ئوڭشاق پارتىيەلەرنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە بەزى چوڭ جامائەت قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە بېرىش تۈرلىرىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلاردىن «ئۆستەك» ئالغانلىقى بايقالدى، بۇنىڭ 50% نى كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى، 30% نى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، قالغان 20% نى باشقا ئوڭشاق پارتىيەلەر ئالغانىدى. سوت مەھكىمىسى ئىلگىرى ـ كېيىن سىياسىي ساھە، كارخانا ساھەسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلار رەھبەرلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى تەكشۈرۈپ، 260 تىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان سابىق پىرېزىدېنت كراكسى پارتىيە مەبلىغى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن تەكشۈرۈلۈپ، 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 16 يىلدىن بېرى ئۆتەپ كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىلاجسىز ئىستېپا بەردى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان سابىق باش مىنىستىر گورىيامو ئىلاجسىز مالىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

شىمالدىكى ئىتالىيىدە يۈز بەرگەن پارىخورلۇق دېلوسى كەلتۈرۈپ چىقارغان غايەت زور تەۋرىنىش تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا، جەنۇبتىكى سىتسىلىيەگە جايلاشقان پالېرمو شەھىرىدە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى قاراقول پارتىيەسىگە چېتىلىپ قېلىش ۋەقەسى زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. قاراقول

www.uyghurkitap.com

پارتىيەسى ئىتالىيەدىكى ئەڭ چوڭ قارا جەمئىيەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار دىلو سادىر قىلغاندىن كېيىن، ھەمىشە تەق مەيدانغا مومىلانغان قەغەز بىلەن بېسىلغان بىر خىل قارا قولنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. قارا قول پارتىيەسىنىڭ كۈچى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلقئارا زەھەر سودىسى، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. 1984 ـ يىلى ھۆكۈمەت قارا قوللارنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئالدى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، قارا قوللارغا قارىتا «ئەسىر چوڭ سوتى» ئۆتكۈزۈلۈپ، قارا قول پارتىيەسىنىڭ 20 دىن ئارتۇق كاتتىبېشى ئۆمۈرلۈك قاماققا ھۆكۈم قىلىندى، 371 قارا قول جەمئىي 3000 يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، قارا قول پارتىيەسى بۇنىڭلىق بىلەن يوقالمىدى. 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قارا قول پارتىيەسىنى سوتلىغان سودىيە فالكونې يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئوق ئۆتمەس برونە ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى. 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پالېرمو شەھىرىنىڭ پروكۇرورى، قارا قول پارتىيەسىگە قارشى ئالدىنقى سەپتىكى يەنە بىر زات بورسېللىنومۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىشلاردىن ئامىمىنىڭ غەزىپى تاشتى. ئاماتو ھۆكۈمىتى قارا قول پارتىيەسىنىڭ تەلۋىلەرچە ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، سىتسىلىيە ئارىلىغا 7000 دىن ئارتۇق ھەربىي ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قارا قول پارتىيەسىنى رازۋېدكا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قارا قول پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى كاتتىبېشى سالۋاتورى رىنانى قولغا ئالدى. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پالېرمو شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى يەنە سابىق باش مىنىستىر ئاندرېئوتتىنى قارا قول پارتىيەسى بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ رەسمىي ئەيىبلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېڭەش پالاتاسى ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزاسلىق

كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىشنى تەستىقلىتىپ، پالىېرمو شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشىگە يول قويدى. ئاندرىئوتتى كاتولىك دېنى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، 1946 ـ يىلى يېڭى ئاساسىي قانۇننى تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقانىدى. 1948 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە ھەر نۆۋەتلىك ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، 1992 ـ يىلى ئۆمۈرلۈك كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغانىدى. ئۇ يەتتە نۆۋەت ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولغان، ئىلگىرى ـ كېيىن 34 نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقانىدى. ئۇ قارا قول پارتىيەسىنىڭ كاتتىبېشى بىلەن ئۈچ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرغان، دەپ ئەيىبلەندى.

ئاندرىئوتتى ۋەقەسى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىتالىيەنىڭ پارتىيەلەر سىياسىيسىدىن نارازى بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. ئىتالىيە ئەسلىدە نىسبەتلىك ۋەكىل سايلاش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، سايلىغۇچىلار مەلۇم بىر كىشىنى پارلامېنت ئەزاسىلىققا بىۋاسىتە سايلىماستىن، بەلكى مەلۇم بىر پارتىيە ـ گۇرۇھ ۋەكىلىنىڭ پارلامېنتقا كىرىشىنى سايلايتتى. ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنىنى ئېرىشكەن بېلەتكە ئاساسەن نىسبەت بويىچە تەقسىملىۋالاتتى، پارلامېنت ئەزالىرىنى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ داھىيلىرى بەلگىلەيتتى. بۇنداق تۈزۈمدە پارلامېنت ئەزالىرى سايلىغۇچىلار ئالدىدا بىۋاسىتە جاۋابكار بولمايتتى. پارتىيەنىڭ داھىيسى قوللىسىلا پارلامېنت ئەزاسى بولغىلى بولاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، نىسبەتلىك سايلام تۈزۈمى ئاستىدا نۇرغۇن ئۇششاق پارتىيەلەرمۇ پارلامېنتقا كىرىۋالىدىغانلىقتىن، سىياسىي كۈچ تارقاقلىشىپ كېتىپ، ھۆكۈمەت توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى. 1993 ـ يىلىغا قەدەر ئىتالىيەدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن

كېيىنكى 47 يىل مابەينىدە، 51 نۆۋەت ھۆكۈمەت ئالماشتى. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى ئىتالىيە سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. 82.8% سايلىغۇچى ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى سايلام قانۇنىغا ئاساسەن، كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ 75% ى كۆپ سانلىقلار سايلام تۈزۈمى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان، 25% ى يەنىلا نىسبەتلىك سايلام تۈزۈمى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاماتو ھۆكۈمىتى ئىستېپا بەردى. ئىتالىيە مەركىزىي بانكىسىنىڭ باش لىدىرى كىئامپى 27 ـ كۈنى يېڭى مىنىستىر بولدى. ئۇ پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زات بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلاردىن تەشكىل تاپتى. بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىتالىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. 1994 ـ يىلىدىن بۇيان خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىپ قارا قوللار (قارا قول پارتىيەسى) غا قارشى تۇرۇش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان «پاكلىق ھەرىكىتى» يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر ساھەدىكى 6000 دىن ئارتۇق مۇھىم شەخس تەكشۈرۈلدى ياكى چاقىرتىپ سوراق قىلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 400 دىن ئارتۇق كىشى پارلامېنت ئەزاسى ۋە سىياسىي ساھەدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى. ئەمدى كىشىلەر ئەنئەنىۋى پارتىيەلەرگە ئىشەنمەس بولدى، ئۇلارنىڭ رايى يېنىپ، ئىدىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئىتالىيە 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋە 28 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم يېڭى سايلام قانۇنى بويىچە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى. ئەنئەنىۋى پارتىيەلەر بىراقلا مەغلۇپ بولدى. ئىتالىيە كۈچ پارتىيەسى، شىمال ئىتتىپاقى ۋە مەملىكەتلىك ئىتتىپاق (يېڭى فاشىستلار پارتىيەسى) دىن تەشكىللەنگەن لىبېراللار ئىتتىپاقى غەلىبە قىلدى. بۇ ئوڭ قانات گۇرۇھ ئاۋام

پالاتاسىدىكى 630 ئورۇننىڭ 366 سىگە، كېڭەش پالاتاسىدىكى 315 ئورۇننىڭ 155 ىگە ئىگە بولدى. سول قانات دېموكراتلار پارتىيەسى (ئەسلىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە)، يېڭىباشتىن قۇرۇلغان كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تەرەققىيپەرۋەر ئىتتىپاق ئىككىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇزاقتىن بېرى ئىتالىيەنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە يادرولۇق ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى يىمىرىلىپ تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئاساسىدا تەشكىللەنگەن خەلق پارتىيەسى پارلامېنتتا ھېچقانچە كۆزگە چېلىقماس بولدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ يامان بولدى، ئۇنىڭ ئېرىشكەن بېلەت سانى بەك ئاز بولغاچقا، پارلامېنتقا كىرەلمىدى. ئۇمۇمىي سايلامدىن كېيىن، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بۆلۈنۈپ كېتىپ، 1994 - يىلى 11 - ئايدا سوتسىيالىزمچىلار پارتىيەسى ۋە ئىسلاھاتچى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بولۇپ تەشكىللەندى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۈچ پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى بېرلۇسكونى 53 - نۆۋەتلىك باش مىنىستىر بولدى. ئۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئوڭ قانات ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى، بەش نەپەر فاشىست ئۇنسۇر ئىچكى كابىنېتقا كىردى. بېرلۇسكونى ئۆزىنى «ئىسلاھات ئاۋانگارتى» دەپ ماختىنىپ، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىپ قارا قوللارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقى، كونا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، تەختكە چىققاندىن كېيىنكى قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئەكسىچە چىقتى. تەپتىش مەھكىمىسى فىنىنۋېست گۇرۇھىنىڭ پارا بېرىش مەسىلىسىنى تەكشۈرگەن چاغدا، ئىلگىرى بۇ گۇرۇھنىڭ باش لىدىرى بولغان بېرلۇسكونى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇرۇھنى ئاقلىدى. بېرلۇسكونى يەنە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى تەكشۈرۈش

ھەرىكەتلىرىگە كەلگەنلا يەردە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئەدلىيە ساھەسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پاكلىق ھەرىكىتىنىڭ بايرىقى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن مىلان پروكۇرورى دى پىئېترو ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ھەم ئەدلىيە ساھەسىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىش كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. مىلان، رىم، تورىنو قاتارلىق شەھەرلەردە ئاھالىلەر ئۇدا بىرقانچە كۈن نامايىش قىلىپ، دى پىئېتروغا مەدەت بەردى. پىرېزىدېنت سكالفارومۇدى پىئېترونىڭ ئىستېپانامىسىنى ياندۇرۇۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. بۇ ۋەقە بېرلۇسكونى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق زەربە بولدى. 12 كۈندىن كېيىن، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ئىچىدىكى شىمال ئىتتىپاقى ئۆكتىچى سول قانات دېموكراتلار پارتىيەسى، خەلق پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە پارلامېنتتا ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەسلىك لايىھەسى سۇنۇپ، تەختكە چىققىنىغا ئاران يەتتە ئاي بولغان بېرلۇسكونىنى 22 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى.

پىرېزىدېنت سكالفارو مەركىزىي بانكىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى دىنىنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. دىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىياسىي گۇرۇھلاردىن ھالقىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنى تاللاپ، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مالىيە قىزىل رەقىمىنى كېمەيتتى. ئۇ يەنە ئۈچ چوڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن كېڭىشىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى تۈزۈپ، پېنسىيەگە چىقىش يېشىنى يۇقىرىلىتىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تاپشۇرىدىغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىنىڭ ئۈلۈشىنى ئاشۇرۇش، پېنسىيە پۇلى ۋە تۈرلۈك ياردەم پۇللىرىنى ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى چىڭىتىشنى قارار قىلدى.

بۇ تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە دۆلەت يىلىغا 6 مىليارد 700 مىليون دوللار پاراۋانلىق چىقىمىنى تېجەپ قالالايدىغان بولدى. 1995 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىر كىۋادرىلىيىن 640 تىرىللىيون لىرا (تەخمىنەن 1 تىرىللىيون 27 مىليارد 500 مىليون دوللارغا تەڭ) غا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن %3.2 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتىدە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالدىدا تۇردى.

**بىر گەۋدىلىشىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى**

90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن ئىبارەت تىركىشىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسىگە ئايلىنىپ قالدى. يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ رىقابەتچىسگە يالغۇز تاقابىل تۇرۇشى تەسكە چۈشىدىغان بولۇپ، پەقەت بىرلەشكەندىلا، ئاندىن كەلگۈسىدىكى ئۈچ تەرەپ تىركىشىشىدە پايدىلىق ئورۇندا تۇرغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار قۇرۇشتا ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ئارقىلىق بىر گەۋدىلىشىشنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى مۇستەھكەملىمىسە بولمايتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، فىرانسىيە پىرېزىدېنتى مىتران بىلەن گېرمانىيە باش مىنىستىرى كول 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياۋروپا سىياسىي ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى ئورتاق تەشەببۇس قىلدى. شۇ يىلى چاقىرىلغان ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى باشلىقلار يىغىنى بۇ تەشەببۇسقا قوشۇلدى ھەم سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ۋە كۆپ

www.uyghurkitap.com

تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىشىش قانات يايدۇرۇلدى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 10 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى باشلىقلار يىغىنى گوللاندىيەنىڭ ماستىرىختتا چاقىرىلدى. كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەردىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەر كېلىشىپ، ئاخىردا ئىقتىساد، پۇل ئىتتىپاقى شەرتنامىسى سىياسىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى قاتارلىق شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرتنامىسى، دەپ ئاتالدى.

ئىقتىساد، پۇل ئىتتىپاقى شەرتنامىسىدە ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1999 ـ يىلىدىن تارتىپ بىر تۇتاش پۇل ئىشلىتىش جاكارلاندى. بۇ ۋەزىپىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى 1990 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلانغان بولۇپ، ۋەزىپە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، پۇل سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، بارلىق ئەزا ئەللەرنىڭ پۇلىنى ياۋروپا پۇل سىستېمىسىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى مېخانىزمىغا كىرگۈزۈپ، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1994 ـ يىلىدىن تارتىپ ئۆتكۈنچى باسقۇچ باشلاندى. مۇستەقىل ياۋروپا پۇل ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، مالىيە، پۇل سىياسىتى ۋە تاشقى پېرېۋوت زاپىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلۇپ، كەلگۈسىدە ياۋروپا مەركىزىي بانكىسى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلدى. 1997 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە تەدرىجىي بىرلىككە كەلگەن پۇل يولغا قويۇلدى ھەم ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان ياۋروپا مەركىزىي بانكىسى قۇرۇلدى. ئەنگلىيە بىرلا خىل پۇل ئىشلىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرغاچقا، شەرتنامىدە ئەنگلىيەنىڭ پۇل ئىتتىپاقىغا كېچىكىپ قاتنىشىشىغا يول قويۇلدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرتنامىسىدە سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي نىشانى بەلگىلەندى. 12 دۆلەت ئورتاق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. مۇھىم سىياسەت ۋە

يۈنىلىشنى ياۋروپا كېڭىشى بىردەك قارار قىلدى، كونكرېت ھەرىكەتلەردە مىنىستىرلار كېڭىشى كۆپ سانلىقنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق قارار چىقاردى. مۇداپىئە سىياسىتى مەسىلىسىدە، فىرانسىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مۇستەقىل خەۋپسىزلىك، مۇداپىئە سىياسىتى بولۇشنى تەكىتلەپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى سىياسىي ئىتتىپاقى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپانىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپادىكى تۈۋرۈكى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. گېرمانىيەنىڭ مەيدانى فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسىمۇ، بىراق فىرانسىيەگە بەكرەك مايىل ئىدى. ئاخىردا مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى: غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ياۋروپا سىياسىي ئىتتىپاقىغا تەۋە، ئۇ ياۋروپا سىياسىي ئىتتىپاقىنىڭ مۇداپىئە ئاپپاراتى سۈپىتىدە ياۋروپانىڭ مۇداپىئە سىياسىتىنى تۈزۈشكە مەسئۇل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش ئاپپاراتى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى يەنىلا ياۋروپانىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىدىكى مۇھىم تەشكىلات.

شەرتنامىدە ئورتاق گەۋدىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، مۇھىت ئاسراش، پەن تەتقىقات، سانائەت، قاتناش - ترانسپورت، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرىكى فۇنكسىيەلەرنى قوشۇش بەلگىلەندى. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلدى. ئىچكى قىسىمدىكى بازار پىلانى، پەن تەتقىقات ۋە ئۆزلەشتۈرۈش پىلانى، مۇھىت ئاسراش،

ئىستېمالچىلارنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە پارلامېنت مىنىستىرلار كېڭەشى بىلەن بىرلىكتە قارار چىقىرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا پارلامېنتى ئەسلىدىكى مەسلىھەتچىلىك ۋە نازارەت ئاپپاراتىدىن قىسمەن ھوقۇقى بار ئاپپاراتقا ئايلاندى.

ياۋروپانىڭ ئاخىرقى بىرلىشىش شەكلى توغرىسىدا، فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيە «ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى فېدېراتسىيەسى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمما ئەنگلىيە ئىگىلىك ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىپ، ئاخىردا «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» غا ئايلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. «فېدېراتسىيە» ياكى «ئىتتىپاق» ئاتالمىسىنىڭ نۆۋەتتە تېخى رېئال ئەھمىيىتى بولمىغاچقا، شەرتنامىدە «تېخىمۇ يېقىن ئىتتىپاق» قۇرۇش مەزمۇنى يېزىپ قويۇلدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرتنامىسى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىقتىساد، سودا تەشكىلاتىدىن سىياسىي، دىپلوماتىيە، مۇداپىئە ئەمەلىي گەۋدىسىگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇ 1986 ـ يىلى بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك قارار بولۇپ، ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىدىكى بىر قېتىملىق بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

ماستىرىخت شەرتنامىسى 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رەسمىي ئىمزالاندى. ئەسلىدە ھەرقايسى ئەزا ئەللەر تەستىقلىغاندىن كېيىن، 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار بىلەن ماس قەدەمدە يولغا قويۇش مۆلچەرلەنگەنىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دانىيە پۇقرالىرى بېلەت تاشلاپ، 49.3% كە قارشى 50.7% بېلەت بىلەن ماستىرىخت

شەرتنامىسىنى ئىنكار قىلدى. 9 ـ ئايدا فىرانسىيە پۇقرالىرى بېلەت تاشلاپ، فىرانسىيە ئاران 1% لىك كىچىككىنە ئۇستۈنلۈك بىلەن قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئەنگلىيە 11 ـ ئايدا دانىيەدىكى 2 ـ قېتىملىق بېلەت تاشلاشتىن كېيىن ماسترىخىت شەرتنامىسىنى تەستىقلاش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ماسترىخىت شەرتنامىسى كىرىزىسى كېلىپ چىقتى. ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇشتا كۆزلىگەن پىلان ئىشقا ئاشمىدى.

بىراق، ياۋروپانىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازىرى يەنىلا 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى رەسمىي شەكىللىنىپ، تۆت چوڭ ساھەدىكى ئەركىن ئوبوروت يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. تاۋار ئوبوروتى جەھەتتە، ئۆتمۈشتىكى ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت نورمىسى بىكار قىلىنىپ، تاۋارلار پىرىنسىپ جەھەتتىن ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدىغان بولدى. بىراق، ھەرقايسى ئەللەر ئۆز دۆلىتىنىڭ بازىرىنى قوغداش ئۈچۈن تۈرلۈك غەيرىي تاموژنا بېجى ۋە سودا قورغانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باج تۈزۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن تاۋارلارنىڭ تېخنىكا، بىخەتەرلىك، ساقلىق ساقلاش ئۆلچىمى، ھەتتا ئوراپ قاچىلىنىشى، بەلگىسى جەھەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ پەرقىدىن پايدىلىنىپ، تاۋارلارنىڭ ھەقىقىي ئەركىن ئوبوروتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ھازىر، بىرتۇتاش بەلگىلىمە بۇ پەرقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئورنىنى ئالدى. تاۋارلارنىڭ ئەركىن ئوبوروتىدىكى تېخنىكا ۋە باج تۈزۈمى قورغىنى بۇزۇپ تاشلاندى. ئەمدىلىكتە چېگرادىكى تەكشۈرۈش يەنە بىر خىل توساق ئىدى. مەسىلەن، دانىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىتالىيەگە يۆتكەشتە گېرمانىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەدىكى ئالتە تاموژنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى، ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈشكە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچى كېتەتتى. ھازىر

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرمەسلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى سودا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تاشقى سودىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدىغان بولدى، ھەتتا ئاتالمىلارمۇ ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى «ئېكسپورت» ۋە «ئىمپورت» سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا «مال يوللاش» ۋە «مال تاپشۇرۇۋېلىش» دېيىلىدىغان بولدى. كاپىتالنىڭ يۆتكىلىشى جەھەتتە، 1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىچىدىكى سەككىز دۆلەت كاپىتالنىڭ ئۆزئارا ئەركىن يۆتكىلىشىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ گىرېتسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە ئىرېلاندىيەلەرمۇ خۇسۇسىي كاپىتالنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا ئەللەر ئارىسىدا ئەركىن يېرىۋوت قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى. خادىملارنىڭ باردى - كەلدىسى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت جەھەتتە، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا ئەللەرنىڭ پۇقرالىرى 1993 - يىلىدىن باشلاپ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى 12 دۆلەت دائىرىسىدە ئەركىن كۆچۈپ، خالىغان جايدا تۇرسا بولىدىغان، ئولتۇراقلىشىشقا ئىجازەت ئالمىسىمۇ بولىدىغان بولدى؛ ئۇلار يەنە 12 دۆلەت دائىرىسىدە خىزمەت ئىزدىسە بولاتتى، چەكلىمىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى.

بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. دانىيە بىر خىل پۇل ۋە ئورتاق مۇداپىئە سىياسىتى جەھەتتە مۇستەسنالىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پۇقرالارنىڭ 2 - قېتىملىق بېلەت تاشلىشى ئارقىلىق ماستىرىخت شەرتنامىسىنى ماقۇللىدى. ئەنگلىيە 8 - ئايدا بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىدى. ماستىرىخت شەرتنامىسى بىر مەھەل ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئاخىر ياۋروپا

ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلدى.
ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ياۋروپا ئىقتىسادى چېكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھەرقايسى ئەللەر ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. بىراق، گېرمانىيە ماركى تۇراقلىق بولغانلىقتىن، بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. باشقا ئەللەرنىڭ پۇلى زور بېسىمغا ئۇچراپ، مارك بىلەن تەڭ نىسبەتنى ساقلىيالمىغانلىقى تەسكە چۈشتى. فوندستېرلىڭ ۋە ئىتالىيە لىراسى 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالدى بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ پۇل سىستېمىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. فرانكمۇ زەربىگە ئۇچراپ، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشى تەسكە چۈشتى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئۆزىنىڭ ئايرىۋاشلاش مېخانىزمىنى قوغداش ئۈچۈن، 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھەرقايسى ئەل پۇللىرىنىڭ مەركىزىي پېرېۋوت نىسبىتىگە بولغان داۋالغۇش دائىرىسىنى 2.25% تىن 15% كە، يەنى بەش ھەسسىدىن ئارتۇق كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا پۇل سىستېمىسى ئاساسەن يىمىرىلدى.
ئۇزاق ئۆتمەي ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى. 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىقتىساد، پۇل ئىتتىپاقى يەنىلا كۆزلەنگەن قەرەلدە ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، ياۋروپا پۇل ئىدارىسىنى قۇردى ھەمدە ياۋروپا پۇل ئىدارىسىنىڭ گېرمانىيەنىڭ فرانكفوردتا تۇرۇشىنى بېكىتتى.
ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال راۋاجلاندۇردى. 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ياۋروپا ئىقتىسادىي رايون شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازىرىنىڭ تۆت چوڭ ئەركىن ئوبوروت ساھەسىنى بەش يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل ئىچىدە ياۋروپا ئەركىن سودا

ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. بىراق، يىل ئاخىرىدا شىۋېيتسارىيە پۇقرالىرى بىلەت تاشلاپ، بۇ شەرتنامىنى ئىنكار قىلدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى يەنە ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى بىلەن كېڭىشىپ، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قوشۇمچە بەلگىلىمە ئىمزالىدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ياۋروپا ئىقتىسادىي رايونى 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى 12 دۆلەت ۋە ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقىدىكى ئاۋسترىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە، ئىسلاندىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئاۋسترىيە، فىنلاندىيە ۋە شىۋېتسىيەنى رەسمىي ئەزا دۆلەتلىككە قوبۇل قىلدى، نورۋېگىيە گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاققا كىرىش كېلىشىمى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە ئېتىراپقا ئېرىشەلمەي، داۋاملىق ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدا قالدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا يېڭىدىن كىرگەن ئۈچ دۆلەت باي دۆلەتلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاققا كىرىشى ئارقىسىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ قالدى. ئۈچ دۆلەت ئۇزاقتىن بېرى بىتەرەپ سىياسەتنى يولغا قويۇپ، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر بىلەن بىرقەدەر قويۇق ئالاقە قىلدى. ئەزا دۆلەت سانى 15 كە يەتكەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە ئورنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، شەرققە كېڭىيىش ئىستراتېگىيەسىنى پائال يولغا قويدى. 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىلا «پولشا، ۋېنگىرىيەنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭىباشتىن بىرىكتۈرۈش ھەرىكىتى» پىلانىنى

تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ پىلاننىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلىپ يېزىلىشى «PHARE» دەپ يېزىلغاچقا، «فارې (PHARE) پىلانى» دەپ ئاتالدى. بۇ پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى كېيىن شەرقىي ياۋروپادىكى 11 دۆلەتكە كېڭەيدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئومۇمىي خامچوتتا تۆت مىليارد ئېكيۇ (بەش مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق پۇلغا تەڭ) دىن كۆپرەك پۇل ئاجرىتىپ، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشىگە ياردەم بەردى. بۇلاردىن سىرت، ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە پولشا، ۋېنگرىيە، چېخ، سلوۋاكىيە، رۇمىنىيە ۋە بۇلغارىيەدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت بىلەن ئالاقە كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياۋروپا ئىتتىپاقى ئېسسېندا باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقە قىلىدىغان ئالتە دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلدى. يىغىن ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ ئالتە دۆلەتنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش مەسىلىسى ھەققىدە لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رۇسىيە ۋە ئۇكرائىنىيە بىلەن ھەمكارلىق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىدىكى غايەت زور تەرەققىياتنى دېلورسنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىراق، 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتكە توشقان بولۇپ، كومىتېتنىڭ رەئىسى بولغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان نامزات مەسىلىسىدە گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، تالاش ـ تارتىش كۆرۈلدى. ئاخىردا ئىككى تەرەپ كېلىشىپ يېڭى نامزات كۆرسەتتى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لىيۇكسېمبۇرگ باش ۋەزىرى ياككيۇئېس سانتېر دېلورسنىڭ ئورنىغا چىقىپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى

بولدى. سانتپېرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنىڭ مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپلىكىنى بىر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، ئىتالىيە، گىرېتسىيە، ئاۋستىرىيەدىن ئىبارەت ئون دۆلەت سچېنگېندا كېلىشىم هاسىل قىلىپ، دۆلەتلەر ئارا قورۇقلۇق چېگراسىدىكى تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. بىراق، سچېنگېن كېلىشىمى ئۇزۇل ـ كېسىل يولغا قويۇلمىدى. ئىتالىيە، گىرېتسىيە، ئاۋستىرىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئاخىردا كېلىشىمگە قاتناشمىدى.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى 15 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى فرانسىيەنىڭ كاننېستا يىغىن ئۆتكۈزۈپ شەرقىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، 1999 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بىر خىل پۇل قوللىنىشنى قارار قىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى قىيىنچىلىق ۋە ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلەپ باردى.

## 3 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى

رۇسىيە 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىلا ئۆزىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنى سايلاپ چىققانىدى، كېيىن 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىنى رۇسىيەنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى دەپ بېكىتتى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئومۇمىي خەلقنىڭ بېلەت تاشلىشى ئارقىلىق يېلتسىن رۇسىيەنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئالىي سوۋېت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى

خاسبۇلاتوف ئۆتكۈزۈۋالدى. دەسلەپكى مەزگىلدە يېلتسىن بىلەن خاسبۇلاتوف ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىشلىدى. كېيىن، يېلتسىن رادىكاللاردىن بولغان ياش گايدار (1956 ـ يىلى تۇغۇلغان) نى مۇئاۋىن باش مىنىستىر ۋە مۇۋەققەت باش مىنىستىرلىققا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلدۇردى. 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ شوك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مال باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلىپ، پۇل قىسىلدى، ئۆسۈم نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكسىيەسى تارقىتىلدى، شۇ تۈپەيلىدىن مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ بىر يىلدىكى پۇل پاخاللىق نىسبىتى بىراقلا يۇقىرىلاپ %2200 كە يەتتى، بازاردىكى تاۋارلار كۆپەيگەن بولسىمۇ، باھاسى كىشىنى چۆچۈتەتتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىق كۆرۈلدى. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 7 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. خاسبۇلاتوف قاتارلىقلار گايدار ھۆكۈمىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ھۆكۈمەتنى دۆلەت ئەھۋالىنى ئويلاشماي، غەربنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت پەيدا قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. يېلتسىن پارلامېنتقا بەزى جەھەتلەردە يول قويدى، ئەمما گايدارنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالالمىدى. خەلق قۇرۇلتىيى چېرنومىردىننى باش مىنىستىرلىققا سايلىدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن پىرېزىدېنت يېلتسىن بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈزۈكسىز كەسكىنلەشتى، گەرچە ئىككىلا تەرەپ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ۋە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، بىراق پارلامېنت شوك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ، تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، يېلتسىننىڭ پىرېزىدېنتلىق ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا تېخىمۇ قارشى تۇرۇپ، پارلامېنتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى.

1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى رۇسىيە ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 58.7% سايلىغۇچىلار پىرېزىدېنت يېلتسىننى قوللاپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات سىياسىتىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلار دۆلەت ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ بەك داۋالغۇشىدىن ئەنسىرىگەچكە، مۇددەتتىن بۇرۇن خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قوللىمىدى. شۇنداق قىلىپ پىرېزىدېنت بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا داۋاملىشىۋەردى.

ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، يېلتسىن قولغا كەلتۈرگەن نىسپىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، پارلامېنت بىلەن كارى بولماستىن ئاساسىي قانۇن چىقىرىش يىغىنى ئاچتى. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھەسى تۈزۈپ چىقىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېلتسىن ئالىي سوۋېت ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. خاسبۇلاتوف دەرھال پارلامېنتتا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، پىرېزىدېنتنىڭ پەرمانىنى قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى ھەمدە مۇئاۋىن پىرېزىدېنت لۇتسكوينى مۇۋەققەت پىرېزىدېنتلىققا تەيىنلىدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن قارشىلاشتى، ھۆكۈمەت ئارمىيە، ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ پارلامېنت بىناسىنى قورشىۋالدى، پارلامېنت قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ مۇداپىئە كۆردى. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەمگەكچان رۇسىيە قاتارلىق پارتىيەلەر نەچچە 10 مىڭ ئادەم تەشكىللەپ پارلامېنت بىناسىغا يۈرۈش قىلىپ، پارلامېنت بىناسىنى قامال قىلىۋالغان ھەربىي، ساقچىلارنى قوغلىۋەتتى ھەمدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە تېلېۋىزىيە مەركىزىنى ئىشغال قىلدى. ھۆكۈمەت دەرھال ئارمىيە ۋە تانكىلارنى يۆتكەپ كېلىپ 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەر سائەت يەتتىدە ھۇجۇم قوزغاپ قانلىق توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى، 142 ئادەم ئۆلۈپ، 600 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پارلامېنت بىناسى قولدىن

كەتتى، خاسبۇلاتوف ۋە لۇتسكوي قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى.

1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رۇسىيە يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى، يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپ، پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇش بېكىتىلدى. پىرېزىدېنت شەكىل جەھەتتىنلا دۆلەت باشلىقى بولۇپ قالماي، بەلكى ئالىي تەدبىر بەلگىلىگۈچى بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت ۋە ئاساسىي فاڭجېننى بېكىتىش، باش مىنىستىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش، ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، قانۇنلارنى ئىمزالاش ۋە ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. پىرېزىدېنت يەنە رۇسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئالىي قوماندانى ئىدى. ئەسلىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئالىي سوۋېت مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى دۆلەت ھاكىمىيەت شەكلىگە ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى. يېڭى پارلامېنت فېدېراتسىيە مەجلىسى دەپ ئاتالدى ھەم يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىككى پالاتادىن تەشكىل تاپتى. يۇقىرى پالاتا فېدېراتسىيە كومىتېتى دەپ ئاتىلىپ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، جۇمھۇرىيەت، چېگرا رايون ۋە رايون قاتارلىق 88 فېدېراتسىيە سۇبيېكتىنىڭ ئىككىدىن ۋەكىل سايلاپ چىقىشى ئارقىلىق تەشكىللەندى. تۆۋەن پالاتا دۆلەت دۇماسى دەپ ئاتىلىپ، 450 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىدىن تەشكىل تاپتى، بۇلارنىڭ يېرىمى پۈتۈن رۇسىيەنى 225 سايلام رايونىغا ئايرىپ، ھەربىر سايلام رايونىدىن بىردىن ۋەكىل سايلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلدى، قالغان يېرىمى سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپلاردىن بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فېدېراتسىيە يېڭى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت دۇماسى ئاساسەن ئۈچ چوڭ كۈچتىن تەشكىل تاپتى. بىرىنچىسى «دېموكراتىك» كۈچلەر ئىتتىپاقى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

گايدار باشچىلىقىدىكى «رۇسىيەنىڭ تاللىشى» ئۇنىڭ يادروسى ئىدى. ئىككىنچىسى، ئىجابىي ئۆكتىچىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، زيۇگانوف باشچىلىقىدىكى رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى، يېزا ئىگىلىك پارتىيەسى ۋە دېموكراتىك پارتىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۈچىنچىسى، چەكتىن ئاشقان مىللەتچىلىك تۈسىگە ئىگە رۇسىيە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بولۇپ، رەئىسى ژىرىنوۋسكىي ئىدى. بىراق، كۆپ پارتىيەلىك پارلامېنت سىياسىيسى، بازار ئىگىلىكى ۋە كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى قوغداش قاتارلىق ئىچكى ـ تاشقى مۇھىم سىياسەت، فاڭجېن جەھەتتە بۇ ئۈچ گۇرۇھ كۈچ ئوتتۇرىسىدا پىرىنسىپال ئىختىلاپ يوق ئىدى.

يېڭى پارلامېنت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېلتسىن ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، بىرقانچە رادىكال ئىسلاھاتچى زاتنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دۆلەت دۇماسى سىياسىي چوڭ كەچۈرۈم قارارىنى چىقىرىپ، خاسبۇلاتوف قاتارلىقلارنى قويۇۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېلتسىننىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، 150 كە يېقىن پارتىيە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات «ئىجتىمائىي ئىناقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ئاساسىي قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن سىياسىي كۆرەشنى قانۇنلۇق يوسۇندا قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ ئىشتىن كېيىن رۇسىيەدە ھەرقايسى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۆرەش يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن داۋاملاشتى. ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ رۇسىيەنىڭ نىشانى، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى قانداق قىلىدىغانلىقى قاتارلىق زور مەسىلىلەردىكى كۆز قارىشى بىر يەردىن چىقمايتتى، شۇنداقلا بىر ـ بىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن شەخسىي شاپائەت ۋە ئاداۋەتلەر بولۇپ، مەزھەپ ۋە ئۇششاق گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت تالاش ـ تارتىشى ئۆكسۈمەيتتى. بىراق،

گۇرۇھلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن تەرتىپلىك بولدى ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن دائىرىدىن ھالقىپ كەتمىدى. كوچىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەر ئازىيىپ، پارلامېنت ئاساسلىق ئېلىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق مەيدانغا كەلدى.

مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسلىسىمۇ رۇسىيەدىكى يەنە بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر، ئوبلاستلار، چېگرا رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەركەزدىن چەتلەش خاھىشى كۆرۈلدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر جەھەتتىن بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىنى چەكلەپ، فېدېراتسىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە بىرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلاردا پۈتكۈل فېدېراتسىيە زېمىنىغا نىسبەتەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن يەرلىكنىڭ ئۆز ــ ئۆزىگە غوجا بولۇش ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. 16 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە تۆت ئاپتونوم ئوبلاستنى جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇلاردا پىرېزىدېنت، باش مىنىستىر، پارلامېنت، ئاساسىي قانۇن قاتارلىق ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەردە بولىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياسىتىدىن ئوبدان ئۈنۈم كۆرۈلدى، 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېلتسىن داغىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھوقۇق بۆلۈشۈش شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتكە خاتىمە بەردى. بىراق، رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرالمىدى. چېچىنىيە شىمالىي كاۋكاز رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن تولىمۇ مۇھىم، تاغ ـ ئېدىرلىق جاي ئىدى،

چېچىنىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قالغان نۇرغۇن شاپائەت ۋە ئاداۋەتلەر بار ئىدى. 1991 ـ يىلىدىكى 19 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسىدىن كېيىن، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھاۋا ئارمىيە گېنېرال مايورى دۇدايېف چېچىنىيەلىكلەرنى باشلاپ مۇستەقىللىق غوۋغاسى قىلدى، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى، 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چېچىنىيەنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. يېلتسىن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چېچىنىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۈچ يولدىن زور قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما، رۇسىيە ئارمىيەسى كەسكىن قارشىلىققا دۇچ كېلىپ، ھەممىلا جايدا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاران دېگەندە چېچىنىيە مەركىزى گروزنىينى ئىشغال قىلالىدى. يىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، رۇسىيە ئارمىيەسى چېچىنىيەنىڭ 3/4 قىسىم رايونىنى ئىزگىنلىدى، كەسكىن جەڭلەرمۇ تەدرىجىي بېسىقتى. بىراق، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چېچىنىيە قوراللىق خادىملىرى بودىيونوۋسكقا ھۇجۇم قىلىپ، پۇقرالارنى تۇتقۇن قىلىپ، گۆرۈگە ئېلىۋېلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى يەنە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش، ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىش، قانۇنسىز قوراللىق كۈچلەرنى بىكار قىلىش، رۇسىيە مۇنتىزىم ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىش، چېچىنىيە تەرەپ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بىراق، كېلىشىم ئەستايىدىل ئىجرا بولماي، چېچىنىيە كرىزىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنى مۇشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

رۇسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. 1991 ـ يىلى

12 ـ ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان چاغدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن گرۇزىيە ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت بىرلەشمىگە قاتناشمىدى. 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئەللەرنىڭ باشلىقلىرى تاشكەنتتە يىغىن ئاچقاندا، يىغىنغا ئاران يەتتە دۆلەتنىڭ باشلىقى قاتنىشىپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى يىمىرىلىش كرىزىسى ئىچىدە قالدى. بىراق، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىساد، زېمىن، مىللەت مۇناسىۋەتلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىنىڭ 40% تىن كۆپرەكى جۇمھۇرىيەت ھالقىغان بولۇپ، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ 70% چېگراسى تېخى ئېنىق ئايرىلمىغان ئىدى، 70 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئۆز مىللىي رايونىدىن باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بېقىنىشى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ كېمىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۆپىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەڭشەپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى نىزامنامىسى» نى ئىمزالىدى، 9 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 10 ـ ئايدا گرۇزىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 12 ـ ئايدا 12 دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئاشخاباد خىتابنامىسىنى ماقۇللاپ، «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى، تارىختا شەكىللەنگەن دوستلۇق، ھەمكارلىق، چۈشىنىش

مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى»
نى ئىپادىلىدى. يىغىن يەنە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى
ماسلاشتۇرۇش ـ كېڭىشىش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى
تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسى مۇقىملىششقا يۈزلەندى. 1995 ـ يىلى 9 ـ
ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يېلتسىن «رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە قاراتقان
ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنى» نى تەستىقلاپ، رۇسىيەنىڭ
سىياسىتىدىكى ئاساسلىق مەقسەتنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن
ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بىرلەشمە قۇرۇش، كوللېكتىپ
خەۋپسىزلىك سىستېمىسى ۋە مۇداپىئە ئىتتىپاقى قۇرۇش
ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ رۇسىيە بىلەن
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ
مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ بېلورۇسسىيە، قازاقىستان بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسايىن قويۇقلاشتى.

رۇسىيە 1992 ـ يىلى رادىكال ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا
قويغاندىن بېرى، ئىشلەپچىقىرىشى ئىزچىل زور كۆلەمدە
تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى
1992 ـ يىلى 19.2% تۆۋەنلىدى، 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە
12% تۆۋەنلىدى، 1994 ـ يىلى يەنە 15% تۆۋەنلىدى. 1995 ـ
يىلى ئىقتىسادتا بۇرۇلۇش كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
تۆۋەنلەش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، ئاران 4% ئەتراپىدا
تۆۋەنلىدى. قۇرۇلما خاراكتېرلىك قايتا ئۆرلەش يۈزلىنىشى
كۈنسايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. مېتاللورگىيە، نېفىت، خىمىيە،
ئاپتوموبىلسازلىق، ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش
قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەخمىنەن 10% ئاشتى.
پۇل پاخاللىق نىسبىتىمۇ 1993 ـ يىلىدىكى 940% تىن 1995 ـ
يىلىغا كەلگەندە تەخمىنەن 100% كە تۆۋەنلىدى. رۇبلىنىڭ
ئامېرىكا دوللىرىغا قارىتا پېرېۋوت نىسبىتى مۇقىملىششقا

يۈزلەندى. خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتا ئىلگىرىلەش كۆرۈلدى. ئەڭ دەسلەپتە ھەقسىز خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ھەربىر پۇقراغا قىممىتى 10 مىڭ رۇبلىلىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكسىيەسىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، پۇقرالار بۇ ئاكسىيەگە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالسا ياكى ئۇنى ئۆتۈنۈپ بەرسە ۋە سېتىۋەتسە بولىۋېرەتتى. 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 39 مىڭ چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىدىن 19 مىڭى پاي شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ نەق پۇلغا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش باسقۇچى باشلىنىپ، مەبلەغ سالغۇچىلاردىن دۆلەت مۈلكىنى نەق پۇلغا سېتىۋېلىش تەلەپ قىلىندى. 1994 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىن باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرى ياراتقان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 62% كە يەتتى. تاشقى سودا تېزلىكتە ئېشىپ، رۇبلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى نىسپىي مۇقىملاشتى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 20% ئېشىپ، ئاكتىپ بالانس 16 مىليارد 300 مىليون دوللارغا يەتتى. قىسقىسى، رۇسىيە تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، باھانى قويۇۋېتىش ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىسلاھاتنى ئاساسەن تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1995 ـ يىلىدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1991 ـ يىلىدىكىنىڭ ئاران 59% ىگە توغرا كەلدى. گەرچە، ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا نۇرغۇن مەسىلە ۋە ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت بولۇپ ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن ئىدى.

**ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بۇرۇلۇش** ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپادىكى سابىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر جىددىي

ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كۆپ پارتىيەلىك پارلامېنت تۈزۈمىنى ئورناتتى. ھەرقايسى ئەل پارلامېنتلىرى ئاز بولغاندا بىرقانچە، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون پارتىيەدىن تەشكىل تاپتى. قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان پارلامېنت بىلەن مەمۇرىيەت، ئەدلىيە بىر - بىرىنى چەكلەپ، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى. پولشا، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ئالبانىيەلەر تەدرىجىي پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ قۇرۇلدى. پولشا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋالېسا 1990 - يىلى 12 - ئايدا پىرېزىدېنت بولدى. 1993 - يىلى 9 - ئايدىكى پارلامېنت سايلىمىدا، دېموكراتىك سولچىل ئىتتىپاق بىلەن دېھقانلار پارتىيەسى غەلىبە قىلغانلىقتىن ۋالېسا دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى پاۋلاكنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەكلىپ قىلماقتىن باشقا چارە تاپالمىدى. رۇمىنىيە پىرېزىدېنتى ئىلىئېسكۇ 1992 - يىلىدىكى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، ئۇدا پىرېزىدېنت بولدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ۋەتەن قۇتقۇزۇش فرونتى 1993 - يىلى 7 - ئايدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىقىنى پارتىيە - گۇرۇھسىز زات ۋاكاروئىئۇ زىممىسىگە ئالدى. بۇلغارىيەدە دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ژېلېف پىرېزىدېنت بولدى. يەنە بىر دېموكراتىك كۈچلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى دىمىتروۋ 1991 - يىلى 12 - ئايدا ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. بىر يىلدىن كېيىن پارتىيە - گۇرۇھسىز زات بېللوف ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئالبانىيە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى بېرىشا 1992 - يىلى 4 - ئايدا پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. مېكسى دېموكراتلار پارتىيەسى ئاساس قىلىنغان ھۆكۈمەت تەشكىللىدى.

ۋېنگىرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيەلەر پىرېزىدېنتنىڭ ھوقۇقى ئانچە چوڭ بولمىغان باش مىنىستىرلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى. ئەركىن دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ

قۇرغۇچىسى گونز ۋېنگىرىيەگە پرېزىدېنت بولدى. دېموكراتىيە مۇنبىرىدىن ئانتال باش مىنىستىر بولدى. ئۇ ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسى ۋە خىرىستىيان دىنى خەلق دېموكراتىك پارتىيەسىنى بىرلەشتۇرۇپ بىرلەشمە ھۆكۇمەت تەشكىللىدى. چېخوسلوۋاكىيەدە مىللىي مەسىلە ئۇزاقتىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن قىيىن ئىش ئىدى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلەت سلوۋاك مىللىتىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن دۆلەت نامىنى چېخىيە ۋە سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتتى، بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن مەسىلە ھەل بولمىدى. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۇنى ۋە 6 ـ كۇنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. چېخىيەدە فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش، رادىكال ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يۇقىرالار دېموكراتىك پارتىيەسى ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشتى. سلوۋاكىيەدە رادىكال ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان، سلوۋاكىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دېموكراتىك سلوۋاكىيە قۇرۇش ھەرىكىتى غەلىبە قىلدى ھەم فېدېراتسىيە پارلامېنتىدا 2 ـ چوڭ پارتىيە بولۇشتەك ئورۇننى ئىگىلىدى. ئىككى پارتىيەنىڭ پىكرى بىر ـ بىرىگە قارشى بولغانلىقتىن دۆلەت پارچىلىنىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى چېخىيە ۋە سلوۋاكىيە پارلامېنتى 2/3 قىسىمدىن كۆپرەك ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جۇمھۇرىيەتنى تارقىتىۋېتىش قانۇنىنى ماقۇللىدى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى مۇستەقىل چېخىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتى ئايرىم ـ ئايرىم قۇرۇلدى. خاۋېل چېخىيە پرېزىدېنتى بولدى. يۇقىرالار دېموكراتىك پارتىيەسىدىن كلاۋس باش مىنىستىر بولدى. سلوۋاكىيەدە مېكىئار باش مىنىستىر بولدى.

يېغىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ

ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى بۇزۇلۇش تاماملاندى، كۆپ پارتىيەلىك پارلامېنت تۈزۈمى تىكلەندى، ھەرقايسى پارتىيەلەر ئۆزى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان پارتىيەلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى پارلامېنتنىڭ كۈرەش ئوربىتىسىغا چۈشۈرۈشكە ئادەتلىنىپ، ئاساسىي قانۇن يول قويغان دائىرە بىلەن چەكلەندى. 1993 - يىلى 9 - ئايدا پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى پارلامېنتتىكى 1 - چوڭ پارتىيە بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەردىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەلەرنىڭ كۈچى تېزلىكتە ئاشتى. 1994 - يىلى 5 - ئايدا ۋېنگرىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى پارلامېنت سايلىمىدا زور غەلىبىگە ئېرىشىپ 209 ئورۇننى قولغا كەلتۈردى، ئەمما ھاكىمىيەت بېشىدىكى دېموكراتىيە مۇنبىرى ئاران 37 ئورۇنغا ئېرىشتى. 7 - ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى خورن گيۇلو باش مىنىستىر بولدى. 1995 - يىلى 11 - ئايدا پولشادا سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى كۋاسنىېۋسكى ۋالېسانى مەغلۇپ قىلىپ پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. 1996 - يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن كىموسزېۋسز باش مىنىستىر بولدى.

بۇلاردىن سىرت، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، سىلوۋاكىيە، لىتۋادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەلىرىنىڭ كۈچىمۇ تېزلىكتە ئېشىپ باردى. 1995 - يىلى 10 - ئايدا بۇلغارىيەدە يەرلىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 42% سايلام بېلىتىگە، ئۆكتىچى پارتىيە دېموكراتىيە كۈچلىرى 23% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. 1995 - يىلى 1 - ئايدا بۇلغارىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ۋىدېنوف بۇيرۇقى بىنائەن ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغانلىقتىن ۋەزىيىتى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى

قەدەمدە تىكلەندى. پولشا، چېخىيە، ۋېنگىرىيە، سىلوۋېنىيەنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. پولشا 1990 ـ يىلىدىن تارتىپ بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، باھانى قويۇۋېتىپ، باج كىرىمىنى كۆپەيتتى، كارخانىلارنى پايلاشتۇرۇش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ رادىكال ئىسلاھات تەدبىرى شوك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى دەپ ئاتالدى. بۇ تەدبىر يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مال باھاسى تېز ئۆسۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلىق شىددەت بىلەن كۆپەيدى. بىر يىلدىن كېيىن، يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى تىزگىنلىنىپ، ھەر ئايلىق پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى 2% ـ 3% بولدى، بازار جانلىنىپ، تاۋارلار موللاشتى، ئەمما باھاسى بەك قىممەت ئىدى. ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر بولۇپ، 1992 ـ يىلى 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم خىزمەت تاپالمىدى. 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پولشا ئىقتىسادىنى تۈنجى بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1993 ـ يىلى 3.8% ئاشتى، 1994 ـ يىلى 5% ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تېز ئېشىپ، 1993 ـ يىلى 7%، 1994 ـ يىلى 11.9% ئاشتى. ئىقتىسادىي مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. دۆلەت كارخانىلىرى پايلاشتۇرۇلۇپ، 55% ى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولىغا ماڭدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئىجارە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پۈتۈنلەي دېگۈدەك خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى. 1994 ـ يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 54% نى خۇسۇسىي ئىگىلىك ياراتتى. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 61% نى ئىگىلىدى.

چېخىيە ماكرولوق تەڭشەپ تىزگىنلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت

بىرىپ، تىنچ، مۇقىم ئۆتۈشكە تىرىشتى. 1991 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كالفا ھۆكۈمىتى باھانى قويۇۋېتىشنى جاكارلىدى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى تەخمىنەن 40% بولۇپ، كېيىنكى يېرىم يىلدا تېزلا مۇقىملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاز ساندىكى بىرقانچە ئاينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئايلىق ئوتتۇرىچە پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى ئىزچىل 1% تىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى، ئىشسىزلىق نىسبىتىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن بولدى. ئىقتىسادىي مۇلۈكچىلىك تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇششاق ئىگىلىكنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق ئۇششاق ماگىزىن، ئاشخانا ۋە ئۇششاق دۇكانلار كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شەخسىيلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1991 ـ يىلى پارلامېنت ئىككى تۈرلۈك پەرمان ماقۇللاپ، ئىلگىرى مۇسادىرە قىلىنغان يەر ۋە مۈلۈكنى ئەسلىدىكى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى ياكى تۆلەپ بەردى. 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاشكارا كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش، مەبلەغ سېلىش ئاكسىيەسىنى تەڭ بۆلۈپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى، بانكىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك شەكلىنى ئۆزگەرتتى. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەخمىنەن 80% دۆلەت مۈلكى خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئۆزگىرىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلىدى. 1994 ـ يىلى ئىقتىساد ئومۇمىيۈزلۈك قايتا ئۆرلەپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بۇلتۇرقىدىن 2.6% ئاشتى. دۆلەت خامچوتىدا ئۇدا ئۈچ يىل قالدۇق كۆرۈلۈپ، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 10 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى.

سلوۋېنىيە 1994 ـ يىلى يۈگوسلاۋىيەدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، رايوندىن مۇستەقىل دۆلەتكە ئۆتۈشتەك مۇشەققەتلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ئىقتىسادى 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ يىلمۇ يىل چېكىنىپ، ئىجتىمائىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتتى. 1992 ـ يىلى ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، درنوۋسېك داۋاملىق باش مىنىستىر بولۇپ، چوڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ماكرولۇق تىزگىنلەشنى تىرىشىپ كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب بازىرىنى پائال ئاچتى. 1993 ـ يىلىنىڭ 3 ـ پەسلىدىن باشلاپ، ئىقتىسادى قايتا ئۆرلەشكە باشلىدى، 1994 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5.5% ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7048 دوللارغا يەتتى. 1995 ـ يىلى 5% تىن يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. سىلوۋېنىيەدە يېڭى كۈچلەر توساتتىنلا پەيدا بولۇپ، «ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپادىكى سىنگاپور» دەپ تەرىپلەندى.

ۋېنگرىيەدە ئانتال ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى بۇراش خىزمىتىدە شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەدرىجىي چوڭقۇرلاش تۈسىدىكى مۆتىدىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشتە، ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، كېيىن تەسلىرىنى ئۆزگەرتىش پىرىنسىپىنى يولغا قويدى. ئاۋۋال ئىشنى تىجارەت ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى، تاۋارلىرى خەلقئارادا بازار تاپقان كارخانىلاردىن باشلىدى. تىجارەت ئەھۋالى بىرقەدەر ناچار كارخانىلارنى ئاۋۋال تەڭشەپ ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ساتتى. ئۇزاقتىن بېرى زىيان تارتىپ كەلگەن، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئۈمىد يوق كارخانىلارنى ۋەيران قىلدى. ئارقىدىن دۆلەت مۈلكىنى ھەقسىز تەقسىم قىلماستىن ياكى ھەدىيە قىلماستىن، بەلكى ساتتى. ساتقان چاغدا، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ، بىرقانچە خېرىدارنى رىقابەتلەشتۈرۈپ، ئاندىن

ساتتى ھەمدە بۇ ئىشلارنى باشتىن - ئاخىر خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا تاماملىدى. ۋېنگرىيە ئۇششاق ئىگىلىكنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىلانىنى بەش يىلدا تاماملىدى. چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، 1995 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇسۇسىيلار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 60% نى ئىگىلىدى. بازار ئىگىلىكى مېخانىزمى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مال باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، 1991 - يىلىدىكى پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى 35% كە يەتتى، كېيىن يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى. 1994 - يىلىدىن باشلاپ، ئىقتىسادى قايتا ئۆرلەشكە باشلاپ، شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2% ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 8% ئېشىپ، پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى 20% تىنمۇ تۆۋەن بولدى. ۋېنگرىيە سانائىتىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشىلىنىپ، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ پۈتكۈل شەرقىي ياۋروپا رايونىدا كىرگۈزۈلگەن مەبلەغنىڭ 60% نى ئىگىلىدى، بىراق مالىيە قىزىل رەقىمى يىلمۇ يىل كۆپىيىپ باردى، 1994 - يىلى 350 مىليارد فورىنتقا يېتىپ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 9% نى ئىگىلىدى. خەلقئارا كىرىم - چىقىمدا يىلمۇيىل پاسسىپ بالانس كۆرۈلۈپ، 1995 - يىلى تاشقى قەرز 32 مىليارد دوللارغا يەتتى.

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋانىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ۋە سلوۋاكىيەنىڭ ئەھۋالى يۇقىرى تۆت دۆلەتكە يەتمەيتتى. 1994 - يىلىدىن باشلاپ ئىقتىسادى نورمال ئېشىپ، پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى يىلمۇيىل تۆۋەنلىدى، بىراق ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشتىن تېخى يىراقتا ئىدى.

رۇمىنىيە، ئالبانىيە، بۇلغارىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ

ئىقتىسادى 1994 ـ يىلىدىن تارتىپ قايتا ئۆرلەشكە باشلىدى، بىراق ئومۇمىي ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن بولدى. بۇلغارىيە، ئالبانىيەلەر شۇڭ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بولغارىيەدە 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40% تۆۋەنلىدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 50% كە يېقىن تۆۋەنلىدى، يېزا ئىگىلىكى 64% تۆۋەنلىدى. ئالبانىيەدە 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىشسىزلار يەنىلا ئىشچىلار، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 50% ىنى ئىگىلىدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم ئاران 312 دوللار بولۇپ، ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئارقىدا تۇردى. كونا پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى گەرچە بۇزۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، بىراق چوڭ كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قەدىمى ئاستا بولۇپ، بۇگۈنگىچە قەدەر يەنىلا 70% ـ 80% مۇقىم مۈلۈك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قولىدا تۇرۇپ كەلدى. پۇل مۇئامىلە، باج، تاشقى سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتتا ئىلگىرىلەش چوڭ بولمىدى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخى تولۇق شەكىللەنمىدى.

سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىدىكى ماكېدونىيە، كىرودىيە (خورۋاتىيە) ۋە خەلقئارانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىغان يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پەقەت بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىلا ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە قالدى.

**بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى** بوسنىيە ۋە گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتى 1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۇقرالار بېلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 43.7% ىنى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن 17% ىنى ئىگىلەيدىغان كىرودىيەلىكلەر (خورۋاتلار) يۇگوسلاۋىيەدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشنى ياقلىدى. ئەمما، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 31.4% ىنى ئىگىلەيدىغان

سېربلار قەتئىي قارشى تۇردى ھەم ئۆز مەيلىچە سېربىيە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتى قۇردى. كىرودىيەلىكلەرمۇ بىر جۇمھۇرىيەت تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ تەرەپنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ ياندى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇپ، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى مىللەت ئايرىمىسى بويىچە ئۈچ چوڭ رايونغا ئايرىپ، شىۋېيتسارىيەنىڭ ئەندىزىسى بويىچە فېدېراتسىيە شەكلىدىكى دۆلەت تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۈچ تەرەپ بىريۇسسېلدا يىغىن ئېچىپ، بۇ تىنچلىق لايىھەسى ئۈستىدە پرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ئىزېتبېگوۋىچ كېيىن دەسلەپكى ئارزۇسىدىن يېنىۋالغاچقا، كېلىشىم قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، غەرب ئەللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، سۆھبەت مۇساپىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەچكە، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا ئۇرۇش ئوتى تېخىمۇ تېز ئەۋجگە چىقتى. سېربىلار ھەربىي ئەمەلىي كۈچىگە ھەم يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، جەڭ مەيدانىدا بىرقاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ نۇرغۇن زېمىننى ئىشغال قىلىۋالدى. خەلقئارا جەمئىيەت سېربىلارغا بېسىم ئىشلەتتى، 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنى جازالاشنى قارار قىلدى. 7 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ 6 ـ فىلوتى ئادرىئاتىك دېڭىزىغا كىردى.

1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جەنۋەدە خەلقئارا ياراشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېتنىڭ ئىككى رەئىسى بىرلەشكەن

دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئامېرىكىلىق ۋانسې بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنگلىيەلىك ئوۋېن ئىدى. كومىتېت ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم، ئۇرۇش توختىتىش ۋە زېمىن ئايرىش قاتارلىق كېلىشىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تىنچلىق پىلانى (ۋانسې ـ ئوۋېن پىلانى) نى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇسۇلمانلار بىلەن كىرودىيەلىكلەر بۇ لايىھەنى تېزلا قوبۇل قىلدى، سېربىلار بولسا لايىھە سېربىلارنى بەك كۆپ زېمىندىن ئايرىۋېتىدىكەن دەپ، لايىھەنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. بىراق كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا، سېربىلارنىڭ رەھبىرى كارادزىچ 1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋانسې — ئوۋېن پىلانىغا ئىمزا قويدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، سېربىلار پارلامېنتى بۇنى رەت قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، يەنە ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئارقىلىق ۋانسې ـ ئوۋېن پىلانى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىندى. ئامېرىكا بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، سېربىلارغا بولغان بېسىمىنى كۈچەيتتى. 5 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇسۇلمان ئاھالىلىرىنى قوغدايدىغان سارايېۋو قاتارلىق ئالتە بىخەتەر رايون قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 ـ ئايدا خەۋپسىزلىك كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار، كىرودىيەلىكلەر ۋە سېربىلار زېمىن تالىشىپ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. 1994 ـ يىلى ئەتىيازدا كىرودىيەلىكلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەسكىن قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى، بىرقانچە ئايدىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى. بىراق، مۇسۇلمانلار بىلەن سېربىيەلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداشقا باشلىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر يەنە ئىنتايىن ۋەھشىيلەرچە ئىرقىي تازىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

www.uyghurkitap.com

1993 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىۋېتسىيەلىك ستولتېنبېرگ پېنسىيەگە چىققان ۋانسېنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ئوۋېن بىلەن بىرلىكتە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى ئۈچ تەرەپنى رەھبەرلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا زېمىن لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. 8 ـ ئايدا بىر تۈرلۈك يېڭى مۇرەسسەچىلىك تىنچلىق پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇنلۇق ئۈچ دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاق دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سېربلارغا 52% ، مۇسۇلمانلارغا 31% ، كىرودىيەلىكلەرگە 17% زېمىن ئايرىلدى. سېربلار بىلەن كىرودىيەلىكلەر بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كەڭ زېمىن ۋە دېڭىز پورتىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغاچقا، ئۈچىنچى لايىھەمۇ بىكار بولدى.

1994 ـ يىلى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى يەنە ئەۋج ئالدى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سارايېۋودىكى ئۈستى ئوچۇق بىر بازار زەمبىرەك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 68 ئادەم قازا قىلدى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئۇلتىماتۇم چىقىرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېغىر قوراللارنى پايتەختتىن 20 كىلومېتىر يىراق جايدا تۇرۇشلۇق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشىنى، ئۇنداق قىلمىسا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. سېربلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەن رۇسىيە بۇنىڭغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى چىققانلىقتىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ھەرىكەت پىلانى ئىشقا ئاشمىدى. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئايروپىلانلىرى سېربلارنىڭ ئۇچۇش چەكلەنگەن رايونغا ئۇسۇپ كىرگەن تۆت ئايروپىلانىنى ئېتىپ

چۈشۈرۈۋەتتى. كېيىن يەنە سارايېۋو ئەتراپىدىكى سېربىلار بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى. 5 - ئايدا بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن كىرودىيەلىكلەر فېدېراتسىيە بولۇپ تەشكىللىنىپ، سېربىلارغا قارشى ئورتاق جەڭ قىلدى. 1994 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت بەش دۆلەتنىڭ ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى يېڭى تىنچلىق لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇسۇلمانلار، كىرودىيەلىكلەر فېدېراتسىيەسىنىڭ 51% زېمىنىغا، سېربىلارنىڭ 49% زېمىنغا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ چاغدا سېربىلار بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنانىڭ 70% زېمىنىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقتىن، بۇ لايىھەنى رەت قىلدى.

1995 - يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى سېربىلارنىڭ بازىسىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار ئارمىيەسىمۇ كۆپ جايدىن ھۇجۇم قوزغىدى. 6 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 8000 كىۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن زېمىننى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار، كىرودىيەلىكلەر فېدېراتسىيەسى ۋە سېربىلار ئىگىلىگەن زېمىن 51 نىڭ 49 غا بولغان نىسبىتىگە يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئەۋەتكەن مۇھىم خادىم خالبرۇكې بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادىكى ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى، كىرودىيە جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا موكىدەك قاتراپ يۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرىنى ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسى — دايتوندا مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاخىرىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى (بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادىكى سېربىلارغا ۋەكىللىك قىلغان) ۋە كىرودىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ پىرېزىدېنتلىرى بوسنىيە -

گېرتسېگوۋىنا تىنچلىق كېلىشىمىگە رەسمىي ئىمزا قويدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ـ گېرمانىيە ۋە رۇسىيە رەھبەرلىرى شاھىت سۈپىتىدە كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بولدى.

بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئىچكى ئۇرۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئەڭ كەڭ كۆلەملىك بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلدى. ئۈچ تەرەپ كېلىشىمى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا ھەقىقىي تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس سالدى.

## 4 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ياپونىيە

**ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى** 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن تارتىپ ياپونىيە ئىقتىسادى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى. بىراق، 90 ـ يىللارغا قەدەم قويۇش بىلەن ياپونىيە ئىقتىسادىدا زور بۇرۇلۇش كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادى چېكىنىش يولىغا ماڭدى. بۇنداق بۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ئىككى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ياپونىيەنىڭ كۇرسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئىككىنچىدىن، كۆپۈك ئىقتىساد يىمىرىلدى.

1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر دوللار 133 ياپونىيە يېنىغا ئايرىۋاشلىناتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە يېنىنىڭ كۇرسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 80 يېنىلىق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا سېلىشتۇرغاندا، توت يىلدا ياپونىيە يېنىنىڭ كۇرسى 40% ئۆستى. ياپونىيە يېنى كۇرسىنىڭ ئۆسۈشى ياپونىيەنىڭ

ئىچكى ئوبوروت كەسپى ۋە ئىچكى يۈزلەنگەن كارخانىلارغا زەربە بېرىپ، ياپونىيە كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ياپونىيەنىڭ ئىچكى كەسپىنىڭ «كاۋاكلىشىش» نى تېزلىتىپ، ياپونىيە ئىقتىسادىغا ئىنتايىن پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى. 80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ياپونىيە يىنىنىڭ كۇرسى ئۆسۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاي باھاسى، يەر باھاسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئۆسۈم مەبلەغ سېلىش پايدىسى، كارخانا پايدىسى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىش نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كېتىپ، مەۋھۇم تۇستىكى كۆپۈك ئىقتىساد شەكىللەندى. شۇنىڭدىن تارتىپ نورمال ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، ئىجتىمائىي مەبلەغ پاي چېكى، مۈلۈك، يەر ھايانكەشلىكى قاتارلىقلارغا كۆپلەپ ئېقىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت مەبلىغىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا دەخلى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەتتە پۇل ئوبوروت مىقدارى بەك تېز ئېشىپ كەتتى. كۆپۈك ئىگىلىكنىڭ سەلبىي تەسىرى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا يوشۇرۇن خەۋپ قالدۇردى. 1991 ـ يىلى رېكرۇئىت ئاكسىيە ۋەقەسى[1] قاتارلىق چوڭ ئىقتىسادىي سەتچىلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىلاجسىز جىددىي تەدبىر

---

① ياپونىيە رېكرۇئىت شىركىتى 1984 ـ يىلى شىركەت پاي چېكىنى ئاشكارا بازارغا سالماي تۇرۇپ، ھەربىر پايىنى 1290 ياپونىيە يىنىلىق باھادا، ناكاسونې ياسۇخىرو، مىيازاۋا كىيچى قاتارلىق سىياسىي ساھەدىكى 76 نەپەر مۇھىم ئەربابقا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. 1986 ـ يىلى شىركەت پاي چېكىنى ئاشكارا بازارغا سالغان. 1987 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە، ھەربىر پايىنىڭ باھاسى بىراقلا 7250 ياپونىيە يىنىغا ئۆرلىگەن. نامدا پاي چېكى ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئەمەلىيەتتە پارا بېرىشتەك بۇنداق قىلمىش 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاشكارىلىنىپ قالغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 17 كىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. ئەركىن دېموكراتلار پاتىيەسىدىن بولغان مۇئاۋىن باش ۋەزىر مىيازاۋا كىيچى، باش ۋەزىر تاكېشىتا نوبورو ئىلاجسىزلىقتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەختتىن چۈشكەن.

قوللىنىپ، ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈردى، پاي چېكى، يەر، مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشقا پۇل قەرز بېرىشكە چەك قويۇپ، ئاكسىيە سودىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئادىللىقىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئىقتىسادنى قىسىش سىياسىتى، ئادىل سودىنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى كۈچەيتىشتەك ئەھۋال ئاستىدا، پاي باھاسى داۋاملىق چۈشۈپ، يەر باھاسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پاي چېكى مۈلۈك زىيىنى (1991 - يىلى 2 - ئايدىن 1992 - يىلى 7 - ئايغىچە) 340 تىرىللىيون ياپونىيە يېنىغا، يەر باھاسى زىيىنى (1991 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە) 108 تىرىللىيون ياپونىيە يېنىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپۈك ئىقتىسادنىڭ ۋەيران بولغانلىقى جاكارلاندى.

ياپونىيە يېنى كۈرسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشى پەيدا قىلغان شىددەتلىك زەربە ۋە كۆپۈك ئىقتىسادنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيە ئىقتىسادى چېكىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، بازاردىكى ئېھتىياج ئاشمىدى، ئىستېمال كرېدىتىنى ئاشۇرۇشتا ئىش ئوڭغا تارتمىدى، شەخسىي ئىستېمال داۋاملىق تۆۋەنلەپ، سودىدىكى پارچە سېتىش سوممىسىنى ئاشۇرۇش تەسكە چۈشتى، كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىگە سېلىنىدىغان مەبلىغى كېمىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلاشتى، ئىسكىلاتتىكى قالدۇقنى تەڭشەشتە ئۈنۈم كۆرۈلمىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى يامانلاشتى، ۋەھاكازا. ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي پىلان ۋەزارىتى 1993 - يىلى 1 - ئايدا ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشىنى تۇنجى قېتىم «كاساتلاشتى» دېدى. شۇنداق قىلىپ 1991 - يىلى 5 - ئايدا باشلانغان «خېيسېي كاساتچىلىقى»① 1993 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە ئەڭ ئېغىر

① خېيسېي (平成): ياپونىيە تېنئوسىنىڭ يىلنامىسى.

ئەھۋالغا دۇچ كەلدى.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئەلئارا ئۇسكۇنە سېلىنمىسىنى قايتا ئۆرلىتىش ۋە شەخسىي ئىستېمالنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئۆسۈم نىسبىتىنى چۈشۈرۈش ۋە جامائەت سېلىنما دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىراق، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى، 1993 - يىلى ياپونىيە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى نۆل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە يېڭى تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن، دىسكونت نىسبىتىنى ساقلاپ قالدى ۋە تۆۋەنلەتتى؛ پۇل سىياسىتىنى قويۇۋېتىپ، ئېھتىياجغا تۈرتكە بولدى؛ جامائەت سېلىنمىسىنى داۋاملىق كۆپەيتتى؛ 1995 - يىلدىن تارتىپ تاپاۋەت بېجى ۋە ئاھالىلەر بېجىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ 5 تىرىللىيون 460 مىليارد ياپونىيە يېنى كېمەيتتى، ۋەھاكازا.

1994 - يىلى ياپونىيە ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ئەمما ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالى بىلىنەر - بىلىنمەس دېگۈدەكلا ئىدى. بۇ يىل ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى 0.6% بولدى، 1995 - يىلى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى گەرچە 1% كە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يەنىلا جانسىز ئىدى، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلماقمۇ تەسكە چۈشەتتى. چۈنكى، ياپونىيە ئىقتىسادى كۆپۈك ئىقتىسادنىڭ قالدۇق تەسىرىگە — ناچار ھەقدارلىقنىڭ ئاسارىتىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. 1995 - يىلى 6 - ئايدا ئوكۇراشو (خەزىنە ۋازارىتى) ياپونىيەنىڭ بانكا كەسپىدىكى ناچار ھەقدارلىق ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 40 تىرىللىيون ياپونىيە يېنىغا يەتكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى، بۇ ياپونىيە بانكا كەسپىدە تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 6% نى

باراۋەر كېلەتتى. ناچار ھەقدارلىق ھەم شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۇنۇمى ۋە كىرىزىس ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىش تۈپەيلىدىن كارخانىلارنىڭ يېتەرلىك مەبلەغكە ئېرىشىشى تەسكە چۈشۈپ، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىدى. بۇلاردىن سىرت، ئېكسپورت سودىسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ياپونىيە يېنىنىڭ كۇرسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، ياپونىيە ماللىرى خەلقئارا بازاردىكى باھا ئۈستۈنلۈكىدىن مەھرۇم قالدى، 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان ئىككى ئايدا، ئېكسپورت سودىسى 25.6% تۆۋەنلىدى. ئېكسپورت سودىسىنىڭ تۆۋەنلىشى مۇقەررەر ئىچكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قىسقىسى، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، كۆپ يىللىق ئىقتىسادنىڭ يېمىرىلىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئېغىر نۇقسانلارنىمۇ ئاشكارىلىدى. شۇڭا، ئۆزگىرىش ـ كېسەل تەڭشىمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

**«1955 ـ يىلىدىكى تۈزۈلمە» نىڭ ئاخىرلىشىشى** 90 ـ يىللاردىن باشلاپ ياپونىيە سىياسىي ۋەزىيىتى يېڭى، كونا سىياسىي تۈزۈلمە ئالمىشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. 1989 ـ يىلى رېكرۇئىت ۋەقەسى قاتارلىق پارىخورلۇق سەتچىلىكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارىلىنىپ، ياپونىيە سىياسىي ئىسلاھاتىنى يولغا قويمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. سىياسىي ئىسلاھات سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، پۇل ـ ھوقۇق سىياسىتىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەل رايىنى مايىل قىلىپ، كۈچلۈك سىياسىي رەھبەرلىك ئورنىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مىيازاۋا كىيچى كابىنېتى قۇرۇلدى. باش ۋەزىر مىيازاۋا كىيچى «سىياسىي ئىسلاھات» نى قەتئىي يولغا قويىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن ئىبارەت بىرلا پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا ئۇزاق تۇرۇۋېرىشىدىن كېلىپ چىققان قۇرۇلما خاراكتېرلىك چىرىكلىك تۈپەيلىدىن خەلق ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، ھەتتا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى پارچىلىنىپ كەتتى ھەم ئۆكتىچى پارتىيەلەرمۇ بىرلىشىپ ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەت قوللاندى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوسوكاۋا موريخىرو ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن ئايرىلىپ ياپونىيە يېڭى پارتىيەسىنى قۇردى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپونىيە پارلامېنتى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى چۆرىدىگەن سىياسىي ئىسلاھات قانۇن لايىھەسى كەسكىن بەس ـ مۇنازىرە قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، كومېيتو پارتىيەسى، دېموكراتىك سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان مىيازاۋا كىيچى كابىنېتىغا ئىشەنمەسلىك لايىھەسى پارلامېنتتا ماقۇللاندى، مىيازاۋا كىيچى دەرھال ۋاقىتلىق كابىنېت يىغىنى چاقىرىپ، ئاۋام پالاتاسىنى تارقىتىۋېتىش، بىر ئايدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان تاكېمۇرا ماسايوشى باشچىلىقىدىكى 10 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا پېشۋالار يېڭى پارتىيەسى (يېڭى ئاتامانلار پارتىيەسى دەپمۇ ئاتالدى) نى قۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئوزاۋا ئىچىرو خانېدا ستومۇ قاتارلىقلارمۇ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، يېڭى ھايات پارتىيەسىنى قۇردى.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ياپونىيەدە 40 ـ نۆۋەتلىك ئاۋام پالاتا سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. 19 ـ كۈنى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئاران 223 ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئاۋام پالاتاسىدىكى 511 ئورۇن ئىچىدە، بۇ پارتىيەنىڭ ئېرىشكەن ئورۇن سانى يېرىمىدىن ئاشمىغانلىقتىن، ئۆز ئالدىغا كابىنېت تەشكىللەشكە ئامالسىز قالدى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مىيازاۋا كىيچى كابىنېتى ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، يېڭى هايات پارتىيەسى، كومېيتو پارتىيەسى، ياپونىيە يېڭى پارتىيەسى، پېشۋالار يېڭى پارتىيەسى، دېموكراتىك سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار بىرلەشمىسى ۋە كېڭەش پالاتاسىدىكى دېموكراتىك ئىسلاهات ئىتتىپاقى قاتارلىق يەتتە پارتىيە، بىر گۇرۇھ بىرلىشىپ تەۋسىيە قىلغان خوسوكاۋا مورىخىرو باش ۋەزىرلىككە سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ 38 يىل داۋاملاشقان ئۆز ئالدىغا هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخىغا رەسمىي خاتىمە بېرىلدى. «1955 ـ يىلىدىكى تۈزۈلمە» نىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

خوسوكاۋا مورىخىرو كابىنېتى سىياسىي ئىسلاهاتنى پائال يولغا قويۇپ، 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەمۇرلار سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىهەسى، سىياسىي كاپىتالغا چەك قويۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىهەسى قاتارلىق سىياسىي ئىسلاهاتقا دائىر تۆت تۈرلۈك قانۇن لايىهەسىنى ئاۋام پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى، 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماقۇللاندى، بىراق 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېڭەش پالاتاسىدا ئىنكار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە سىياسىي ۋەزىيىتى يەنە كىرىزىسقا دۇچار بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئاخىر بۇ تۆت تۈرلۈك قانۇن لايىهەسىنى ماقۇللىدى، بىراق يولغا قويۇش چېسلاسى چىقىرىپ

تاشلاندى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوسوكاۋا مورىخىرو كابىنېتى تەختتىن چۈشتى. شۇ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خانېدا ستومۇ كابىنېتى قۇرۇلدى، بىراق ئاران ئىككى ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇنىڭ ئورنىنى مۇرايااما تومىيچى كابىنېتى ئالدى.

مۇرايااما تومىيچى كابىنېتى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە پېشۋالار يېڭى پارتىيەسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە كابىنېت ئىدى. مۇرايااما تومىيچى باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى مۇرايااما تومىيچىنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدىغانلىقى ۋە سىياسەتنى تەڭشەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، بىتەرەپلىك ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك لۇشيەنىدىن ۋاز كېچىش، ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، «قۇياش بەلگىلىك بايراق» نى دۆلەت بايرىقى، «كىمىگايو» (تېننوغا مەدھىيە ئوقۇلغان ناخشا) نى دۆلەت گىمنى (دۆلەت شېئىرى) دەپ ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە سىياسىي ساھەسىدە ئۇزاقتىن بېرى قارشىلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ياپلاپ كەلگەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئىلگىرىكى ئاداۋەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق «كونسېرۋاتىپلار بىلەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ بىرلىشىشى» نى روياپقا چىقاردى.

مۇرايااما تومىيچى كابىنېتى سىياسىي ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سىياسىي ئىسلاھات لايىھەسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ ئاخىر روياپقا چىقتى ھەم 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇش قارار قىلىندى. بۇ لايىھە مەمۇرلار سايلام قانۇنىدىكى

ئاۋام پالاتا كىچىك سايلام رايونى بىلەن نىسبەتلىك ۋەكىللەر ياندىشتۇرۇلغان تۈزۈمدىكى سايلام رايونىنى ئايرىش ئۇسۇلىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە پارتىيە تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرگە سالاھىيەت بېرىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قانۇن لايىھەلىرىدە ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، پارتىيە تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ سالاھىيىتى، سىياسىي كاپىتالنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ھازىرقى ئوتتۇرا سايلام رايونى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كىچىك سايلام رايونى بىلەن نىسبەتلىك ۋەكىللەرنى ياندىشتۇرۇش تۈزۈمى قوللىنىلدى، يەنى ئاۋام پالاتاسىدىكى 500 مۇقىم نامزات ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئايرىلغان 300 كىچىك سايلام رايونىدىن 300 پالاتا ئەزاسى سايلىنىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت نىسبەتلىك ۋەكىللەر تۈزۈمىدىكى 11 سايلام رايونىغا ئايرىلىپ، بۇ سايلام رايونىدىكى پالاتا ئەزالىرى نامزاتى پارتىيەلەر ئېرىشكەن سايلام بېلىتى نىسبىتى بويىچە تەقسىملىنىدىغان بولدى، بۇلار جەمئىي 200 كىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ياپونىيە 1989 - يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا قويغان ھازىرقى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان سىياسىي ئىسلاھات بەش يىللىق جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر روياپقا چىقتى.

بىر سايلام رايونىدىن بىر ئادەم سايلىنىدىغان كىچىك سايلام رايونى تۈزۈمى ئۇششاق پارتىيەلەرگە پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، ياپونىيەنىڭ سىياسىي ساھەسىدە پارتىيە سانى كۆپ بولۇشتىن ئاز بولۇشقا تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، يەنى ئوتتۇرا، ئۇششاق پارتىيەلەر بىرلىشىپ چوڭ پارتىيە قۇرۇش يۈزلىنىشى

كېلىپ چىقتى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېڭى هايات پارتىيەسى، ياپونىيە يېڭى پارتىيەسى، دېموكراتىك سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، كومېنتو پارتىيەسى قاتارلىق توققۇز ئۆكتىچى پارتىيەدىن تەشكىللەنگەن ياپونىيە يېڭى تەرەققىيات پارتىيەسى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە بارلىق ئۆكتىچى پارتىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاۋام پالاتاسىدا 180 ئورۇنغا ئېرىشكەن بولۇپ، ياپونىيەنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ نىشانى يېڭى سايلام تۈزۈمى ئاستىدىكى ئومۇمىي سايلامدا ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە پېشۋالار يېڭى پارتىيەسىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل قىلىنغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاقنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىدى. يېڭى تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ياپونىيە سىياسىي مۇنبىرىدە كۆپ پارتىيە رىقابەتلىشىدىغان ھالەتتىن ئىككى پارتىيە ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ھالەتكە يۈزلىنىش كېلىپ چىققانلىقى، يەنى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن يېڭى تەرەققىيات پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كونسېرۋاتىپ پارتىيە قارشىلىشىدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇ «1955 ـ يىلىدىكى تۈزۈلمە» نىڭ ئورنىنى ئالىدىغان يېڭى ئىككى چوڭ كونسېرۋاتىپ پارتىيە تۈزۈلمىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كوبېدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈك زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى ئېغىر بولدى، مۇراياما تومىيچى كابىنېتى ۋاقتىدا جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانمىدى ھەم مۇكەممەل بىر قايتا گۈللەندۈرۈش پىلانىمۇ تۈزۈپ چىقمىدى. 3 ـ ئايدا ئائۇم (AUM) ھەقىقىي دىنىدىكىلەر توكيودىكى مېتروغا زەھەرلىك گاز قويۇپ بېرىپ، 12 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇردى،

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. 9 ـ ئايدا يەنە ئوكىناۋادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى ئوقۇغۇچى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسى يۈز بېرىپ، ياپونىيەدە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ زورلۇق قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش، ياپونىيە ـ ئامېرىكا ھەربىي كېلىشىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇراياما تومىيچى كابىنېتىنى قوللاش نىسبىتى بەك تۆۋەنلەپ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قوللىماسلىق نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتتى. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇراياما تومىيچى باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ لىدېرى ريۇتارو خاشىموتو ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە پېشۋالار يېڭى پارتىيەسى بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى. ريۇتارو خاشىموتو كابىنېتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ياپونىيە سىياسىي مۇنبىرىدىكى بۆلۈنۈش، ئۆزگەرتىش تەشكىللىنىشنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى.

**90 ـ يىللاردىكى ياپونىيە دېپلوماتىيەسى** 90 ـ يىللار كېلىشى بىلەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيە دېپلوماتىيەسى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ياپونىيە ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئاساس؛ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنى مۇھىم نۇقتا؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى مەركەز قىلىپ، خەلقئارادىكى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا پائال قاتناشتى.

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باش ۋەزىر كايفۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇتقىدا خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش تەشەببۇسى ۋە نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «ياپونىيەنىڭ تىنچ بۈگۈن ئۇچۇن رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشى كېرەك» لىكىنى

بىلدۈردى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كايفۇ يەنە ياپونىيە بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەققىياتقا ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى يولغا قويغاندا، ياردەم قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرىپىگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ھەربىي چىقىم يۈزلىنىشى؛ ئىككىنچى، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياساش يۈزلىنىشى؛ ئۈچىنچى، قورال ـ ياراغ ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىش يۈزلىنىشى؛ تۆتىنچى، دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئاساسىي ئىنسانىي ھوقۇق ھەم ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلار. بۇ ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي ياردەمنى خەلقئارا ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتىكى دىپلوماتىيە ۋاستىسى قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1911 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مىيازاۋا كىيچى كابىنېت تەشكىللىگەندىن كېيىن، «دۇنيا تىنچلىقىنىڭ يېڭى تەرتىپى» نى ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن شەكىللەنگەن ئىككى قۇتۇپلۇق قۇرۇلما يوقالغاندىن كېيىن، «كۆپ دۆلەت ماسلاشتۇرىدىغان ئەندىزە» شەكىللەندۈرۈشنى تەكىتلىدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوسوكاۋا مورىخىرو كابىنېتى قۇرۇلدى. مورىخىرو خوسوكاۋا «سىياسىي چوڭ دۆلەت» دېگەن سۆزنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ياپونىيەنىڭ «خەلقئارا دۆلەت» سۈپىتىدە ھۆكۈمەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتە دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا دۆلەتنىڭ كۈچىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇراياما تومىيچى كابىنېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە پائال رول ئوينىشى كېرەكلىكىنى قايتا ـ

قايتا ئىپادىلىدى.

ياپونىيە خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا پائال قاتنىشىپ، خەلقئارادا چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەركەزچىلىكى دىپلوماتىيەسى» نى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتە رولىنى گەۋدىلىك نامايان قىلدى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەركەزچىلىكى دىپلوماتىيەسى» دېگەنلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇتقۇزۇش پائالىيىتى ۋە تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىش ھەمدە ئاخىردا خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇشتىن ئىبارەت.

1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى ناكاياما نارو 45 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيەسىدىكى «دۈشمەن دۆلەتكە دائىر ماددىلار» نى چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى پارس قولتۇقى رايونىغا ئالتە مىنا تازىلاش پاراخوتى ۋە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ خادىمىنى ھەرقايسى ئەل قىسمىلىرىنىڭ سۇ مىناسىنى تازىلاش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتتى. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياپونىيە ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە ھەمكارلىشىش قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللىدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا شۇ يىلى 9 ـ ئايدا كامبودژاغا سايپورلارنى ئاساس قىلغان تۈنجى تۈركۈمدىكى تىنچلىق ساقلاش قىسمىنى ئەۋەتتى.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باش ۋەزىر مىيازاۋا كىيىچى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشى باشلىقلار يىغىنىدا، خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە ئەزا ئەللەرنىڭ فۇنكسىيەسىنى ۋە تەشكىللىنىشىنى تەڭشەپ، يېڭى دەۋردىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيەنىڭ

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى خاتانو يوشىئو «ياپونىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەبلىغىنىڭ 12.45% ىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئامېرىكىدىنلا قالسا 2 - ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇشقا تامامەن سالاھىيىتى توشىدۇ» دېدى ھەمدە ياپونىيە «بەش يىلدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇشى» كېرەك دەپ داۋراڭ سالدى. ياپونىيە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، بەش دائىمىي ئەزا دۆلەتنىڭ قولىدىكى مەنپەئەتكە چېقىلماسلىق؛ ئىككىنچى، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئىناۋىتى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك؛ ئۈچىنچى، رايون تەڭپۇڭلۇقىنى ئاساس قىلىپ يېڭى دائىمىي ئەزا ئەللەرنى كۆپەيتىش؛ تۆتىنچى، يېڭى ئەزا ئەللەر ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسىگە ئېسىلىۋالماسلىق.

1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باش ۋەزىر خوسوكاۋا مورىخىرو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشىدا، «ياپونىيە ئىجابىي مەۋقەدە تۇرۇپ مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ» دېدى.

1994 - يىلى 8 - ئايدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە پېشۋالار يېڭى پارتىيەسى رۋاندا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە قوغدىنىش ئەترىتى ئەۋەتىپ، تېببىي داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاشنى مەركەز قىلغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بىلەن تەمىن ئېتىشكە بىردەك قوشۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئۈچ پارتىيەنىڭ تاشقى ئىشلارنى تەڭشەش يىغىنى «ئاساسىي قانۇن ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىقنى ئېنىق بەلگىلەپ،

www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ بىردەك قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش» نى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش يولىدا ئىزدىنىشنى قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى كوۋانو يوخېي 49 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا خەۋپسىزلىك كېڭەشىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنى تېزلىتىپ، «دۈشمەن دۆلەتكە دائىر ماددىلار» نى چىقىرىۋېتىشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە ياپونىيەنىڭ تەرەققىيات، مۇھىت، ئىنسانىي ھوقۇق، مۇساپىر، نوپۇس، ئەيدىز كېسەللىكى ۋە زەھەر چېكىش قاتارلىق دۇنياۋى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە «بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭراق تۆھپە قوشۇش» قا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ياپونىيە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەركەزچىلىكى دىپلوماتىيەسى» نى يولغا قويۇپ، سىياسىي چوڭ دۆلەت بولۇش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «ھەربىي جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» كە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، ھەربىي كۈچىنىڭ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى بارغانسېرى تەكىتلىگىلى تۇردى. 1991 ـ يىلى «مۇداپىئە ۋە قوغدىنىش ئاق تاشلىق كىتابى» دا «باشقا ۋاستە ۋە كۈچلەر ھەربىي كۈچىنىڭ رولىنى ئۆيىنيالمايدۇ، ھەربىي كۈچ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئاخىرقى كاپالىتى» دېگەن يەكۈننى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

ياپونىيەنىڭ مۇداپىئە ۋە قوغدىنىش خىراجىتى يىلمۇيىل ئېشىپ، 1991 ـ يىلى 34 مىليارد 390 مىليون دوللارغا،

1992 ـ يىلى 36 مىليارد 500 مىليون دوللارغا، 1993 ـ يىلى 37 مىليارد 700 مىليون دوللارغا، 1994 ـ يىلى 43 مىليارد دوللارغا يەتتى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېكىتىلگەن 1996 ـ يىللىق خامچوت 50 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرۇپ، غەرب دۇنياسىدا 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ياپونىيەنىڭ قورال ـ ياراغلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىقنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتى تېز بولدى. ياپونىيە دېڭىز قوغدىنىش ئەترىتى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قورال ـ ياراغ سىستېمىسىغا ۋە ئاسىيادا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان قوغلىغۇچى فىلوتقا ئىگە بولدى، ئۇنىڭ مىنا تازىلاش ئىقتىدارى دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، سۇ ئاستى پاراخوتقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئامېرىكا، روسىيەدىنلا كېيىن تۇرىدۇ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، هاۋا ئارمىيەسى قوماندانلىق، تىزگىنلەش جەھەتتە تولۇق ئاپتوماتلاشقان هەم ئۇچۇرلاشقان. ياپونىيە ئۆزىنى شەرقىي ئاسىيا رايونىدا هەربىي كۈچلۈك دۆلەت سانايدۇ.

گەرچە، ياپونىيەنىڭ «هەربىي ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» تەك هەربىي هازىرلىقلارنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسى دۆلەت ئىچىدە يەنىلا تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى، قوغدىنىش ئەترىتى قانۇنى ۋە يادروسىزلاشتۇرۇشنىڭ ئۈچ پرىنسىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەن، خەلقئارادا ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك قوغداش تۈزۈلمىسى ۋە دۇنيادىكى هەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ ئاسىيادىكى جامائەت پىكرىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچراپ كەلگەن، يەنە كېلىپ ياپونىيە هۆكۈمىتى «ياپونىيە هەرگىزمۇ هەربىي چوڭ دۆلەت بولمايدۇ» دەپ قايتا ـ قايتا جاكارلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ياپونىيەنىڭ هەربىي كۈچى كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقتىن، ئاسىيادىكى هەرقايسى ئەللەرنىڭ ياپونىيەنىڭ كېلەچەكتىكى يۈزلىنىشىگە بولغان ئەندىشىسى ۋە تەشۋىشلىرىنى تۈگەتمەك خېلىلا تەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئون سەككىزىنچى باب

# 90 ـ يىللاردىكى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر

90 ـ يىللاردا ئوتتۇرا شەرق رايونىدا كۆلىمى زور، ئەمما ۋاقتى قىسقا بولغان پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشنىڭ قىزىق نۇقتىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەش كۆرۈلۈپ، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملىقىقا يۈزلەندى. ھەرقايسى ئەللەر دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ ئىسلاھاتتا كۆنسايىن ئۇنۇم ھاسىل قىلدى.

90 ـ يىللاردا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى تەدرىجىي تېز ئېشىش ئىزىغا چۈشتى، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا رايونىدا ئىقتىساد سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ، 90 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان رايون بولۇپ قالدى. شەرقىي شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيادىكى باشقا رايونلارنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى، جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادى گەرچە سىياسىي مۇقىمسىزلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئوتتۇراھال تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ قالدى. ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق مۇساپىسى گەرچە مۇشكۈلاتلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، بىراق قىيىنچىلىق،

ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئاز ـ تولا تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا بازاردىكى نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە رايون ۋەزىيىتى نىسپىي مۇقىملىشىپ، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا يۈكسەلدى. ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش يولىغا ماڭدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر (مەسىلەن، جۇڭگو، ۋيېتنام، كۇبا قاتارلىقلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كۈچلۈك ئىسلاھات ئېلىپ ۋە بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش نىسبىتى بىلەن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى تالىشىشى ۋە تىزگىنلىشىدەك ۋەزىيەت ئۆتمۈشكە ئايلاندى، بىراق ئىقتىسادىي زومىگەرلىك ۋە زورلۇق سىياسىيسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. 90 ـ يىللاردا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يۈزلىنىشى كۈنسايىن تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى رايونلاردىكى رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جانلىنىشى، رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشى كۈچەيدى.

21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش جەريانىدا، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماي، رايونلار ۋە ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا پەرق كۆرۈلۈپ ئالغا بېسىش يولىدا نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۆرلەپ پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمى ئېشىپ كېتىش، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قالاق، مۇھىت بۇلغىنىش ئېغىر بولۇش قاتارلىق ئامىللار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى چەكلەپ تۇرغانلىقتىن، ۋاقتىدا يېڭىدىن تەڭشەپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى: لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاشقى قەرز يۈكى يەنىلا ئېغىر ئىدى. ئافرىقا يەنىلا ناتوۋرال ئىگىلىكنى ئاساس، تۆۋەن باسقۇچتىكى بازار ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلىشتەك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر يەنىلا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە تايىنىپ قالىدىغان تەڭسىز يوسۇندا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش ئورنىدا تۇرۇۋاتاتتى. بەزى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ھەقىقىي باب كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېخىچە تاپالمايۋاتاتتى. بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تېخى مۇقىملاشمىغان بولۇپ، قوراللىق توقۇنۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش تېخى تىنچىمايۋاتاتتى. ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامراتلارنىڭ تېزلىكتە كۆپىيىشى ۋە تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ خىيانەت قىلىش ۋە چىرىكلىشىش مەسىلىسى بارغانسېرى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. تاشقى مۇھىتتىن قارىغاندا، خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ ئومۇمەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يەنىلا پايدىسىز ئىدى.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۇرسەتمۇ كۆپ ئىدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئاكتىپ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك پايدىلىق شارائىتلار رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ باردى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ يەنىمۇ

مۇقىملىششى، ئىقتىسادنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى يەنىمۇ ئاشقۇسى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە كوللېكتىپ يوسۇندا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىمۇ كۈنسايىن كۈچەيگۈسى.

## 1 ـ بۆلۈم شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى ۋە ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى

**شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى ۋە ئاسىيا، ياۋروپا يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى** 90 ـ يىللار كىرىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئومۇمىيۈزلۈك تېزلەشتى، 1989 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە ئىقتىسادنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 3.4% بولدى، 1992 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە بۇ نىسبەت 5% تىن ئېشىپ كەتتى. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1994 ـ يىلى ۋە 1995 ـ يىلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 6.2% ۋە 5.9% ، ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 8.5% ۋە 8.4% بولدى.[①] بەش يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش مەزگىلىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا

① خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتى: «دۇنيا ئىقتىسادىغا نەزەر»، 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋە 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

تۆرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ ئېشىش يۇقىرى دولقۇنىدا، شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 1991 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 8.3% بولدى. غەرب ئىقتىسادى كاساتلىشىۋاتقان، ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى كۆتۈرۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان ئەھۋالدا، شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئاسىيا، ئاساسلىقى شەرقىي ئاسىيا دۇنيادا ئىقتىسادى ئەڭ تېز ئاشقان رايون بولۇپ قالدى. 1995 ـ يىلى «دۇنيادىكى رىقابەت كۈچلىرى ھەققىدە دوكلات» تا دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردىن ئونى تاللاپ چىقىلدى، بۇلارنىڭ يەتتىسى ئاسىيادا ئىدى. جۇڭگو ئىقتىسادى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تولۇپ تاشقان تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى بەش يىلىدا، ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 11.8% كە يېتىپ، بەش يىللىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 تىرىللىيون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. 2000 ـ يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 ـ يىلىدىكىدىن ئىككى قاتلاش بەلگىلەنگەن ئەسلىدىكى نىشان 1995 ـ يىلى مۇددەتتىن بەش يىل بۇرۇن ئورۇنلاندى. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىۋاتقان ياكى تۆۋەن نىسبەتتە ئېشىۋاتقان پەيتتە غەربتىكى سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ چېكىنىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي بەلبېغىغا ئېلىپ كەلگەن پاسسىپ تەسىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تۈگەتتى.

جۇڭگونىڭ ئىمپورت سودىسى زور كۆلەمدە ئېشىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە يۆلەك بولدى. ياپونىيە، كورېيەلەر جۇڭگونىڭ ئىمپورت سودىسىدىن نەپ ئالدى. بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگو شەرقىي ئاسىيادىكى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر مەبلەغ سالىدىغان مۇھىم بازارغا ئايلىنىپ، شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. كورېيە بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سودا ۋە مەبلەغ سېلىش سوممىسى تېز ئاشتى، بۇ ئەللەر ئىچىدە سىنگاپورنىڭ سودا ۋە مەبلەغ سېلىش سوممىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيانىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، بەزى ئالىملار ۋە ئىقتىساد ساھەسىدىكى زاتلار جۇڭگو ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شەرقىي ئاسىيانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى، دەپ كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادى 90 ـ يىللاردا داۋاملىق ئاشتى. ئەمگەك كۈچى كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» كەسىپ قۇرلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، كاپىتال ۋە تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ بىرقەدەر تېز ئېشىش سۈرئىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، 1995 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى 7.5% كە يەتكۈزدى. مەسىلەن، كورېيە 1995 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى 1994 ـ يىلىدىكى 8.1% تىن ئاشۇرۇپ 9% تىن يۇقىرىغا يەتكۈزدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10076 دوللارغا يېتىپ، ئىقتىسادىي كۆلەم

جەھەتتە دۇنيادا 11 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە سىنگاپوردىن باشقىلىرى ياپونىيە ۋە ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ سىرتقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ۋە سانائەتنى يۆتكەش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، چەت ئەل مەبلىغىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، 1995 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى 8% تىن ئاشۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مالايسىيانىڭ ئېشىش نىسبىتى 1995 ـ يىلى 9.6% كە يېتىپ، جۇڭگودىنلا قالسا شەرقىي ئاسىيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. ھىندونېزىيە ۋە تايلاندنىڭ ئېشىش نىسبىتى 7% ـ 8% بولدى. مالايسىيا، تايلاند ۋە ھىندونېزىيە شەرقىي ئاسىيادىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن يېڭى بىر ئەۋلاد سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرگە ئايلاندى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا يېڭىدىن ئەزا بولغان ۋېيتنام ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىنى تېز يۇكسەلدۈردى. 1991 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل مابەينىدە، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 8.2% ئېشىپ، بەش يىللىق پىلاننىڭ كۆپ تۈرلۈك ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. شۇنىڭ بىلەن ۋېيتنام چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشتا ئاسىيادىكى يېڭى قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، فىلىپپىن ھۆكۈمىتى بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىنى قايتىدىن يۇكسەلدۈرۈپ، ياخشى ئېشىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى، رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى مۇھىم بىر رايون كۈچى سۈپىتىدە تېز باش كۆتۈردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى

ئاخىرلىشىپ، كامبودژا مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

90 ـ يىللار كېلىشى بىلەن ھىندىچىنى رايونىدىكى توقۇنۇش پەسىيىپ، ۋيېتنام بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 10 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن سىنگاپور رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن برۇنېي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. جۇڭگو بىلەن ۋيېتنامنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ نورماللاشتى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن رايون ھەمكارلىقى قەدىمىنى تېزلەتتى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ 23 ـ نۆۋەتلىك ئىقتىساد مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايدا سىنگاپوردا ئېچىلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ 4 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا، «1992 ـ يىلىدىكى سىنگاپور خىتابنامىسى» ۋە «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش رامكا كېلىشىمى» ئىمزالاندى، ئالتە دۆلەتنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىرى يەنە 15 يىلدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇشقا يول ھازىرلايدىغان «ئۈنۈملۈك ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تاموژنا بېجى كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن تارتىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ كاپىتال مېلى، تەييار مەھسۇلات ۋە

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈردىكى تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى رايون ئىچىدە تەدرىجىي تۆۋەنلىتىپ، 15 يىلدا، يەنى 2008 ـ يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار شەكىللەندۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ ئىمزالىنىشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، «سىنگاپور خىتابنامىسى» دا يەنە كامبودژا مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا ھىندىچىنى ئەللىرى بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بارلىق ئەللەرنىڭ «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىشىنى ئالقىشلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەشكىلىي جەھەتتە، سىنگاپور يىغىنىدا يەنە باشلىقلار يىغىنى ۋە كاتىبات باشقارمىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنىنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم رەسمىي ئۆتكۈزۈش، زۆرۈر تېپىلغان بىرەسمىي يىغىن ئۆتكۈزۈش ھەم تەشكىلىي جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ پىلانىنى يولغا قويۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى» دېگەن نامنى «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى» غا ئۆزگەرتىپ، مەرتىۋىسىنى مىنىستىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش قارار قىلىندى.

1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ

ئالىملىرى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىر قېتىملىق بىرەسمىي يىغىندا، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇش تەسەۋۋۇرى توغرىسىدا بايانات» ماقۇللاپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئون دۆلەتنىڭ بىرلىكتە «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسى» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 28 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىللىق يىغىنى ۋيېتنامنى 7 ـ ئەزا دۆلەتلىككە رەسمىي قوبۇل قىلدى. بۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغان 28 يىلدىن بۇيانقى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ 21 ـ ئەسىردە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم بىر قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، 2003 ـ يىلدىن ئىلگىرى سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، باڭكوكتا ئېچىلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىدا، كامبودژا، لائوس، بېرمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 10 دۆلەتنىڭ باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 2000 ـ يىلدىن ئىلگىرى كامبودژا، لائوس، بېرمىنى رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلىش، ئاخىردا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 10 دۆلەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈش قارار قىلىندى. باشلىقلار يىغىنى يەنە 2000 ـ يىلدىن ئىلگىرى رايون دائىرىسىدىكى سودىدا تاموژنا بېجى ئالماسلىق ھەم يېڭى ئەزالارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئومۇميۈزلۈك بۇرۇلۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى سىستېمىسىغا تېزدىن

سىڭىپ كىرىشىگە ئالدىن ياردەم بېرىش قارار قىلىندى.

خەلقئارا ئىشلاردا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئىقتىسادىي ساھەدىكى «شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد مۇنبىرى» ۋە خەۋپسىزلىك ساھەسىدىكى «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرى» شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى تەشەببۇس قىلغان ۋە رىياسەتچىلىك قىلىپ چاقىرغان خەلقئارالىق يىغىن بولۇپ، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە خەۋپسىزلىكى بويىچە سۆزلىشىدىغان مۇھىم سورۇن ئىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە جۇڭگو قاتارلىق 18 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ۋەكىللەر قەرەللىك يىغىلىپ خەۋپسىزلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلاتتى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورنىنى تەدرىجىي تىكلەپ، خەلقئارا ئىشلاردا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاسىيا رايونىدىكى باشقا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىمۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. جەنۇبىي ئاسىيا رايون ھەمكارلىق ئىتتىپاقى، مېكوڭ دەريا ۋادىسى تەرەققىيات رايونى، شەرقىي شىمالىي ئاسىيا تۇمېن دەرياسى ئەركىن سودا رايونى ۋە ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتىكى بەزى دېلتا رايونلىرىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى جانلىق پائالىيەتلىرى ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئۆزۈكسىز كۈچەيتتى.

دۇنيا ئىقتىسادى رايونلىشىۋاتقان ۋە گورۇھلىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى رايون ھەمكارلىقىمۇ كۈنسايىن راۋاجلاندى.

1989 ـ يىلى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يىغىنى (قىسقارتىلىپ APEC دېيىلدى) چاقىردى، بۇ، ھۆكۈمەتلەر ئارا كېڭەشمىش ئاپپاراتى ھېسابلىناتتى. دەسلەپتە يىغىنغا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى ئالتە دۆلەت، ئامېرىكا، ياپونىيە، كانادا، ئاۋسترالىيە، يېڭى زېلاندىيەدىن ئىبارەت تەرەققىي تاپقان بەش دۆلەت ھەم كورېيە بولۇپ جەمئىي 12 دۆلەت قاتنىشىپ، «ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەشكىلات ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، 1991 ـ يىلى جۇڭگو ۋە جۇڭگونىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ رايونىمۇ بۇ تەشكىلاتقا كىردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئامېرىكىنىڭ سىئاتىلدا 5 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ۋە رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، «ئىقتىسادقا نەزەر باياناتنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە كەڭ كۆشادە پىكىر ئالماشتۇردى. 1994 ـ يىلى ۋە 1995 ـ يىلى بۇ تەشكىلات يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن ھىندونېزىيە ۋە ياپونىيەدە رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، «بوگور خىتابنامىسى» ۋە «ئوساكا خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى. «بوگور خىتابنامىسى» دا: «كېچىككەندىمۇ 2020 ـ يىلى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەركىن ھەم ئېچىۋېتىلگەن سودا ۋە مەبلەغ سېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» جاكارلاندى. ئوساكا يىغىنىغا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كلىنتون قاتناشمىدى. جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى

ھەمكارلىق، كېڭىشىش روھىنى ئاساس قىلىپ، بازارنى ئېچىۋېتىش، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشتىكى توساقلارنى ئازايتىشقا دائىر بىر قاتار تەدبىرلەرنى ئېلان قىلدى. يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، «ھەرىكەت كۈنتەرتىپى» ماقۇللىنىپ، بۇ تەشكىلات كونكرېت ئىشلەش يولىغا سېلىندى. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى 18 ئەزا دۆلەتنىڭ ئاھالىسى 2 مىليارد چىقىدۇ، ئۇنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيانىڭ 51% نى، سودا سوممىسى دۇنيانىڭ 40% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىدىكى مۇھىم تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى 21 ـ ئەسىردىكى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىيسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سىنگاپورنىڭ باش مىنىستىرى ۋۇ زودۇڭنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى پائال ئوتتۇرىغا قويغان ھەم جۇڭگونىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن «ياۋروپا، ئاسىيا ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر سۆھبىتى» گە ئالاقىدار دۆلەتلەر ئاۋاز قوشتى. 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 2 ـ كۈنلىرى باڭكوكتا تۇنجى نۆۋەتلىك ئاسىيا، ياۋروپا يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى يەتتە دۆلەت، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى 15 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى «ئاسىيا، ياۋروپانىڭ يېڭىچە ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىش»تىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قارالما ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، سىياسىي سۆزلىشىشنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى،

ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئۈچىنچى، كۆپ تەرەپكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش.

ئاسىيا، ياۋروپا يىغىنى دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا شەرقىي ئاسىيا، غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىساد مەركىزى شەكىللىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى. ئاسىيا، ياۋروپادىكى 25 دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ جەم بولۇپ، ئاسىيا، ياۋروپا قىتئەلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە يولىنى ئېچىش ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشى 21 ـ ئەسىردىكى دۇنيا يېڭى ئەندىزىسىدىن قارىغاندا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، «رەئىس باياناتى» ئېلان قىلىندى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى يىلدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادا ئايرىم ـ ئايرىم يىغىن ئېچىپ، ئىككى قىتئە ئارىسىدىكى بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىشنىڭ مۇقىم شەكلىنى تۇرغۇزۇش قارار قىلىندى. يىغىننىڭ «رەئىس باياناتى» دا: «ئاسىيا، ياۋروپا يىغىنىنىڭ مۇساپىسى ئېچىۋېتىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ يىغىننىڭ ئىككى قىتئە ئارىسىدا نۇرغۇن ساھەلەردىكى ھەمكارلىققا يول ئېچىپ بەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ قېتىملىق يىغىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئاسىيانى تۇنجى قېتىم ئەستايىدىل تۇردە ھەمكارلىق ھەمراھى ۋە رىقابەتچىسى دەپ قارىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. بۇ يەنە ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

**90 ـ يىللاردىكى ھىندىستان ۋە رائو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھاتى** 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ھىندىستان ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇردى، 1989 ـ يىلىدىن 1990 ـ

يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل مەبەينىدە ھۆكۈمەت ئۈچ نۆۋەت ئالماشتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىندىرا گەندىنىڭ تەڭشەشى نېھرۇ تۈزگەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيە رامكىسىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى، راجىۋ گەندىنىڭ ئىسلاھاتىمۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، نامراتلىق مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئىقتىساد ئىنتايىن مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالدى. راجىۋ گەندى ھۆكۈمىتىدىن كېيىن تەختكە چىققان ۋىسۋاناتخ پراتاپ سىنگھ ھۆكۈمىتى ئىسلاھات قەدىمىنى ئاستىلاتتى، ئەمما سېكار ھۆكۈمىتى يەنە كونا يولغا ماڭدى. 1991 - يىلى 1 - ئايدا ھىندىستاندا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىس كۆرۈلدى. مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، 30 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئىشسىز قالدى، تاشقى قەرز 70 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ قەرزدار دۆلەت بولۇپ قالدى. مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆپىيىپ، خەلقئارا كىرىم - چىقىم ئەھۋالى يامانلىشىپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالايلا دېدى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئاران 1 مىليارد 200 مىليون دوللار (1991 - يىلى 5 - ئاي) بولۇپ، ئىككى ھەپتىلىك ئىمپورت خىراجىتىگە ئاران يېتەتتى.

1991 - يىلى 6 - ئايدا ناراسىمخا رائو باشچىلىقىدىكى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى) ئومۇمىي سايلامدىن كېيىن ھىندىستان يېڭى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. رائو تەختكە چىققاندىن كېيىن، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسنى نەزەردە تۇتۇپ، 7 - ئاينىڭ بېشىدا كىرىزىستىن قۇتۇلۇشتىكى بىرقاتار ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھىندىستان ئىقتىسادىنى ئۆتمۈشتىكى يېرىم قامال قىلىنىدىغان، مەركەز پىلانلىق باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن، بازار مېخانىزمى يولغا قويۇلغان ئىقتىسادقا

بوراپ، نېھرۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى.

رائو ھۆكۈمىتىنىڭ بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئالاھىدىلىك قىلغان بىر يۈرۈش يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى مالىيە مىنىستىرى مانموخان سىنگھ «ھىندىستاندىكى 2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىدى، بۇلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، مالىيە قىزىل رەقىمى تۆۋەنلىتىلىپ، پۇل پاخاللىقى تىزگىنلەندى. رائو ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ مالىيە ياردەم پۇلىنى ئازايتىش، كىرىدىتنى قىسىش، دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنى قىسىش، بىر قىسىم ئاشلىق (گۈرۈچ، بۇغداي) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ھەم پۇل ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى.

(2) تاشقى سودا سىياسىتى تەڭشىلىپ، رۇپىيەنىڭ كۇرسى چۈشۈرۈلۈپ، ئايرىۋاشلاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى، رۇپىيە تەدرىجىي ئەركىن ئايرىۋاشلىنىدىغان پۇلغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئېكسپورت ياردەم پۇلى بىكار قىلىنىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورتتىكى ئىلتىماس قىلىش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، تاموژنا بېجى تۆۋەنلىتىلىپ، ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(3) سانائەت سىياسىتى زور كۆلەمدە تەڭشىلىپ، خۇسۇسىي كارخانىلارغا قويۇلغان چەكلىمە ئاساسەن بىكار قىلىنىپ، ھۆكۈمەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى ئازايتىلىپ، ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى تارماقلار بىلەن خۇسۇسىي تارماقلار رىقابىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھىندىستان سانائىتىگە ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى.

(4) چەت ئەل مەبلىغى زور كۆچ بىلەن جەلپ قىلىنىپ، ئىلھام بېرىش ئاساس قىلىنغان تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلدى. 1993 ـ يىلى «كۆپ تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش كاپالەت ئاپپاراتى ئەھدىنامىسى» ئىمزالاندى ھەم ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش شەرتنامىسى ئىمزالاندى. چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، پاي ھوقۇقىنى يولغا قويۇش، باجنى نۆۋەتلىتىش، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى قويۇۋېتىش، ئېكسپورت ماللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، مەبلەغ سالغۇچىلارغا پاي بازىرىنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

(5) يېزا ئىگىلىكى 1 ـ ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان سېلىنما زور مىقداردا كۆپەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ ئەسلىي سورتلىرىنى ئىمپورت قىلىش بېجى تۆۋەنلىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆپەيتىلدى.

(6) شەھەر ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش پىلانى تېزلىكتە يولغا قويۇلدى.

بۇ يېڭى سىياسەتلەرنىڭ ئومۇمىي نىشانى بازارنى ئەركىنلەشتۈرۈپ، سىرتقا يۈزلەنگەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رائو ھۆكۈمىتى بازار مېخانىزمىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن 8 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلاندا دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىلاننىڭ جانلىقلىقىنى تەكىتلەش ھەم ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەرگە پىلاننى



www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلىشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىش بەلگىلەندى. ھىندىستان فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي پىلان كومىتېتى ماكرولۇق لايىھەلەش ئاپپاراتى ۋە ناھايىتى چوڭ ھوقۇقتا ئىگە «ئادەتتىن تاشقىرى مىنىستىرلىق» تىن مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى، خادىملار ئىشتاتىمۇ زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى.

ھىندىستاننىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسىتى مۇئەييەن ئۈنۈم بەردى. بىرىنچىدىن، خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە ئاشتى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئىسلاھاتنىڭ تۇنجى يىلى (1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە) ئاران 0.8% بولدى، 1992 ـ ، 1993 ـ يىللىرى 5.1% كە ئۆرلىدى، كېيىنكى ئىككى يىل (1993 ـــ 1994 ـ يىللىرى ۋە 1994 ـــ 1995 ـ يىللىرى) ئايرىم ـ ئايرىم 5.1% ۋە 6.3% بولدى. 1995 ـــ 1996 ـ يىللىرى 6% تىن ئاشىدۇ، دەپ مۆلچەرلەندى. 8 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.7% بولدى. ئىككىنچىدىن، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ياخشىلاندى. چەت ئەل مەبلىغىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ۋە ئېكسپورت سودىسىنىڭ تېز ئېشىشى تۈپەيلىدىن تاشقى كىرىم ـ چىقىمدىكى پاسسىپ بالانس تۈزىتىلدى. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 20 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئۈچىنچىدىن، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى. ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى كارخانىلار تىجارەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. خۇسۇسىي كارخانىلار تېخىمۇ جانلىنىپ، خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقى ئاشتى. 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلغىچە ئىلتىماس قىلىنغان مەبلەغ سېلىش سوممىسى 3 تىرىللىيون 450 مىليارد رۇپىيەگە يەتتى.

ئالىملار: «90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىستان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى مەبلەغ ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ»، دەپ مۆلچەرلەشتى. تۆتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكى سىجىل ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا سەككىز يىل مول ھوسۇل ئېلىنغاچقا ئاشلىق زاپىسى 35 مىليون توننىغا يەتتى ھەم ئاشلىق كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىندى. 1995 ـ 1996 ـ يىللىرى 3 مىليون توننىدىن ئارتۇق گۈرۈچ ئېكسپورت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان گۈرۈچ ئېكسپورت دۆلىتىگە ئايلاندى. بىراق، ھىندىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەنىلا يەر مەسىلىسىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، رائو ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «يېڭى تېخنىكا سىياسىتى» نى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزدى ھەم دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى كۈچەيتتى. 1995 ـ يىلى تېخنىكا تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھىندىستاندا ئۇنىۋېرسىتېتتىن 183 ى، تۈرلۈك ئىنستىتۇتتىن 7513 ى بار ئىكەن، ھازىرغا قەدەر تەربىيەلىگەن پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى 3 مىليون 400 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

تاشقى جەھەتتە، رائو ھۆكۈمىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدەك يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ ئۇزاقتىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ قېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «ئالاھىدە مۇناسىۋەت» نى ساقلاشتەك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتچىل بولغان كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېلتسىن ھىندىستاندا زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ



www.uyghurkitap.com

«ھىندىستان، رۇسىيە دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى، شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىدا 1971 - يىلىدىكى «ھىندىستان - سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسى» دىكى بىر تەرەپ زەربىگە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپ ياردەم بېرىدۇ، دەيدىغان مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلىپ، ھىندىستان بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتكە خاتىمە بېرىلدى. ھىندىستان جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىيسىدىكى ئەۋزەللىكىنى قوغداش ھەم ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق تاشقى مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ھىندىستان - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، بىر مەھەل سۇسلىشىپ قالغان ھىندىستان - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتى ۋە ئەتراپىتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ھەم ياخشىلاش، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا پائال قاتنىشىش فاڭجېنىنى قوللاندى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى سۆھبەتلەشكۈچى دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ئارزۇسىدا بولدى ھەم «ھىندى ئوكيان ئىقتىساد چەمبىرىكى» نى تەشكىللەشكە پائال قاتناشتى.

رائو: ھىندىستان «ئوتتۇرىلىقتىكى يول» نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشى كېرەك دەپ جاكارلاپ، ئىسلاھاتنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلاش خاراكتېرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بولغان تەڭپۇڭلۇق ھەم تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تەكىتلىدى. بىراق، ھىندىستاننىڭ ئىسلاھاتى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. رائونىڭ ئىسلاھاتى نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. زور سوممىلىق مالىيە قىزىل رەقىمى ۋە ئېغىر ئىچكى قەرزنى كۆتۈرۈش بۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە ئىدى. 1994 — 1995 - يىللىرى ھىندىستاننىڭ مالىيە قىزىل

www.uyghurkitap.com

رەقىمى ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.9% ىگە توغرا كەلدى، ئىچكى قەرز ئومۇمىي سوممىسى 1995 ــ 1996 ـ يىللىرى 3 تىرىللىيون 78 مىليارد 980 مىليون رۇپىيەگە يېتىپ، بۇ يىللىق ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 62% ىگە توغرا كەلدى، بۇلتۇرقى ئىچكى قەرزگە چىقىم قىلىنغان ئۆسۈم 600 مىليارد رۇپىيەگە يېتىپ، مەركىزىي مالىيەنىڭ دائىملىق كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 53% ىنى ئىگىلىدى. رائونىڭ ئىسلاھاتى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، بىراق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات قەدىمى ئاستا بولدى، مەركەز دەرىجىلىك چوڭ كارخانىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك زىيان تارتتى.

بولۇپمۇ، ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادى ئاشقىنى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇپ، ئىسلاھات داۋامىدا ھېچقانچە ياخشىلىنىش بولمىدى. مەملىكەت بويىچە ئىشسىزلارنىڭ سانى 36 مىليون 740 مىڭغا يەتتى (1995 ـ يىلى 1 ـ ئاي). نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى ئاھالە سانىنىڭ 40% ىنى ئىگىلىدى. شۇڭا، رائونىڭ ئىسلاھاتى تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى.

ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى مىللەت، دىن ۋە ئىرق مەسىلىسى رائو ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىمۇ ھەل بولمىدى. رائو تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. دىنىي توقۇنۇش كۆنسايىن كەسكىنلەشتى. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بابۇرى جامەسىدە قانلىق دىنىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ، 1600 دىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى، ئىقتىسادىي زىيان 100 مىليارد رۇپىيەگە يەتتى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەنە بومبايدا 13 قېتىم بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 300 ئادەم ئۆلدى. 11 ـ ئايدا

ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا جايلاشقان ھەزرەتبەل مەسچىتىدە يەنە دىنىي توقۇنۇش كىرىزىسى يۈز بەردى. دىنىي توقۇنۇش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويدى.

ھىندىستان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش دېلولىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشمۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن «بوفورس قورال ـ ياراغ سودىسىدا پارا ئېلىش دېلوسى»① ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يەنە بومباي پاي چېكى سەتچىلىكى② يۈز بەردى. ھۆكۈمەت ۋە پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىدىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلار بۇنىڭغا چېتىلىپ قالدى، سودا مىنىستىرى بۇ دېلوغا چېتىلىپ قالغانلىقتىن ئىلاجسىز خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى، ھىندىستاندا «ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ لايىھەلىگۈچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن مالىيە مىنىستىرى مانموخان سىنگھ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ سەتچىلىكلەر پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىۋاسىتە تەسىر

---

① ھىندىستاندىكى بەزى ئەمەلدارلار ھۆكۈمەت بىلەن شىۋېتسىيە بوفورس شىركىتىنىڭ 1 مىليارد 300 مىليون دوللار قىممىتىدىكى قورال ـ ياراغ سودىسىدىن 42 مىليون 600 مىڭ دوللار شېرىنكانە ئالغان. 1987 ـ يىلى گېزىتچىلىك ساھەسىدىكىلەر بۇنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، راجىق گەندى ھۆكۈمىتى ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان.

② ھىندىستاندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىنىڭ ئەمەلدارى 35 مىليارد 400 مىليون رۇپىيە (1 مىليارد 380 مىليون دوللار) بانكا مەبلىغىنى پاي چېكى ۋە ئاكسىيە بازىرىغا سېلىپ، قانۇنسىز نەپ ئالغان. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، سودا مىنىستىرى ۋە مالىيە مىنىستىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن، پىلان كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى گۇمانلىق بولغاچقا سوتلانغان.

يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى مالىيە مىنىستىرى سىنگىنىڭ ئىستىپا بېرىشى بىلەن رائو قابىل ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۆكتىچىلەر پارتىيەسى پارلامېنتنىڭ ئىچى - سىرتىدا بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنى سۆكتى، رائو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ، ئېغىر كرىزىس ئىچىدە قالدى. 1996 - يىلى ئەتىيازدا ھىندىستاندا 11 - نۆۋەتلىك خەلق پالاتا سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سايلام نەتىجىسىدە ھىندىستان خەلق پارتىيەسى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ۋە بىرلەشمە فرونت (خەلق پارتىيەسى، ھىندىستان كوممۇنىستىك «ماركسىزم» پارتىيەسى) قاتارلىق ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. رائو رەھبەرلىكىدىكى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى (ئىندىرا گۇرۇھى) ئاران 136 ئورۇنغا ئېرىشىپ، مۇستەقىل ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. 6 - ئايدا دېۋې گوۋدا باش مىنىستىرلىقىدىكى بىرلەشمە فرونت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ھىندىستاندا كۆپ پارتىيە بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈزۈلمە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىن ئىبارەت بىرلا پارتىيە مەركىزىي (فېدېراتسىيە) ھاكىمىيەتنى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتنىڭ ئورنىنى ئالدى.

## 2 - بۆلۈم سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋىيېتنام بىلەن كۇبادىكى ئىسلاھات

**ۋىيېتنام ئىقتىسادىدىكى يېڭىلىق ۋە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش**

ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە، ۋىيېتنام ئىزچىل تۇردە

ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان نامرات دۆلەت سانىلىپ كەلگەنىدى. بىراق، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، بولۇپمۇ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن بۇيان ۋيېتنام ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېڭىلاش ۋە ئېشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر سەكرەپلا ئىقتىسادى تېز ئاشقان، بازارلىرى ئاۋات ھەم جانلانغان رايونغا ئايلىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ۋيېتنام دۆلىتى قۇرۇلغان چاغدا تېخى قالاق يېزا ئىگىلىكى دۆلىتى ئىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇرۇش ئۆكسۈمەي، ئىقتىسادى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. 1955 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە، ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى ۋە بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ مەزگىلدە يەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش تاماملىنىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كېلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتتى، بىراق ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش تۇپەيلىدىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇساپىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، 1 ـ بەش يىللىق پىلان (1961 ــ 1965 ـ يىللار) ئۆز قەرەلىدە ئورۇنلانمىدى. 1975 ـ يىلى ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ۋە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋيېتنام ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ھەم ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى 2 ـ بەش يىللىق پىلان (1876 ــ 1980 ـ يىللار) نى تۈزۈپ چىقتى، بىراق 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كامبۇدژاغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئىقتىسادى تېز چېكىنىپ كەتتى. 2 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى كۆرسەتكۈچلەر ئورۇنلانماي، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تۇرغۇنلۇق ۋە كىرىزىس ئىچىدە قالدى.

ۋيېتنام مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇش ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» نى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەركىن بازارنى قويۇۋېتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى. ئىقتىسادنى تەڭشەش سىياسىتى ۋيېتنام ئىقتىسادىنى ئاز ـ تولا يۈكسەلدۈردى. بىراق 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋيېتنام باھا، مائاش، پۇل ئىسلاھاتىنى تەڭلا يولغا قويۇپ، بەكرەك ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقتىن، بازار قالايمىقانلىشىپ، مال باھاسى ئۆچقاندەك ئۆرلەپ پۇل پاخاللىق نىسبىتى ئۈچ خانىلىق سانغا يېتىپ، خەلقنىڭ كۈن ئالمىقى بەك تەسكە چۈشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 100 دوللارغىمۇ يەتمىدى. بۇ چاغدا، ۋيېتنامنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر، شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ۋيېتنام خەلقئارادىكى ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، ئىقتىسادنى يېڭىلاش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىغا ماڭدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ۋيېتنام ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا «يان بېسىش» تەك دىپلوماتىيە لۇشيەنى ۋە بېكىنمىچىلىك تۈسىنى ئالغان تاشقى ئىقتىساد ـ سودا سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر

تەرەپلىمە تاشقى سىياسەتنى يولغا قويدى ھەم ئىقتىسادنى يېڭىلاش قەدىمىنى تېزلەتتى.

1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋىيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيى خانويدا چاقىرىلدى، زۇەن ۋېنلىڭ قۇرۇلتايدا: «ئىسلاھات ئىشلىرىنى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا ئومۇمىي دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، سوتسىيالىزم يۆنىلىشى، ماركسىزم ۋە خۇ جىمىڭ ئىدىيەسى، پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزم» دىن ئىبارەت بەش ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش» ۋە «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى» گە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزاقتىن بېرى يولغا قويۇلۇپ كەلگەن بيۇروكرات، مەركەزلىك يوسۇندا ھەممىگە چات كېرىۋالىدىغان تۈزۈلمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىكى، ئىگىلىك تەركىبى كۆپ خىل، دۆلەت باشقۇرىدىغان بازار مېخانىزمىغا ئىگە ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ۋىيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا 1991 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئون يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى بىر قاتلاش پىلانى ۋە 5 ـ بەش يىللىق پىلان (1991 ـــ 1995 ـ يىللار) ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرىچە %6 ـ %8 ئاشۇرۇش، مىللىي دارامەتنى ئوتتۇرىچە %6.2 ـ %8.2 ئاشۇرۇش، 1995 ـ يىلىغا بارغاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەتنى 1990 ـ يىلدىكىدىن %40 ئاشۇرۇپ، پۇل پاخاللىقى نىسبىتىنى ئىككى

خائىلىق ساندىن تۆۋەن ھالەتتە تىزگىنلەش تەلەپ قىلىندى.

ۋيېتنامنىڭ ئىسلاھاتى يېزا ئىگىلىكىدىن باشلاندى. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىسلاھاتقا دەسلەپتە تۆۋەندىكىلەر ئىستىخىيىلىك ھالدا تۇتۇش قىلغانىدى. 70 ـ يىللاردا خاي پخوڭ، ۋىن پۇ قاتارلىق جايلار ئېتىزلارنى ئۆزلۈكىدىن ئائىلەرگە بۆلۈپ بەردى. ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى يەرلىك كادىرلارنى تەنقىد قىلغان، جازالىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشنى بېسىپ بولالماي، كېيىن ئىلاجسىز ئېتىراپ قىلدى. 1990 ـ يىلى خاي پخوڭ شەھىرى ئەتراپىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ھۆددىگە بېرىش سىناق نۇقتىسى يولغا قويۇلۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلدى. بۇ باسقۇچ (1980 ـ 1987 ـ يىلىغىچە)تا ئاساسلىقى «ئۈچ يېرىم ئۈلۈشلۈك ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى قىسمەن ھالقىلار دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددىگە بېرىلدى، ئەڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغان يەر ھۆددىگە بېرىلمىدى. 1988 ـ يىلى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «10 ـ نومۇرلۇق قارار» نى ماقۇللاپ، دېھقان ئائىلىلىرى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي بىرلىك قىلىش، تىجارەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش، يەرلەرنى ئۆزى تېرىپ، مال ـ چارۋىلىرىنى ئۆزى بېقىشقا يول قويۇش، يېزا ئىگىلىك بېجىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەھسۇلاتىنى سېتىش ـ ساتماسلىق ئۆز ئىلكىدە بولۇشنى بەلگىلىدى. ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سانائەتنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئورۇنغا قويدى.

1989 - يىلى 3 - ئايدا ۋيېتنام ئاشلىق سىياسىتىنى قويۇۋېتىپ، ئاشلىق بازىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋەتتى. دېھقانلار غەللە - پاراق، توختام بويىچە زاكازلىق سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەركىن ساتالايدىغان بولدى، شەھەر - يېزا ئارىسىدىكى ۋە رايونلار ئارىسىدىكى ئاشلىق ئوبوروتىغا قويۇلىدىغان چەكلىمىلەر بىكار قىلىندى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئاھالىلەرگە ئاشلىقنى نورمىلىق بېرىش بىكار قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىق ياردەم پۇلى ئەسلىدىكى تەكسە باھالىق ئاشلىق تەمىنلەشتىن مائاشقا قوشۇپ بېرىشكە، يەنى «يوشۇرۇن ياردەم بېرىش» تىن «ئاشكارا تولۇقلىما بېرىش» كە ئۆزگەرتىلدى. دۆلەتنىڭ ئاشلىق ساھەسى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلدى، ئاشلىق باھاسىنى بازارغا يېقىن تەڭشەپ تۇردى. ئاشلىق بازىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەنلىكى ۋيېتنامنىڭ ئىسلاھاتىدىكى بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

1993 - يىلى 6 - ئايدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 7 - نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىن ئازاد بولۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يەر سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ۋيېتنام دۆلەت مەجلىسى يېڭى بىر قانۇننى ماقۇللاپ، دېھقانلارنىڭ يەر ئىشلىتىشكە قويۇلىدىغان چەكلىمىنى 15 يىلدىن 20 - 50 يىلغا ئۇزارتىش، يەرنى ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئالماشتۇرۇش، ئىجارە بېرىش،

ۋارىسلىق قىلىش ۋە رەتلە قويۇش ھوقۇقى بولۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

ۋېيېتنام يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئەلا سورتلارنى كىرگۈزۈش، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى.

يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1989 - يىلى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى يىل بولۇپ، ئاشلىق يېتىشمەيدىغان ھالەتتىن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنچا قالىدىغان ھالەتكە ئۆتتى، تۇنجى قېتىم 1 مىليون 400 مىڭ توننا گۈرۈچ ئېكسپورت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋېيېتنام ھەر يىلى 2 مىليون توننا ئەتراپىدا گۈرۈچ ئېكسپورت قىلىپ، تايلاند، ئامېرىكىدىن قالسىلا، دۇنيا بويىچە 3 - چوڭ گۈرۈچ ئېكسپورت دۆلىتىگە ئايلاندى. 1995 - يىلى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى ھوسۇل قولغا كەلتۈرۈلۈپ ئېكسپورت قىلىنغان ئاشلىق 2 مىليون 200 مىڭ توننىغا يەتتى. كاۋچۇك، قەھۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىمۇ خېلى زور كۆلەمدە ئاشتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋېيېتنامنىڭ ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مۇھىم مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىپ، كۆپ خىل تەركىبلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋيېتنامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى يېڭىلاشتىكى مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ۋيېتنامنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ باردى. 1989 - يىلىدىن ئىلگىرى، ۋيېتنام ئاساسلىقى كارخانىلارغا ھوقۇق بېرىپ ۋە پايدا مەنپەئەت جەھەتتە يول قويۇپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەتتە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرىدىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ كارخانىلارنىڭ تىجارەت پائالىيىتىگە ئارىلىشىۋېلىشىنى چەكلىدى. 1989 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش ۋە تۈرتكە بولۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، سودا، مۇلازىمەتچىلىك ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇششاق كارخانىلار خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى. 1992 - يىلىدىن كېيىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن، كارخانا تۈزۈلمىسى ماھىيەتلىك ئىسلاھ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىن باشقا ھەرقانداق ساھەگە كىرىشىگە يول قويۇلدى، كارخانىلار شېرىكى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزى تاللىيالايدىغان بولدى، بەزى خۇسۇسىي كارخانىلارغا تاشقى سودا - تىجارەت ھوقۇقى بېرىلدى. 1994 - يىلى يەنە «كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، كارخانا باشقۇرۇشتا ياخشىسىنى تاللاپ ناچارلىرىنى شاللاشتەك بازار قائىدىسى يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن باشقا كارخانىلارغا ياردەم پۇل بەرمەي، ئۇلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پايدا - زىياننى ئۆزىگە قويۇپ بېرىپ، تىجارىتى

ئاقمىغان كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى يۆتكىدى، قوشۇۋېتىش ياكى ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بىرقانچە يىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قوشۇۋېتىش ياكى پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى كارخانىغا ئايلاندۇرۇشتىن كېيىنكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ۋېيېتنامدا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 12 مىڭدىن ئاشىدىغان بولۇپ، 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 6000 دىن كۆپرەكى ساقلاپ قېلىنغان، كارخانىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان، قوشۇۋېتىلگەن، مۈلكى يۆتكەلگەن ياكى ۋەيران قىلىنغان، بىراق بۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى يەرلىكتىكى ئوتتۇرا، ئۇششاق كارخانىلاردىن ئىبارەت بولغان.

ۋېيېتنام كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن، ساھە بويىچە ھەر خىل تىپتىكى بىر تۈركۈم گۇرۇھ شىركەتلەرنى قۇردى، مەسىلەن، كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق قاتارلىق كارخانا گۇرۇھلىرى قۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايغا ئايلاندۇرۇش سىناق نۇقتا خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاھالىلەر، ئەلئارا كارخانىلار ياكى چەت ئەل مەبلىغىنى پاي قوشۇشقا جەلپ قىلىپ، مەبلەغ سېلىش سۈپىتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈردى. بىراق، دۆلەت كارخانىلىرىنى پايغا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىدە تونۇش ئوخشاش بولمىغانلىقى ھەم بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا دەسلەپكى سىناق باسقۇچىدا تۇردى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بيۇروكرات، مەركەزلەشتۈرۈلگەن، ھەممىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدىغان تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، ئۆتمۈشتىكى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى بازار تۈزۈلمىسىگە بۇراپ، ۋېيېتنامنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكىنى جانلىق تۈردە تەرەققىي قىلدۇردى. شەھەر ـ

يېزىلاردا دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىن سىرت، كۆپ خىل ئىگىلىك ئورۇنلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئاساس قىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىن باشقا ئىگىلىكلەر مۇئەييەن كۆلەمگە يەتتى، ئۇلارنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىناتنى كۆپەيتىش، شەھەر ـ يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇرۇش، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى.

مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن سودا، مالىيە، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ۋېيېتنامنىڭ ئىسلاھاتىدىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە ئىدى. ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ۋېيېتنام ئوبوروت ساھەسىدىكى «ماس قەدەملىك ئىسلاھات» تا مەغلۇپ بولغانىدى، 1986 ـ يىلى پۇل پاخاللىقى نىسبىتى 774.7% تىن ئېشىپ، خەتەرلىك ئۈچ خانىلىق سانغا يەتتى. شۇڭا، ۋېيېتنام ئىسلاھاتتا ئوبوروت ساھەسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مال باھاسىنى قويۇۋېتىش، پۇلنى تۇراقلاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى تۈزەشنى ئىسلاھاتتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا قىلدى. ئىلگىرى ۋېيېتنامدا بارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلەيتتى، كېيىن باھادا قوش ئۆلچەم تۈزۈمى، يەنى ھۆكۈمەت باھاسى ۋە ئەركىن باھا يولغا قويۇلدى. 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ باھا ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىرلا بازار باھاسى يولغا قويۇلدى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەمىنلەش باھاسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلىپ، بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسى خەلقئارا بازاردىكى باھا بىلەن تەڭلەشتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئېلىپكتىر

www.uyghurkitap.com

ئېنېرگىيە، پوچتا ـ تېلېگراف، تىرانسپورت، بېنزىن، خىمىيەۋى ئوغۇت، سېمونت، تۇرۇبا سۈيى، ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى قاتارلىقلاردا دۆلەت بىر تۇتاش باھا بەلگىلىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تاۋارلار ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت باھاسى بىردەك قويۇۋېتىلدى، يەنە كېلىپ بىراقلا قويۇۋېتىلىپ، باھا ئىسلاھاتى ئاساسەن تاماملاندى.

ۋىيېتنام ئىچكى بازارنى ئېچىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەدبىر قوللىنىپ پۇل پاخاللىقىنى زور كۈچ بىلەن تۈزىدى، مەسىلەن، بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتىنى قاتتىق قىستى، پۇل تارقىتىش مىقدارىنى تىزگىنلىدى، تاشقى پېرېۋوت نىسبىتىنى بىر تۇتاش قىلدى، ئېكسپورتقا بولغان تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇردى، ۋەھاكازا. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشى، يەنە كېلىپ يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى تىزگىنلەندى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە پۇل پاخاللىق نىسبىتى 17.5% كە چۈشتى، 1994 ـ يىلى يەنىمۇ تۆۋەنلەپ 5.2% كە چۈشتى. بىراق 1994 ـ يىلى يەنە ئىككى خانىلىق سانغا ئۆرلىدى. ۋىيېتنام مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرىدىغان جىددىي تەڭشەپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 1995 ـ يىلى پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى يىل بويى 12.7% تە تىزگىنلەندى. باھا ئىسلاھاتىنى ئاساسەن تاماملاش ۋە پۇل پاخاللىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەش ۋىيېتنام ئىقتىسادىنى يېڭىلاشتىكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، تاشقى ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ ۋىيېتنامنىڭ يېڭىلاش دەۋرىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى ھەم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 80 ـ

يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردا ۋيېتنام سوۋېت ئىتتىپاقىغا، شەرقىي ياۋروپاغا ئېغىشتەك ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە لۇشيەنىنى تەڭشەپ، كامبودژادىن قوشۇن چېكىندۇردى ھەم كامبودژا مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دىپلوماتىيە جەھەتتە پاسسىپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىشتەك ھالەتتىن قۇتۇلدۇردى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كامبودژا مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى پارىژدا ئىمزالاندى. 11 ـ ئايدا ۋيېتنام بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى. ۋيېتنام بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋاجلاندى. 1992 ـ يىلى ۋيېتنام «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» غا قاتنىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ كۆزەتكۈچىسى بولۇپ قالدى. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا ۋيېتنامغا قارىتىلغان ئەمبارگۇنى بىكار قىلدى. 1995 ـ يىلى ۋيېتنام دىپلوماتىيەدە زور غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ۋيېتنام شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا بولدى، ئارقىدىنلا ئامېرىكا بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ۋيېتنامنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋيېتنام دۆلەت مەجلىسى يېڭىدىن تۈزۈلگەن چەت ئەل مەبلىغى قانۇنىنى ماقۇللىدى. كېيىن يەنە بۇنىڭغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ قانۇندا چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شېرىكسىز كارخانىلارنى قۇرۇشتىن ئىبارەت

ئۇچ خىل شەكىلدە مەبلەغ سېلىشغا يول قويۇلدى ھەممە چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باج، پايدا، باھا باشقۇرۇش، بايلىقتىن پايدىلىنىش ۋە قانۇنىي كېسىم قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلدى. يەنە چەت ئەللەرگە چېتىلىدىغان 70 تىن ئارتۇق قانۇن ـ نىزام ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنىڭ ئاشكارىلىقىنى ئاشۇردى. ۋيېتنامنىڭ چەت ئەل مەبلىغى قانۇنى ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە ئېتىبار شەرتلىرى ئەڭ ئەۋزەل مەبلەغ سېلىش قانۇنى، دەپ تەرىپلەندى. ۋيېتنام چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 52 دۆلەت ۋە رايوننىڭ 800 دىن ئارتۇق شىركىتى ۋيېتنامدا جەمئىي 1515 تۈرگە مەبلەغ سالدى، كېلىشىم سوممىسى 19 مىليارد دوللارغا يېتىپ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ تەخمىنەن 1/3 ى ئەمەلىيلەشتى. ۋيېتنامغا مەبلەغ سېلىشتا، جۇڭگونىڭ تەيۋەن ۋە شياڭگاڭ رايونى 1 ـ ۋە 2 ـ ئورۇندا، ياپونىيە 3 ـ ئورۇندا تۇردى. چەت ئەل مەبلىغى ئاساسلىقى سانائەت ۋە ساياھەتچىلىككە مەركەزلەشتى، بۇلاردىن سىرت، بىناكارلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ قارىتىلدى. مەبلەغ سېلىنىدىغان رايون جەھەتتە خوجى مىڭ شەھىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى، بىراق ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا قاراپ كېڭەيدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋيېتنامنىڭ تاشقى سودىسىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. 1995 ـ يىلىغا قەدەر ۋيېتنام 100 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1995 ـ يىلى ۋيېتنامنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليارد 300 مىليون دوللارغا يەتتى. ۋيېتنام گەرچە سودىدىكى پاسسىپ بالانسنى ئوڭشىيالمىغان بولسىمۇ،

بىراق ئېكسپورتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، بەزى مەھسۇلاتلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىلا بازار تېپىپ قالماي، بەلكى جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدىكى بازارلارغىمۇ كىردى. نېفىت، كۆمۈر، سۇ مەھسۇلاتلىرى، كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ كىيىم، قەھۋە ۋە گۈرۈچ ۋيېتنامنىڭ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مۇھىم مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى.

ۋيېتنام يەنە جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، خوجى مىڭ شەھىرىدە، داناڭ، خاي پخوڭ، خانوي ۋە كان تخو قاتارلىق شەھەر ۋە پورتلاردا ئېكسپورت ماللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى قۇردى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «سانائەت باغچە رايونى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلىپ، چەت ئەللەردىن مەبلەغ ۋە ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزدى. ۋيېتنامنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىدا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى.

ئون يىللىق ئىقتىسادىي يېڭىلىق، بولۇپمۇ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1991 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە، ۋيېتنامنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە %8.2 ئاشتى (%5.55 — %6.5 ئاشۇرۇش پىلانلانغانىدى)، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرىچە %13.3 ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش%4.5، ئېكسپورت سوممىسى %20 ئاشتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىلىپ، سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1990 ـ يىلىدىكى %22.6 تىن 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە %29.1 كە، 3 ـ كەسىپنىڭ %38.6 تىن %41.9 كە ئۆرلىدى. پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئاساسىي مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ ئىچكى

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1990 - يىلىدىكى 15.8% تىن 1995 - يىلىغا كەلگەندە 27.5% كە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سېلىنما ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 16.7% نى ئىگىلىدى.

1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيى خانويدا چاقىرىلدى. ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى دۇ مېي سىياسىي دوكلاتىدا: «ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭىلاش ئىشلىرى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، 7 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە بولغان ۋەزىپىلەر ئاساسەن ئورۇنلاندى. ئېلىمىز ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كىرىزىسىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، بىراق بەزى تەرەپلەر تېخى تازا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالمىدى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە «ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى 1 - باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدىكى ۋەزىپىلەر ئاساسەن تاماملىنىپ، دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر دەۋرگە ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى» دېدى.

ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدا 2020 - يىلىغا بارغاندا سانائەت دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشنىڭ كەلگۈسى پىلانى ۋە يېڭى بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ھازىردىن باشلاپ 2000 - يىلغىچە بولغان بۇ باسقۇچ دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات دەۋرىدىكى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچتۇر» دەپ كۆرسىتىلدى. پىلاندا، 2000 - يىلىغا بارغاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1990 - يىلىدىكىدىن بىر قاتلاش، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يىلىغا

ئوتتۇرىچە 9% ـ 10% ئاشۇرۇش؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەخمىنەن4.5% ـ 5% ، سانائەتنى 14% ـ 15% ، مۇلازىمەت كەسپىنى 12% ـ 13% ، ئېكسپورتنى تەخمىنەن 28% ئاشۇرۇش، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى سالمىقىنى تەخمىنەن 30% كە يەتكۈزۈش، 2000 ـ يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سالمىقىنى 19% ـ 20% كە، سانائەت ۋە بىناكارلىقنىڭ سالمىقىنى 34% ـ 35% كە، مۇلازىمەتچىلىكنىڭ سالمىقىنى 45% ـ 46% كە يەتكۈزۈش بەلگىلەندى. پىلان ئورۇنلانسا ۋىيېتنامنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولاتتى.

ۋىيېتنام ئىقتىسادىدىكى يېڭىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتىدىكى يەنە بىر خىل مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق بولۇپ، ۋىيېتنامنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

**كۇبا ئىقتىسادىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ئىسلاھات** كۇبا غەربىي يېرىم شاردىكى بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت. 90 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى تۆرغۇنلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ كۇباغا قاراتقان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، كۇبا قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

كۇبا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1961 ـ يىلى سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولىغا قويۇلىدىغانلىقى جاكارلاندى. 1976 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ، كۇبا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ھەم ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتى دەپ بەلگىلىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تىكلەندى. چەت ئەللەرگە

نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كۇبا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى تاشقى سىياسەتنىڭ ئۇل تېشى قىلىندى. 1972 ـ يىلى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «خەلقئارا ئىش تەقسىماتى» غا قاتنىشىپ، ئاساسلىقى قەنت ـ شېكەر، نىكېل، ئىسسىق بەلباغ مېۋىلىرى ۋە كۆك تاماكا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئېكسپورت ماددىي ئەشيالىرىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى.

70 ـ، 80 ـ يىللاردا، كۇبا گەرچە ئامېرىكىنىڭ مۇھاسىرىسى ۋە قامال قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. 1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 10.1% ئاشتى. 1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە كۇبا ئىقتىسادى سىجىل ئاشتى. 2 ـ بەش يىللىق پىلان (1981 — 1985 ـ يىللار) مەزگىلىدە ئىقتىسادنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 7.2% بولدى. بىراق، كۇبا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولغان سودا ۋە چەت ئەلنىڭ ياردىمىگە كۆپتىن ـ كۆپ تايىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولغان سودا سوممىسى كۇبا تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 85% نى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ياردەم سوممىسى تەخمىنەن كۇبا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10% نى ئىگىلەيتتى. دۆلەت قۇرۇلغان 30 يىلدىن بېرى كۇبا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن تەخمىنەن 200 مىليون دوللار قەرز ئالدى، بۇ

كۇبانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر يۈك ئارتىپ قويدى.

ئامېرىكىنىڭ سىياسىي جەھەتتە يېتىم قالدۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي جازاسى تۈپەيلىدىن كۇبا تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە «بىر تەرەپكە يان بېسىش» ھالىتىدە تۇرۇپ، دۇنيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشالمىدى، ئامېرىكا قىتئەسى تەرەققىيات بانكىسىغىمۇ ئەزا بولالمىدى، شۇنداقلا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى ۋە ياردىمىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. بۇ كۇبا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا زور قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كۇبا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى» ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىق سىستېمىسى يىمىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۇبا ئىقتىسادى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر مۇشكۈلاتقا دۇچار بولدى. گورباچېف تەختكە چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياۋى ئىستراتېگىيەسى ئۆزگىرىپ، كۇباغا بېرىدىغان ياردەمنى يىلمۇيىل زور دەرىجىدە ئازايتىپ باردى. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كۇبا بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپلا كۇبادىن قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا جاكارلىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە كۇبا بىلەن بولغان ئىلگىرىكى مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ۋە باھادا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بىكار قىلدى، «ئايرىۋاشلىنىدىغان پۇل» ئارقىلىق راسچوت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، كۇبا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا سوممىسى تېزلا كېمىيىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ھەر تونىا شېكەرنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى 800 دوللاردىن 500 دوللارغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن كۇبا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زىيان تارتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كۇبانى تەمىنلەيدىغان نېفىتنىڭ مىقدارىنى

ئازايتقانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفىت ئىمپورت قىلىشقىلا تايىنىپ قالغان كۇبادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر «ئېنېرگىيە كىرىزىسى» يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن زاۋۇتلار تاقىلىپ قالدى ياكى ئىشىنى 50% توختاتتى، قاتناش بىر مەھەل پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىپ كەتتى. 1990 – يىلىدىن 1993 – يىلىغىچە كۇبانىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 35% تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يامانلىشىپ، خەلقنىڭ كۈن ئالمىقى تەس بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كۇباغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي بېسىمنى كۈچەيتىپ، كۇبانىڭ سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش كويىدا بولدى. 1992 – يىلى ئامېرىكا «تورىرىسېللى قانۇن لايىھەسى» نى يولغا قويۇپ، كۇباغا قارىتىلغان قامال ۋە ئەمبارگونى يەنىمۇ كۈچەيتتى. قانۇن لايىھەسىدە ئامېرىكا شىركەتلىرى، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى بالا شىركەتلىرى ۋە ھەرقانداق دۆلەتنىڭ كۇبا بىلەن سودا قىلىشىنى چەكلەش، كۇباغا بارغانلىكى چەت ئەل پاراخوتلىرىنىڭ ئالتە ئايغىچە ئامېرىكا پورتلىرىغا كىرىشىنى مەنئى قىلىش بەلگىلەندى. ئامېرىكا يەنە باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۇبا بىلەن سودا قىلىشى ۋە كۇباغا مەبلەغ سېلىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى. مىئامىدىكى مارتى رادىيو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۇباغا قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. ئامېرىكىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۇبا ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇنسۇرلىرى قۇرغان « سەرگەردان ھۆكۈمەت» بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچى كۈچلەر ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سۇيىقەستلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى.

كۇبا مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا

بىرلەشتۈرۈپ تاشقى سىياسىتىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى ھەم سوتسىيالىستىك كۇبانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە سىرتقا ئېشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 4 ـ قۇرۇلتايىنى ئۆتكۈزۈپ، «پەۋقۇلئاددە دەۋر» دىكى ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. چەت ئەللەرگە قارىتا، كۇبا ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتچىل بولغان كۆپ مەنبەلىك تاشقى سىياسەتنى قوللاندى. «پانئامېرىكا سىستېمىسى» غا يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىش ئۈچۈن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان جۇڭگو، ۋېيېتنام ۋە چاۋشيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگو بىلەن ۋېيېتنامنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىنى مەدھىيەلىدى ۋە بۇنىڭغا دىققەت قىلدى. ئىچكى جەھەتتە كۇبا بىر تەرەپتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۇبانىڭ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەيدانىنى قايتا شەرھلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىسلاھات يولىدا مېڭىشىغا قارشى تۇردى. كاسترو كاپىتالىزمغا قارىغاندا سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلالايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈردى. ئۇلار سوتسىيالىزمغا بۇزغۇنچىلىق قىلماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر قاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى، كونكرېت مەزمۇنى:

«ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، بىۋاسىتە بېلەت تاشلاپ سايلاش تۈزۈمىنى قوللىنىش؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تەڭشەش، دۆلەتنىڭ تاشقى سودىدىكى مونوپوللۇق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى ئىقتىساد ـ سودا فاڭجېنىنى ۋە تاشقى سودىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. كۇبا خەلق ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئاساسىي يېتەكچى، «دۆلەت ئىلكىدىكى خەلق باشقۇرىدىغان» كارخانىلار، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قوشۇمچە قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۇرغۇزدى ھەم چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، شېرىك كارخانا ۋە باشقا بىرلەشمە كارخانىلارنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنىمۇ خېلى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ھېسابات قىلىشتا ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە كىچىكرەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق ئاساس تەشكىللىرىگە ئايرىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلمىسىنى يەنىلا ساقلاپ قېلىپ، دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس تەشكىللىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئاساس تەشكىللىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالاپ، بۆلۈنگەن يەرگە قارىتا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1994 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۇبا بىر مەھەل چەكلەنگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسىدىكى ئەركىن بازارنى ئەسلىگە كەلتۈردى، يەنە سودا ـ سانائەت ئەركىن

بازىرىنى ئاچتى. بۇلاردىن سىرت كۇبا يەنە مالىيە ۋە باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى.

ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھات دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكتىن، كۇبادا سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەدرىجىي ياخشىلاندى. بىرىنچىدىن، ئىقتىساد ئەسلىگە كەلدى ھەم ئېشىشقا باشلىدى. 1994 ـ يىلى كۇبا ئىقتىسادى 0.7%، 1995 ـ يىلى 2.5% ئېشىپ، «پەۋقۇلئاددە دەۋر» دىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئېشىش قولغا كەلتۈرۈلدى. 1995 ـ يىلى ساياھەتچىلىكتە 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوت يارىتىشتىكى مۇھىم تارماق بولۇپ قالدى. ئىككىنچىدىن، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا دائىر سىياسەتلەر كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىپ، چەت ئەللەرنىڭ بىۋاسىتە سالىدىغان مەبلىغى كۆنسايىن كۆپىيىپ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 2 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، 1991 ـ يىلى شېرىك كارخانىدىن ئون نەچچىسى بار ئىدى، 1995 ـ يىلىغا بارغاندا 210 دىن ئېشىپ، ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قاپلىدى. مەبلەغ سالغان چەت ئەل شىركەتلىرى، ئاساسلىقى ئىسپانىيە، كانادا، فىرانسىيە ۋە مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلدى. ئۈچىنچىدىن، تاشقى سودىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېڭى تاشقى ئىقتىساد مۇناسىۋىتى تورى تەدرىجىي شەكىللەندى. كۇبا دۇنيادىكى 100 گە يېقىن دۆلەتنىڭ 3000 دىن ئارتۇق شىركىتى بىلەن ئىقتىساد ۋە سودا ئالاقىسى قىلدى. ئېنېرگىيە تەمىنلەش جەھەتتە، رۇسىيەدىن داۋاملىق نېفىت تېگىشكەندىن سىرت، يەنە مېكسىكا، ئېكۋادور، ۋېنېزۇئېلا ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىن نېفىت سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر،

ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى، 1994 ـ يىلى كۇبانىڭ تاشقى سودا سوممىسى 3 مىليارد 270 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1993 ـ يىلدىكىدىن 3.1% ئاشتى. تۆتىنچىدىن، تەڭشەش ئارقىلىق دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادىي تەركىب ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەركىب تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش هوقۇقى كۈچەيتىلىپ، بازار بىلەن تاۋار، پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى هاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھەمكارلىق ئاساس تەشكىللىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئەركىن بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، قىسمەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ـ ساتىدىغان كونا تور بۇزۇپ تاشلىنىپ، بازار مېخانىزمىنى ئاساسىي يېتەكچى قىلغان ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش يېڭى يولى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاھالىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. بەشىنچىدىن، مالىيە، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە مالىيەدىكى قىزىل رەقەم يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئېشىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

1996 ـ يىلى كۇبا ئىقتىسادىدىكى ئەڭ مۇشكۇل دەۋر ئۆتۈپ

كېتىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ ئاساسەن مۇقىملاشتى. بىراق، قىيىنچىلىق يەنىلا كۆپ ئىدى. ئامېرىكىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى ۋە جازاسى كۇباغا نىسبەتەن يەنىلا ئېغىر تەھدىت ئىدى. 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كۇبانى جازالاشنى كۈچەيتىدىغان «خېلمس - بۇرتون قانۇنى»① نى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. شېكەر قومۇشتىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەھسۇلات مىقدارى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ، زاۋۇت، كارخانىلار يېتەرلىك ئىش باشلىيالمىغاچقا، ئىشسىزلىق ھادىسىسى ئېغىرلاپ زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرى يېتىشمەي، جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى ۋە ئۆكتىچى كۈچلەر سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سالغىلى تۇردى.

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە، كاسترو باشچىلىقىدىكى كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى كۇبانىڭ سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، كۇبانىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى.

---

① «خېلمس - بۇرتون قانۇنى» نى 1996 - يىلى 3 - ئايدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇ قانۇندا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىدا كۇبادىن سېتىۋالغان مەھسۇلاتلارنى سېتىشىنى چەكلەش بەلگىلەنگەن. ناۋادا چەت ئەل شىركەتلىرى كۇبانىڭ 1959 - يىلىدىكى ئىنقىلابىدىن كېيىن كۇبا ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىۋالغان مال - مۈلۈكنى سېتىۋالماقچى، ئىگىلەپ تۇرماقچى ياكى ساتماقچى بولسا، ياكى بۇ مۈلۈكلەردىن پايدىلىنىپ مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولسا، بۇ مۈلۈكلەرنىڭ ئەسلىي ئىگىدارلىرى ئامېرىكا سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، تۆلەم تەلەپ قىلسا بولاتتى. قانۇن لايىھەسى روشەن تېررىتورىيەدىن تاشقىرىلىق ھوقۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتىن، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

www.uyghurkitap.com

# 3 ـ بۆلۈم  پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ۋە 90 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى

**پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى** ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىراق قوشۇنى ئەل كۇۋەيتكە ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلدى ھەم سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پارس قولتۇقىدىكى باشقا ئەرەب ئەللىرىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پارس قولتۇقىغا ئاتلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ جايلىشىپ، كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىراق بىلەن ھەربىي تىركىشىشنى باشلىدى. بۇ رايوننى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاپ، ئاخىردا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان پارس قولتۇقى كرىزىسى كېلىپ چىقتى.

كۇۋەيت پارس قولتۇقى رايونىدىكى نېفىت كۆپ چىقىدىغان ئەرەب دۆلىتى بولۇپ، يەر مەيدانى 17 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 1 مىليون 910 مىڭ (1988 ـ يىلى) ئىدى. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشىدا، كۇۋەيت پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىراققا ياردەم بەردى. ئىراق، كۇۋەيت بىلەن ئىراق ئارىسىدا تارىخىي ۋە رېئال سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىن زىددىيەت ۋە تالاش ـ تارتىش بار ئىدى. ئىراقنىڭ قوشۇن چىقىرىپ كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىۋېلىشتىكى مەقسىتى ئىككى بولۇپ، بىرى، زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلىش، يەنە بىرى، ئىقتىسادىي مەنپەئەت تالىشىش ئىدى.

ئىراق كۇۋەيتنى ئۆز زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلەتتى. كۇۋەيت 7 ـ ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1871 ـ يىلى كۇۋەيت ئوسمان ئىمپېرىيەسى بەسرە

ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسى ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى پارس قولتۇقى رايونىغا كېڭەيمىچىلىك قىلغاندىن كېيىن، 1899 ـ يىلى ئەنگلىيە كۇۋەيتنىڭ ھامىي دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالدى. 1939 ـ يىلى كۇۋەيت يەنە رەسمىي يوسۇندا ئەنگلىيەنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت» بولۇپ قالدى. 1961 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كۇۋەيت ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، ئىراقنىڭ ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلىرى كۇۋەيتنى ئىراقنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ كەلدى، 1963 ـ يىلى كۇۋەيتنىڭ مۇستەقىل ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق كۇۋەيتنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىش غەرىزىدىن ۋاز كەچمىدى. ئىككى دۆلەت چېگرانى ئايرىش مەسىلىسىدە كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، سۆھبەتتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 1973 ـ يىلى چېگرادا توقۇنۇش يۈز بەردى. ئىراق كۇۋەيتتىن ئەرەب دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بۇبىيان ئارىلى ۋە ۋەربەھ ئارىلىنى بۆلۈپ بېرىش ياكى «ئىجارە بېرىش» ئارقىلىق ئىراقنىڭ پارس قولتۇقىغا چىقىدىغان بىر پورتقا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق كۇۋەيتنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

كۇۋەيتنىڭ نېفىت بايلىقى ۋە دوللار زاپىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىمۇ ئىراقنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئىدى. ئىراق ئىران بىلەن قىلغان ئۇرۇشتىن 200 مىليارد دوللار زىيان تارتقاچقا، تاشقى قەرزى 80 مىليارد دوللارغا يەتكەن بولۇپ، كۇۋەيتكە 20 مىليارد دوللار قەرزى بار ئىدى. ئىراق ئۆزىچە ئەرەب دۇنياسىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇق ۋە قۇربان بەردۇق، دەپ قاراپ، بۇ قەرزنى «قان قەرزى» دەۋېلىپ، كۇۋەيتتىن قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، كۇۋەيت ئۇنىمىدى. ئىراق قوراللىق تاجاۋۇز قىلىش ھارپىسىدا يەنە

كۇۋەيتنى 1980 ـ يىلىدىن تارتىپ ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى رۇمەيلە نېفىتلىكىدىن 2 مىليارد 400 مىليون دوللار قىممىتىدىكى خام نېفىتنى «ئوغرىلىقچە قېزىۋېلىپ كەتتى» دەپ ئەيىبلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىراق يەنە كۇۋەيتنى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەقسىم قىلغان نېفىت قېزىش نورمىسىغا ئەمەل قىلماي، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەن بىرلىشىپ نېفىتنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، ئىراقنىڭ 14 مىليارد دوللارلىق نېفىت كىرىمىنى زىيانغا ئۇچراتتى، دەپ ئەيىبلەپ، كۇۋەيتتىن زىياننى تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. كۇۋەيت دۇنيا نېفىت زاپىسىنىڭ 20% ىنى ئىگىلەپ تۇرغان نېفىت پادىشاھلىقى بولۇپ، ئىلكىدىكى نېفىت تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، شۇڭا ئىراق ئۇنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نېفىتلىكىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىشلىرىغا غوجايىنلىق قىلىدىغان، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشنى كۆزلەيتتى.

چېگرادىكى زېمىن تالاش ـ تارتىشى ۋە نېفىت، قەرز ـ ماجىراسى كۇۋەيت بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئىراق بىلەن كۇۋەيتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ۋەكىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددىدە ئۇچراشتى. ئىراقنىڭ چېگراغا توپلىغان ئەسكىرى 100 مىڭغا يەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جىددە سۆھبىتى بۇزۇلدى. ئىككى تەرەپ ئەينى چاغدا كېيىنكى سۆھبەتنى ئىككى دۆلەتنىڭ پايتەختىدە ئۆتكۈزۈشنى كېلىشتى. بىراق، ئىراق ھەربىي كۈچىنىڭ زورلۇقىنى پەش قىلىپ، خەلقئارا قانۇننىڭ مىزانلىرىغا پىسەنت قىلماي، كۇۋەيتكە قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدە ئىراقنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بەسرە، رۇمەيلە، بۇسەيىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن كېلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ، كۇۋەيتكە ھۇجۇم

قىلدى. ئىراق ئىران بىلەن سەككىز يىل ئۇرۇش قىلىپ پىشقان مىليون كىشىلىك زور قوشۇنغا ئىگە ئىدى، ئەمما كۇۋەيتنىڭ تەخمىنەن 20 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسى بولۇپ، ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچ ۋە قورال - ياراغلىرىدىمۇ پەرق بەك چوڭ ئىدى. ئۇرۇش پارتلاپ بىرقانچە سائەتكە بارمايلا ئىراق قوشۇنى كۇۋەيتنىڭ پايتەختىگە قىستاپ كەلدى، پايتەختتە كۇۋەيت ئارمىيەسى ۋە خەلقى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. داسمان خان ئوردىسىنى قوغداش جېڭى ئەڭ كەسكىن بولدى. كۇۋەيت ئەمىرىنىڭ ئىنىسى شاھزادە فاھىد جەڭگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلدى ھەم ئىككى ئوغلى بىللە ئوردىدا شېھىت بولدى. ئەمىر جابىر ئىلاجسىز تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بەھرەيىنگە كەتتى، ئارقىدىن يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانغا باردى ھەم سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئىراقنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى مۇراجىئەت چىقاردى.

ئىراق كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئەركىن كۇۋەيت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئەلى ئىسىملىك بىر پولكوۋنىكنى ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا قويدى. ئارقىدىنلا يەنە «كۇۋەيت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى» دەپ جاكارلىدى. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىراق يەنە ئىراق بىلەن كۇۋەيتنىڭ «مەڭگۈلۈككە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى»، «كۇۋەيت دۆلىتىنىڭ مەڭگۈلۈككە يوقالغانلىقى»نى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ئىراقنىڭ ئىراق - ئىران ئۇرۇشىدا كۇۋەيتتىن ئالغان قەرزىنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىگەنلىكىنى جاكارلىدى. 28 - كۈنى ئىراق پىرېزىدېنتى سادام پىرېزىدېنت پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، كۇۋەيتنى ئىراقنىڭ 19 - ۋىلايىتى دەپ جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىراق كۇۋەيت پۇلىنىڭ ئوبوروتتىن قالغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىراقنىڭ پۇلىنى دەسسەتتى. شۇنداق قىلىپ ئىراق كۇۋەيتنى تەدرىجىي

يۈتتۈۋالدى.

ئىراقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بىر دۆلەتنى يۇتۇۋېلىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئۇ پارس قولتۇقى رايونىنىڭ غوجايىنى بولۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى زومىگەرلىكىگە ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيەنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. تاجاۋۇز قىلغان كۈنى، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى جىددىي يىغىن ئېچىپ، 660 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئىراقنىڭ دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە ئارقا ـ ئارقىدىن 11 قارار ماقۇللاپ، ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى يۇتۇۋېلىشىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكىنى، ئىراقنى ئومۇمىيۈزلۈك جازالاشنى جاكارلاپ، ئىراق ئارمىيەسىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ كۇۋەيتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىغا بېسىپ كىرىش قىلمىشىنى ئەيىبلەپ، ئىراقتىن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دىپلوماتىيە خادىملىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىراقنى ھاۋادىن قامال قىلىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ 678 ـ نومۇرلۇق قاراردا ئىراقتىن 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن كۇۋەيتتىن چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ، ناۋادا ئۇنداق قىلمىسا بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىراقنى كۇۋەيتتىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بۇنچە كۆپ جىددىي قارارلارنى چىقىرىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى تېزلىكتە پارس قولتۇقى رايونىغا قوشۇن يۆتكىدى. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا «قۇملۇق

قالقىنى» ناملىق ھەربىي ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇشقا كىرىشتى. پرېزىدېنت بۇش ئامېرىكا ئارمىيەسىگە پارس قولتۇقى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا يىغىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا پارس قولتۇقى رايونىغا كىرگەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 245 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر يۈزى قىسمىدىكى ئەسكەر سانى 170 مىڭدىن ئاشاتتى؛ ھاۋا ئارمىيەسىدە 30 مىڭ ئادەم بولۇپ، جەڭ ئايروپىلانىدىن 444 ى بار ئىدى، بۇنىڭغا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاۋىياتسىيە قىسمىدىكى 533 ئايروپىلاننى قوشقاندا، ئايروپىلان سانى 977 گە يېتەتتى؛ دېڭىز ئارمىيەسىدىكى ئادەم سانى 40 مىڭ بولۇپ، ھەر خىل جەڭ پاراخوتلىرى (ئاۋىياماتكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن 85 ى بار ئىدى. ئامېرىكا ئىراققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ يېڭى قورال ـ ياراغلىرىنى، مەسىلەن، F117 تىپلىق كۆرۈنمەس كۈرەشچى ئايروپىلان، «ۋەتەنپەرۋەر» ناملىق ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى قاتارلىقلارنىمۇ پارس قولتۇقىغا يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ئەڭ كۆپ توپلىنىشى ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن كېيىن ئەنگلىيە، بېلگىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، فىرانسىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنىغا قېتىلدى. ياپونىيەمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پارس قولتۇقىغا قوغدىنىش ئەترىتى ئەۋەتىشكە ئۇرۇنغانىدى، بىراق دۆلەت مەجلىسى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئەۋەتەلمىدى.

ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى بېسىۋېلىشىغا قارىتا ئەرەب دۇنياسى ئوخشىمىغان ئىنكاس قايتۇردى، بەزىلەر ئەيىبلىسە، بەزىلەر ھېسداشلىق قىلدى. كۆپ سانلىق ئەرەب ئەللىرى ئىراقنىڭ ئاجىز بىر قوشنا ئەلنى بېسىۋالغانلىقىغا قارشى تۇرسىمۇ،

دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارس قولتۇقىدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋېلىشىنى خالىمايتتى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئەرەب ئەللىرى باشلىقلار يىغىنىدا، ئىراقنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 12 دۆلەت قوشۇن چىقىرىپ سەئۇدى ئەرەبىستاننى قوغداشنى ياقلىدى، مىسىر، سۈرىيە، ماراكەش قوشۇنلىرى تېخى كۆپ دۆلەت قىسمىغىمۇ قاتناشتى.

نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك كۆپ دۆلەت قىسمىنىڭ پارس قولتۇقىغا كىرىشى ئىراقنى ئېغىر بېسىمغا دۇچار قىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جازاسى ئىراق ئىقتىسادىنى ئېغىر مۈشكۈلاتقا دۇچار قىلدى، بىراق ئىراقنىڭ پوزىتسىيەسى يەنىلا ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرى، مۇھاجىرلىرى ۋە ساياھەتچىلىرىدىن نەچچە مىڭ كىشىنى يىغىپ گۆرۈگە ئېلىۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مۇھىم ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى، سۇ تازىلاش زاۋۇتلىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي نىشانلارنىڭ ئىچىگە يۆتكەپ، «گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قالقان قىلىش» ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ «قۇملۇق قالقىنى» ناملىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكىنى ھۇجۇمىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ياكى قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر قىلماقچى بولدى. كۆپ دۆلەت قىسمىنى پارچىلاش، يىمىرىش مەقسىتىدە ئىلگىرى ـ كېيىن فىرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغان بىر قىسىم ئادەملىرىنى قويۇۋەتتى. ئىراق پرېزىدېنتى سادام ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋە قوشۇن چېكىندۈرۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەقەت ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېكىنسە، سۈرىيە لىۋاندىن چېكىنسە، ئامېرىكا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن

چېكىنسە، ئىراق كۇۋەيتتىن چېكىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئىراقنىڭ شەرتىنى رەت قىلدى. پارس قولتۇقى كرىزىسى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ، ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا ئىمكانىيەت قالمىدى.

1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى 678 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە ئىراق 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئالاقىدار قارارلىرىنى ئىجرا قىلمايۋاتقان ئەھۋالدا، «بارلىق زۆرۈر ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ»، ئىراقنى كۇۋەيتتىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقى بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىراققا تاپشۇرۇلغان ئۇلتىماتۇم ئىدى.

خەلقئارا جەمئىيەت ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، كرىزىسنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. ئامېرىكا بىلەن ئىراق 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جەنۋەدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بىراق ئىراق كۇۋەيتنى ئۆزىنىڭ 19 ـ ۋىلايىتى دەپ قاراشتا چىڭ تۇردى، ئامېرىكا بولسا ئىراقنىڭ كۇۋەيتتىن شەرتسىز قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت بۇزۇلدى. 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دې كۇئېيار باغداتقا كېلىپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش يولىدا ئاخىرقى تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا قالدى.

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شۇ يەر ۋاقتى سەھەر سائەت ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى «قۇملۇق بورىنى» ناملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئىراق قىسىملىرىغا

ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى. كۆپ دۆلەت قىسىملىرى يۇقىرى تېخنىكا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، 30 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) نى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن ئىراق ۋە كۇۋەيت زېمىنىدىكى ئىراق ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى، ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى، خەۋەرلىشىش تۈگۈنى، جۇمھۇرىيەتنى قوغدىغۇچىلار دېۋىزىيەسى، ترانسپورت، تەمىنات لىنىيەسى ۋە ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيەلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىپ، ئىراقنىڭ خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى ھەم ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ئۈستۈنلۈكىنى ئاساسەن قولغا كەلتۈردى. ئىراق ئارمىيەسى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختىگە ۋە ئىسرائىلىيەگە توختىماستىن «شاتۇر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ھېچقانچە پايدىسى بولمىدى، «شاتۇر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەر» نامىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى تەرىپىدىن پاچاقلاپ تاشلاندى. ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلماسلىق فاكتىنى قوللىنىپ، سادامنىڭ ئىسرائىلىيەنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئىراققا قارشى ئىتتىپاقىنى بۇزۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. ئىراق ئايروپىلانلىرى ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئىرانغا بېرىۋالغىنىدا، ئىران تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى دۆلەتلەر داۋاملىق تىنچلىق يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىنى بەردى. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىراق خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 660 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، كۇۋەيتتىن شەرتلىك قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا

ئىراقنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئەزىز موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پىرېزىدېنتى گورباچېف بىلەن سۆھبەتلەشتى. 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۆت نۇقتىلىق تىنچلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكىغا يەر يۈزىدىن قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى كېچىكتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى. 22 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىراقنىڭ قوشۇن چېكىندۈرۈش لايىھەسىنى، يەنى بىر كۈن ئۇرۇش توختاتقاندىن كېيىن ئىراقنىڭ كۇۋەيتتىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە باشلاپ، 21 كۈندە تولۇق چېكىنىپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىراق، ئامېرىكا بۇ لايىھەدە ئىراققا بەك كەڭچىلىك قىلىندى، دەپ قارىدى. پىرېزىدېنت بۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشىنى رەت قىلىپ، ئىراقنىڭ قوشۇن چېكىندۈرۈشىدىكى ئاخىرقى مۆھلەت — گرېنۋىچ ۋاقتى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىراق ئامېرىكىنىڭ «ئۇلتىماتۇم» ى نومۇسسىزلارچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دەپ رەت قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شۇ يەر ۋاقتى سائەت تۆتتە ئامېرىكىنىڭ ئاخىرقى مۆھلىتى ئۆتۈپ سەككىز سائەتتىن كېيىن، كۆپ دۆلەت قىسىملىرى تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ئىراققا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا، ئىراق ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسى تېزلا بۆسۈلۈپ كەتتى. كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ئۇياقتىن شەپە بېرىپ بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، زور تۈركۈم قوشۇننى غەربتىكى سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىراق چېگراسىغا يوشۇرۇن يۆتكەپ، ئىراقنىڭ جەنۇبىغا غەربىي سەپتىن تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئىراق ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىش يولىنى قامال قىلىۋالدى ھەم جەنۇب تەرەپتىن كۇۋەيتكە كىرگەن ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ

قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى بىلەن جەنۇب، شىمالدىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك ئىراق ئارمىيەسىنى قورشاۋغا ئېلىپ، يوقىلىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. ئىراق ئىلاجسىزلىقتىن 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئىراقتىن شەرتسىز قوشۇن چېكىندۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 27 ـ كۈنى سەھەردە ئىراق ئارمىيەسى كۇۋەيتتىن تولۇق چېكىنىپ چىقتى. ئىراق ئارمىيەسى تەرىپىدىن يەتتە ئاي ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان كۇۋەيت ئازاد بولدى. 28 ـ كۈنى ئامېرىكا ئۇرۇش توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، كۆپ دۆلەت قىسىملىرى جەڭنى توختاتتى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن تېز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان پارس قولتۇقى كرىزىسى دۇنيا ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى ۋە ئامېرىكا ھەربىي كۈچىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ كۈچى زورىيىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئىراقنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كۇۋەيتنى قوشۇۋېلىش قىلمىشى رايون زومىگەرلىكىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىراقنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ كۈچ سېلىشتۇرما ئەندىزىسى يېڭىدىن بۆلۈندى ۋە قايتىدىن تەشكىللەندى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرق رايونى تەرتىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا، ئەرەب ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى غەربكە مايىل ئەرەب ئەللىرى بىلەن غەربكە قارشى ئەرەب ئەللىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئىراقنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشى ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قوللاپ كەلگەن ئىراقنىڭ مۈشكۈل ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن

ئىسرائىلىيەگە پايدىلىق ئىدى. ئۇرۇش كۇۋەيت بىلەن ئىراققا ئىنتايىن زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈردى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ئىشلىرى تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىدى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى دۇنيا يېڭى ئەندىزىسى ۋە خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ ئورنىتىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى بولسا بىراقلا ئاجىزلاشتى. ئامېرىكىنىڭ ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق سۆھبىتى ۋە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىدىكى تەسىرى ۋە رولى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشتى.

**ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە سۆھبىتى ۋە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى**

پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ يادروسى، پەلەستىن مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش، ئاساسلىقى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى، يەنى ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان. 1947 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چىقارغان پەلەستىننى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئايرىپ ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى قارار ئىشقا ئاشمىغانلىقتىن، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش پارتلىدى. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىسرائىلىيە پۈتكۈل پەلەستىننى ئىگىلىۋالدى ھەمدە قوشنا ئەرەب ئەللىرىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بىراق، ئۇرۇش ئارقىلىق تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىدى، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيەدىن ھەر

ئىككىلا تەرەپتە ئۆلگەن، يارىلانغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى ھەم نۇرغۇن زىيان تارتتى. دېمەك قورال كۈچىگە تايىنىپ قارشى تەرەپنى يوقاتقىلى بولمىغانلىقىنى ئاز دەپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمىدى.

70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئەرەب ـ ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 1973 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن، مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىپ، تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە يول ئاچتى.

80 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئاز ـ تولا ئىلگىرىلەپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن بەزى ئەرەب ئەللىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش بولدى. ئارافات قوراللىق كۈرەشكە تايىنىپ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى «ئوتتۇرا دېڭىزغا قوغلىۋەتكىلى» بولمايدىغانلىقىنى، ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىننى ئازاد قىلغىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۈنسايىن تونۇپ يەتتى. بەزى ئەرەب ئەللىرى ئىسرائىلىيەگە قارىتىلغان ئىستراتېگىيەسىنى تەڭشەشكە كىرىشتى. 1982 ـ يىلى فېستا ئېچىلغان ئەرەب ئەللىرى باشلىقلار يىغىنىدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇچراشماسلىق، سۆھبەتلەشمەسلىك، ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچنى قىلماسلىق سىياسىتى» ئۆزگەرتىلدى. 1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 242 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى



www.uyghurkitap.com

ئېتىراپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيەمۇ ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگىنى بىلەن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىنىڭ رەھىمسىز پاكىتى ئىسرائىلىيەلىكلەرگە خەۋپسىزلىكنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپلا ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. 1987 ـ يىلىدىن بېرى ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندا پەلەستىنلىكلەرنىڭ توختىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئىسرائىلىيە جەمئىيىتىنى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى. ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشى پەلەستىنلىكلەرنى تىز پۈكتۈرەلمىدى.

90 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن دۇنيا ئەندىزىسى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە غايەت زور يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىقتىسادىي ئامىلىنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى رولى كۈچىيىپ، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى ھەربىي ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىش كونسايىن سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئورۇن بوشاتتى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغانلىقتىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى چوڭ ئىدى، شۇڭا خەلقئارا جەمئىيەت، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. 1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ئۆزى ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان «ئوتتۇرا شەرق يېڭى تەرتىپى» نى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق سۆھبىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئاخىر ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىدىكى يېڭى سۆھبەت مۇساپىسىنى باشلىدى.

بىراق، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىدە يول تولىمۇ

ئەگرى ـ توقاي ئىدى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا ئەرەب ـ ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئىسپانىيەنىڭ پايتەختى مادرىتتا ئوتتۇرا شەرق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ئەرەب ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىكى مۇھىم رول ئوينىغۇچى بولغان پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇلمىغاچقا، سۆھبەت قاتتىق مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلدى. بۇ قېتىم 22 ئاي داۋاملاشقان 10 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا شەرق سۆھبىتىدە ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى.

1992 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەرەبلەر بىلەن سۈلھىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسرائىلىيە لېيبورىستلار پارتىيەسى ئوڭ قانات لىكۇد گۇرۇھىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى، رابىن باش مىنىستىر، پېرېس دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولدى. رابىن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تىنچلىقپەرۋەر كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، «زېمىنغا تىنچلىق تېگىشىش» ئۈچۈن، «باشقىلارنى ئاربلاشتۇرماستىن، ئۆز ئالدىغا، مۇستەقىل ئىش كۆرۈش» ئاساسىدا ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بىر تەرەپتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەدبىر قوللىنىپ ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن نورۋېگىيەنىڭ قىزغىن ياردىمىدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى. مەخپىي سۆھبەت 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاخىر نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلودا بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى ھەمدە غەززا ـ جېرىكودا ئاۋۋال ئاپتونومىيە يولغا قويۇش لايىھەسى تۈزۈلدى. بۇ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىدىكى ماھىيەتلىك بۆسۈش ھېسابلىناتتى.

1993 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پەلەستىن بىلەن

ئىسرائىلىيە ۋاشىنگتوندا «ئىشغال قىلىنغان زېمىن پەلەستىندە ۋاقىتلىق ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىرىنسىپال خىتابنامە» نى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە غەززا - جېرىكودا ئاۋۋال ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئىككى تەرەپ بىردەك يوسۇندا «ئەمدى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى قارشىلىشىش ۋە توقۇنۇشقا خاتىمە بېرىپ، قارشى تەرەپنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىپ، تىنچ بىللە تۇرىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە بىخەتەر بولغان تۇرمۇش مۇھىتىنى تىرىشىپ يارىتىش ھەمدە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتكەن سىياسىي مۇساپە ئارقىلىق ئادىل، سىجىل ۋە ئومۇميۈزلۈك تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان تارىخىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» دەپ قارىدى. پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئورۇشتىن تىنچلىققا يۈزلىنىشىگە يېڭى يول ئېچىپ بەرگەچكە، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ كېلىشىم خەلقئارانىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەم ئەرەب - ئىسرائىلىيە كۆپ تەرەپلىك سۆھبىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەرەب ئەللىرى پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كېلىشىمىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، بەس - بەستە ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىش يولىغا ماڭدى. پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كېلىشىمى ئىمزالانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى باش مىنىستىر رابىن ماراكەشتە زىيارەتتە بولۇپ، ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئارقىدىنلا يەنە مىسىردا زىيارەتتە بولۇپ، پرېزىدېنت مۇبارەك بىلەن سۆھبەتلەشتى. پەلەستىن - ئىسرائىلىيە كېلىشىمى ئىمزالانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىيوردانىيە بىلەن ئىسرائىلىيەمۇ ۋاشىنگتوندا ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ رامكا

www.uyghurkitap.com

كېلىشىمنى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەلەستىنىدىكى ئەرەبلەر ئالدى بىلەن غەززا ۋە جېرىكو رايونىدا ئاپتونومىيە لايىھەسىنى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈردى.

1994 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە مىسىر پايتەختى قاھىرەدە غەززا ـ جېرىكودا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. قاھىرە كېلىشىمىدە غەززا بىلەن جېرىكونىڭ ئاپتونومىيە ئورنى رەسمىي جەزملەشتۈرۈلدى. 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پەلەستىن ساقچىلىرى ئاپتونوم رايونغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەنىڭ ئورنىنى ئالدى. 7 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئارافات غەززاغا قايتىپ كەلدى، پەلەستىنىنىڭ ئاپتونومىيە رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىشقا كىرىشتى. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىندە ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشتىكى بىرىنچى باسقۇچى ئاساسەن تاماملاندى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىيوردانىيە رەھبىرى بىلەن ئىسرائىلىيە رەھبىرى ۋاشىنگتوندا بىرلەشمە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك توقۇنۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ نىشانى «ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەر ئارىسىدا ئادىل، سىجىل ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئايدا ئىيوردانىيە بىلەن ئىسرائىلىيە رەسمىي تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزدى ھەمدە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

1995 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە مىسىرنىڭ تەبەدە مۇشەققەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پەلەستىنىنىڭ ئاپتونومىيە دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان تەبە كېلىشىمىنى ھاسىل قىلىپ، 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى

يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، پەلەستىننىڭ ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى 90% زېمىنىنى تىزگىنلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بىرىنچى باسقۇچتا، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى جەنىن، نابلۇس، تۇلكەرم، قەلقىلىيە، رام ئاللاھ، بېلېخېمدىن ئىبارەت ئالتە شەھەر ۋە ھىبروننىڭ قىسمەن رايونلىرى ھەمدە 450 يېزا، بازاردىن چېكىنىپ چىقىدىغان بولدى، بىراق ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى غەربىي قىرغاقتا ئولتۇراقلاشقانلار ئۆتىدىغان تاشيولنى داۋاملىق تىزگىنلىدى ھەم غەربىي قىرغاقتىكى يەھۇدىيلار مەھەللىسىنى قوغداپ تۇرىۋەردى. بۇ باسقۇچقا تەخمىنەن ئالتە ئاي ۋاقىت كېتەتتى. باشقا مۇھىم مەسىلىلەر، مەسىلەن، يېرۇسالېمنىڭ ئورنى، يەھۇدىيلار مەھەللىسى ۋە پەلەستىن مۇساپىرلىرىنىڭ تەقدىرى 1996 - يىلى 5 - ئايدىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتتە قارار قىلىنىدىغان بولدى. ئاخىرقى كېلىشىم ئىككى يىلدىن كېيىن كېلىشىپ بېكىتىلىدىغان بولدى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ۋاشىنگتوندا تەبە كېلىشىمگە بىرلىكتە ئىمزا قويدى.

1993 - يىلىدىكى ئوسلو خىتابنامىسى ۋە 1995 - يىلىدىكى تەبە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، «زېمىنغا تىنچلىق تېگىشىش» تەشەببۇسى كۈنسايىن رېئاللىققا ئايلاندى. بىراق، بۇ ئىككى كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى يەھۇدىيلار مەھەللىسىدە تۇرۇۋاتقان كۆچمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ يەھۇدىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تېخىمۇ بىر يەردىن چىقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىسرائىلىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. يەھۇدىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى تىنچلىق مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىنى تىنچلىق مۇساپىسىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرتكە بولۇۋاتقان ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى

رابىنغا مەركەزلەشتۈردى. 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رابىن تېل ئاۋىۋدىكى پادىشاھ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن تىنچلىق يىغىلىشىدا بىر يەھۇدىي ئەسەبىي ئۇنسۇر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قاتىل يىگال ئامىر نەق مەيداندا تۇتۇلدى. 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىسرائىلىيەلىك ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ ئەزىمەتكە ئېھتىرام ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى، بەزى ئەرەب ئەللىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ رەھبىرى يېرۇسالېمدىكى خېرزل تېغىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشتى.

باش مىنىستىر رابىنىنىڭ قەستكە ئۇچراپ قازا قىلىشى بىلەن ئىسرائىلىيە ۋەزىيىتى ۋە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى مۇشكۈلاتقا دۇچار بولدى. رابىن قازا قىلغاندىن كېيىن، دىپلوماتىيە مىنىستىرى پېرېس بۇيرۇققا بىنائەن ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، رابىنىنىڭ قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ھەم ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە داۋاملىق تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تەبە كېلىشىمى ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى جەنىن، ھېبرون ۋە ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر نابۇلۇستىن ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ چىقتى. سۈرىيەمۇ ئامېرىكىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسرائىلىيە بىلەن ئىيوردانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ مۇقىم تەرەققىي قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى.

1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پەلەستىن ئاپتونومىيە ئاپپاراتى ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزدى، ئارافات ۋە تىنچلىق سۆھبىتىنى

تەشەببۇس قىلىدىغان مۆتىدىللەر كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن غەلىبە قىلدى. ئىسلام رادىكال مەزھىپىنىڭ سىياسىي تەشكىلاتى بولغان خاماس① ۋە باشقا بەزى رادىكال گۇرۇھلار بۇ قېتىملىق سايلامغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

بىراق، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولدى. 1996 - يىلى 5 - ئايدا باشلاش مۆلچەرلەنگەن پەلەستىن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك سۆھبەت ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. پەلەستىن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاخىرقى ئورنى، پەلەستىن مۇساپىرلىرى، يەھۇدىيلار مەھەللىسى ۋە يېرۇسالېمنىڭ تەۋەلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ چوڭ بولدى. سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ سۆھبىتى ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچ بولۇپ، سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈنۈملۈك بولسىلا، لىۋانمۇ تېزلىكتە سۈرىيەگە ئەگىشەتتى. بىراق، ئىككى تەرەپنىڭ گولان ئېگىزلىكىنى تالىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلماق تەس ئىدى. سۇ بايلىقىنى تىزگىنلەش ۋە سۇ تەقسىماتىمۇ پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. ئىسرائىلىيە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ 1/3 ى، ئىچىدىغان سۇنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يەر ئاستى سۇ ئامبىرىدىن كېلىدىغان بولۇپ، پەلەستىنلىكلەر ھەر يىلى يەر ئاستى سۇ ئامبىرىدىن تارتىلغان ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 1/4 نىگىلا ئىگە بولالايتتى.

① خاماس، يەنى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى 1987 - يىلى 7 - ئايدا غەززا رايونىدا قۇرۇلغان. ئۇ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە خەير - ساخاۋەت، قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى بولۇش بىلەن بىللە يەنە سىياسىي تەشكىلات. ئۇ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن چىقىشالمايدىغان، ئىسرائىلىيەگە نىسبەتەن غازات قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان بولۇپ، پەلەستىندىكى ئاساسلىق ئەسەبىيچىلىك تەشكىلاتىدۇر.

پەلەستىن تەرەپ شۇ جايىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئاپتونومىيە دائىرىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق سۆھبىتى خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەر، مەسىلەن، مىسىر، ئىيوردانىيە ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، ئەمما سۈرىيە، ئىران، لىۋىيە نارازىلىقىنى بىلدۈردى ياكى قارشى چىقتى، پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب ئەللىرى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى. ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرىنىڭ 1967 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى چېگراغا چېكىنمەيدىغانلىقى ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ يېرۇسالېمغا نىسبەتەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۈچلۈك تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى.

پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قارشىلىق كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. ئوسلو كېلىشىمى ۋە تەبە كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى يەھۇدىي ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ «بۈيۈك ئىسرائىلىيە» قۇرۇپ چىقىش خام خىيالىنى بۇزۇۋەتكەچكە، ئىسرائىلىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىلەن ئوڭ قانات كۈچلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارشىلىق گەۋدىلىك بولدى. لىكۇد گۇرۇھى قاتارلىق ئۆكتىچىلەر لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەسلىك لايىھەسىنى قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. پەلەستىن ئىسلام ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەشكىلاتى بولغان خاماس پەلەستىن ئاپتونومىيە ئاپپاراتىغا توسقۇنلۇق قىلدى ھەم كۆپ قېتىم پارتلىتىش تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى، بۇ ئىش تۈپەيلىدىن پېرېس

بىلەن ئارافات يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدىغان مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالدى ھەم بۇ ئىش لىكۇد گۇرۇھىنىڭ يېڭىباشتىن تەختكە چىقىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى لىۋان ئاللا پارتىيەسى پارتىزانلىرى① ئەترىتىنىڭ ئىسرائىلىيەگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىۋانغا ئۇدا 16 كۈن ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە يۈز ئادەمنىڭ يارىلىنىشى ۋە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاددىي پۇقرالار ئىدى. بۇ ئىش ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە لىيبورىستلار پارتىيەسىنى 5 ـ ئايدىكى سايلامدا ئەرەب قانداشلىقىدىكى ئىسرائىلىيە سايلىغۇچىلىرىنىڭ سايلام بېلىتىدىن مەھرۇم قىلدى. نەتىجىدە، 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي سايلامدا لىيبورىستلار پارتىيەسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

بۈگۈنكى دەۋر ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ خىرىسى بۈگۈنكى دەۋردە ئىسلام دىنى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئىسلام دۇنياسى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن كۆپ ئۆزگەردى. 60 ـ يىللاردا ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى بەلگە قىلغان بۇ ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كەڭ رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىگە بارغانسېرى زور زەربە شەكىللەندۈردى.

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى تاسادىپىي

① لىۋان ئاللا پارتىيەسى پارتىزانلىرى ئەترىتى 1982 ـ يىلى ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئىسرائىلىيەگە قارشى ھەربىي تەشكىلات بولۇپ، تايانچ جەڭچىسى نەچچە مىڭغا يېتىدۇ، بۇلار ئىران ۋە سۇرىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

www.uyghurkitap.com

ئىش ئەمەس. ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىجتىمائىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەرگەن، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان، جەمئىيەت ئەزالىرى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋە ئۇنى چۈشەنمىگەن چاغلاردا، ھەمىشە «قۇرئان كەرىم» گە قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل دىنىي ساپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتنىڭ تايانچ كۈچى ئەسلىيەتچىلىكنى تۇغ قىلغان بولىدۇ.

ئىسلام ئەمەلىيەتچىلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ئەقىدىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» لەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك تۈزۈمنى روياپقا چىقىرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق بىدئەت تەلىماتلار ۋە تاشقى تەسىرنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى نوقۇل ھالدىكى ئىسلام ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولماستىن، ماھىيەتتە بىر مەيدان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تۈسىدىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدۇر.

ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ سىياسىي ھەرىكىتى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا باشلانغان. يېقىنقى زامان ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بەرپاچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب تەۋھىدلىق (بىر خۇدالىق) نەزەرىيەسىگە ئىخلاس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» تىن چەكلەنگەن دىنىي مۇراسىم ۋە ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇراتتى، ئىسلامىيەت جەمئىيىتىگە قايتىپ، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاددىي - ساددا ھالەتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلاتتى. سىياسىي جەھەتتە ئوسمانىيە

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ ھەرىكەت «ۋەھھا - بىيە ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى، دىنىي ئېقىم نۇقتىسىدىن «ۋەھھابىيە ئېقىمى» دېيىلدى. بۇ ھەرىكەت نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى، ئابدۇل ۋەھھاب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبنى سەئۇدى ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇردى ھەم ئاخىردا سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سۇداندا مەھدى ھەرىكىتى باش كۆتۈردى. بۇ ھەرىكەت پاك ئىسلام دىنىنى چاقىرىق قىلىپ، ئوسمانىيە سۇلالىسى ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەم 1885 - يىلى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدىلەشكەن مەھدى دۆلىتىنى قۇردى. يېقىنقى زامان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە چىققان ئەرەب مىللىي روھىنى نامايان قىلدى، شۇڭا سىياسىي جەھەتتە ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئازادلىق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى يېقىنقى دەۋردىكىگە ئوخشاشلا ئەسلىيەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدۇر، بىراق كۆلەم ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ ھەرىكەتكە ئوخشىمىغان دەرىجىدە قاتناشقانلىقتىن، ھەرىكەت كەڭ خەلقئارا كۆلەمگە ئىگە بولدى، ھەتتا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە دەھرىيلەشكەن دۆلەتلەردىمۇ ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان سادالار كۈنسايىن ئەۋجگە چىقتى؛ ئىككىنچىدىن، ھەرىكەت مەزمۇنىدا دىنىي ئېتىقادلا ئەكس ئەتكۈزۈلۈپ قالماي، بەلكى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئىپادىلەندى. ئىسلاملىشىش ھەر قايسى تەرەپلەرگە

چوڭقۇر سىڭىپ كىردى.

1979 ـ يىلىدىكى ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن، خۇمەينى ئىراننى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدىلەشكەن ئىسلام دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى يېتەكچى قىلىپ، «ھەق تەلەپ، خۇسۇسىي ئىشلارغا ئائىت بارلىق قانۇنلار، مەمۇرىيەت، پۇل مۇئامىلە، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي ۋە باشقا بارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى چىقىرىشتا ئىسلام دىنى ئۆلچەم قىلىنىدۇ» دەپ جاكارلىدى. خۇمەينى سىستېمىلىق ھالدا بىر يۈرۈش «ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى يېتەكچى مىزان بولۇش بىلەن بىللە ئىجتىمائىي، سىياسىي نەزەرىيە ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىران ئەسلىيەتچىلەر قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ رېئال ئەندىزىسى» بولۇپ قالدى. خۇمەينى رەھبەرلىك قىلغان ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىراننى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

دىنىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي پىروگراممىا جەھەتتە بۈگۈنكى زامان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ نۇرغۇن ئورتاقلىقلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەزھەپ، ئېقىملىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن كۆپ، ھەرقايسىسىنىڭ سىياسىي نىشانى ۋە پائالىيەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. رادىكال مەزھەپلەرمۇ، مۆتىدىل مەزھەپلەرمۇ بار. رادىكاللار ھازىرقى ھاكىمىيەتكە قورال كۈچى ئارقىلىق زەربە بېرىش ياكى ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىش، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىنمۇ يانمايدۇ. مۆتىدىللار بولسا تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇش شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھاتنى ئىشقا

ئاۋشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە لايىقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار تەشۋىقاتنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەم يېزا ـ كەنت، مەھەللە ۋە چەت ـ ياقا رايونلارغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئاۋامنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىكى قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. يەنە بەزى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى پارتىيە تەشكىللەپ، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، قانۇنلۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق پارلامېنتنى تىزگىنلەپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

80 ـ يىللاردىن بېرى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك كۈچلىرى كۈنسايىن راۋاجلاندى. بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى خەلقئارا ئەندىزىدە غايەت زور ئىدىيەۋى ۋە سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا شەرق، جۇملىدىن پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈنسايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

1989 ـ يىلى سۇدان ئەسلىيەتچىلىك تەشكىلاتى بولغان سۇدان مەملىكەتلىك ئىسلام فىرونتى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئىسلام ئىنقىلابىنى تەرغىب قىلىشتا ئىراندىن باشقا يەنە بىر مۇھىم پائالىيەت بازىسىغا ئايلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش پائالىيەتلىرى ئەۋج ئالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى چېكىنىپ چىققان ۋە نەجىبۇللاھ ھاكىمىيىتى غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىنكى ئافغانىستان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ پائالىيەت رايونىغا ئايلىنىپ، 1992 ـ يىلى ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئەمەلىيەتچىلەر شىمالىي ئافرىقىدىمۇ شىددەت بىلەن ئۇلغايدى. ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش فىرونتى «ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ كېرىكى يوق، (قۇرئان كەرىم) نىڭ يولىنى تۇتساقلا كۇپايە» دەيدىغان شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مۇسۇلمان دۆلىتىدە

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن ئاممىنى جەلپ قىلدى. 1991 - يىلى 12 - ئايدىكى تۇنجى قېتىملىق كۆپ پارتىيەلەر سايلىمىدىكى بىرىنچى نۆۋەتلىك بېلەت تاشلاشتا، پارلامېنتتىكى 231 ئورۇننىڭ 188 ىگە ئېرىشىپ، 30 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مىللىي ئازادلىق فىرونتىنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا تاسلا قالغاندا ھەربىي تەرەپنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى ھەم سايلام بىكار قىلىندى. بىراق، ئۇ مەخپىي پائالىيەتكە ئۆتۈپ، تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالجىرىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەشۋىش ئىچىدە قويدى. مىسىردا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بىلەن دەھرىي ھاكىمىيەت ئىزچىل تىركىشىپ كەلدى. ناسىر ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدىلا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى «مىسىرنى ئىسلاملاشتۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پىرېزىدېنت سادات 1981 - يىلى 10 - ئايدىكى ھەربىي پاراتتا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. پىرېزىدېنت مۇبارەك ئىسلام رادىكال ئۇنسۇرلىرىنىڭ قەستىگە كۆپ قېتىم ئۇچرىدى. 90 - يىللاردىن بېرى مىسىردىكى ئەسلىيەتچىلەر كۆپ قېتىم زوراۋانلىق ۋەقەسى پەيدا قىلدى، «غازات تەشكىلاتى»، «يېڭى غازات ئاۋانگارتلىرى» قاتارلىق ئەسلىيەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ئارمىيەگە سىڭىپ كىرىپ ئەزا قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش، نوقۇل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

پەلەستىندە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك تەشكىلاتى «خاماس» ھۆمەينى نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، بارلىق تاشقى تەسىرلەرنى تۈگىتىش، ھەقىقىي ئىسلاملاشقان جەمئىيەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خاماس پەلەستىننى ئازاد قىلىش يولىدا «غازات» قىلىپ، ئىسرائىلىيەنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتىپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئىيوردان دەرياسىغىچە بولغان زېمىندا پەلەستىن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى تىنچلىق سۆھبىتىگە قارشى تۇردى ھەم ئىسرائىلىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋە كېلىشىم ئىمزالاشنى ئاسىيلىق دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلار تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

بۇلاردىن سىرت، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كەڭ رايونلارغا كېڭەيدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى لىۋان ئاللا پارتىيەسى، تۈركىيەدىكى ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى ۋە ئىسلام پاراۋانلىقى پارتىيەسى، سۈرىيە، ئىيوردانىيە، ئىراقتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى، ئىسلام غازات تەشكىلاتى، ئىسلام جەمئىيىتى ياكى ئالىي كومىتېتى؛ ئافرىقىنىڭ نىگېرىيەدىكى ئافرىقا ئىسلام تەشكىلاتى، ماۋرىتانىيەدىكى مىللىي پارتىيە، تۇنىستىكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى، ماراكەشتىكى ھەققانىيەت ۋە خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتى؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاجىكىستاندىكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش پارتىيەسى؛ جەنۇبىي ئاسىيانىڭ پاكىستاندىكى ئىسلام دىنىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ مالايسىيادىكى ئىسلام پارتىيەسى، ھىندونېزىيەدىكى ئىسلام ھەقىقىتى پارتىيەسى قاتارلىقلار پائال ھەرىكەت قىلماقتا. ئەسلىيەتچىلىك ئىراننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىئەلەردىلا ئاساسىي يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ قالماي، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلىگەن سۈننىيلەردىكى تەسىرىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا.

ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى خەلقئارا جەمئىيەتكە جەڭ ئېلان قىلدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچىمىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، بەزى

دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلەتتى، بۇ ئىش ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، غەرب بىلەن قارشىلىشىش تەشەببۇسى بۇ دۆلەتلەردە خېلى بازار تاپتى. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھاكىممۇتلەقلىقى، مۇستەبىتلىكى، ھۆكۈمرانلىق يۇقىرى قاتلىمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىشى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى دىتسىزلىقى، سىياسەت چىقىرىشتىكى سەۋەنلىكىمۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى تەشەببۇس قىلغان «مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش، باي، كەمبەغەللەر باراۋەر بولۇش» شوئارى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئارىسىدا خېلى زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇلاردىن سىرت، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى دەھرىي ھۆكۈمەتلەر يولغا قويغان غەربلەشتۈرۈش سىياسىتى ئەنئەنىۋى ئىسلام مەدەنىيىتىگە زىت كېلىدىغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم» گە قايتىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى ساپلاشتۇرۇش تەشەببۇسىمۇ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى جەلپ قىلدى. شۇڭا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، پائالىيىتى كۈنسايىن جانلىنىپ، ھازىرقى دەھرىي ھۆكۈمەتكە قاتتىق خىرىس قىلدى. 90 ـ يىللاردا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنيا سىياسىيسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى ھەم دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ باردى. بىراق، نۆۋەتتىكى ئىسلام دۇنياسىدا يەنىلا دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن مۆتىدىللەر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 4 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆزۈلۈشىدىن كېيىنكى ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە دۇنيا ئەندىزىسىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئافرىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

بىرىنچىدىن، كۆپ پارتىيە تۈزۈمى دولقۇنى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك تۈردە بىر پارتىيە تۈزۈمىدىكى سىياسىي تۈزۈلمىنى قوللىنىپ كەلگەنىدى، بۇنداق تۈزۈلمە تارىختا ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ھوقۇق زىيادە مەركەزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شەخسنىڭ ھاكىمmۇتلەقلىقى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشىدەك نۇقسانلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تەدرىجىي زورىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇنداق تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىش سادالىرى كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان ۋەزىيەتتە، سوتسىيالىزم ھەرىكىتى دولقۇنى پەسىيىپ، ئافرىقىدىكى سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشنى تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم سىياسىتىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاز كەچتى. ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ياردەم ۋە قەرز پۇل بېرىشنى توختىتىش شەرتى بىلەن ئافرىقا ئەللىرىنى غەرب ئەندىزىسىدىكى «كۆپ پارتىيەلىك

دېموكراتىك تۈزۈم» نى يولغا قويۇشقا قىستىدى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئافرىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئالدى بىلەن كونگو، بېنىن قاتارلىق ئەسلىدىكى رادىكال ئافرىقا دۆلەتلىرى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى، سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىدىغانلىقى، پارتىيەلەرگە قويۇلىدىغان چەكلىمىنى بىكار قىلىپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىگە ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇزاقتىن بېرى بىر پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلگەن كېنىيەمۇ 1991 ـ يىلى كۆپ پارتىيە تۈزۈمىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. تانزانىيەدە كۆپ سانلىق كىشىلەر بىر پارتىيە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، بىراق تانزانىيە رەھبەرلىرى ئىچكى ـ تاشقى بېسىم ئاستىدا يەنىلا كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر ئافرىقىدىكى كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان دۆلەت 41 گە يېتىپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي تۈزۈلمىسى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە بۇرۇلۇش بولدى. ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئافرىقا سوتسىيالىزمىدىن ئىبارەت بۇ يولنى تاللاپ، پىلانلاشتۇرۇش، ئومۇم ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى يولغا قويغانلىقتىن، دۆلەت ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇردى. بۇ ئىش ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى. مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئافرىقا ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە ئاشتى. بىراق، دۆلەت ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ پاسسىپ رولىمۇ كۆنسايىن ئاشكارىلاندى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ 80 ـ يىللاردا ئافرىقا ئىقتىسادى

بارغانسېرى مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. كەسكىن ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە ئافرىقىدىكى بەزى ئەللەر دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى ھەم نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىقتىسادىنى تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، بازارلاشتۇرۇش، ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە نىشانى قىلدى. 90 ـ يىللاردا بۇنداق ئىقتىسادىي ئىسلاھات داۋاملاشتۇرۇلدى.

كۆپ پارتىيەلىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ دولقۇنى ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرگە مۇقىملىق ئېلىپ كەلمەستىن، ئەكسىچە ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى تېزلىكتە كەسكىنلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلغانلىقتىن، ئىقتىسادىي كىرىزىس ئېغىرلاپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۆكسۈمەي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر كۆپ يۈز بەردى. ئۇن نەچچە دۆلەتتە ھاكىمىيەت ئالمىشىپ، ئافرىقىلىق نەچچە مىليون مۇساپىر يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلدى. غەرب مۇخبىرلىرى چۆچۈگىنىدىن ئافرىقىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، دېيىشتى، نۇرغۇن دۆلەتلەردە «مۇستەقىل بولغان چاغدا تۇنجى ئەۋلاد رەھبەرلەر قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ يوققا چىقتى».

كۆپ پارتىيەلىك دېموكراتىيەلەشتۈرۈش دولقۇنىنىڭ دەسلىپىدە ئافرىقىدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار غەربنىڭ دېموكراتىيە ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە قارىتا باشقىچە پىكىردە بولدى. ئازابلىق كەچۈرمىش ئافرىقىدىكى نۇرغۇن رەھبەرلەرگە سىياسىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئېھتىياج بولسىمۇ، غەربنىڭ دېموكراتىيە ئەندىزىسىنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كەلگەندە ئافرىقىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 1991 ـ يىلى چاقىرىلغان 26 ـ نۆۋەتلىك ئافرىقا

www.uyghurkitap.com

بىرلىكى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىنىڭ خىتابنامىسىدە: ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر «ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممىتى ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق» دېيىلدى.

ئافرىقىغا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى ياغدۇرغان كۆپ پارتىيەلىك دېموكراتىيەلەشتۈرۈش دولقۇنى 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاساسەن ئۆتۈپ كەتتى، كۆپ يىللىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، بولۇپمۇ ئىچكى ئۇرۇش بولغان دۆلەتلەردە تىنچلىققا ئىنتىلىش ۋە مۇقىملىقنى تەلەپ قىلىش سادالىرى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات ئافرىقا ئەللىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. ئاز ساندىكى ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن جەنۇبىي ئافرىقا ئەسلىدە ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئۇ ئافرىقىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپ ئامىل بولۇپ قالدى.

90 - يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1990 - يىلى 2 - ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى، پانئافرىقىزم قۇرۇلتىيى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پەرتىيەسىگە قارىتىلغان چەكلەش پەرمانىنى بىكار قىلدى، نېگىرلار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيسى نېلسون ماندېلا ئەركىنلىككە چىقتى. 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 1990 -

يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى بىلەن سوۋېتلەشىشكە باشلىدى. تۇنجى نۆۋەتلىك سۆھبەتتە بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش نۇقتىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. 8 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى جىددىي ھالەتنى بىكار قىلىشقا قوشۇلۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي جىنايەتچىلىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ قويۇپ بەردى، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىغا ئەزا خادىملارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى، سىياسىي پائالىيەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن خەۋپسىزلىك قانۇنىغا داۋاملىق قاراپ چىقتى، ۋەھاكازا. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى قوراللىق كۆرەشنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتى ئىرقچىلىققا ئائىت قانۇنلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىكار قىلىشقا باشلىدى ھەم قانۇنلاردىكى ئىرقچىلىققا دائىر مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى. بۇ قانۇن، پەرمانلارنىڭ بىكار قىلىنىشى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىشتىكى مۇھىم قەدەم بولۇپ قالدى.

1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى مەملىكەتلىك قۇرۇلتايىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىردى، ماندېلا يېڭى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزالىرى كۆپىيىپ 700 مىڭ كىشىگە يەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ نىشانى ئىرقچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن جەنۇبىي ئافرىقا جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش ئىدى، بىر ئادەم بىر بېلەت تاشلاشتەك سايلام پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دې كلېرك باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى

سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق نېگىرلارغا مۇئەييەن ھوقۇق بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاق تەنلىكلەرنىڭ كەڭ دائىرىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھوقۇقنى ئىرقىي گۇرۇھنى ئاساس قىلىپ ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە يەنىلا ئېغىر ئىختىلاپ ساقلاندى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ چېكىرادىن ئاشقان ئوڭچى كۈچلىرى يەنىلا نېگىرلار بىلەن باراۋەر سۆھبەتلىشىشكە قارشى تۇردى، ئۆكتىچىلەر پارتىيەسى بولغان جەنۇبىي ئافرىقا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى يەنىلا ئىنتايىن جانلىق پائالىيەت قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا ساقچىلىرى نامايىش قىلغان نېگىرلار ئاممىسىنى داۋاملىق باستۇردى، زوراۋانلىق توقۇنۇشى ۋەقەلىرى ئازىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۆپىيىپ كەتتى.

بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش قەدىمىنى كەينىگە ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتى بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى بولغان «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يەر قانۇنى»، «گۇرۇھ بولۇپ ئولتۇراقلىشىش قانۇنى» ۋە «نوپۇس تىزىملاش قانۇنى» نى بىكار قىلدى. شۇ تەرىقىدە 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە ئىرقچىلىقتا ئائىت جەمئىي 80 دىن ئارتۇق قانۇن بىكار قىلىنىدى، 140 تۈرلۈككە يېقىن پەرماندىكى ئىرقچىلىق مەزمۇنلىرى چىقىرىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمىگە قانۇن جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى.

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا دىنىي جەمئىيىتى بىلەن ئوقەتچىلىك ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى پارتىيەلەرنىڭ مەملىكەتلىك تىنچلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا پرېزىدېنتى دې كلېرك،

ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ماندېلا، ئىنكاتخا لىبېراللىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى بۇتخېلېرى ۋە باشقا 20 سىياسىي تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى نىگېرلارنىڭ شەھەر، بازارلاردىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا خاتىمە بېرىدىغان «تىنچلىق كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش سۆھبەت باسقۇچىغا كىرىش ئۈچۈن يول سالدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - ، 21 - كۈنلىرى دې كلېرك ھۆكۈمىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى باشچىلىقىدىكى 19 پارتىيە، تەشكىلات بىلەن جوھاننېسبۇرگدا دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پىرىنسىپى، مېخانىزمى ۋە ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى مەمۇرىي ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، مۇددىئا باياناتى ئىمزالىنىپ، يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئومۇمىي سايلام ئاساسىدا كۆپ پارتىيەلىك دېموكراتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى جاكارلاندى.

دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ماھىيەتلىك ئاساسىي قانۇن چىقىرىش سۆھبەت باسقۇچىغا كىرىشكە ئەگىشىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇچىغا چىققان ئوڭچى كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە توسقۇنلۇقىمۇ كۈچىيىپ باردى. 1992 - يىلى 9 - ئايدا ئامانلىق ساقلاش قىسمى نامايىش قىلغان نېگىر ئاممىسىغا زەربە بېرىشتەك «سىسكېي پاجىئەسى» يۈز بېرىپ، 28 ئادەم ئۆلدى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى. 1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خانى ئاق تەنلىكلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان ئوڭچى كۈچلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. بىراق چەكتىن ئاشقان ئوڭچى كۈچلەرنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش سۆھبەت مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايلا قالماي، ئەكسىچە دېموكراتىيەلەشتۈرۈش

مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا كۆپ پارتىيە سۆھبەت كومىتېتى يىغىنى 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىنى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي خەلق چوڭ سايلام كۈنى قىلىپ رەسمىي بېكىتتى. 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۆتكۈنچى مەزگىللىك مەمۇرىي كومىتېت قۇرۇش ماقۇللاندى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتى ئۆتكۈنچى مەزگىللىك ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇننىڭ چىقىرىلىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ كونا جەنۇبىي ئافرىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىن 29 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي ئافرىقىدا كۆپ خىل ئىرقنىڭ ئومۇمىي سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆزگى ئوخشىمايدىغان 22 مىليوندىن ئارتۇق سايلىغۇچى بېلەت تاشلاشقا قاتناشتى، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى پارتىيەسى 62.7% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. جەنۇبىي ئافرىقا ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇنى ۋە ئومۇمىي سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن جەنۇبىي ئافرىقىدا مىللىي پارلامېنت ۋە فېدېراتسىيە پارلامېنتىدىن ئىبارەت ئىرققا ئايرىلمايدىغان پارلامېنت ئىككى پالاتاسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نېلسون ماندېلا تۇنجى نۆۋەتلىك نېگىر پىرېزىدېنت بولدى. 11 ـ كۈنى ماندېلا باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا يېڭى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىرقلار باراۋەر بولغان يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقچىلىققا ۋە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىدىكى تارىخىي نامايەندە بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئىنسانىيلىققا يات ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن، شۇنداقلا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ غايەت

زور غەلىبىسىدىن دېرەك بەردى. يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلار جەنۇبىي ئافرىقىغا قارىتىلغان بارلىق جازانى بىكار قىلدى. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى جەنۇبىي ئافرىقىنى قوبۇل قىلدى، جەنۇبىي ئافرىقا تامامەن خەلقئاراغا جەمئىيەتكە قايتىپ كەلدى ھەم ئافرىقا چوڭ ئائىلىسىنىڭ يېڭى ئەزاسىغا ئايلاندى.

ئىرقلار باراۋەر بولغان يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىرق، قەبىلە ۋە دىنىي زىددىيەت تۈپەيلىدىن مالىمانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئافرىقىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1993 - يىلى موزامبىك ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئۇرۇش توختاتتى ھەمدە 1994 - يىلى كۆپ پارتىيە تۈزۈمى بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزدى. ئانگولا ھۆكۈمىتى بىلەن ئانگولا ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشمۇ ئاساسەن ئاخىرلاشتى. كونگو، نېگىرىيە، زايىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى. 1993 - يىلىدىكى ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 29 - نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىدا مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلۇپ، ئافرىقا ئەللىرىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى. 1994 - يىلى لىۋىيە بىلەن چادنىڭ ئائوزو رايونىدىكى تالاش - تارتىشى تىنچ يول بىلەن ھەل بولدى، لىۋىيە چادنىڭ بۇ رايونغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئائوزودىن قوشۇن چېكىندۈردى. چاد يەنە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، مىللىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1996 -

www.uyghurkitap.com

يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر ئافرىقىدىكى كوتېدىۋدىرې، ئالجىرىيە، تانزانىيە، مىسىر، يېشىل تۇمشۇق، ئېكۋادور گىۋىنېيەسى، بېنىن، زىمبابۋې، سۇدان قاتارلىق توققۇز دۆلەت ئارقا-ئارقىدىن ئوخشۇشلۇق ھالدا مەملىكەتلىك ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈپ پرېزىدېنت ياكى پارلامېنتنى سايلاپ چىقتى. گەرچە ئافرىقىدىكى يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۆلەتلەر، مەسىلەن، سېررالېئون، نىگېر ۋە بۇرۇندىدا 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلگىرى - كېيىن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىراق سىياسىي مۇقىملىقنى ۋە جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئىنتىلىش ئافرىقىدىكى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدىغان تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.

سىياسىي مۇقىملىق ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھىم شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەرب ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن خەلقئارا بازاردىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا يامغۇر - يېشىن قاملىشىپ كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ياخشى ھوسۇل ئېلىندى، يەنە بەزى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى ھەم تەدرىجىي ئاشتى. 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئافرىقىدىكى دۆلەتلەردە ئىقتىسادنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران 1.3%، ئاھالىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3% بولدى. 1994 - يىلى ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 2.4% ئىدى، 1995 - يىلى تەخمىنەن 3.3% كە يەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 1/3 قىسىم دۆلەتنىڭ 6% كە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كوتېدىۋدىرې، ئېفىيوپىيە، ئۇگاندا، ماۋرىتانىيە، بوتسۋانا، ماۋرىتىئۇس قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېشىش نىسبىتى گەۋدىلىك

بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتكۈل ئافرىقا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1/3 نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىكى ياخشىلىنىش ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1994 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادى 2.5% ئاشقان، 1995 - يىلى 3.5% كە ئۆرلىگەن، 1996 - يىلى 3.5% - 4% كە يېتىدىغانلىقىدىن ئۈمىد بارلىقى مۆلچەرلەنگەن. يەنە كېلىپ پۈتكۈل ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 4% تىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ ئافرىقا ئاھالىسىنىڭ 3% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۆسۈش بولۇپ، ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

90 - يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن ئافرىقىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ۋە بىر گەۋدىلىشىشى كۈچىيىپ، ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 60 — 80 - يىللىرى ئافرىقىدا ئىلگىرى - كېيىن 200 دىن ئارتۇق رايون ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تەشكىلاتلار تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، بەزىلىرى ئارا يولدا يىمىرىلدى. 90 - يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ۋە رايونلار بويىچە گۇرۇھلىشىش تەرەققىياتى ئالدىدا، رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىسى ۋە رىقابىتى كۈنسايىن كۈچىيىپ، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر ئافرىقىنىڭ پەقەت بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا، خەلقئارا بازاردىكى

كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

1991 ـ يىلىدىن تارتىپ ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش قەدىمى تېزلىشىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىمۇ كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نىگېرىيە پايتەختى ئابۇجادا ئۆتكۈزۈلگەن 27 ـ نۆۋەتلىك ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا «ئافرىقا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، 2/3 قىسىم ئەزا دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى، بۇ شەرتنامە 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، 21 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئافرىقا ئورتاق بازىرىنى قۇرۇپ چىقىش پىلانلاندى. بۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يولىدىكى بىر نامايەندە بولۇپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىكى ئىرادىسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسىدە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىمۇ ئەۋج ئالدى. يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلدى. 1994 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ 11 ـ ئەزاسى بولۇپ قالدى. جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسى ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ، تاموژنا قورغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆزئارا سودا، مەبلەغ سېلىشنى كۆپەيتىپ، ماددى ئەشيا، خادىملارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يول ئالدى. شەرقىي جەنۇبىي ئافرىقانىڭ ئېتىبارلىق سودا رايونىغا ئەزا بولغان 22 دۆلەتمۇ 2000 ـ يىلىدىن ئىلگىرى شەرقىي جەنۇبىي ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ئىككى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەشكىلاتنىڭ نىشانى ئوخشاش بولۇپ، قىسمەن ئەزا دۆلەتلەر ھەر ئىككىلا تەشكىلاتقا ئەزا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى.

بۇلاردىن سىرت، شىمالىي قىسمىدىكى ئەرەب مەغرىب ئىتتىپاقىمۇ مەغرىب ئورتاق بازىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. غەربىي ئافرىقا ئەللىرى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى پۇل ھەمكارلىقىنى تېزلىتىپ، 2000 ـ يىلى پۇلنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئوتتۇرا ئافرىقا تاموژنا بېجى ۋە ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا قىسىم ئافرىقا ئىقتىسادىي ۋە پۇل ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە، بىر مەھەل پارچىلىنىپ كەتكەن شەرقىي ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولغان كېنىيە، تانزانىيە ۋە ئۇگاندادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتمۇ كېلىشىم ئىمزالاپ، شەرقىي ئافرىقا ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇردى، بۇ 1977 ـ يىلى پارچىلىنىپ كەتكەن شەرقىي ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئافرىقا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئافرىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار يىغىنىدىكى بىرىنچى مۇھىم كۈنتەرتىپكە ئايلاندى.

ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى بەزى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق يەنە نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرىدى، مەسىلەن، مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالغان شەكلى غەلىتە، يەككە مەھسۇلات قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، قىسمەن رايونلاردا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تېخى مۇقىملاشماسلىقى، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى، تاشقى قەرزنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە چەت ئەللەردىن كېلىدىغان

www.uyghurkitap.com

ياردەمنىڭ ئازىيىشى قاتارلىقلار. نۆۋەتتە ئافرىقا قۇرۇقلۇقى يەنىلا دۇنيادىكى «ئەڭ نامرات قۇرۇقلۇق» ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بىز يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، 53 مۇستەقىل دۆلەت، 700 مىليونغا يېقىن ئاھالە بار ئافرىقا نۆۋەتتە تېخى ئېچىلمىغان مول يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە چوڭ بازار ھېسابلىنىدۇ. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن باشلاپ، ئافرىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆنسايىن مۇقىملىشىپ، ئىقتىسادى گۈللىنىشكە باشلىدى. 21 ـ ئەسىردە ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغۇسى.

**90 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشى ۋە ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشى** 90 ـ يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كۆپىنچە مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قاتتىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، بىراق ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات تەكشى بولمىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەر 80 ـ يىللاردىكى قەرز كرىزىسىنى باشتىن كەچۈردى، كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش نىشانىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى، لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىي ماكرولۇق ئىگىلىكنى تەڭشەش ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىگە كېلىش داۋامىدا مۇقىم ئېشىشنى ساقلاپ قالدى. 90 ـ يىللار «ئۈمىدلىك ئون يىل» دەپ قارالدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالغا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى خىلدىكى دۆلەتلەر چىلى، مېكسىكا، ئارگېنتىنا، بولىۋىيە، كولومبىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، ئىقتىسادنى تەڭشەشتە كۆرۈ-

نەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلدى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈل-مىسى بىرقەدەر مۇقىم بولدى. ئىككىنچى خىلدىكى دۆلەتلەر ۋېنېزۇئېلا، بىرازىلىيە، گىۋاتېمالا ۋە پېرۇدىن ئىبارەت. بۇ بىرقانچە دۆلەت ھۆكۈمەت كىرىزىسىنى باشتىن كەچۈردى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، ئەمما سىياسىي ۋەزىيىتى يەنىلا ئانچە مۇقىم بولمىدى. ئۈچىنچى خىلدىكى دۆلەتلەر نىكاراگۇئا بىلەن ھايتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسى بىرقەدەر چوڭ توسالغۇغا دۇچ كەلدى، بەزىلىرى ھەتتا چېكىنىپ كەتتى.

90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يەنىلا مۇقىم ھالەتنى ساقلاپ كەلدى، سىياسىي ۋەزىيەتنى داۋالغۇتىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەر يۈز بەرمىدى، ھەربىيلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش تەھدىتى زور دەرىجىدە ئازايدى.

1993 - يىلى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئالتە دۆلەتتە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 6 - ئايدا پاراگۋايدا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈ-زۈلۈپ، ھەربىي پىرېزىدېنت رودرىگۆېز ھاكىمىيەتنى تىنچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن 40 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ھەربىيلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىپ، تۇنجى بولۇپ ئوقۇمۇشلۇق كىشى پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. چىلىنىڭ ھەربىي پىرېزىدېنتى پىنوچېت 1990 - يىلى 3 - ئايدا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، گەرچە يەنىلا قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، ھەربىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئوقۇ-مۇشلۇق پىرېزىدېنت ئالۋىن ھاكىمىيەت يۈزگۈزگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يارىشىش، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىكى، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ۋە خەلقئارا

جەمئىيەتكە يېڭىباشتىن قايتىشتەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بەش چوڭ نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇلكىي ئەمەلدارلار ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىيلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلدى. ھەربىي ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى باستۇرۇش ۋە ئىنسانىي ھوقۇققا دەخلى - تەرۆز قىلىش جىنايىتىگە نىسبەتەن «كەچۈرۈۋېتىش ۋە ئۇنتۇپ كېتىش» پىرىنسىپىنى قوللاندى، تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاساسلىق جىنايى قىلمىشلارنىلا ئېلان قىلىپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئايرىم كىشىلەرنىلا جازالىدى، خۇن قەرزى يوقلارنى كەچۈرۋەتتى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا پەرزەنتلەرنى ھەقسىز ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي تۆلەملەرنى بەردى. يەنە ۋاپات بولغان پىرېزىدېنت ئاللېندوغا ئاتاپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئالۋىن ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ئارمىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، ھەربىي ھاكىمىيەت تىنچلا ئوقۇمۇشلۇقلار ھاكىمىيىتىگە ئالماشتى. ئالۋىن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن چاغدا يەنە ئۆزىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ماددىلارنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئومۇمىي سايلامدا چىلىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلەر ئىتتىپاقى كۆپ سانلىقلارنى بېسىپ چۈشۈپ غەلىبە قىلدى.

پېرۇ پىرېزىدېنتى فۇجىمورى 1990 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، تېررورلۇق ۋە زەھەر ئېلىپ - سېتىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەنپەئەت گۇرۇھى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى كۆپ قېتىم پارلامېنت ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇڭا، ئۇ 1992 - يىلى 4 - ئايدا «ئۆزى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ» پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، ئەدلىيە تارماقلىرىدىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسى، ئالىي باش ئىقتىسادىي تەپتىش ۋە ئالىي سايلام كوللېگىيەسىنىڭ باشلىقىنى يېڭىباشتىن تەيىنلىدى. ئۇنىڭ «ئۆزى قوزغىغان سىياسىي ئۆگىرىشى» گەرچە جامائەت پىكرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئارمىيەسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق پرېزىدېنتنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويۇلىدىغان يېڭى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە 1995 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي سايلامدا يەنە بىر قېتىم سايلىنىپ، ئۇدا پرېزىدېنت بولدى.

ھايتىغا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۇۋالىئېر جەمەتى 1986 ـ يىلى ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بىرقانچە يىللىق داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈرگەن ھايتىدا 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ نازارىتىدە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك ئىسلاھات ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ نامزاتى ئارىستىد سايلامدا ئۇتۇپ چىقىپ، ھايتىدا تۇنجى قېتىم خەلق سايلىغان پرېزىدېنت سۈپىتىدە 1991 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇردى. بىراق، ھايتى ھەربىيلىرى ئۇنى قوللىمىدى، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قوراللىق قىسىم باش قوماندانى سېدراس ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، پرېزىدېنت ئارىستىد ئىلاجسىز ئامېرىكىدا سەرسان بولۇپ يۈردى. بۇ ئىش بىر مەيدان كرىزىسقا سەۋەب بولدى.

ھايتىدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھايتىغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزدى. ئامېرىكا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھايتىغا ئارقا ـ

ئارقىدىن دىپلوماتىيە ھۇجۇمى قوزغىدى. ئىچكى ـ تاشقى، بېسىم تۈپەيلىدىن 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھەربىي ھۆكۈمەت بىلەن ئارىستىد نيۇيوركتا ھايتىدا دېموكراتىك ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. ئارىستىد كېلىشىمگە بىنائەن 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دۆلىتىگە قايتىپ ھاكىمىيەتنى يېڭىباشتىن قولغا ئالماقچى بولدى. بىراق، ھايتى ئارمىيە دائىرىلىرىنىڭ چوڭ ھوقۇقنى قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويغۇسى كەلمەي، يەنىلا ئارىستىدنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. 1994 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئامېرىكا ۋە ئارىستىدنىڭ تەلىپىگە بىنائەن قارار ماقۇللاپ ھايتىغا ئومۇميۈزلۈك سودا ئەمبارگوسى يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بىراق، ھايتى ئارمىيە دائىرىلىرى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئەكسىچە 7 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھايتىدىكى كۆزەتكۈچىسىنى «قارشى ئېلىنمايدىغان كىشى» دەپ جاكارلاپ، چېگرادىن چىقىپ كېتىش مۆھلىتى چىقاردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۇ ئىشقا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 940 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى تەشكىللەش، بارلىق زۆرۈر ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ھەربىي تەرەپ رەھبەرلىرىنى ھايتىدىن كەتكۈزۈۋېتىشكە ھوقۇق بەردى. 9 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كلىنتون «ئۇلتىماتۇم» چىقىرىپ، سابىق پرېزىدېنت كات باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ھايتىغا سېدراس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. 18 ـ كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، ھايتى ئارمىيە دائىرىلىرى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ھايتىغا كىرىشىگە ھەم ھوقۇقنى تىنچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سېدراس پاناماغا

بىرىپ پاناھلاندى. ئامېرىكا ئارمىيەسى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماستىن، ھايتىنى تىنچ يول بىلەن ئىشغال قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پىرېزىدېنت ئارىستىد ھايتىغا قايتتى. ھايتى كىرىزىسىنىڭ تىنچ ھەل قىلىنىشى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتكۈزدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر 80 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۇتۇش قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى نىشانى ئىلگىرىكى يېپىق ئىقتىسادىي سىياسەتنى تەڭشەپ، مەركىزى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا قاتنىشىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، ئىلگىرى ئۇزاق مەزگىل يولغا قويۇلۇپ كەلگەن ئىمپورت سەپلىمىسىدىن ئىبارەت ئىچكى قىسىمغا يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە سىرتقا يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بولدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ قېتىملىق تەڭشەش ۋە ئىسلاھاتى ئېغىر قەرز كىرىزىسى ۋە يۇقىرى پۇل پاخاللىقى تەھدىت سېلىۋاتقان ھەم كونا تەرەققىيات ئەندىزىسىدە كىرىزىس كۆرۈلگەن ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار ئىسلاھاتتا ئاۋۋال ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ ماكرولۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويدى. قىسىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە خىراجەتنى قىسىش، مالىيە قىزىل رەقىمىنى ئازايتىش ۋە خەلقئارا خىراجەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىغا كىردى.

لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ماكرولۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ئۇچۇن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلدى. بەزى ئالىملار: 90 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى

دۆلەتلەر «يېڭى لىبېرالىزم ياكى يېڭى لىبېرالىزم بىلەن ستروكتۇرالىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ئەندىزە» نى قوللاندى، يەنى ئىمپورت سەپلىمىسىدىن ئىبارەت ئىچكى قىسمغا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىگە بۇرىدى، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى ئەركىن سودا ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى باشلامچى قىلدى، ئۇلار بازارنى ئېچىۋېتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيەسىنى ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش رولىنى ئاجىزلاشتۇردى، دەپ قارىدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە ئېچىۋېتىشتە دەسلەپكى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇشقا ۋە ئىقتىسادنى مۇقىم ئاشۇرۇش يولىغا ماڭدى. 1990 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە، لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى %3.6 كە يېتىپ، تاشقى سودا دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى، پۇل پاخاللىقى نىسبىتى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ، تۆت خانىلىق ساندىن ئىككى خانىلىق سانغا چۈشتى. بىرازىلىيەنىڭ يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى نىسبىتى يۇقىرىلاپ، %2244 كە يەتكەندى، كېيىن بىرازىلىيە ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى بېسىش پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويدى. 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ پۇل پاخاللىقى نىسبىتى %1120 تىن %25 كە چۈشتى. بۇ 25 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە ئىدى. ئارگېنتىنا، بولىۋىيە، چىلى، گىۋاتېمالا، نىكاراگۇئا قاتارلىق دۆلەتلەردە پۇل پاخاللىقى نىسبىتى ئاران بىر خانىلىق سان ئىدى، بىرازىلىيەدە پۇل پاخاللىقىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، %93 تىن %26 كە چۈشتى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودىسىدا ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى. 1995 ـ يىلىدىكى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 220 مىليارد دوللارغا يېتىپ،

1994 ــ يىلىدىكىدىن 20% ئاشتى، ئىمپورت 8% ئاشتى، تاشقى سودا راسچوتىدا 1991 ــ يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر مېكسىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى ۋە ئۆتمۈشتە چەت ئەللەردىن كۆپلەپ قەرز ئېلىش ئىشىدىن ساۋاق ئېلىپ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش بىلەن ھۆكۈمەت قەرز پۇلىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاكسىيە مەبلىغى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلنى خېلىلا ئازايتتى. شۇنىڭ بىلەن چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئىلگىرىكىدىن ئازايدى، ئەمما چەت ئەللەردىن ئېلىنغان ئومۇمىي قەرزنىڭ سوممىسى داۋاملىق ئاشتى، 1995 ــ يىلى 545 مىليارد دوللارغا يېتىپ، 1994 ــ يىلىدىكىدىن 4% ئاشتى. بىراق، ئېكسپورت كىرىمى خېلى كۆپ ئاشقانلىقتىن، قەرز يۈكى يېنىكلىدى.

1994 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مېكسىكىدا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىمۇ تەسىرگە ئۇچراپ، 1995 ــ يىلى پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاران 2% بولدى. بىراق، بۇ قېتىملىق كىرىزىس مۆلچەردىكىدەك ئۇنچە ئېغىر بولمىدى، مېكسىكا ۋە ئارگېنتىنادىن باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى 3% ــ 5% لىك ئىقتىسادىي ئېشىش نىسبىتىنى ساقلاپ قالدى. بىرازىلىيە ئىقتىسادى 5% لىك سۈرئەت بىلەن داۋاملىق ئاشتى، چىلى، پېرونىڭ ئېشىش نىسبىتى 7% تىن يۇقىرى بولدى. ئالىملار 1996 ــ يىلى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى داۋاملىق ياخشىلىنىدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى.

90 ــ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. 1991 ــ يىلى 12 ــ

www.uyghurkitap.com

ئايدا، رىئو گۇرۇھى[1] باشلامچىلىقىدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانى 2000 - يىلى ئامېرىكا قىتئەسى ئورتاق بازىرىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1995 - يىلى 9 - ئايدا رىئو گۇرۇھىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇش مۇددىئاسىنى ماقۇللاپ، تۇرلۇك بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرالايدىغان بىر خىل ئاپپارات رامكىسىنى قۇرۇپ، تەدرىجىي بىر ئورتاق گەۋدە قۇرۇش ۋە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى بەلگىلىدى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى 2000 - يىلىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان بولدى. لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى بىلەن شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى كۈچەيدى. 1994 - يىلى 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرى باشلىقلار يىغىنىدا ئامېرىكا، كانادالار لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى بىلەن 2005 - يىلىدىن ئىلگىرى ئامېرىكا قىتئەسى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1995 - يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى 34 دۆلەتنىڭ سودا مىنىستىرلىرى يەنە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا قىتئەسى ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇش خىزمىتىنى دەرھال قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى، رەسمىي سۆھبەتنى باشلاشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، 1996 - يىلى 3 - ئايدىن ئىلگىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى بېكىتىش ھەم بىر ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىشنى پىلانلىدى.

---

[1] رىئو گۇرۇھىنى قۇرۇشنى 1986 - يىلى 12 - ئايدا ئەسلىدىكى كونتادورا گۇرۇھى ۋە لىما گۇرۇھىغا قاتناشقان دۆلەتلەر (مېكسىكا، ۋېنېزۇئېلا، كولومبىيە، پاناما، بىرازىلىيە، ئارگېنتىنا، پېرۇ ۋە ئۇراگۋايدىن ئىبارەت سەككىز دۆلەت) رىئو - دې ژانېيرودا يىغىن ئېچىپ قارار قىلغان. دەسلەپتە سەككىز دۆلەت گۇرۇھى دەپ ئاتالغان، 1991 - يىلى 3 - ئايدا رىئو گۇرۇھى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئىككىلەمچى رايون ھەمكارلىقى جەھەتتە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى تەكرار ئۇچرىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ھەمكارلىشىشتا ئۇزۇكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، پاراگۋاي ۋە ئۇراگۋايدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت جەنۇب ئورتاق بازىرىنى قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بارلىق تاموژنا بېجى ۋە غەربىي تاموژنا بېجى قورغانلىرى ئاساسەن يوقىقا چىقىرىلىپ، ئەركىن سودا رايونى شەكىللەندى. 1995 ـ يىلى تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يەنە كۆپ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇھىم مەسىلىلەردە پىكىردە بىرلىككە كېلىپ، مۇھىم بولمىغان جەھەتلەردىكى ئىختىلاپلارنى قويۇپ تۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئارگېنتىنا بىلەن بىرازىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئاپتوموبىل سودا تالاش ـ تارتىشى ھەم ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى تاموژنا بېجىغا مۇناسىۋەتلىك زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ئورتاق تونۇشقا كەلدى، 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنىدا 2000 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ھەرىكەت پىروگراممىسى تەستىقلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا غەيرىي تاموژنا بېجى چەكلىمىسىنى بىكار قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش بەلگىلەندى. جەنۇب ئورتاق بازىرى ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكتىن، 1996 ـ يىلى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى سودا سوممىسىنىڭ 15 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئورتاق بازار قۇرۇشتىن ئىلگىرى تۆت دۆلەت ئارا سودا سوممىسىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

جەنۇب ئورتاق بازىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باشقا ئۇششاق رايونلار ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۇرۇش مۇساپىسىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. مېكسىكا، كوستارىكا ۋە ۋېنېزۇئېلادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەركىن سودا كېلىشىمىمۇ 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ

1 ـ كۈندىن تارتىپ كۈچكە ئىگە بولدى. ئاندېس گۇرۇھى①دىكى بەش دۆلەتمۇ شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ تاشقى جەھەتتە ئورتاق تاموژنا بېجىنى يولغا قويدى، 9 ـ ئايدا ئاندېس بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىستېمىسى دەپ ئاتالدى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، بۇ گۇرۇھقا ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى سودا سوممىسىنىڭ 4 مىليارد 650 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1995 ـ يىلىدىكىدىن 40% ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئوتتۇرا ئامېرىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىستېمىسى 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كوستارىكانى رەسمىي ئەزا دۆلەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ھەم ئوتتۇرا ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى. كارىب ئورتاق گەۋدىسى كېڭەيدى. 1994 ـ يىلى كۇبانىڭ ئەزا بولۇشى بىلەن كارىب دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تەشكىللەندى. كارىب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىساد، سودا، پەن ـ تېخنىكا، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانلاندى. 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كارىب ئورتاق گەۋدىسى باشلىقلار يىغىنى ئورتاق بازار قۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى تەھلىل قىلىپ، پرىنسىپال باياناتى ۋە ھەرىكەت پىلانى ماقۇللاپ، ئەركىن سودىنى قانات يايدۇرۇش، ساياھەت بايلىقىنى بىرلىكتە ئېچىش، ترانسپورت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلدى.

لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەتچىل دىپلوماتىيەنى يولغا قويۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ھەر تەرەپلىمە تاشقى ئىقتىساد مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى

① ئاندېس گۇرۇھى 1969 ـ يىلى ئاندېس تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولىۋىيە، كولومبىيە، ئېكۋادور، پېرۇ، چىلى (1976 ـ يىلى چېكىنىپ چىققان) ۋە ۋېنېزۇئېلا (1973 ـ يىلى قاتناشقان) قاتارلىق لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى تەشكىللىگەن.

شىمالىي ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىدىن سىرت، ياۋروپا ۋە ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىمۇ كۈچەيتتى. ئامېرىكا، كانادا، مېكسىكا تەشكىللىگەن شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى جەنۇبقا كېڭىيىپ، ئامېرىكا قىتئەسى ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ خېلىلا راۋاجلاندى. ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە رىئو گۇرۇھى ۋە مېكسىكا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۆزئارا سىياسىي ۋە ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا قارىماي كۇبا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جەنۇب ئورتاق بازىرى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمكارلىشىپ ئەركىن سودا رايونى ئېچىشنىڭ رامكا كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، 2005 ـ يىلىدىن ئىلگىرى دائىرىسى كەڭ بولغان ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيە ۋە شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپورت بازىرىنى كېڭەيتتى ھەم كۆپ تەرەپلىك تەرەققىياتقا تايىنىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىنى كېڭەيتتى. 90 ـ يىللاردا جۇڭگو بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1995 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سودا سوممىسى تۇنجى قېتىم 5 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى.

90 ـ يىللاردا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى يېڭى لىبېرالىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ئەندىزىسىنى تەڭشەپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بازار مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، «ھالسىرىغان 10 يىل» نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۇتۇمگە ئېرىشتى، بىراق، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆپ خىل نۇقسان ۋە مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي زىددىيەت گەۋدىلىك ئىدى. ئاساسلىقى كىرىم تەقسىماتىنىڭ ئادىل بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان نامراتلىق مەسىلىسى ئىدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نامراتلار سانىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 46% كە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 40 تىن ئارتۇق باي دۇنيادىكى كاتتا بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شەھەرلەردىكى ئىشسىزلىق بىلەن يېزىلاردىكى نامراتلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، دېھقانلار توپىلىڭى ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇردى. 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى چياپاس ئىشتاتىدا يۈز بەرگەن دېھقانلار توپىلىڭى① دەل ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەردە يېزىلاردىكى ئىسلاھات شەھەرلەردىكى ئىسلاھاتقا قارىغاندا خېلىلا ئاستا بولغانلىقتىن، يېزىلاردىكى زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، چىرىكلىك مەسىلىسى ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلىشى ۋە چىرىكلىكى جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 1992 ـ يىلى بىرازىلىيەنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كوللورنىڭ خىيانەتچىلىك

① 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى چياپاس ئىشتاتىدىكى 2000 دىن ئارتۇق دېھقان «زاپاتا مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى» نامىدىن بۇ ئىشتاتتىكى تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، يەرلىكلەر دېموكراتىيەگە ۋە ئازادلىققا ئېرىشتى، دەپ جاكارلىغان. ھۆكۈمەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمانلىققا چېكىنىپ بېرىۋېلىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.



www.uygurkitap.com

دېلوسى ئاخبارات ساھەسىدە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، 1993 - يىلى يەنە ۋېنېزۇئېلا پرېزىدېنتى پېرېزنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ۋە خىيانەتچىلىككە چېتىلىپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 1993 - يىلى 8 - ئايدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر كولومبىيەدە چاقىرغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا مۆلچەرلىنىشىچە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يۇتۇۋالغان پۇل سوممىسى 21 مىليارد دوللارغا يەتكەن. چىرىكلىك لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشىدىكى پۈتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالغان. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. بۇ مەسىلىلەر لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون توققۇزىنچى باب

# دۇنيا يېڭى ئەندىزىسىنىڭ ئورنىتىلىشى

## 1 ـ بۆلۈم كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا قاراپ تەرەققىي قىلىش

چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەڭشىلىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى تىركىشىش ۋەزىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى تېزلەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئۆزىچە ئىككى قۇتۇپنىڭ ئورنىنى ئالىدىغىنى بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا ياكى ئەمەلىيەتتىكى بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا بولىدۇ، ئامېرىكا دۇنياغا زومىگەرلىك قىلالايدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ بۇ خام خىيالى تېزلا بەربات بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان تىركىشىش ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور زىيان سالدى. 90 ـ يىللاردا ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى باشقۇرۇش ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەنلىدى. گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىشى بىلەن ياۋروپا دۇنيادىكى مۇھىم بىر قۇتۇپ بولۇپ قالدى. ياپونىيە ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتتىن سىياسىي چوڭ دۆلەت يولىغا ماڭدى. رۇسىيە

يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدىغان ھەربىي چوڭ دۆلەت ئىدى. جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى بىر چوڭ دۆلەت ۋە كۆپلىگەن كۈچلۈك دۆلەتلەر مەۋجۇت بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئامېرىكا 1994 - يىلى «قاتنىشىش ۋە كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسى» نى بېكىتىپ، خەلقئارا ئىشلارغا پائال قاتنىشىش ۋە ئۆزى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كۈچەيتىش، ئاندىن ئامېرىكا ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىپ، ئامېرىكىنىڭ كېيىنكى ئەسىردە يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدى. ئامېرىكا بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ياۋروپا، ياپونىيە، رۇسىيە، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىپ، دۇنيا يېڭى ئەندىزىسىدە پايدىلىق ئورۇنغا ئېرىشمەكچى بولدى.

غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى ۋاستە قىلىپ ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئورتاق ئىستراتېگىيەلىك نىشانىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ تېزلا ئاجىزلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتكەنلىكتىن، ئەمەلىي كۈچى ئېشىپ ئامېرىكا بىلەن بولغان پەرقى تېخىمۇ ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئامېرىكا بىلەن ھەقىقىي باراۋەر ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى كۆزلەپ، ياۋروپانىڭ ئىشلىرىدا تېخىمۇ چوڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

بولدى. ئەمما، ئامېرىكا يەنىلا ياۋروپانىڭ ئىشلىرىدا ئاساسىي يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. نەتىجىدە ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلار ئۈزۈكسىز كۆچەيدى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قوللانغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولدى. كەلگۈسىدىكى ياۋروپانىڭ خەۋپسىزلىك ۋە مۇداپىئە سىستېمىسىنى قانداق تۈرغۇزۇش مەسىلىسىدە تېخىمۇ چوڭ ئىختىلاپ كۆرۈلدى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپانىڭ نىسپىي تىنچ ۋە مۇقىم ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى يېقىندىن كەڭ كۆلەملىك كىرىزىس يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ۋە بەزى يوشۇرۇن توقۇنۇش ئامىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىدىكىدەك تىراگېدىيەگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياۋروپا خەۋپسىزلىكى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ياۋروپادا تۆت چوڭ تەشكىلات بولۇپ، ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى دائىرىسى ئەڭ كەڭ تەشكىلات ھېسابلىناتتى، ياۋروپادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكا، كانادادىن ئىبارەت 53 دۆلەت ئۇنىڭغا ئەزا ئىدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنى ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشى بۇداپېشتتا 4 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «يېڭى دەۋردىكى ھەقىقىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى» دېگەن تېمىدا ھۆججەت ئېلان قىلدى ھەمدە 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كېڭەش نامىنى ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى دەپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. بىراق، يىغىندا يېڭى ۋەزىيەتتە كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر-بىر بىرىشىش ۋە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنمىدى. دېمەك بۇنداق

چېچىلاڭغۇ تەشكىلاتنىڭ ياۋروپا خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتىكى رولىمۇ شۇنچىلىكلا بولاتتى. يەنە بىر مۇھىم تەشكىلات ياۋروپا ئىتتىپاقى بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى ياۋروپانىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايتتى. بىراق، ئۇنىڭدا خەۋپسىزلىكنى قوغدايدىغان ھەربىي ۋاستە كەمچىل بولغانلىقتىن، رولى چەكلىك ئىدى. ئۈچىنچىسى، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 10 ئەزاسى بار ئىدى. پولشا، ۋېنگىرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق 12 دۆلەت بۇ تەشكىلاتتىكى ئالاقە باغلايدىغان دۆلەتلەر ئىدى. بۇ تەشكىلات 1954 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قايتىدىن جانلىنىپ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئارقا سەپ كاپالەت خىزمىتىگە ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىدىكى تىنچلىق ساقلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى. فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر يەنە ياۋروپا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنى تەشكىللىدى. بىراق، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى تېخى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىدىن ئايرىم ھالدا رولىنى مۇستەقىل جارى قىلدۇرالمايتتى. تۆتىنچى تەشكىلات شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، 16 دۆلەتنى ئۆزىگە ئەزا قىلغان ئەڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە تەشكىلات ھەم ياۋروپانىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئۇنۇملۇك ئاپپارات ھېسابلىناتتى. بىراق، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان ھەربىي گۇرۇھ بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە توغرا كەلدى. 1993 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا

دۆلەتلىرى بىلەن «تىنچلىق ئۈچۈن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1994 ـ يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بۇداپېشتتا يىغىن ئېچىپ شەرققە كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، رۇسىيەنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ شەرققە كېڭەيتىش مەسىلىسىدىكى مەيدانى بىردەك بولسىمۇ، بىراق نىشانى ئوخشىمايتتى. ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپانىڭ شەرقىي رايونىدىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇشنى ھەم ياۋروپانىڭ ئىشلىرىدىكى ئاساسىي يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى يەنىمۇ ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1994 ـ يىلى كلىنتون «ھازىرقى زاماندىكى ياۋروپانى قاپلىغان» يېڭى خەۋپسىزلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى گەۋدىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، يېڭى سىستېمىغا ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. غەربىي ياۋروپا شەرققە كېڭىيىشنى قوللىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپاچە تۈسىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئاخىردا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئامېرىكا بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ياۋروپانىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ياۋروپانىڭ ئىشلىرىدىكى ئاساسىي يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى گېرمانىيەنىڭ «شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىستراتېگىيەسى» تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەتتى، ئەمما ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئامېرىكىنىڭ شەرققە كېڭىيىشنى

پائال قوللىشى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئەللىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، گېرمانىيە بىلەن «رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان فىرانسىيە پىرېزىدېنتى شىراك ئۆتكەن 30 يىلدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئىشلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاپپاراتىغا قاتناشماسلىق مەيدانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى فىرانسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي كومىتېتىغا قايتىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. فىرانسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ زىددىيىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۈزۈكسىز كۈچەيدى، ئىراق ئىككى تەرەپ نۇرغۇن مەسىلىلەردە يەنىلا بىر - بىرىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولۇپ، ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مۇداپىئە ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ 80% مۇداپىئە ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالدى. بىراق، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى غەربىي ياۋروپانىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىدى، غەربىي ياۋروپا يەنىلا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى دائىرىسىدىلا ئامېرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ياۋروپانىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئورتاق كاپالەتلەندۈرەلەيتتى. ئامېرىكىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە رۇسىيەدە

غەربكە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت ئوتتۇرىغا چىققاندا، موسكۋانى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا تايانمىسا بولمايتتى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى يۈكىنى يەڭگىللىتىش خىيالى بولغاچقا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپادا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ 2/3 قىسمىنى كېمەيتىپ ئاران 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى ساقلاپ قالدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ كۆپرەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ زىددىيىتى كۈچەيگەن ئەھۋالدىمۇ ئۆزئارا ماسلىشىشى تېزلەشتى. 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كلىنتون ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى ئىسپانىيەنىڭ باش ۋەزىرى گونزالېز ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى سانتېر بىلەن مادرىدتا «ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىش يېڭى پروگراممىسى» ۋە «ئامېرىكا ـ ياۋروپا ئورتاق ھەرىكەت پىلانى» نى ئىمزالىدى. بۇ ئىككى كېلىشىمدە ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقى، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىياتىنى ھەمكارلىشىپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەر شارى خاراكتېرلىك خىرىسلارغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، دۇنيانىڭ سودا دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە تېخىمۇ قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنە 130 دىن ئارتۇق ھەمكارلىق تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق ھەرىكەت پىلانى تۈزۈلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق شەكلى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى كېڭەشمىشتىن كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ تولۇق ھەمكارلىققا ئۆتتى. «ئاتلانتىك

ئوكياندىن ھالقىش يېڭى پىروگرامىسى» 1990 ـ يىلىدىكى «ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى خىتابنامىسى» دىن ھالقىپ كەتتى. ئۇ ئامېرىكا ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ بىرقەدەر چوڭقۇر قاتلاملىق بىر قېتىملىق تەڭشەشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئىككى تەرەپ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خەۋپسىزلىك ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتتىن كۆپ تەرەپلىمە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئۆتۈشكە باشلىدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا «ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى» قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە قارىتىلغان ئەساس ـ ئەگەشمە مۇناسىۋىتىنى تىكلەپ، ياپونىيەنى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مۇھىم قورغىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ يادرو قوغداش كۈنلۈكى ئاستىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان 2 ـ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىغا قارىتىلغان ئېكسپورتى شىددەت بىلەن ئېشىپ، ياپونىيە كاپىتالىمۇ ئامېرىكىغا كۆپلەپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئارىسىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، پۇل مۇئامىلە، ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردە زىددىيەت ۋە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. بىراق، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ئورتاق تەھدىت ئالدىدا، خەۋپسىزلىك ئارزۇسى ئىقتىسادىي رىقابەتنى سۇسلاشتۇردى. ئىككى تەرەپ تالاش ـ تارتىشنى ئاشكارىلىماسلىقتا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى. ياپونىيە بەزى كونكرېت مەسىلىلەردە ھەمىشە يول قويۇپ كەلدى، ئامېرىكىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىدى. سوۋېت

ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ زىددىيىتى ئاشكارىلاندى، زىددىيەت ئالدى بىلەن ئىقتىساد ـ سودا ساھەسىدە ئىپادىلەندى. 1993 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سودا قىزىل رەقىمى 115 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ياپونىيە بىلەن بولغان سودىدىكى پاسسىپ بالانىستىن كېلىپ چىققانىدى. ئامېرىكىنىڭ سودا مىنىستىرى بىرووۋن ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ سودىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد بىخەتەرلىكىگە، شۇنداقلا دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈردى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىددىيىتى ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى ئاشكارا تالاش ـ تارتىشقا تەرەققىي قىلدى. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كلىنتون بىلەن ياپونىيە باش ۋەزىرى خوسوكاۋا مورىخىرو ۋاشىنگتوندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ياپونىيە بازىرىنى ئېچىش مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. سۆھبەتتىن كېيىن، يەنە داۋاملىق تۈردە مۇشەققەتلىك سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، 10 ـ ئايدا قىسمەن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، ياپونىيە ئەينەكچىلىك، سۇغۇرتا كەسپى قاتارلىق ساھەلەردە ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىغا بازارنى ئېچىپ بېرىشكە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. ئۆزئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئالغاندا، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي باراۋەر ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قانداق تىكلەش يەنىلا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ مەسىلە ئىدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى رىقابىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ كۈچىيىپ باردى. ياپونىيەدە «ئامېرىكىدىن قۇتۇلۇپ ئاسىيادىكى ئورنىنى تېپىش» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ئەۋج ئېلىپ، ياپونىيە ئاسىياغا قايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ياپونىيەنى ئاساس قىلغان شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي

چەمبىرىكىنى بەرپا قىلماقچى ئىدى. ئامېرىكىمۇ بارغانسېرى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى مەبلەغ سېلىنمىسى 60 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. 1993 ـ يىلى كلىنتون سىئاتىلدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار بىرەسمىي يىغىنىدا يېڭى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئاساسىي يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى تالىشىش پائالىيىتى ئەۋجگە چىقتى. بىراق، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ سىياسىي ۋە خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى ئېھتىياجى ئورتاق ئىدى. ياپونىيە ئامېرىكىغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ خەۋپسىزلىك قۇرۇلمىسىنى ئىگىلىمىسە بولمايتتى. ئامېرىكا 1995 ـ يىلى ئۆزىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچىنى قىسقارتماي، داۋاملىق 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى قارار قىلدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر ـ بىرىگە تايىنىشىمۇ چوڭقۇرلاپ باردى، شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە يارىشىش، ھەمكارلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە باش ۋەزىرى مۇراياما تومىيچى ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇپ، پىرېزىدېنت كلىنتون بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى تەرەپ «ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن ماسلىشىش مۇناسىۋىتى» نى تۇرغۇزۇش كېرەكلىكىنى جەزملەشتۈردى. كلىنتون ئۆزگىرىشچان دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى «ئەڭ تەۋرەنمەس دوست» ھېسابلايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. مۇراياما تومىيچى ئامېرىكا ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياپونىيە دىپلوماتىيەسىنىڭ ئۇل تېشى ئىكەنلىكىنى، «ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىكىنى قوغداش مېخانىزمى ياپونىيە دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىياسىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي مەزمۇنى» ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋارىسى ـ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يەنىلا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئامېرىكا غايەت زور يادرو قورال ئىسكىلاتىغا ۋە ئادەتتىكى ھەربىي كۈچكە ئىگە رۇسىيەنى بۈگۈنكى دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېغىر تەھدىت سالالايدىغان بىردىنبىر دۆلەت، دەپ قاراپ، رۇسىيەنى ئامېرىكا ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغان دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى. يېڭى قۇرۇلغان رۇسىيە غەربنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قوللىشىغا ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئىنتايىن موھتاج بولغانلىقتىن، ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە مايىل دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1992 ـ يىلى رۇسىيە خەلقئارا سەھنىدە ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتىگە پائال ماسلاشتى، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قويۇقلاشتى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇش بىلەن رۇسىيە پرېزىدېنتى يېلتسىن موسكۋادا ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللارنى قىسقارتىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئىككى تەرەپنىڭ 2003 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۆزىدىكى ھۇجۇمچى ئىستراتېگىيەلىك يادرو قورال ئوق بېشى ئومۇمىي سانىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئازايتىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. كونكرېت ئېيتقاندا، ئامېرىكا 10876 دانە ئوق بېشىنى 3500 گە ئازايتىشى، رۇسىيە بولسا ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە ۋە قازاقىستاندىكى يادرو ئوق بېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 10 مىڭ 271 دانە ئوق بېشىنى 2968 گە ئازايتىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەنىڭ «شېرىن ئاي مەزگىلى» ئىنتايىن قىسقا بولدى، 1993 ـ يىلىنىڭ بېشىدا رۇسىيە تاشقى سىياسەتنى تەڭشەشكە كىرىشىپ، ئامېرىكا بىلەن تەدرىجىي يىرىكلىشىشكە باشلىدى.

روسىيە ئەسلىدە غەربكە يېقىنلىشىپ زور سومىلىق ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىشنى ھەم غەرب بىلەن «باراۋەر ھەمراھ» لىق ۋە «ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقداش» لىق مۇناسىۋىتى تىكلەشنى ئارزۇ قىلاتتى، بىراق ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ، روسىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئىش جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنداقلا ئۆكتىچىلەرنىڭمۇ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېلتسىن «تاشقى سىياسەت تەسەۋۋۇرى» دېگەن ھۆججەتنى تەستىقلاپ، دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسىتىنى زور دەرىجىدە تەڭشەشكە كىرىشتى. روسىيە بەزى خەلقئارا مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ، روسىيەنىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئوبرازى ۋە ئورنىنى قوغداشقا تىرىشتى. 1993 ـ يىلى خەۋپسىزلىك كېڭىشى «سىپرۇسنىڭ تىنچلىق ساقلاش خىراجىتى» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، روسىيە تۇنجى قېتىم ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلەتتى. سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونى جەھەتتە روسىيە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى رايون سىياسىي مەنپەئەتىنى، مىللىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاشكارا يوسۇندا باشقىچە پىكىر بايان قىلىپ، مۇستەقىل ھەرىكەت قوللاندى. روسىيە تاشقى جەھەتتىكى تارايتىش سىياسىتىنى تەدرىجىي توختىتىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى قانات يايدۇردى. 1994 ـ يىلى روسىيە خەلقئارا ئىشلارغا تېخىمۇ ئاكتىپ ئارىلاشتى. 2 ـ ئايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى سېربلارغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ، ئامېرىكىنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قورال ـ ياراغ ئەمبارگوسىنى بىكار قىلىشىغا قارشى تۇردى. 12 ـ ئايدا يەنە خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە غەربنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنى جازالاش يېڭى لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى. 1995 ـ يىلى

روسىيەنىڭ ئىرانغا يادرو رېئاكتورى ۋە ئادەتتىكى قوراللارنى سېتىپ بېرىش مەسىلىسى، بولۇپمۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن هالدا، ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ، كۆرەش ئىنچىل داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە يول ئېچىپ، ياۋروپادىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى كېلىشىش ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتتى. ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە تالاش - تارتىش ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلىشىش مۇمكىن ئىدى. بىراق سىياسىي، خەۋپسىزلىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە موھتاج ئىدى، رايون توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش، يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تېررورىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، مۇھىم ۋە ئېكولوگىيەنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەنپەئەتىمۇ ئورتاق ئىدى. شۇڭا، ئامېرىكا بىلەن روسىيە يەنىلا ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەمەلىيەتچىل سىياسەت قوللىنىپ، ئىختىلاپنى تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىش ياكى يارىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. كلىنتون 1993 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا يېلتسىن بىلەن توققۇز قېتىم ئۇچراشتى، ئۇچرىشىش قېتىم سانى ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش قېتىم ساندىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا بىلەن روسىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرىمۇ قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇردى. 1995 - يىلى 5 -

ئايدا رۇسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن «ئىككى تەرەپ ھەربىي ھەمكارلىق پىلانى» ۋە «قەرەللىك ئاشكارا كېڭىشىپ تۈزۈلگەن رامكا ھۆججىتى» ئىمزالىدى. ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ھەربىي ئىشلار، پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. بىراق، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئورتاق خەۋپلىك دۈشمىنى بولمىغانلىقتىن، بۇ ئىش خەۋپسىزلىك ساھەسىدە ئۆزئارا ماس مەنپەئەت شەكىللەندۈرۈشكە مۇئەييەن توسالغۇ پەيدا قىلدى، شۇڭا ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭكىدەك يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەنمىدى.

قىسقىسى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چوڭ دۆلەتلەر بىر ـ بىرىگە بىۋاسىتە ھەربىي تەھدىت شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكتىن، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى جىددىيلىك پەسىيىشكە يۈزلەندى. بىراق، داۋالغۇش ۋە ئەنسىزلىك ئامىللىرى تېخى تۈگىتىلمىگەنلىكتىن، چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تازا ئېنىق بولماي، دەرىجىدىن تاشقىرى بىر چوڭ دۆلەت ۋە كۆپ كۈچلۈك دۆلەتلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

**دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى** سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بازارمۇ پاراللېل، قارىمۇ قارشى مەۋجۇت بولۇش ھالىتىنى تامامەن تۈگىتىپ، كۈنسايىن قوشۇلۇپ كەتتى. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە رايون ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى ماكرولۇق تەڭشەش پائالىيەتلىرى يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ خەلقئارا ئالاقىدىكى ئورنى

www.uyghurkitap.com

ۋە رولى بارغانسېرى زورايدى. شۇڭا، ھەرقايسى ئەللەر باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى پائال تەڭشەپ، ئۆزىگە پايدىلىق ئىقتىسادىي تەرتىپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشتى.

ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا سودىنىڭ ھەرقايسى ئەل ئىقتىسادىدىكى مۇھىملىقى تېزلىكتە ئېشىپ، ئۇ ھەرقايسى ئەل ۋە دۇنيا ئىقتىسادىدىكى گۈللىنىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. خەلقئارا سودا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ۋە سودا باش كېلىشىمى بۇ جەھەتتە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇ روياپقا چىققاندىن بېرى خەلقئارا سودا تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، دۇنيانىڭ ئىقتىساد ۋە سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئىش قىلدى ۋە تۆھپە قوشتى. 1947 ـ يىلىدىن 70 ـ يىللارغا قەدەر تاموژنا بېجىنى كېمەيتىش ئۈستىدە يەتتە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە تاموژنا بېجى نىسبىتى مۇقىم تۈردە تۆۋەنلىدى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر 40 ـ يىللاردىلا 50% تىن 5% كە چۈشۈردى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ تەخمىنەن 14% كە چۈشۈردى. 1964 ـ يىلى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن مەنپەئەت تەلەپ قىلىنمايدىغان تاموژنا بېجى ۋە سودىدا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلەپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خەلقئارا سودىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇلازىمەتچىلىك سودىسى ۋە خەلقئارالىق بىۋاستە مەبلەغ سېلىش تېز تەرەققىي قىلدى. 1992 ـ يىلى بانكا، سۇغۇرتا ۋە كۆچۈل ئېچىش قاتارلىق مۇلازىمەتچىلىك سودىسى دۇنيا سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 30% نى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلىدىن 1990 ـ

يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا، دۇنيا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مۇلازىمەت كەسپى، توقۇلما ماللار، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، چەت ئەللەرگە چېتىشلىق بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ماجىرالىرىمۇ كۆنسايىن كۆپەيدى. تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى تېخىمۇ كۆپ مەزمۇندىكى سودا سۆھبەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇرۇگۇۋاينىڭ ئېستې شەھىرىدە 8 ـ نۆۋەتلىك كۆپ تەرەپ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق سۆھبەت، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى مەزمۇنغا چېتىلاتتى: بىرىنچىسى، بازار ئىجازەت شەرتىنى ياخشىلاش مەسىلىسى؛ ئىككىنچىسى، يېڭى خەلقئارا سودا رىقابەت پىرىنسىپىنى تۈزۈش. ئۇزاقتىن بېرى ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى مەسىلىسىدە توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلدى. ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ غەيرىي تاموژنا بېجى قورغىنىنى ئىشقا سېلىپ، گۈرۈچ بازىرىنى ئېچىۋېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىشىغا قارشى تۇردى، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىر ـ بىرىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىغا تولۇقلىما بېرىش چارىسى ئارقىلىق سودا قوغداقچىلىقنى يولغا قويدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە كەلگەندە بىريۇسسېلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا قارىتا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئارقىدىنلا تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ باش خادىمى سۇتېرلاند تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى جەنۋەگە يىغىپ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىپ، 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاخىرقى ھۆججەتنى شەكىللەندۈرۈپ، يەتتە

يىل داۋاملاشقان «ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ مۇرەككەپ كۆپ تەرەپلىمىلىك سۆھبەت» نى ئاخىرلاشتۇردى. 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە ئەزا 117 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ماراكەشنىڭ شەھرىدە 550 بەتلىك ئۇرۇگۋاي ئۆچرىشىشى كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالىدى. ئاخىرقى ھۆججەتتە تاموژنا بېجى ئوتتۇرىچە 1/3 نىسبەتتە كېمەيتىلىدۇ، دۇنيا بويىچە ئوتتۇرىچە تاموژنا بېجى كېلىشىم ئىمزالانغان چاغدىكى 5% تىن 10 يىل كېيىنكى 3% كە چۈشۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلىنىپ، بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى تۈنجى قېتىم دۇنيا سودا قائىدىسى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولدى ھەم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا بېرىلىدىغان تولۇقلىمىنى تۆۋەنلىتىش بەلگىلەندى؛ باش كېلىشىم قائىدىسى مۇلازىمەتچىلىك سودىسى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق يېڭى ساھەلەرگىچە تەتبىقلىنىپ، پاتېنتنى قوغداش كۈچەيتىلىپ، يېڭى قارشى تۆكمە ۋە ئادىل بولمىغان تۆۋەن باھاغا قارشى تۇرۇش قائىدىسى تۈزۈلدى. ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماللىرى ۋە مۇلازىمەتچىلىكنىڭ خەلقئارا سودا سوممىسى 4 تىرىللىيون 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى 10 يىلدا، دۇنيا سودا سوممىسى 12% ئېشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىدا يىلىغا ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىكەن.

ئۇرۇگۋاي كېلىشىمىدە ئەڭ دەسلەپتە كېلىشىمنىڭ ئىجراسىنى كۈچلۈك نازارەت قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمىلىك سودا تەشكىلاتى قۇرۇش بەلگىلەنگەنىدى. ئامېرىكا ۋەكىللى بۇنداق ئاتالمىغا باشقىچە پىكىر بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك خەلقئارا كېلىشىمنى ماقۇللىمايدۇ، دەپ قاراپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى دەپ ئاتاش تەكلىپىنى بەردى.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ماراكەش يىغىنىدا سۇتېرلاند ئامېرىكىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۇنيا سودا تەشكىلاتى جەنۋەدە رەسمىي قۇرۇلدى.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى** سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاپپاراتى ۋە پائالىيىتىنى تىرىشىپ تەڭشىدى. يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنىدا، ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرى تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەم خەلقئارا مۇھىم مەسىلىلەردە پىكىر بايان قىلدى. يىغىندىكى مۇھاكىمە ۋە قارارلار مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق زور مەنىۋى كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا تەرتىپكە پائال تەسىر كۆرسەتتى. تىنچلىقنى قوغداش جەھەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى دائىم يىغىن ئېچىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى توقۇنۇشنى توسۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلىش چارىسىنى بىرلىكتە كېڭىشىشكە تۈرتكە بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 50 يىلدىن بېرى 172 تىنچلىق كېلىشىمىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يەنە تىنچلىق ساقلاش قىسمى ئەۋەتىپ ئادىل، ئوبيېكتىپ 3 ـ شەخس سالاھىيىتى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشقا ياردەم بېرىپ، توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەر ئارىسىدا توقۇنۇشنى پەسەيتىش بەلبېغى شەكىللەندۈردى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېرۇسالېمدا كۆزىتىش ئۆمىكى قۇرغاندىن بېرى، ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قىتئەدە 40 قېتىمغا يېقىن تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتى تەشكىللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭراقلىرى كونگو (ھازىرقى زايىر، 1960 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە)، سىپرۇس (1964 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە)، مىسىر (1973 ـ يىلىدىن 1979 ـ

يىلىغىچە)، لىۋان (1978 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە) دىكى پائالىيەتلەردۇر. 90 ـ يىللاردا سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونى، كامبۇدژا، سومالى، نامىبىيە (1989 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە) لەردە تېخىمۇ مۇشەققەتلىك تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسمىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر 720 مىڭدىن ئاشتى، بۇلاردىن 12 مىڭ كىشى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مەزگىلىدە ئۆلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رايونلار توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 80 ـ يىللاردىن بېرى يەنە مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەللەرنىڭ سايلام ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر خىزمەت ساھەسىنى ئاچتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلگىرى ـ كېيىن نامىبىيە، نىكاراگۇئا، ئانگولا، كامبۇدژا، جەنۇبىي ئافرىقا، ھايتى قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆزىتىش ئۆمىكى، تەكشۈرۈش ئۆمىكى ياكى پەۋقۇلئاددە ئۆمەك ئەۋەتىپ، سايلام تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىپ، سايلامنى نازارەت قىلىپ، كۆزىتىپ ۋە تەكشۈرۈپ، مەسلىھەت بېرىش، زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بېرىش ۋە خادىملارنى تەربىيەلەشكە ياردەم بېرىش قاتارلىق تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئانگولاندىكى ئومۇمىي سايلامدا ئانگولا ئىتتىپاقى تەرەپ سايلام نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن سايلام مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا سايلاملار بىردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1991 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سايلام ئىشلىرى ماسلاشتۇرغۇچىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سايلام ياردىمى ساھەسىدىكى خىزمەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.



www.uyghurkitap.com

ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش جەھەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماقۇللىغان 1 ـ قارار ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن تىنچلىق ئۈچۈن پايدىلىنىش ھەم ئاتوم قوراللىرى ۋە باشقا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى يوقىتىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى قاراردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتوم ئېنېرگىيەسى كومىتېتى ۋە ئادەتتىكى ھەربىي ھازىرلىقلار كومىتېتى قۇرۇلدى، 1947 ـ يىلى ئىككى كومىتېت بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش مەسىلىسىنى ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلىدىغان تۈنجى ئاپپاراتقا ئايلاندۇرۇلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبەت كومىتېتى تۈرلۈك خەۋپلىك قوراللارنى تېزگىنلەشنى كېڭەيتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن يادرو سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسى (1963 ـ يىلى)، يادرو قوراللارنى كېڭەيتمەسلىك شەرتنامىسى (1970 ـ يىلى، 1995 ـ يىلى يەنە بۇ شەرتنامىنى چەكسىز كۈچكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى)، دېڭىز ئاستىغا يادرو قورال ئورنىتىشنى چەكلەش شەرتنامىسى (1971 ـ يىلى)، بىيو قوراللارنى چەكلەش شەرتنامىسى (1972 ـ يىلى)، خىمىيەلىك قوراللارنى چەكلەش شەرتنامىسى (1992 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ماقۇللىدى. 1978 ـ يىلى، 1982 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم پەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشتا دائىر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش جەھەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1960 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى «مۇستەملىكە ئەللەر ۋە خەلقلەرگە مۇستەقىللىق بېرىش خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ،

مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇستەملىكىلەردىكى ئاھالىلەر 1945 ـ يىلى 750 مىليونغا يەتكەندى. 1990 ـ يىلى نامىبىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن 1 مىليونغا ئازايدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرمۇ دەسلەپكى 51 دىن كۆپىيىپ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 185 كە يەتتى. 1994 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرغان ئاخىرقى بىر جاي — مىكرونىزىيەنىڭ پالائۇ تاقىم ئاراللىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىگە غەلىبىلىك خاتىمە بېرىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1965 ـ يىلى ماقۇللىغان «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» 1969 ـ يىلى كۈچكە ئىگە بولدى، مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ھەر يىلى يىغىن ئېچىپ، بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 1973 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى يەنە «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلىش ۋە قاتتىق جازالاش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» نى ماقۇللىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا ئاخىر 1994 ـ يىلى دۇنياغا كەلدى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1949 ـ يىلى تېخنىكا ياردىمى دائىرىسىنى كېڭەيتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قەدەر نامرات دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. 1961 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى دۇنيادىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا نىگىزلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، 60 ـ يىللارنى بىرلەشكەن



www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈنجى 10 يىل دەپ جاكارلاپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئۈزلۈكسىز ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 1965 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت پائال مەبلەغ توپلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنى تۈرلۈك بەدەلسىز ياردەم تۈرلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. تەرەققىيات ـ پىلان مەھكىمىسىنىڭ خامچوتى 90 ـ يىللاردىن باشلاپ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليارد 300 مىليون دوللاردىن ئاشتى. دۇنيا بانكىسى 1946 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلىغىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە جەمئىي 333 مىليارد دوللار قەرز بەردى. 1974 ـ، 1975 ـ يىلى ۋە 1980 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە ئائىت چوڭ يىغىننىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ قېتىم ئېچىپ، «ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت خارتىيەسى» (1975 ـ يىلى) نى ماقۇللىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، 1948 ـ يىلى «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نى بىردەك ماقۇللىدى، كېيىن يەنە «تەرەققىيات ھوقۇقى خىتابنامىسى» نى ماقۇللىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يەنە تۈرلۈك مەخسۇس يىغىنلارنى ئېچىپ، نوپۇس، ئائىلە، ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار، مۇساپىرلار مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش جەھەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1950 ـ يىلى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بايلىقلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش يىغىنىنى ئاچتى. 1972 ـ يىلى ستوكھولمدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ

تۇنجى نۆۋەتلىك ئىنسانلار ۋە مۇھىت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «يىغىن خىتابنامىسى» ۋە «ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىت ھەرىكىتى پىلانى» ماقۇللاندى. 1973 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيان، قۇرۇقلۇق ۋە ئاتموسفېرا بۇلغىنىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش، مۇھىتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسى يەنە مۇھىتقا ئالاقىدار تۈرلۈك كەسپىي يىغىنلارنى دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇردى، مەسىلەن، قۇملىشىشقا قارشى تۇرۇش، ئوزون قەۋىتىنى قوغداش يىغىنى دېگەندەك. 1992 ـ يىلى رىئودې ژانېيرودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت ۋە تەرەققىيات يىغىنى ئېچىلدى، بۇ يىغىن يەنە «دۇنيا باشلىقلار يىغىنى» دەپ ئاتالدى، يىغىندا «21 ـ ئەسىر قارالمىسى» ماقۇللىنىپ، تەبىئىي بايلىقنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغان 50 يىل مابەينىدە، ھەرقايسى جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، بىراق مەسىلىلەرمۇ كۆپ كۆرۈلدى. تەشكىلات قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا، نۇرغۇن ئوتتۇرا، ئۇششاق دۆلەتلەر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىدىن نارازى بولغانلىقتىن، خارتىيەدە بەلگىلەنگەن كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك مەسىلىسى ئىزچىل ھەل بولماي كەلدى. بەزى چوڭ دۆلەتلەر يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى، ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھوقۇقسىز دەخلى ـ تەرۇز قىلدى. 90 ـ يىللاردا خەلقئارا ئەندىزىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇرۇنقى دەۋرىدە رولىنى جارى قىلدۇردى، 1990 ـ يىلى پارس قولتۇقى كىرىزىسىدە تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. كىشىلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىغا زور ئۈمىد باغلىدى. بىراق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى، كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك مېخانىزمىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەۋپسىزلىك كېڭىشى ۋە يىغىنىنىڭ ماسلاشتۇرۇش رولىنى كۈچەيتىش، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈنىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىسلاھات قەدىمى مۇشەققەتلىك بولدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالدىدىكى يول يىراق، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى.

## 2 ـ بۆلۈم جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى ۋە جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى جەنۇبىي يېرىم شارغا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى شىمالىي يېرىم شارغا جايلاشقان، شۇڭا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي سۆھبەت ئادەتتە «جەنۇب شىمال سۆزلىشىشى» دەپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق «جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى» دەپ ئاتالغان.

**جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنىڭ تەرەققىياتى** جەنۇب ـ شىمال مەسىلىسى، يەنى تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەتلىرى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تىزگىنلەش ۋە تىزگىنلەشكە قارشى تۇرۇش، تالان ـ تاراج قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشقا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بۈگۈنكى دەۋر خەلقئارا مۇناسىۋىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كونا مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن تەرەققىي

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلاندى؛ بىراق كاپىتالىزمنىڭ خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ۋە باراۋەرسىز ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان خەلقئارا ئىقتىسادىي كونا تەرتىپ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەتلىرى ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادتىكى مونوپوللۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قېزىلما مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تىزگىنلىدى؛ مەبلەغ سېلىش ۋە قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىغا تەسىر كۆرسەتتى؛ ئىقتىسادىي كىرىزىسنى ئۇلارغا تېڭىپ، جەنۇب ـ شىمالنىڭ زىددىيىتىنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈردى. شۇڭا، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سۆزلىشىش («جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى») نى تەلەپ قىلىپ، ئادىل، مۇۋاپىق، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق يېڭى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

1963 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى ئېچىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان 75 دۆلەت بىرلەشمە خىتابنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن «75 دۆلەت گۇرۇھى» شەكىللەندى. 1964 ـ يىلى جەنۋەدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سودا مۇناسىۋەتتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ پىرىنسىپى بېكىتىلىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئىمپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇش، تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىش، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1% مەبلىغىنى

ئاجرىتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. يىغىندا 75 دۆلەت گۇرۇھىغا ئەزا دۆلەت ۋە رايونلار 77 گە كۆپىيىپ، «77 دۆلەت بىرلەشمە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ تۇرغۇزۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «77 دۆلەت گۇرۇھى» تەشكىللەندى (1986 ـ يىلىغا قەدەر 126 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى). شۇنىڭدىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى 77 دۆلەت گۇرۇھى مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىپ، بىر قاتار قارارلارنى ماقۇللاپ، بىر تۇتاش ھەرىكەت قوللىنىپ، باراۋەرسىز خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەت كۆرىشى قىلدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، مەسىلەن، نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا بائوكسىت جەمئىيىتى، مىس ئېكسپورت بىرلەشمە كومىتېتى، خەلقئارا چاي كومىتېتى، خەلقئارا قەھۋە تەشكىلاتى، مايلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىقلار خەلقئارا مونوپول كاپىتال بىلەن بولغان كۈرەشنى كۈچەيتىپ، خام ئەشيا ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشتا تەدرىجىي تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. مۇشەققەتلىك سۆھبەتلەردىن كېيىن، 1971 ـ يىلى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى غەرب نېفىت شىركەتلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، خام نېفىت باھاسى ۋە نېفىت ئېچىش بېجىنى تۇنجى قېتىم ئۆستۈردى ھەمدە غەرب نېفىت شىركەتلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا باشلىدى. 1973 ـ يىلى نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرى 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا نېفىتنى قورال قىلىپ، باھا ئۆستۈرۈش،

مەھسۇلات مىقدارىنى كېمەيتىش، ئىمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، غەربتىكى نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيەسىگە قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكىنى يېتىم قالدۇردى ھەم ئۇلارغا زەربە بەردى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئىسرائىلىيەگە قورال ـ ياراغ تەمىنلەشنى توختىتىپ، ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. ياپونىيەمۇ نېفىت ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قوللىدى. نېفىت قورالىنى ئىشقا سېلىش نەتىجىسىدە، نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇزاقتىن بېرى خەلقئارا مونوپول كاپىتالنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋە نېفىت باھاسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. پەقەت باھا ئۆستۈرۈش تۈرىدىلا نېفىت كىرىمى 1973 ـ يىلىدىكى 30 مىليارد دوللاردىن 1974 ـ يىلىغا كەلگەندە 110 مىليارد دوللارغا كۆپەيدى. 1972 ـ يىلى نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەرنىڭ كىرىمى ئاران 14 مىليارد 400 مىليون دوللار ئىدى، 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 275 مىليارد دوللارغا يەتتى. نېفىت كۈرىشى خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قولىدىكى خام ئەشيا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى قورال قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش كۈرىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خام ئەشيا ۋە تەرەققىيات

مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان 6 ـ نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا 77 دۆلەت گۇرۇھى تەييارلىغان «خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش خىتابنامىسى» ۋە «ھەرىكەت پىروگراممىسى» ماقۇللاندى. بۇ ئىككى ھۆججەتتە خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنىڭ مۇنداق بىر قاتار مۇھىم پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى: بارلىق دۆلەتلەر دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قاتنىشىشتا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە، بارلىق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، مالىيە ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش؛ ھازىرقى خەلقئارا پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى نامۇۋاپىق مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتىش، ۋەھاكازا. مۇشۇ ئاساستا، 1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 29 ـ يىغىنى قۇرۇلتىيى «دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت خارتىيەسى» نى ماقۇللىدى، 1975 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خام ئەشيا يىغىنى «داكار خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ، يۇقىرىقى پرىنسىپلارنى مۇئەييەنلەشتۇردى.

1975 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فىرانسىيە پىرېزىدېنتى دېستائىڭنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان 19 دۆلەت بىلەن تەرەققىي تاپقان يەتتە دۆلەت ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى پارىژدا جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى بويىچە خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يىغىنىنى ئاچتى. 1977 ـ يىلى 5 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايدا پارىژدا يەنە بىر قېتىم جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىككى يىغىندا ئىختىلاپ چوڭ بولغانلىقتىن، نەتىجە چىقمىدى. 1977 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى ماك نامارانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «خەلقئارا تەرەققىيات مەسىلىسى مۇستەقىل كومىتېتى» قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت يەنە «جەنۇب ـ شىمال كومىتېتى» دەپمۇ ئاتالدى. كومىتېت جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ھەققىدە كۆپ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى. جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىدىكى قاتماللىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 1979 ـ يىلى 77 دۆلەت گۇرۇھى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دائىرىسىدە دۇنياۋى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 34 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنى مەخسۇس قارار ماقۇللىدى. بىراق ئامېرىكا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، 1981 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە يىغىنى ۋە 35 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا دۇنياۋى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. مېكسىكا پرېزىدېنتى ۋە ئاۋسترىيە باش مىنىستىرىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا، 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مېكسىكىدىكى كانكۇن دېگەن جايدا جەنۇب ـ شىمال ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قاتناشقان خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا، جۇڭگو ۋە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تېزدىن دۇنياۋى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكىتلىدى. غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيەمۇ جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. پەقەت ئامېرىكىلا قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، دۇنياۋى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇردى. بىراق، ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرى يىغىننىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قوش تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك

سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەۋقەسىنى ماسلاشتۇرۇپ، دۇنياۋى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇئەييەن ئاساس سالدى. كانكۇن يىغىنىدىن كېيىن، جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتى داۋاملىق جىددىي بولۇپ، دۇنيا خاراكتېرلىك جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى يەنىلا قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كەلدى. بىراق، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر ـ بىرىگە تايىنىشى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دۇنيادىكى ئاساسلىق قېزىلما بايلىق خام ئەشياسىنى ۋە قىسمەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 60% نى تىزگىنلىگەن بولۇپ، غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەلەر ئاساسلىق قېزىلما بايلىق خام ئەشياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلاتتى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە 150 مىليارد دوللارغا يېتىپ، چەت ئەللەرگە سالغان مەبلىغىنىڭ 1/4 نى ئىگىلىدى. 1981 ـ يىلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ بارلىق ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 37% نى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى (ئىچكى قىسمىدىكى سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ 40% نى، ياپونىيەنىڭ 44% نى قوبۇل قىلدى. 1984 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە قاراتقان سودا ئومۇمىي سوممىسى 175 مىليارد دوللار بولۇپ، غەربىي ياۋروپا، ياپونىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلەشتى. فېدېراتسىپ گېرمانىيەدە ئىشقا ئورۇنلاشقان 1 مىليون 300 مىڭ كىشى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە مال ئېكسپورت قىلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 80 ـ يىللاردىن بېرى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يامانلاشتى. 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1982 ـ يىلىغىچە بولغان كىرىزىس مەزگىلىدە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

دەسلەپكى باسقۇچتىكى نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى 50 ـ يىللاردىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر يۇقىرى ئۆسۈم سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئۆسۈم نىسبىتى 1% ئۆستۈرۈلگەندە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 5 ـ 6 مىليارد دوللار ئۆسۈمنى ئارتۇق تۆلىشىگە توغرا كېلىدىغانلىقتىن، قەرز يۈكى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ كەتتى. چەت ئەللەرگە بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى كىچىكلىمەستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ئەمما، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە مۇقىم بولۇشى 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىلەن چىڭ باغلانغانىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ھەر 3% تۆۋەنلىگەندە، «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»① دىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1% تۆۋەنلىگەن. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ قالغان. شۇڭا، كونا خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر. 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، 3 ـ دۇنيادىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلار، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار ئۈزۈكسىز تۈردە جەنۇب ـ شىمال ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، دۇنيا خاراكتېرىنى ئالغان جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپ جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

---

① 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مارشال پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ياۋروپادىكى 18 كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ياۋروپا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇرغان. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكا، كانادا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ياۋروپا ئەللىرى ئەھدىنامە ئىمزالاپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى قۇرۇشنى قارار قىلغان. 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بۇ تەشكىلات رەسمىي قۇرۇلغان، قىسقارتىلىپ «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغان.

جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىدە ئەڭ ئۇنۇملۇك بولغىنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدىكى تەرەققىياتتۇر. 3 ـ دۇنيا ئەللىرى ئەزەلدىنلا غەربىي ياۋروپانىڭ خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايى، تاۋار ۋە مەبلەغ سېلىنىشىدىكى مۇھىم بازىرى ئىدى، يەنە كېلىپ غەربىي ياۋروپا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىركىشىشتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇھىم كۈچ ئىدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان دۆلەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. 1963 ـ يىلى ئورتاق گەۋدە ئافرىقىدىكى 19 دۆلەت ۋە چەت ئەللەردىكى يەتتە دومىنىئون بىلەن «ياۋئۇندې كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. 1967 ـ يىلى يەنە ئافرىقىدىكى ئەنگلىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا ئۈچ دۆلەت بىلەن «ئارۇشا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىككى تەرەپ تاموژنا بېجىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئورتاق گەۋدە مەبلەغ سېلىش، بايلىقتىن پايدىلىنىش ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ھەم ئالاقە باغلايدىغان دۆلەتكە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1973 ـ يىلى نېفىت كىرىزىسى پۈتۈن كاپىتالىزم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ باراۋەر بولمىغان كونا خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئورتاق گەۋدە ئافرىقا، كارىب دېڭىزى ۋە ئوكيان رايونىدىكى ئالاقە باغلايدىغان دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان 46 دۆلەت بىلەن سودا ۋە ئىقتىساد سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، 1975 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «لومې كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى، كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئورتاق گەۋدە «ئۆزئارا نەپ بېرىش» نى تەلەپ قىلمىغان ئەھۋالدا، 46 دۆلەتنىڭ يارلىق

سانائەت بۇيۇملىرى ۋە 94.2% يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئالماسلىقتا يول قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئورتاق گەۋدىدىكى دۆلەتلەرگە كىرىشىگە مىقدار جەھەتتىن چەك قويمايدۇ؛ ئورتاق گەۋدىنىڭ تاۋارلىرىنى 46 دۆلەتكە كىرگۈزۈشتە ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇلىدۇ، ئەمما باج ئېلىنىۋېرىدۇ؛ ئورتاق گەۋدە 46 دۆلەتنىڭ ئورتاق گەۋدىگە چىقىرىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈشتىن ياكى مەھسۇلات مىقدارى كېمىيىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيىنىغا فوند ئارقىلىق تولۇقلىما بېرىدۇ؛ ئورتاق گەۋدە بەش يىلدا 46 دۆلەتنى 3 مىليارد 500 مىليون ياۋروپا پۇل بىرلىكى (تەخمىنەن 4 مىليارد 650 مىليون دوللارغا تەڭ) گە تەڭ ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. 1979 ـ يىلى، 1984 ـ يىلى، 1989 ـ يىلى يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم «لومې كېلىشىمى» ئىمزالاندى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە، 4 ـ قېتىملىق «لومې كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان دۆلەتلەر 82 دۆلەتكە يەتتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ 12 سى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە بولۇپ، ئافرىقا، كارىب دېڭىزى ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر 70 كە كۆپەيدى. «لومې كېلىشىمى» دە ئىلگىرىكى باراۋەرسىز ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرى مۇئەييەن دەرىجىدە تۈگىتىلگەن بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئورتاق گەۋدىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن 3 ـ دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتتە سىجىل تىرىشىۋاتقانلىقى ۋە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇلاردىن سىرت، ئورتاق گەۋدە يەنە ئەرەب ئەللىرى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى،

لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى بىلەن پائال سۆزلەشتى. ئوتتۇرا شەرقتىكى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىمزالىدى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 22 دۆلەت بىلەن ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، كۆپلىگەن قوش تەرەپلىك كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، سودا، مالىيە ئالاقىسى ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى.

80 ـ يىللار تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر قاتمۇقات ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن 10 يىل بولدى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تۆۋەن سۈرئەتتە ئېشىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى ۋە تاۋارغا بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى بەس ـ بەستە سودا قورۇقچىلىقى ۋە يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتى قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سودا شارائىتى ۋە مەبلەغ شارائىتى ئېغىر دەرىجىدە يامانلىشىپ، جەنۇبنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېخىمۇ ئېغىر مۈشكۈلاتقا دۇچار بولدى. 80 ـ يىللاردا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران 2.9% بولۇپ، ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدا «تەرەققىيات كىرىزىسى»، ئافرىقىدا «مەۋجۇتلۇق كىرىزىسى» يۈز بەردى. جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى كۆرۈنەرلىك زورايدى. جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، جەنۇبنىڭ مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇش، خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي ئىشلارغا باراۋەر قاتنىشىش يولىدىكى كۈرەشلىرىمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دەسلەپكى باسقۇچتىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېكسپورت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قەرز يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ياردەمنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش

قاتارلىق جەھەتلەردە شىمالغا تېخىمۇ كۆپرەك تايانمىسا بولمايتتى. شىمالدىكى دۆلەتلەر مۇشۇ پۇرسەتتە پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، جەنۇبتىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىگە پەرۋا قىلماي ياكى چەكلىك ماقۇل بولۇشنى شەرت قىلىپ، جەنۇبتىكى دۆلەتلەرنى ئىقتىسادىي سىياسىتىنى شىمالنىڭ مەنپەئەتى بويىچە تەڭشەشكە مەجبۇر قىلدى. جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى ۋە سۆھبىتى ئۇزاق مۇددەت قاتمال ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، جەنۇب ـ شىمال ئارىسىدىكى تايىنىش مۇناسىۋىتى تېخىمۇ باراۋەرسىزلىككە قاراپ ماڭدى.

جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشى 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى نېفىت كۈرىشىنى ۋاستە قىلىپ باشلانغان جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى 80 ـ يىللاردا قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر پەقەت جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنى كۈچەيتكەندىلا، مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشتىكى ئورنىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەدرىجىي كۈچەيتتى. 1979 ـ يىلى 77 دۆلەت گۇرۇھى «ئارۇشا كوللېكتىپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش پىروگراممىسى»نى ماقۇللىدى. ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىدىكى يېتەكچى پىروگراممىغا ئايلىنىپ، جەنۇب ـ جەنۇب ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغۇدەك يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

بىرىنچى، ئەسلىدىكى رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ئۆزۈكسىز زورىيىپ ۋە

مۇكەممەللىشىپ، يېڭى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر رايون خاراكتېرلىك ۋە يېرىم رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتتىن 30 دىن ئارتۇقنى، خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت تەشكىلاتىدىن 30 دىن ئارتۇقنى، پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىدىن 20 دىن ئارتۇقنى قۇردى. بۇ تەشكىلاتلارغا قاتناشقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3% نى ئىگىلىدى. ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى رايونلىرىدا ئاساسەن رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى تەشكىللەندى. لاتىن ئامېرىكىسىدا، 1981 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 11 دۆلەت لاتىن ئامېرىكىسى ئەركىن سودا جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، لاتىن ئامېرىكىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەمئىيىتى قۇردى ھەم لاتىن ئامېرىكىسى ئورتاق بازىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. كارىب دېڭىزى رايونى ئورتاق گەۋدىسى پائالىيىتىنى سەككىز يىل توختاتقاندىن كېيىن، 1983 ـ يىلى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە ياھاما فېدېراتسىيەسىنى 13 ئەزا دۆلەتلىككە قوبۇل قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر مەۋقەسىنى ماسلاشتۇرۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ ئومۇمىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئافرىقىدا، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى 1980 ـ يىلى «لاگوس ھەرىكەت پىروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشنىڭ 80 ـ يىللاردىكى كونكرېت باسقۇچ ۋە تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى. ئىلگىرى قۇرۇلغان غەربىي ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىدىن باشقا، جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش كېڭىشى، ئوتتۇرا ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى ھەم شەرقىي

قىسىم ۋە جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرى ئېتىبارلىق سودا رايونى (1984 ـ يىلى ئورتاق بازار قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كېلىشىمى هاسىل قىلىنغان) يېڭىدىن قۇرۇلدى. ئوتتۇرا شەرقتە، نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئالتە دۆلەت 1981 ـ يىلى پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى قۇردى. غەربىي ھىندى ئوكياندىكى ئۈچ ئارال دۆلىتى 1983 ـ يىلى ھىندى ئوكيان كومىتېتىنى قۇردى. جەنۇبىي ئاسىيا سۇب قۇرۇقلۇقىدا، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق يەتتە دۆلەت ئۇزاق مۇددەت كېڭىشىش ئارقىلىق، ئاخىر 1983 ـ يىلى «جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق خىتابنامىسى»، «رايون ھەمكارلىقى بىرلەشمە ھەرىكەت پىروگراممىسى» نى ماقۇللىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، 1967 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەر 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئالتىگە كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە سىياسىي ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى رايون ھالقىغان ھەمكارلىق ۋە دۇنياۋى ھەمكارلىق يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. دۇنيا بويىچە سودىدا ئېتىبار بېرىش سۈھبىتى خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەندى. 1984 ـ يىلى 77 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى «جەنۇب بانكا پىروگراممىسى» نى ماقۇللىدى، كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر «جەنۇب بانكىسى» قۇرۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى شەكىللىنىپ، جەنۇب ـ جەنۇب ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىدا پائال رول ئوينىغۇسى.

ئىككىنچى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. 1981 ـ يىلى 77 دۆلەت گۇرۇھى ماقۇللىغان «تەرەققىي

قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ھەرىكەت پىروگراممىسى» دا سودا، پۇل مۇئامىلە، تېخنىكا ھەمكارلىقى قاتارلىق سەككىز جەھەتتە كونكرېت لايىھە ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. غەربىي ئافرىقا ئەللىرى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى 1983 ـ يىلى 8 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قايتىدىن تەكىتلەپ، سانائەت ماللىرى سودىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش بىر تۇتاش لايىھەسىنى يولغا قويدى ھەم بىر تۇتاش پۇل رايونى قۇردى. شەرقىي قىسىم ۋە جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا ئېتىبارلىق سودا رايونى 1984 ـ يىلى ئېتىبارلىق سودا رايونى شەرتنامىسىنىڭ كۆچكە ئىگە بولغانلىقىنى جاكارلىدى. پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى بىر تۇتاش ئىقتىسادىي كېلىشىمى 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۆچكە ئىگە بولدى. 1982 ـ يىلى «يېڭى دېھلى كېڭىشى» دەپ ئاتالغان جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىق يىغىنىدا دۇنيا سودىسى، پۇل مۇئامىلە، ئېنېرگىيە ۋە بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەردە تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇلۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئورتاق مەۋقە ماسلاشتۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى بېيجىڭدا جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. شۇ يىلى 7 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزمىگەن ئەللەر باشلىقلىرى يىغىنى ماقۇللىغان «ئىقتىساد خىتابنامىسى» ۋە «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ھەرىكەت پىروگراممىسى» دا جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى.

ئۈچىنچى، جەنۇب ـ جەنۇب سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەمكارلىق ساھەسىنىڭ كېڭىيىشى. تەرەققىي قىلىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا 1970 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە يىلىغا ئوتتۇرىچە 30% تىن ئېشىپ بارغانىدى، بۇ نىسبەتنىڭ دۇنيا سودا سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1970 ـ يىلى 20% كە يەتمەيتتى، 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېشىپ 32% كە يەتتى. 1973 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەر باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى 71 مىليارد دوللار ھۆكۈمەت مالىيە ياردىمى بىلەن تەمىن ئەتتى، خۇسۇسىيلار ئۆتۈنۈپ بەرگەن مەبلەغ مۆلچەرلىنىشىچە ھۆكۈمەت ياردىمىنىڭ 1/4 ىگە توغرا كەلدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ، بايلىق، ئېنېرگىيە، ئەمگەك مۇلازىمەت، تېخنىكا ۋە بىرلىشىپ كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بىۋاستە سالغان مەبلىغىنىلا قوبۇل قىلىدىغان تارىخ ئۆزگەردى. 70 ـ يىللاردىن بېرى ئاساسلىقى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بىۋاستە مەبلەغ سېلىشى كۆنسايىن كۆپەيدى. ئەلۋەتتە، جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىمۇ بەزى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار مەۋجۇت ئىدى. بىراق، جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كوللېكتىپنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، جەنۇبنىڭ جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتا پائال رول ئوينىدى. جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزۈكسىز مۇستەھكەملىنىدۇ، يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

بىراق، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 80 ـ يىللاردىن بىرى جەنۇب ـ شىمالنىڭ ئىقتىسادىي پەرقى كۆنسايىن زورىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىدىمۇ روشەن پەرق يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 1% تىن سەل يۇقىرى بولۇپ، نوپۇسنىڭ 2.3% لىك ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، قەرز كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى «تەرەققىيات كىرىزىسى» خاراكتېرىنى ئالدى. ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 1.4% بولۇپ، نوپۇسنىڭ 3% لىك ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن خېلىلا تۆۋەن بولدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قامدىيالمايتتى، ئۇنىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ، «مەۋجۇتلۇق كىرىزىسى» مەسىلىسىگە ئايلاندى. پەقەت شەرقىي ئاسىيا رايونىدىلا ئەھۋال باشقىچە بولدى. 80 ـ يىللاردا «تۆت كىچىك ئەجدىھا» ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ 9% كە يەتتى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئىچىدىكى مالايسىيا، تايلاند، ھىندونېزىيە، فىلىپپىندىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ 6%، جەنۇبىي ئاسىيانىڭمۇ 4% تىن يۇقىرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنى ئۆستى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تەكشىسىز تەرەققىياتى تۆپەيلىدىن ئوخشىمىغان رايون ۋە دۆلەتلەر تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئوخشىمىغان مەنپەئەت ۋە

تەلەپنى پەيدا قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسى قەرز ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەردى، ئافرىقىغا نىسبەتەن مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات يولىدا ياردەمگە ئېرىشىش ئەڭ جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئاسىيا بولسا سودا قورۇقچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەكىتلىدى. شۇڭا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش جەريانىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ ئاجىزلاشتى، دۇنياۋى جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى ۋە جەنۇب - شىمال سۆزلىشىشىدىكى توسقۇنلۇق زورايدى، رايون خاراكتېرلىك جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى ۋە جەنۇب، شىمال سۆزلىشىشىدە كۈچىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ رايونلىشىشىنى ئاساسلىقى جەنۇبتىكى دۆلەتلەر تەشەببۇس قىلغانىدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى ئارقىلىق كوللېكتىپنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ھەمدە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بىر خىل سادادا سۆھبەتلىشىش ئىدى. شۇغىنىسى ئىقتىسادنى رايونلاشتۇرۇش دولقۇنىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئالغا سىلجىتتى. 90 - يىللاردا، ياۋروپا بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار پىلانىنى تېزدىن يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىز رايونى، كارىب دېڭىزى رايونى، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە تىنچ ئوكيان رايونى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى پائال كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شەكىللەندۈرمەكچى بولدى. 1992 - يىلى 8 - ئايدا ئامېرىكا كانادا ۋە مېكسىكا بىلەن «شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى، ئارقىدىنلا يەنە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىغا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش نۇقتىسىدىن «ئامېرىكا قىتئەسى تەشەببۇسى» چىقاردى. ئامېرىكا، ياپونىيەلەر ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بۇ رايوننىڭ

ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى ئويناش ئارزۇسىدا بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەرب دۆلەتلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، رايون خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئۇلارنىڭ تۇپ مەقسىتى يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي، تاۋار بازىرى ۋە مەبلەغ سېلىش سورۇنى قىلىۋېلىش ئىدى، بۇ چوڭ دۆلەتلەرنى مەركەز قىلغان رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايتتى. جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىدىكى رايونلىشىش تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا، ھەتتا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى يېڭى خىرىسقا دۇچار قىلدى، شۇنداقلا يەنە تاللىغۇدەك پۇرسەتمۇ بار ئىدى، مۇھىمى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىنىڭ جەنۇبتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمىسە بولمايتتى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئىككى قۇتۇپ تىركىشىپ تۇرىدىغان دۇنيا ئەندىزىسى يىمىرىلىپ، دۇنيا يېڭى ـ كونا ئەندىزىلەر ئالمىشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىكى جىددىيلىك پەسەيدى، بىراق خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، بەزى رايونلاردا مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيدى، شۇڭا ۋەزىيەتمۇ يەنىلا مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خەلقئارادا قانداق سىياسىي، ئىقتىسادىي

يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى، تۈرلۈك دۆلەتلەر، تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى تىنچ، ئادىل، باراۋەر خەلقئارا سىياسىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى زومىگەرلىككە ۋە زورلۇق سىياسىيسىغا قارشى تۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقئارا تالاش ـ تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئادىل، مۇۋاپىق، باراۋەر، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى بېسىشىغا قارشى تۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، كوللېكتىپنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 90 ـ يىللار كىرىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا بىر قەدەر ياخشى ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە رايونلار يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىشنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقا 80 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىق دائىرىسى كېڭىيىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 10 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئايلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بىراق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تەرەققىيات جەھەتتە يەنىلا كەسكىن

خىرىسقا دوچ كەلدى، بولۇپمۇ بەزى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى توختاپ قېلىپ، جەمئىيەتتە مۇقىمسىزلىق ۋە نامراتلىنىش مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. لېكىن ئامېرىكا ۋە غەربتىكى بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر «ئىنسانىي ھوقۇق»، «مۇھىت»، «ئەمگەك شارائىتى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى ئازايتتى، ھەتتا مۇشۇلارنى شەرت قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، تەرەققىيات ئەندىزىسى، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تاڭدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى ھەمدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلارنى كۆپەيتتى.

خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش مۇھاكىمە كۈرىشىدە، دۇنيادا ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر شەكىللەندى. بىر خىلى، ئامېرىكا ۋەكىللىكىدىكى غەربتىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى، يەنە بىر خىلى، جۇڭگو ۋەكىللىكىدىكى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن نۇقتىئىنەزەر ئىدى. 1988 ـ يىلى دېڭ شياۋپىڭ: زامانىمىزدىكى قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ھەم خەلقئارا سىياسىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك[1]، دېگەن مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگونىڭ خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرى مۇنداق:

(1) خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئىنتايىن ئاز ساندىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىك ۋە زورلۇق سىياسىتى ئاساسىدىكى

[1] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 282 ـ بەت.

كونا تەرتىپكە تامامەن ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان يېڭى خەلقئارلىق مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت؛

(2) خەلقئارالىق يېڭى تەرتىپ سىياسىي تەرتىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپتىن ئىبارەت زىچ باغلىنىشلىق، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىككى جەھەتتىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈنلۈك بولۇشى كېرەك؛

(3) دۆلەتلەرنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، باي ياكى نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولالايدىغان باراۋەر ئەزاسى بولۇشى يادرو قىلىنىشى كېرەك؛

(4) ئاساسىي مەزمۇنى: ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تەرەققىيات يولىنى مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولغان ئاساستا تاللاش ھوقۇقى بولۇش، ھەرقانداق دۆلەت، بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدېئولوگىيەسى ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە تاڭماسلىق؛ بىر ـ بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقانداق دۆلەت ھەرقانداق باھانە بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ياكى ئۇنى قوشۇۋالماسلىق، خەلقئارا تالاش ـ تارتىشنى تىنچلىق سۆھبىتى يولى بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىش؛ خەلقئارا مۇناسىۋەتتە چوڭلىرىنىڭ كىچىكىنى بېسىشىغا، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىق، خەلقئارا ئىشلارنى ھەرقايسى ئەللەر باراۋەر كېڭىشىپ ھەل قىلىش، بىر ياكى بىرقانچە چوڭ دۆلەت مونوپول قىلىۋالماسلىق، ھەرقانداق دۆلەت زومىگەرلىك قىلماسلىق ياكى زورلۇق سىياسىتىنى يولغا قويماسلىق؛ خەلقئارا كونا

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىل، مۇۋاپىق، باراۋەر، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان، تەڭ قىممەت ئالماشتۇرۇلىدىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى دەسسىتىش؛

(5) خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش جەريانىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى كەلگۈسىدىكى خەلقئارا يېڭى تەرتىپنى ئۇنۇملۈك تىزگىنلەيدىغان مېخانىزمغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

جۇڭگونىڭ يۇقىرىقى تۇقتىئىنەزەرى ۋە تەشەببۇسى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ماختىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

## 3 ـ بۆلۈم جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تەرەققىياتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو 1840 ـ يىلىدىن بۇيان باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشى، تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ھاقارەتلىك دىپلوماتىيە تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، خەلقئارا سەھنىدە مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇشتەك تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تەۋرەنمەي يولغا قويىدى ھەم دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن كونكرېت تاشقى سىياسەتنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەڭشىدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدا، جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن

خاراكتېرىگە ئىگە «ئورتاق پىروگراما»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئاساسىي پىرىنسىپنى بەلگىلەپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ پىرىنسىپى: ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ۋە زېمىن، ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقئارانىڭ ئۇزاققىچە تىنچلىقىنى ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىقنى ھىمايە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە ئۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئارقىدىنلا بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگىرىيە، چاۋشيەن، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، موڭغۇلىيە ۋە ئالبانىيەلەر ئىلگىرى ـ كېيىن ئېلىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. دېموكراتىك گېرمانىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز بىلەن تېزلىكتە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېلىمىز فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. ئەينى چاغدىكى ئەندىزە ۋە تارىخىي شارائىتتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى «بىر تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش»، «سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان تىنچلىق، دېموكراتىيە لاگېرىدا تۇرۇش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خەلق دېموكراتىك دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى 1 ـ ئورۇنغا قويدى.

بۇ مەزگىلدە، جۇڭگو ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى مىللەتچىلىك ئەللىرى بىلەن دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ۋە بۇنداق مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو ئىلگىرى ـ كېيىن ھىندىستان، بىرما، ھىندونېزىيە، پاكىستان، ئافغانىستان، مىسىر، سۇرىيە، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو يەنە شىۋېتسىيە، دانىيە، شىۋېيتسارىيە، فىنلاندىيە ۋە نورۋىگىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەم ئەنگلىيە، گوللاندىيە بىلەن ۋاكالەتچىلىك دەرىجىسىدىكى مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېڭى جۇڭگو 28 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەم تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە رايون خەلقلىرى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ئامېرىكا يېڭى جۇڭگوغا قارىتا زوراۋانلىق ۋە دۈشمەنلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەم جۇڭگوغا قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىش ۋە ئەمبارگو يۈرگۈزۈش، ھەربىي جەھەتتە مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە تەھدىت سېلىش، دىپلوماتىيە جەھەتتە ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىدى. ئامېرىكا قوشۇن ئەۋەتىپ چاۋشيەنگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلدى ھەم 7 ـ فىلوتنى تەيۋەن بوغۇزىغا ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە يامانلاشتى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، جۇڭگو پىدائىيلار قىسمى ئەۋەتىپ چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ،

جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىگە تاقابىل تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇردى. 50 ـ يىللاردا، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۆۋەندىكى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى: بىرىنچى، چاۋشيەنىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالاشقا قاتناشتى؛ ئىككىنچى، ھىندىستان، بىرما بىلەن ئورتاق تەشەببۇس قىلغان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مىزانى قىلدى؛ ئۈچىنچى، 1954 ـ يىلى جەنۋە خەلقئارا يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھىندىچىنىدا ئۇرۇش توختىتىش ۋە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى؛ تۆتىنچى، 1955 ـ يىلىدىكى باندۇڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاسىيا، ئافرىقا يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىدا زور رول ئوينىدى؛ بەشىنچى، ھىندونېزىيە بىلەن «قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ پرىنسىپىنى بېكىتتى، بۇ تارىختىن قالغان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق ئىدى. يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن يېڭى جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى كۆتۈرۈلۈپ، خەلقئارا سەھنىدە ئوينايدىغان رولى بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولدى.

60 ـــ 70 ـ يىللاردا، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، دۇنيادا ئادەتتىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت زومىگەرلىك تالىشىدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. سوتسىيالىزم لاگېرى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويدى. جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى، ئەمما تەڭشەلگەندىن كېيىن، يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلدى.

بۇ مەزگىلدە، جۇڭگو دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئاسىيا،

ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى داۋاملىق قوللىدى، ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشى ۋە كۇبا خەلقىنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئامېرىكا يالانما قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو 1961 ـ يىلى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى قوزغىغان ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىگە پائال مەدەت بەردى ۋە ئۇنى قوللىدى. جۇڭگو ئاسىيا، ئافرىقىدىكى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1963 ـ يىلى زوڭلى جۇئېنلەي ئاسىيا، ئافرىقىدىكى 14 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى ھەم جۇڭگونىڭ ئافرىقا ۋە ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بەش پرىنسىپىنى ۋە جۇڭگونىڭ تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا ياردىمىدىكى سەككىز پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو موڭغۇلىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، نېپال ۋە بىرما بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چېگرا شەرتنامىسى ياكى كېلىشىمى ئىمزالاپ، تارىختىن قالغان بىر قانچە مەسىلىنى ھەل قىلدى. جۇڭگو بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ زور تەرەققىيات قولغا كەلدى. 1964 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن فىرانسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. فىرانسىيە غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە جۇڭگو بىلەن تۇنجى بولۇپ باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەت. ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇلاردىن سىرت، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئەلئارا دىپلوماتىيە شەكلى ئارقىلىق ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۆپەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشىغا ئاساس سالدى.

1972 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى نىكسون

www.uyghurkitap.com

جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا شاڭخەي ئاخباراتىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تېز تەرەققىي قىلدى. 1973 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىر ـ بىرىدە ئالاقە باشقارمىسى قۇردى. 1978 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىرلەشمە ئاخباراتى ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتمۇ نورماللاشتى. باش ۋەزىر تاناكا كاكۇئېي 1972 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگونى زىيارەت قىلدى، ئىككى دۆلەت قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى جاكارلىدى. 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت يەنە «جۇڭگو ـ ياپونىيە دوستلۇق، تىنچلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا، جۇڭگو ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشىنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرىدە، 70 ـ يىللاردا جۇڭگو غەربىي ياۋروپادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇلاردىن سىرت، جۇڭگو يەنە كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. جۇڭگو بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ مەزگىلدە نورماللىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى.

جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، 1971 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 26 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن بىسىپ چۈشۈپ قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىدىكى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلىك ئورنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئېلىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەت 75 كە يەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ جۇڭگو خەلقئارا ئىشلارغا ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىشقا باشلىدى ھەم خەلقئارا سەھنىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىدى. 80 ـ يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتتە يەنە يېڭى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن زور دەرىجىدە ئۆزگەردى، جۇڭگو پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى بەلگە قىلغان ھالدا ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. جۇڭگو يېڭى ۋەزىيەت ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ھەم تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دۆلەتنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتەك تۈپ سىياسىتىنى تۈزۈپ، دىپلوماتىيە لۇشيەنىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى، تولۇقلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان يېڭى ئاساسىي قانۇندا، دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى تاشقى سىياسىتىنىڭ تۈپ پىرىنسىپى مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «جۇڭگو مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇشتەك تاشقى سىياسەتتە چىڭ تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەر بولۇپ ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش، تىنچ ئىچىلىقتا بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت بەش پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە،

مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش، مىللىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.»

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش ئاساسىدا، يېڭى دەۋردىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىگە مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش پىرىنسىپىغا دائىر يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى، بۇلار ئىتتىپاق تۈزمەسلىك جەھەتتە ئىپادىلەندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەرقانداق بىر چوڭ دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەيدىغانلىقىنى ياكى ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەت ئورناتمايدىغانلىقىنى، بىر دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ يەنە بىر دۆلەتكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ئۆز مەۋقەسىنى بەلگىلەشتە ئىشنىڭ ھەق - ناھەقلىكى، دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ۋە جۇڭگو خەلقى ھەم دۇنيا خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە قارايدىغانلىقىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ زومىگەرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ زومىگەرلىك قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو يەنە جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» يېڭى تەسەۋۋۇرىنى، يەنى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەتتە ئىككى خىل جەمئىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېن جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ قاراپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى



www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلدى. 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى مارگارىت ساچېر خانىم جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى شياڭگاڭنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىدە ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەسىنى شەرھلىدى ھەم دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق داۋاملىق كېڭىشىشكە قوشۇلدى. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى شياڭگاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتنى باشلىدى. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭگو، ئەنگلىيە تەرەپلەر شياڭگاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو زۇڭلىسى بىلەن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بېيجىڭدا جۇڭگو ئەنگلىيە تەرەپلەرنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى ئۈستىدىكى قوشما باياناتنى رەسمىي ئىمزالىدى. قوشما باياناتتا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، بىرلەشمە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شياڭگاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بايانات ئېلان قىلىپ، شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنىدىغانلىقىنى، دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغاندىن سىرت، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرقى سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، ھازىرقى قانۇنىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىكلەردىن تەشكىللىنىدىغانلىقى، شياڭگاڭنىڭ

ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەركىن پورت ۋە مۇستەقىل تاموژنا بېجى ئورنى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنى ساقلاپ قېلىنىدىغانلىقى، ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ شياڭگاڭدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى، جۇڭگونىڭ يۇقىرىقى تۈپ سىياسەتلىرى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭنىڭ ئاۋات ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش مەقسىتىدە، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» قائىدىسىگە بويىچە، شياڭگاڭ مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ، ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا شارائىت ياراتتى. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو، پورتۇگالىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى سۆھبەتنى باشلىدى، كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا «جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ ئاۋمېن مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشما باياناتى» نى رەسمىي ئىمزالىدى. قوشما باياناتتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» قائىدىسىگە ئاساسەن، ئاۋمېنغا قارىتا 12 تۈرلۈك ئاساسىي سىياسەت يولغا قويۇلىدىغانلىقى ھەم 50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى بەلگىلەندى.

شياڭگاڭ، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، جۇڭگو ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تارىخ ۋە ھازىرقى ھالەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەققانىي مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۇزاقتىن قالغان تارىخىي مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى، بۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇس

قىلغان «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى. شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشىنى تاماملاش ئۈچۈن چوڭ بىر قەدەم تاشلاپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى دۇنيادا خەلقئارا تالاش - تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

80 — 90 - يىللاردا، جۇڭگو كۆپ تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش فاڭجېنى بىلەن تاشقى ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالاقىسىنى مىسلىسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى.

جۇڭگو ئاۋۋال ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇقىم ۋەزىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئاسىيادىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدۇردى. جۇڭگو چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. كورېيە بىلەن ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ھەم 1992 - رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. جۇڭگو چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ تىنچ يول بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلىككە كېلىشىنى قوللىدى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە 1978 - يىلى «جۇڭگو - ياپونىيە تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى «تىنچ، دوستانە ئۆتۈش، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش، بىر - بىرىگە

تايىنىش، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپنى ئورتاق تۇزۇپ چىقىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ دوستانە، ئىناق مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ئىككى تەرەپ سىياسىي جەھەتتىكى ئىشىنىشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، نەزىرىنى 21 ـ ئەسىردە دوستلۇقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشقا قاراتتى. بىراق، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ياپونىيەدىكى بەزى ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ مىلىتارىزملىق خاھىشى ئاز ـ تولا ئەۋج ئالدى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ سودىسى زور كۆلەمدە ئېشىپ، ياپونىيە جۇڭگونىڭ 1 ـ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلىنىپ، جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كاپىتالىستىك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. جۇڭگو شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇردى، بولۇپمۇ 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيە ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ 10 ـ ئايدا جۇڭگو سىنگاپور بىلەن باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا برۇنېي بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 11 ـ ئايدا جۇڭگو ۋىيېتنام مۇناسىۋىتى نورماللاشتى. جۇڭگو بىلەن لائوس سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئۇزاقتىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن تارىخىي قالدۇق مەسىلىنى ھەل قىلدى.

جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى پاكىستان، بېنگال، نېپال، سىرى لانكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق،

ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۆزئارا زىيارەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1988 - يىلى 12 - ئايدا ھىندىستان باش مىنىستىرى راجىق گەندىنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشى جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەلق ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردە كېلىشىم ئىمزالىدى ھەم چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇشقا قوشۇلدى. 1991 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو باش مىنىستىرى لى پېڭ تەكلىپكە بىنائەن ھىندىستانغا بېرىپ رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى، 1993 - يىلى 9 - ئايدا ھىندىستان پىرېزىدېنتى رائو تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى 1993 - يىلى 9 - ئايدا ئىمزالىغان «جۇڭگو ھىندىستان چېگراسىدىكى ئەمەلىي كونترول لىنىيەسىگە جايلاشقان رايونلارنىڭ تىنچلىقى ۋە ئەمىنلىكىنى ساقلاش كېلىشىمى» جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

80 - يىللاردا، جۇڭگو ئاسىيادىكى ئۆز ئەتراپىغا جايلاشقان قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، شۇنداقلا 3 - دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1983 - يىلى 1 - ئايغىچە، جۇڭگو زۇڭلىسى ئافرىقىدىكى 11 دۆلەتتە زىيارەتتە بولۇپ، «باراۋەر بولۇپ ئۆزئارا

نەپ يېتكۈزۈش، كۆپ خىل شەكىللىك قوللىنىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش» تىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىق يىغىنىدا، جۇڭگو يەنە بۇ تۆت پرىنسىپنىڭ جۇڭگو بىلەن ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەر ۋە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقىغا ئوخشاشلا باب كېلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 80 ـ يىللاردا جۇڭگو 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقتا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 1988 ـ يىلى جۇڭگونىڭ 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

خەلقئارا ئىشلاردا، جۇڭگو جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشىنى قوللاپ، جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا يىغىنلاردا كونا خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ماسلىشىش ۋە ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتتى. 1992 ـ يىلى جۇڭگو ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى بولدى. جۇڭگو 77 دۆلەت گۇرۇھى بىلەن دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى ھەم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىدىكى رەسمىي سۆزلەشكۈچى دۆلەت بولدى. 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى.

80 ـ يىللاردا، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى ۋە تەڭشەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى 10 يىللىق

قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسەتنى تەڭشىدى، 1979 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا «جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» نىڭ مۇددىتى 1980 - يىلى توشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئۇزارتمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. سۆھبەت رەسمىي باشلىنىپ بولغۇچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى. 1982 - يىلى برېژنېف تاشكەنتتە سۆز قىلىپ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10 - ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى دەرىجىلىكلەر 1 - قېتىملىق كېڭەشىشى باشلاندى. 1986 - يىلى 10 - ئايغىچە مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەشى 9 - قېتىمغا قەدەم قويدى. ئېلىمىز جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشتا ئۈچ چوڭ توساقنى يوققا چىقىرىش، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئازايتىش، ۋېيېتنامنىڭ كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللىماسلىق ۋە ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى قاتارلىق باشقا جەھەتلەردە بىر قەدەر زور ياخشىلىنىش بولدى. 1984 - يىلى 12 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن رەئىسى ئارخىپوف ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولۇپ، ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1985 - يىلى 7 - ئايدا

مۇئاۋىن زۇڭلى ياۋيىلىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە بولغان مال ئالماشتۇرۇش ھەم پۇل چىقىم قىلىش كېلىشىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا سانائەت تۈرلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئىقتىسادى، تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، ئىككى دۆلەتنىڭ 1985 - يىلىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 600 مىليون شىۋېيتسارىيە فىرانكىغا يېتىپ، 1984 - يىلىدىكى ئىككى مىليارد 652 مىليون شىۋېيتسارىيە فىرانكىدىن 73% ئاشتى، 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە سودا ئومۇمىي سوممىسى 35 مىليارد شىۋېيتسارىيە فىرانكىغا يەتتى؛ ئىككى تەرەپ لايىھەلەش، تېخنىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، ئۇسكۇنە يەتكۈزۈش ۋە مۇتەخەسسىس، تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىش جەھەتتە ھەمكارلاشتى. بۇلاردىن سىرت، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە چېگرا سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرا سودىسىنىڭ كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. بىراق، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى تېخى تۈپتىن ياخشىلانمىدى. 1986 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى گورباچېف ۋىلادىۋوستوكتا نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ، «ئاساسىي سۇ يولىنى چېگرا لىنىيەسى قىلىش» بويىچە چېگرا سۆھبىتىنىڭ يېڭى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. توققۇز يىل توختاپ قالغان جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا سۆھبىتى 1987 - يىلى 2 - ئايدا موسكۋادا ئەسلىگە كەلدى. 1988 - يىلى 10 - ئايدا، ئىككى تەرەپ جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنىڭ چېگرا لىنىيەسى

يۈنىلىشىدە بىر دەك پىكىرگە كەلدى. 1988 - يىلى 4 - ئايدا ئافغانىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كېلىشىمى جەنۋەدە ئىمزالىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن پۈتۈنلەي قوشۇن چېكىندۈرۈشكە ۋەدە بەردى. 12 - ئايدا جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلدى، بۇ 1957 - يىلىدىن بۇيان جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇنجى قېتىم زىيارەتتە بولۇشى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى كامبودژا مەسىلىسىنىڭ بالدۇرراق ھەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش قاتارلىق پرىنسىپلار ئاساسىدا جۇڭگو بىلەن يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنلىرىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدىغانلىقىنى ھەم موڭغۇلىيەدىكى كۆپ قىسىم ئارمىيەنى چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشىدىكى ئۈچ چوڭ توساق ئاساسەن ھەل بولدى. 1989 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى گورباچېف ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

1989 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە، شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى، دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە قوشۇلۇپ كەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيەسى پارچىلىنىپ كەتتى. جۇڭگو ئەسلىدىكى دۆلەتلەر ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەتلەرگە قارىتا بەلگىلەنگەن دىپلوماتىيە فاڭجېنىغا ئاساسەن داۋاملىق تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش

پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ھەم مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. 90 ـ يىللاردىن بۇيان جۇڭگو رەھبەرلىرى رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر رەھبەرلىرى بىلەن ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇپ، 21 ـ ئەسىر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يېڭى بىر سەۋىيەگە كۆتۈردى. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە، جۇڭگو بىلەن قازاقىستان ئىلگىرى ـ كېيىن دۆلەت چېگراسى كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ چېگرا لىنىيەسىنى قانۇنىي شەكىلدە مۇقىملاشتۇردى. 1994 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە قوشما باياناتىدا ھەركىم ئۆزىنىڭ يادرو ئوق بېشىنى قارشى تەرەپكە توغرىلىمايدىغانلىقىنى ۋە بىر ـ بىرىگە ئالدى بىلەن يادرو قورالى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان رەھبەرلىرى شاڭخەيدە بەش دۆلەتنىڭ «چېگرا رايونلاردا ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچنى كۈچەيتىش كېلىشىمى» نى ئورتاق ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بەش دۆلەتنىڭ «ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھ» بولۇشتەك يېڭىچە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ جانلىق نامايەندىسى بولۇپ، جۇڭگونىڭ رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

80 ـ يىللاردىن بېرى جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي داۋالغۇش تۈپەيلىدىن ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق

ساھەلەردىكى مۇناسىۋىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئارىسىدىكى ئۇچرىشىش ۋە سۆزلىشىشنى دائىم ساقلاپ كەلدى. 1979 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مۇئاۋىن زۇڭلى دېڭ شياۋپىڭ تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولدى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ۋە مەدەنىيەت كېلىشىمى ئىمزالىدى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى، بوشلۇق تېخنىكىسى جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئالاقىلىرىنى ئالماشتۇردى، ئىككى دۆلەت يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى جەھەتتە ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزدى، كونسۇل مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا باش كونسۇلخانا تەسىس قىلىش قاتارلىقلارغا ئائىت كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. 1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخباراتى ئېلان قىلىندى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە سېتىپ بېرىلىدىغان قورال ـ ياراغنىڭ ئىقتىدارى ۋە سانىنى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىنكى يېقىنقى بىرقانچە يىللىق تەمىنلەش سەۋىيەسىدىن ئاشۇرماسلىققا ۋەدە بەردى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىشتىكى مەۋقەسىنى ئېتىراپ قىلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 10 يىلدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى يېڭى سەۋىيەگە يەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى 1979 ـ يىلىدىكى 2 مىليارد 400 مىليون دوللاردىن 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مىليارد 10 مىليون دوللارغا يەتتى (ئامېرىكا ئىستاتىستىكا قىلغان سان 13 مىليارد 700 مىليون دوللار). ئامېرىكا جۇڭگونىڭ سودىدىكى 3 ـ چوڭ سودا ئوبيېكت دۆلىتى بولۇپ قالدى. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بىۋاستە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سوممىسى 3 مىليارد 120 مىليون دوللارغا يېتىپ،

ئېلىمىزنىڭ مەبلەغ كىرگۈزۈش توختام سوممىسىنىڭ 14.2% ىنى ئىگىلىدى، ئەمما جۇڭگو ئەمەلىيەتتە پايدىلانغان ئامېرىكىنىڭ بىۋاسىتە سېلىنمىسى 2 مىليارد 30 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 21.5% ىنى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا سالغان مەبلىغى ھەرقايسى ئەللەر ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا بولۇپ، مەبلەغ سالغان تۈر 600 دىن ئاشتى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەتكە دائىر 21 ساھەدە ساھەرلەر بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلدى، ئەلئارا پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ كۈنسايىن كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيارەتكە بارغان جۇڭگو ئالىملىرى كۈنسايىن كۆپەيدى. بۇ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىقىنىڭ كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

بىراق، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا توسالغۇلار يەنىلا كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ تەيۋەن مەسىلىسى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شائخەي ئاخباراتى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئاخباراتى ۋە 1982 ـ يىلىدىكى بىرلەشمە ئاخباراتقا ئاساسەن ئامېرىكا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودىكى بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن پەقەت «مەدەنىيەت، سودا ۋە باشقا غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپ مۇناسىۋىتى» نىلا ساقلاپ قالدى. ئەمما، 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاتالمىش «تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قانۇنى» نى ماقۇللاپ، تەيۋەننى داۋاملىق «مۇداپىئە قوراللىرى»، «مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى» ۋە «مۇداپىئە مۇلازىمىتى» بىلەن تەمىنلەشنى، ھەتتا تەيۋەننى «مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە» دەپ قارايدىغانلىقىنى بەلگىلەپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېلىشىمى ۋە

خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي مىزانلىرىغا ئىبغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. ئىككى تەرەپ 1982 ـ يىلى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلغاندا، ئامېرىكا «ئىككى جۇڭگو» ياكى «بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن» سىياسىتىنى يولغا قويۇش نىيىتى يوقلۇقىنى جاكارلىغان ھەم تەيۋەنگە قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشنى تەدرىجىي ئازايتىشقا، شۇنداقلا بىر مەزگىلدىن كېيىن تامامەن توختىتىشقا ۋەدە بەرگەنىدى. بىرلەشمە ئاخباراتنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشتە بېسىلغان ئىجابىي بىر قەدەم بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ 80 ـ يىللاردا مۇقىم، ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بىراق، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگودا سىياسىي بوران ـ چاپقۇن يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا يەنە يولسىزلىق بىلەن «ئىنسانىي ھوقۇق» نى دەستەك قىلىپ، بېيجىڭدىكى سىياسىي بوران ـ چاپقۇن مەسىلىسى، شىزاڭ مەسىلىسى، ھەتتا جۇڭگونىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش قاتارلىق مەسىلىلىرى جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى ھەمدە غەربتىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونى «جازا» لاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كەسكىن ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى چەتكە قېقىش، يېتىم قالدۇرۇش قىلمىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنداق قىلالىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 90 ـ يىللاردا جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ ئىقتىساد ـ سودا ساھەسىدىكى

مۇناسىۋىتى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلدى.

جۇڭگو بىلەن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى 80 ـ يىللاردىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، جۇڭگو غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىغا ئائىت نۇرغۇن كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزئارا زىيارىتى كۆپەيدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي بوران ـ چاپقۇندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەھەل تەسىرگە ئۇچرىدى، ئەمما تېزلا ئەسلىگە كەلدى ۋە يېڭىباشتىن تەرەققىي قىلدى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى جۇڭگوغا قارىتىلغان جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن بولغان نورمال ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 90 ـ يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن جۇڭگو ئىقتىسادى سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ، جۇڭگو بىلەن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو بىلەن غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئارىسىدا توپ پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى بولمىغانلىقتىن، دوستانە مۇناسىۋەتنى ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىقبالىغا ئىگە ئىدى، بولۇپمۇ 21 ـ ئەسىردە جۇڭگو سانائەتلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغانلىقتىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولاتتى.

قىسقىسى، 80 ـ يىللاردىن، بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى مىسلىسىز تېز تەرەققىي قىلدى. 1994 ـ يىلىغا قەدەر جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەت 150 تىن ئاشتى، جۇڭگو بىلەن ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى قىلغان دۆلەت 228 گە يەتتى. 8 ـ بەش

يىللىق پىلان مەزگىلى (1991 ـــ 1995 ـ يىللار) دە، جۇڭگو ئاساسەن كۆپ تەرەپ، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىلدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسىنى 1 تىرىللىيون دوللاردىن ئاشۇردى، بەش يىلدا ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى 160 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئالاقىسى كۈنسايىن كېڭىيىپ، خەلقئارادىكى ئىناۋىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، خەلقئارا سەھنىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگو ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. 21 ـ ئەسىر كېلىشى بىلەن جۇڭگو سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئاساسەن قۇرۇپ چىققۇسى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە قەد كۆتۈرگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تادرىسى

## 1945 ــ 1995 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، فېدېراتسىپ گېرمانىيە، ياپونىيەلەرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى

### سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارلىرى

1922 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ستالىن (مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى).
1953ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خرۇشېف (سېكرېتار).
1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە برېژنېف (سېكرېتار)، 1966 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن تارتىپ (باش سېكرېتار).
1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ئاندروپوف (باش سېكرېتار).
1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە چېرنېنكو (باش سېكرېتار).
1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە گورباچېف (باش سېكرېتار).

### سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىرى

1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ستالىن.

1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە مالېنكوف .
1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بۇلگانىن .
1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خرۇشېف .
1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كوسىگىن .
1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تىخىنوف .
1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە رىژكوف.
1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە پاۋلوف.

## ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ترۇمېن (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1961 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ئېيزىنخاۋېر (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1961 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە كېننېدى (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 1969 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە جونسون (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1969 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1974 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە نىكسون (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1974 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە فورد (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە كات (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).

1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1989 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە رېگان (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە بۇش (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ كلىنتون (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).

## ئەنگلىيە باش ۋەزىرلىرى

1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاتلىي (لېيبورىستلار پارتىيەسىدىن).

1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە چېرچىل (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئېدېن (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ماك مىللان (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە دوۋگلاس ـ خوم (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1970 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ۋىلسون (لېيبورىستلار پارتىيەسىدىن).

1970 ـيىلى 6 ـ ئايدىن 1974 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە خىئىات (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

1974 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ۋىلسون



www.uyghurkitap.com

(لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىن).
1976 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە كاللاخان (لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىن).
1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ساچېر (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).
1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ماجور (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن).

## فىرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىرى

1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە دېگول.
1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە گوۋىن (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).
1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە بىداۋلت (خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىدىن).

## فىرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرلىرى

1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بلۇم (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).
1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە رامادىئېر (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).
1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە شۇمان (خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىدىن).
1948 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە مارى (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).

كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

1948 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە شۇمان (خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1948 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە كىئۇئىل (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 1950 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە بىداۋلت (خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1950 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە كىئۇئىل (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).

1950 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 1951 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە پلېۋېن (دېموكراتىيە ۋە ئىجتىمائىي قارشىلىق كۆرسىتىش ئىتتىپاقىدىن).

1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە كىئۇئىل (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).

1951 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە پلېۋېن (دېموكراتىيە ۋە ئىجتىمائىي قارشىلىق كۆرسىتىش ئىتتىپاقىدىن).

1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە فاۋرى (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).

1952 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 1952 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە پىناي (مۇستەقىللىق پارتىيەسىدىن).

1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 1953 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە مايېر (رادىكال سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1953 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 1954 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە لانى (خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1954 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 1955 ـ يىلى 2 ـ

ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە مېندېس ـ فرانس (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).
1955 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە فاۋرى (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).
1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1957 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە موللېت (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).
1957 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 1957 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە بورگېس ماۋنورى (رادىكاللار پارتىيەسىدىن).
1957 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1958 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە گەيلارد (خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1958 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە فلىملىن (خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە دېگول (يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

## فرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىرى

1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە دېگول (يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).
1969 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1973 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە پومپىدۇ (يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).
1973 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە گىسكار دېستائىن (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە مىتران

(سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ شىراك (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

## فرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرلىرى

1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 1962 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە دېبرې (يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

1962 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 1968 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە پومپىدۇ (يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

1968 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە دېمۇرۋىل (جۇمھۇرىيەت دېموكراتىك زاتلار ئىتتىپاقىدىن).

1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1972 ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە شابان ـ دېلماس (سوتسىيال جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).

1972 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1974 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە مېسمېر (جۇمھۇرىيەت دېموكراتىك زاتلار ئىتتىپاقىدىن).

1974 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 1976 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە شىراك (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

1976 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بار (فرانسىيە دېموكراتىيە ئىتتىپاقى).

1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە ماۋروي (سوتسىيالىستلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيەسىدىن).

1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 1986 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە فابىئۇس (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1986 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1988 ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە شىراك (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە روكار (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە كرېسسون خانىم (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بېرېگوۋوي (سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن).

1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە باللادۇر (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇپپې (جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن).

## فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرلىرى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئادېناۋېر (خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىن).

1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئېرخارد (خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىن).

1966 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كىسسىنگېر (خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىن).

1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1974 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە برانت (سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1974 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شمىت (سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ كول (خرىستىيان دىنىي دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىن).

## ياپونىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرلىرى

1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاشىدا خىتوشى (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە يوشىدا شىگېرۇ (لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىن).
1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە خاتوياما يىچىرۇ (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1956 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە يىشىباشى تانزان (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە كىشى نوبۇسۇكې (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1964 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە يىكېدا خاياتو (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ساتو ئېيساكۇ (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1974 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە تاناكا كاكۇئېي (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە مىكى تاكېئو (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1976 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە فۇكۇدا تاكېئو (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).

1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئوخىرا ماسايوشى (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە سۇزۇكى زېنيۇكى (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ناكاسونې ياسۇخىرو (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تاكېشىتا نوبۇرۇ (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1989 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۇنو شيۇيو (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كايفۇ توشىكى (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مىيازاۋا كىيچى (ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خوسوكاۋا مورىخىرو (ياپونىيە يېڭى پارتىيەسى قاتارلىق سەككىز پارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى).
1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە خانېدا ستومۇ (يېڭى ھايات پارتىيەسى قاتارلىق سەككىز پارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى).
1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە مۇراياما تومىيچى (سوتسىيالىستلار پارتىيەسى قاتارلىق ئۈچ پارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى).

## ھەر نۆۋەتلىك ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى

1961 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 1 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى بېلگرادتا ئۆتكۈزۈلدى، 25 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 2 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلدى، 47 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1970 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 3 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى لۇساكادا ئۆتكۈزۈلدى، 54 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1973 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 4 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئالجىردا ئۆتكۈزۈلدى، 75 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1976 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى كولومبودا ئۆتكۈزۈلدى، 86 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1979 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 6 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلدى، 95 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 7 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى يېڭى دېھلىدا ئۆتكۈزۈلدى ، 100 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 8 ـ قېتىملىق باشلىقلار
يىغىنى هارارېدا ئۆتكۈزۈلدى، 101 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 80 ـ كۈنىگىچە
ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 9 ـ قېتىملىق باشلىقلار
يىغىنى بېلگرادتا ئۆتكۈزۈلدى، 101 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە
ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 10 ـ قېتىملىق باشلىقلار
يىغىنى جاكارتادا ئۆتكۈزۈلدى، 108 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.
1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە
ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 11 ـ قېتىملىق باشلىقلار
يىغىنى كارتاگېنادا ئۆتكۈزۈلدى، 113 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ترۇمېن ۋاپات بولغان رۇزۋېلتنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خارتىيەسىنى تۈزۈش يىغىنى سان فىرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەنگلىيە لېيبورىستلار پارتىيەسىدىن ئاتلې ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھىندونېزىيەدە ئاۋغۇست ئىنقىلابى پارتلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋىيېتنام خەلقى ئاۋغۇست ئىنقىلابىنى قوزغىدى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋىيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، جۇڭگودىن ئىبارەت بەش دۆلەت لوندون دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىنى ئاچتى.

10 ـ ئايدا 5 ـ قېتىملىق پانئافرىقىلىقلار مەجلىسى مانچېستېردا چاقىرىلدى.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى ماتروسلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چېرچىل ئامېرىكىنىڭ فۇلتون دېگەن يېرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى نۇتۇق ئېلان قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىيوردانىيە مۇستەقىل بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سۈرىيە مۇستەقىل بولدى.
6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى فىرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى قوشۇۋېتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1947 ـ يىلى يېڭى يىلدا قوش ئىشغالىيەت رايونى قۇرۇلدى.
12ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى فىرانسىيە خانويغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى، ۋيېتنام خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشى باشلاندى.
1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە ئاساسىي قانۇنى كۈچكە ئىگە بولدى.
2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىتالىيە ، فىنلاندىيە ، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگىرىيەگە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسى پارىژدا ئىمزالاندى.
3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ترۇمېن گىرېتسىيە ۋە تۈركىيەگە ياردەم بېرىش ھەققىدە ئالاقە سۇندى، بۇ ترۇمېنىزمدۇر.
6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىدىغان موۋنتباتتېن لايىھەسىنى ئېلان قىلدى.
6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مارشال ياۋروپاغا ياردەم بېرىش پىلانى (مارشال پىلانى) نى ئوتتۇرىغا قويدى.
8 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنى ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇستەقىل بولۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى ئىچىدىكى دومىنىئونغا ئايلاندى.
9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ياۋروپادىكى توققۇز دۆلەت

www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئىشچىلار پارتىيەسى ئاخبارات ئىدارىسى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا 1 ـ قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى پارتلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى «پەلەستىننى كەلگۈسىدە ئىدارە قىلىش (ئايرىپ ئىدارە قىلىش) مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللىدى.

1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىرما مۇستەقىل بولدى، بىرما فېدېراتسىيەسى قۇرۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـكۈنى ھىندىستاندا گەندى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەيلون (بۈگۈنكى سىرى لانكا) مۇستەقىل بولدى.

3 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەنگلىيە ، فىرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ بەش دۆلەت بىرىيۇسسېل شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـكۈنى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى 21 دۆلەت ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرى تەشكىلاتى قۇرۇش توغرىسىدىكى خارتىيەگە ئىمزا قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـكۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە 1ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (پەلەستىن ئۇرۇشى) يۈز بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسىنىڭ كاتتىبېشى مالان ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى كۈچەيتتى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە 1 ـ قېتىملىق بېرلىن كىرىزىسى يۈز بەردى.

7 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە ئومۇمىيۈزلۈك داۋالاش ـ پاراۋانلىق پىلانى كۈچكە ئىگە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گوللاندىيە ھىندونېزىيەگە قارىتا 1 ـ قېتىملىق مۇستەملىكە ئۇرۇشى قوزغىدى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كورېيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى .

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چاۋشىيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مادىئۇم ۋەقەسى يۈز بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يىراق شەرق ھەربىي سوتى توجو خىدېكى قاتارلىق يەتتە نەپەر ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گوللاندىيە ھىندونېزىيەگە قارىتا 2 ـ قېتىملىق مۇستەملىكە ئۇرۇشى قوزغىدى.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئادېناۋېر فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىدى.

11 ـ ئايدا ئاربېنز گۋاتېمالا پرېزىدېنتى بولدى.

1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىران پارلامېنتى نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياۋروپا كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئامېرىكا ـ فىلىپپىن ئورتاق مۇداپىئە شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە سان فرانسىسكودا تىنچ ئوكيان خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە سان فرانسىسكو يىغىنى ئېچىلىپ، ياپونىيەگە قارىتىلغان بىر تەرەپلىمە سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو بۇ شەرتنامىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

10 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە چېرچىل ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لىۋىيە مۇستەقىل بولۇپ، لىۋىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى قۇرۇلدى.

1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى VI ۋاپات بولدى، ئېلىزابېت II قەسەم بېرىپ پادىشاھ بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىسىردا ئىيۇل ئىنقىلابى پارتلاپ، فەرۇق خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلدى.
7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كۇبادا كاستىرو رەھبەرلىكىدە باتىستا مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇنجى قېتىملىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.
1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ستالىن ۋاپات بولدى.
6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىسىر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.
8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىراندا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مۇسەددەق ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇۋېتىلدى.
9 ـ ئايدا خرۇشېف سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى.
1954 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياپونىيە ـ ئامېرىكا ئورتاق خەۋپسىزلىك كېلىشىمى ئىمزالاندى.
3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ۋيېتنامدا دىيېن بيېن فۇ ئۇرۇشى بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە جەنۋە يىغىنى ئېچىلىپ، ھىندىچىنىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.
6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە تۇنجى يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقتى.
6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇ ئېنلەي نېھرۇ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپى ھەققىدىكى بىرلەشمە باياناتنى ئېلان قىلدى.
9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا كوللېكتىپ مۇداپىئە شەرتنامىسى تەشكىلاتى مانىلادا قۇرۇلدى.
10 ـ ئاينىڭ 20 ـــ 23 ـ كۈنىگىچە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە

مىنىستىرلىرى پارىژ كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى پارتلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت باش مىنىستىرلىرى ھىندونېزىيەنىڭ بوگور شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنى چاقىرىشنى قارار قىلدى.

1955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنى ھىندونېزىيەنىڭ باڭدۇڭ شەھىرىدە ئېچىلىپ باڭدۇڭ يىغىنىنىڭ 10 تۈرلۈك پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارىژ كېلىشىمى كۈچكە ئىگە بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرىيە «مۇستەقىل، دېموكراتىك ئاۋستىرىيە دۆلىتى قۇرۇش شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە تۆت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلدى.

8 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچى دەرىجىلىك سۆھبىتى باشلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت شەرتنامىسى ئىمزالاندى، گېرمانىيەنى تىزگىنلەش نىزامى كۈچتىن قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.
12 ـ ئايدا ئامېرىكا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى قوشۇلۇپ كەتتى.
1956 ـ يىلى سۇدان، ماراكەش، تۇنىس مۇستەقىل بولدى.
2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، خرۇشېف قۇرۇلتايدا شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەخپىي دوكلات بەردى.
3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياۋروپادىكى توققۇز دۆلەت كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئىشچىلار پارتىيەسى ئاخبارات ئىدارىسى تارقىتىۋېتىلدى.
4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھىندونېزىيە «يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» نى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.
6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىسىر ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىدى، ناسىر پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.
6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە پولشادا «پوزنان ۋەقەسى» يۈز بەردى.
7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مىسىر سۈۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى جاكارلىدى.
10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئۇرۇش ھالىتىگە بېرىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى 2 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، گومۇلكا

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا سايلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە 2 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (سۇۋەيش قانىلى ئۇرۇشى) يۈز بەردى.

1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائال فېدېراتسىيە گېرمانىيەنىڭ 10 ـ ئىشتاتى بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گانا مۇستەقىل بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ ئالتە دۆلەت ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مالايا قوشما ئىشتاتلىرى مۇستەقىل بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى.

1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئامېرىكا يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىراق ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىراق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گىۋىنېيە مۇستەقىل بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. دېگول پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى (1959 — 1969 ـ يىللار).

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئاككرادا تۇنجى قېتىملىق ئافرىقا خەلق يىغىنى چاقىرىلدى.

1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۇبا ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى، باتىستا مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتى نامىنى مەركىزىي شەرتنامە تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتتى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەنۇبىي قۇتۇپ شەرتنامىسى

ئىمزالاندى.
1960 ـ يىلى كامېرون، توگو، ماداغاسقار، كونگو (لېئوپولدۋىل، 1971 ـ يىلى نامىنى زايىرغا ئۆزگەرتكەن)، سومالى، داخومېي (1975 ـ يىلى ئامىنى بېنىنغا ئۆزگەرتكەن)، نىگېر، يۇقىرى ۋولتا (1984 ـ يىلى نامىنى بۇركىنا فاسوغا ئۆزگەرتكەن)، پىل چىشى قىرغىقى (1986 ـ يىلى نامىنى كوتېدىۋويرب)غا ئۆزگەرتكەن، چاد، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، كونگو جۇمھۇرىيىتى، سېنېگال، گابون، مالى، نىگېرىيە، ماۋرىتانىيە مۇستەقىل بولدى.
1ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ياپونىيە ـ ئامېرىكا ئورتاق ھەمكارلىق ۋە خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالاندى.
5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلدى.
12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋىيېتنام جەنۇب مىللىي ئازادلىق فىرونتى قۇرۇلدى.
1961 ـ يىلى كۇۋەيت، تانگانىكا مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كونگو (لېئوپولدۋىل) باش مىنىستىرى لۇمۇمبا سۇيىقەستكە ئۇچرىدى.
4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى ئادەملىك ئالەم كېمىسىنى قويۇپ بەردى، گاگارىن يەر شارىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئوربىتىسىغا كىردى.
5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى ھەم جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى غەربىي بېرلىننىڭ چېگراسىنى قامال قىلىپ، بېرلىن تېمىنى قوپاردى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 1 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى چاقىرىلدى.

1962 ـ يىلى غەربىي ساموئا، رىۋاندا، يامايكا، تىرىنىداد ۋە توباگو مۇستەقىل بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئامېرىكا ئادەملىك ئالەم كېمىسى قويۇپ بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئالجىرىيە مۇستەقىل بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئالجىرىيە دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لائوس مەسىلىسى ھەققىدىكى جەنۋە كېلىشىمى ئىمزالاندى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان چېگرادا قوراللىق توقۇنۇشتى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە كارىب دېڭىزى كرىزىسى (كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋەقەسى) يۈز بەردى.

1963 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پادىشاھ پەھلىۋى «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» پىلانىنى پۈقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى، يەر ئىسلاھاتىنى يادرو قىلغان ئىران «ئاق رەڭلىك ئىنقىلاب» ى باشلاندى.

5 ـ ئايدا ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ئافرىقا ئازادلىق كۈنى»قىلىپ بېكىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ئاتموسفېرا، ئالەم بوشلۇقى ۋە سۇ ئاستىدا يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش شەرتنامىسى (يادرو سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسى) نى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مالايا سىنگاپور، ساراۋاك، ساباھ بىلەن بىرلىشىپ، مالايشىيا فېدېراتسىيەسىنى تەشكىللىدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېننېدى قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى.



www.uyghurkitap.com

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى زانزىبار مۇستەقىل بولدى.
1964 ـ يىلى مالتا، زامبىيە مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پاناما‌دا ئامېرىكىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى پارتلىدى.
1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى فىرانسىيە بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.
3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى جەنۋەدە ئېچىلدى، يىغىندا «77 دۆلەت گۇرۇھى»قۇرۇلدى.
4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تانزانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
6 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى.
8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا شىمالىي قولتۇق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. 10 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى «توكيو قولتۇقى قارار لايىھەسى»نى ماقۇللىدى.
10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى برېژنېۋ خرۇشېفنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى.
1965 ـ يىلى گامبىيە ، مالدىۋې مۇستەقىل بولدى.
3 ـ ئايدا ئامېرىكا ۋيېتنام ئۇرۇشىنى كېڭەيتتى، قىسمەن ئۇرۇش باشلاندى.
6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياپونىيە ـ كورېيە ئاساسىي مۇناسىۋەت شەرتنامىسى ئىمزالاندى.
8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سىنگاپور مالايشىيا فېدېراتسىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ ، جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلدى.
9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھىندونېزىيەدە «30 ـ سېنتەبىر» ئۆزگىرىشى يۈز بەردى.
1966 ـ يىلى گىۋيانا ، بوتسۋانا، لېسوتو، باربادوس

www.uyghurkitap.com

مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىندىرا گەندى ھىندىستان باش مىنىستىرى بولدى.
3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فىرانسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئىشلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاپپاراتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى.
4 ـ ئايدا زىمبابۋې خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قوراللىق كۈرىشى باشلاندى.
8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا (نامىبىيە) خەلقى قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى.
1967 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش ۋە پايدىلىنىش پائالىيىتى ھەققىدىكى پرىنسىپال كېلىشىمنى ئىمزالىدى.
6 ـ ئايدا فېدېراتىپ گېرمانىيە «ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» نى ماقۇللىدى.
6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (5 ـ ئىيۇن ئۇرۇش) يۈز بەردى.
8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
1968 ـ يىلى ناۋرۇ، ماۋرىتىئۇس، سۋېزىلاند، ئېكۋادور گۋىنېيەسى مۇستەقىل بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكا نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى مارتىن لۇتېر كىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلدى.
5 ـ ئايدا فىرانسىيەدە «ماي بورىنى» يۈز بەردى.
7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا،

ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر» يادرونىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.
8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى چېخوسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلدى.
1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بولىۋىيە ، كولومبىيە ، ئېكۋادور ، پېرۇ ، چىلى (1976 ـ يىلى چېكىنىپ چىققان)، ۋېنېزۇئېلا (1973 ـ يىلى قاتناشقان) ئاندېس گۇرۇھىنى تەشكىللىدى.
6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋىيېتنام جەنۇب جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى.
7 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى نىكسون گۇئام ئارىلىدا يېڭى ئاسىيا قىتئەسى سىياسىتى توغرىسىدا نۇتۇق ئېلان قىلدى (نىكسونىزم).
7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئامېرىكا ئالەم كېمىسى بىلەن ئادەمنى ئاي شارىغا ئېلىپ چىقتى.
9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كازافى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئەرەب لىۋىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.
10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى برانت فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولدى.
11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبىتى باشلاندى.
1970 ـ يىلى تونگا ، فىجى مۇستەقىل بولدى .
3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كامبودژادا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىخانۇك ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇۋېتىلدى.
3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سىخانۇك بېيجىڭدا كامبودژا مىللىي بىرلىك فرونتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
5 ـ ئايدا كامبودژا پادىشاھلىقى مىللىي ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.
8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى برانت موسكۋادا زىيارەتتە بولۇپ،

فېدېراتىپ گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىلىدا ئالىپىندو ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1971 ـ يىلى بەھرەين، قاتار ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى مۇستەقىل بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شەرقىي پاكىستان مۇستەقىللىق جاكارلاپ، بېنگال دۆلىتى بولۇپ قۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم بوشلۇقى پونكىتى قويۇپ بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھىندىستان تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئامېرىكا ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە غەربىي بېرلىن مەسىلىسى ھەققىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 26 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1972 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نىكسون جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ جۇڭگو ـ ئامېرىكا شاڭخەي ئاخباراتىنى ئېلان قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىيولوگىيەلىك قورااللارنى چەكلەش ھەققىدىكى ئەھدىنامە ئىمزالاندى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆجۇمچى ئىستراتېگىيەلىك قورااللارنى چەكلەيدىغان بەزى تەدبىرلەر توغرىسىدا ۋاقىتلىق كېلىشىم ئىمزالىدى.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چاۋشيەن جەنۇب ـ شىمال ئىككى تەرەپ بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى، جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى باشلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.
11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا شەرتنامە ئىمزالىدى.
1973 ـ يىلى باھاما، گىۋىنېيە ـ بىسسائۇ مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە، ئىرېلاندىيە، دانىيە ئورتاق بازارغا كىردى.
1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋيېتنام ئۇرۇشىنى توختىتىپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېلىشىمى پارىژدا ئىمزالاندى.
2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لائوس ۋيېتنام ھۆكۈمىتى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر ۋيېتنام كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.
3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىن چېكىندى.
9 ـ ئايدا فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاتناشتى.
10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (ئۆكتەبىر ئۇرۇشى) يۈز بەردى. نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى ئەرەب دۆلەتلىرى تەشكىلاتى نېفىت كۈرىشىنى قوزغىدى.
11 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلىغىچە كاپىتالىزم دۇنياسىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى.
1974 ـ يىلى گىرېنادا مۇستەقىل بولدى.
4 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە يىغىنى «خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش خىتابنامىسى» ۋە «ھەرىكەت پىروگراممىسى»نى ماقۇللىدى.

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا سەككىز دۆلەت (ئىرېلاندىيەدىن باشقا) بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر« شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان مۇناسىۋەت خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى.

1975 ـ يىلى موزامبىك، يېشىل تۇمشۇق، كومورو، سان تومې ۋە پىرىنسىپى، پاپۇئا يېڭى گىۋىنېيەسى، ئانگولا، سۇرىنام مۇستەقىل بولدى.

2 ـ ئايدا ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى ئافرىقا، كارىب دېڭىزى ۋە تىنچ ئوكيان رايونى (ئارال دۆلەتلەر) «لومې كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

4 ـ ئايدا لىۋاندا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كامبۇدژا خەلق قوراللىق كۈچلىرى فىنوم پېننى ئازاد قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سايگون ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ۋيېتنامنىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق يىغىنى خېلسىنكىدا ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 23 دۆلەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى «پاناما كېلىشىمى» گە ئىمزا قويۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لائوس خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1976 ـ يىلى سېيشېل مۇستەقىل بولدى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دېموكراتىك كامبۇدژا قۇرۇلدى.

2 ـ ئايدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بارېدا تۇنجى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزدى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە

ۋىيېتنام دۆلەت مەجلىسى جەنۇب ـ شىمالنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى جاكارلاپ، دۆلەت نامىنى ۋىيېتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتتى.
1977 ـ يىلى جىبۇتى مۇستەقىل بولدى.
6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا شەرتنامىسى تەشكىلاتى تارقىتىۋېتىلدى.
9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پاناما بىلەن ئامېرىكا يېڭى پاناما قانىلى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.
1978 ـ يىلى سولومون تاقىم ئاراللىرى، تۇۋالۇ، دومىنىكا مۇستەقىل بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئافغانىستاندا شاھزادە داۋۇد ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئافغانىستان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو ـ ياپونىيە تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاندى.
11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ۋىيېتنام دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاندى.
12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋىيېتنام قوشۇنى كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلدى.
1979 ـ يىلى سايىنت لۇسىيە، كىرىباتى، ساينت ۋىنسېنت ۋە گرېنادىنېس مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.
1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋىيېتنام قوشۇنى فىنوم پېنىنى ئىشغال قىلدى.
2 ـ ئايدا ئىراندا پەھلىۋى خانىدانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەركىزىي شەرتنامە تەشكىلاتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكارلاندى.

5 ـ ئايدا ساچېر خانىم ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە سايلىنىپ ، ئەنگلىيە تارىخىدىكى تۇنجى ئايال باش ۋەزىر بولۇپ قالدى.
6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇمچى قورالللارنى چەكلەش شەرتنامىسى ئىمزالىدى، بۇ شەرتنامىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەستىقلىمىدى.
7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نىكاراگۇئا ساندىنو ئازادلىق فىرونتى سوموزا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.
12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلدى.
1980 ـ يىلى زىمبابۋې، ۋانۇئاتۇ مۇستەقىل بولدى.
9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى پارتلىدى.
1981 ـ يىلى بېلىز مۇستەقىل بولدى.
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گىرېتسىيە ئورتاق بازارغا قاتناشتى.
1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رېگان ئامېرىكىنىڭ 41 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولدى.
3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لاتىن ئامېرىكىسى بىر گەۋدىلەشتۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.
4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكا ئالەم ئايروپىلانى قويۇپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
5 ـ ئايدا مىتران فىرانسىيە پرېزىدېنتى بولدى.
8 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستان ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش توغرىسىدا «سەككىز نۇقتىلىق تەكلىپ» لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىسىر پرېزىدېنتى سادات سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.
10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات يىغىنى مېكسىكىنىڭ

كانكوندا ئۆتكۈزۈلدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پولشا دۆلەتنىڭ «ئۇرۇش ھالىتى»دە تۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ھال 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگە قەدەر داۋاملاشتى.

1982 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر يېڭى دېھلىدا «جەنۇب ـ جەنۇب» يىغىنى ئاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە قەدەر ئەنگلىيە بىلەن ئارگېنتىنا ئوتتۇرىسىدا مالۋىناس تاقىم ئارىلى توقۇنۇشى يۈز بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېموكراتىك كامبودژا بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئايدا مېكسىكا قەرز قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن ، لاتىن ئامېرىكىسى قەرز كىرىزىسى پارتلىدى.

1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مېكسىكا، كولومبىيە، پاناما ۋە ۋېنېزۇئېلا «كونتادورا گۇرۇھى»نى تەشكىللىدى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى رىگان «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىتالىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى كراكسى باش مىنىستىر بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فىلىپپىن ئۆكتىچىلەر پارتىيەسىنىڭ داھىيسى ئاكىنو مانىلا ئايرودرومىدا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلدى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشۇنى گىرېناداغا تاجاۋۇز قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئۈچىنچى دۈشەنبىسىنى مارتىن لۇتېر كىڭ خاتىرە كۈنى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئىمزا قويدى.

1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى برۇنىي سۇلتانلىقى مۇستەقىل بولدى، 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قاتناشتى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1985 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيە كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى يۈز بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۇڭگو ـ ياپونىيە «21 ـ ئەسىر كومىتېتى» قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گىۋىنىيە پرېزىدېنتى سېكۇ تور ۋاپات بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئىندىرا گەندى سۇيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولدى، راجىپ گەندى ھىندىستان باش مىنىستىرى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە شياڭگاڭ مەسىلىسى ھەققىدە بايانات ئىمزالاپ، ئەنگلىيەنىڭ شياڭگاڭنى 1997 ـ يىلى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى بەلگىلىدى.

1985 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە غەربىي ياۋروپادىكى 17 دۆلەت تۇنجى قېتىم رەسمىي يىغىن ئېچىپ فىرانسىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئېۋرېكا» پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە رېگان بىلەن گورباچېۋ جەنۋەدە ئۇچراشتى، بۇ ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي ئاسىيادىكى يەتتە دۆلەت باشلىقلىرى داككادا يىغىن ئېچىپ،

جەنۇبىي ئاسىيا رايون ھەمكارلىقى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
1986 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولدى .
1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى ھادىسىگە ئۇچرىدى.
2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق كۈرىشىنىڭ دولقۇنىدا ھايتىدىكى مۇستەبىت دۇۋالىئېر چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.
2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى سوئارېز پورتۇگالىيە پرېزىدېنتى بولدى.
2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋە 28 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى 12 دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ليۇكسېمبۇرگ ۋە گائاگادا «يەككە ياۋروپا ھۆججىتى»نى ئىمزالىدى.
2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كىراسۇن ئاكىنو فىلىپپىن پرېزىدېنتى بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چېرنوبىل يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا ئېغىر ھادىسە يۈز بەردى.
9 ـ ئايدا ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ 9 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا «جەنۇب كومىتېتى» رەسمىي قۇرۇلدى، تانزانىيە پرېزىدېنتى نىرېر رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالدى.
11 ـ ئايدا ئامېرىكىدا «ئىران سەتچىلىكى» ۋەقەسى يۈز بەردى.
12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 18 ـكۈنىگىچە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «6 ـ قۇرۇلتىيى» چاقىرىلدى، ۋيېتنامدا ئىقتىسادىي ئىسلاھات باشلاندى.
12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىن 17 ـ كۈنگىچە كونتادورا گۇرۇھى بىلەن لىما گۇرۇھىدىكى سەككىز دۆلەت بىرازىلىيەنىڭ رىئودې ژانېيرو شەھىرىدە سەككىز دۆلەت گۇرۇھىنى تەشكىللىدى، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ رەسمىي رىئودې

www.uyghurkitap.com

ژانېيرو گۇرۇھى دەپ ئاتالدى.

1987 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيە ئاۋمېن مەسىلىسى ھەققىدە بىرلەشمە باياناتى ئىمزالاپ، 1999 - يىلى ئاۋمېننى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى «دۇنيا 5 مىليارد نوپۇس كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نوپۇس مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئىران بىلەن ئىراقنىڭ ئۇرۇش توختىتىشى ھەققىدىكى 598 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەت تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نيۇيورك پاي چېكى بازىرىدا پاي باھاسى قاتتىق چۈشۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا پۈتۈن غەرب دۇنياسى پاي چېكى بازىرىغا يامرىدى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئامېرىكا - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت باشلىقى رىگان ۋە گورباچېفلار ۋاشىنگتوندا ئۇچرىشىپ، ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان يادرو سىنارەدىنى يوقىتىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

1988 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لۇ تەيىۋ كورېيە پىرېزىدېنتى بولدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئافغانىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىتران فىرانسىيە پىرېزىدېنتلىقىغا يەنە بىر قېتىم سايلاندى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى باياناتى ئىمزالاپ، ئۆز

ئارا رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پاكىستان پرېزىدېنتى زىياۋۇل ھەقنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى پارتلاپ كېتىپ قازا قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىران بىلەن ئىراق ئۇرۇش توختاتتى.

9 ـ ئايدا بىرمىدا سۇ ماۋ باشچىلىقىدا ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە پەلەستىن مەملىكەتلىك كومىتېتى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىپ، پەلەستىن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق پارتىيەسىنىڭ داھىيسى بېنەزىر بوتتو پاكىستان باش مىنىستىرى بولدى.

1989 ـ يىلى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يىغىنى چاقىرىلىپ ، ھۆكۈمەت ئارا كېڭىشىش ئاپپاراتى —— «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى .

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيەنىڭ تېننوسى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا شۇ كۈنى ئاكىخىتو ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە چىقتى، يىلنامىسىنى «خېيسېي» دەپ بېكىتتى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە پولشادىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھ، تەشكىلاتلار يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئۆتكۈزدى.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئافغانىستاندىن پۈتۈنلەي چېكىندى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېفىيوپىيەدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، پرېزىدېنت مېنگىستۇ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك

www.uyghurkitap.com

خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى مازوۋىئېسكى پولشا باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئامېرىكىنىڭ «سەيياھ ــ 2» ناملىق ئالەم تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى 12 يىل ئۇچۇپ، نېپتۇنغا 4800 كىلومېتىرچە كېلىدىغان ئەڭ يېقىن نۇقتىغا يېتىپ باردى.

9 ـ ئايدا دېكلېرك جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتى بولدى. ۋيېتنام كامبودژادىن قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى شەرقىي ياۋروپادىكى ئىشچىلار پارتىيەلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ نامىنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە بېرلىن تېمىدىن ئۆتۈشكە يول قويدى.

12 ـ ئايدا مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمەت بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈرەشنى توختاتتى. ئامېرىكا قوشۇنى پاناماغا تاجاۋۇز قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، دېموكراتىك گېرمانىيە بەش دۆلەت رەھبەرلىرى 1968 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيەگە ئەسكەر چىقىرىش «چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق» دەپ جاكارلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا 12 دۆلەت بىلەن ئافرىقا، كارىب دېڭىزى ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى 68 دۆلەت جەنۇب ـ شىمال ھەمكارلىقى بويىچە 4 ـ قېتىملىق «لومې كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى رۇمىنىيەنىڭ تىمىشوئارا شەھىرىدە ئاممىۋى نامايىش يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا پۈتۈن مەملىكەتكە

يامرىدى، 25 ـ كۈنى چىئوسىسكۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى.
12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چېخىيەدىكى «77 ـ يىلى خارتىيەسى» تەشكىلاتىنىڭ قوزغىغۇچىسى خاۋېل پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.
1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دېموكراتىك كامبودژا نامىنى كامبودژاغا ئۆزگەرتتى.
2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەر مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى داككادا ئېچىلدى.
2 ـ ئاينىڭ 11 ـكۈنى جەنۇبىي ئافرىقا نىگىرلىرىنىڭ داھىيسى نېلسون ماندېلا قويۇپ بېرىلدى.
2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نىكاراگۇئادا سايلام ئۆتكۈزۈلدى، ئۆكتىچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى چاموررو خانىم پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.
3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.
3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نامىبىيە مۇستەقىللىق جاكارلىدى.
4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى دېمايزىپىرې دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولدى.
4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پۈتۈن دۇنيادىكى 134 دۆلەت «1990 ـ يىلى يەر شارى كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، مۇھىت ئاسراشنى تەشۋىق قىلدى.
5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا «ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى» ۋەكىللىرى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم باراۋەر سۆھبەت ئۆتكۈزدى.
5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە پۇل، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىتتىپاق قۇرۇش توغرىسىدىكى دۆلەت شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

www.uyghurkitap.com

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رۇمىنىيە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش فىرونتى كومىتېتىدىن ئىلىئېسكۇ پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي يەمەن بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن يەمەن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋېنگىرىيە دېموكراتىك مۇنبىرىنىڭ ئەزاسى ئانتال ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى بۇش بىلەن گورباچېف ۋاشىنگتوندا ئۇچراشتى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە چېخوسلوۋاكىيەدە سايلام ئۆتكۈزۈلدى، پۇقرالار مۇنبىرى غەلىبە قىلىپ كالفا ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كىرودىيە ، سىلوۋېنىيە مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يۇگوسلاۋىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىراق قوشۇن چىقىرىپ كۇۋەيتنى بېسىۋالدى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە سىياسىي بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى دۆلەت شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىككى گېرمانىيە «گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاخىرقى شەرتنامە» نى ئىمزالىدى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گېرمانىيە بىرلىككە كەلدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى لىيۇكسېمبۇرگ شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، ياۋروپا ئىقتىسادىي رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆپ دۆلەت قوشۇنى

ئىراق قىسىملىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى، 27 - كۈنى ئىراق كۈۋەيتتىن قوشۇن چېكىندۈردى، 28 - كۈنى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، پاراگۋاي ۋە ئۇرۇگۋاي تۆت دۆلەت جەنۇب ئورتاق بازىرىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئالبانىيەدە كۆپ پارتىيە سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئەمگەك پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، ئالبىيا پىرېزىدېنت بولدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئاپپاراتى تارقىتىۋېتىلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھىندىستان باش مىنىستىرى راجىپ گەندى سايلام پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقاندا، سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى.

6 - ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ داھىيسى رائو ھىندىستان باش مىنىستىرى بولدى. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 27 - نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىدا «ئافرىقا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ 1994 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇش بەلگىلەندى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكارلاندى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېلتسىن روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئاپپاراتى تارقىتىۋېتىلدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرى موسكۋادا ئۇچرىشىپ «ھۇجۇمچى ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى قىسقارتىش

www.uyghurkitap.com

شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا «دۆلەت جىددىي ھالەت كومىتېتى» ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى پارلامېنتى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى پائالىيىتىنى توختىتىش قارارىنى ماقۇللىدى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى لىتۋا، لاتۋىيە، ئېستونىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن كورېيە جۇمھۇرىيىتى تەڭلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىردى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھايتىدا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، پىرېزىدېنت ئارىستىد چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

10 ـ ئايدا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «4 ـ قۇرۇلتاي»ى چاقىرىلىپ، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەر بېكىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسىدا مادرىد ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق يىغىنى ئېچىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى دۇ مېي بىلەن مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېنجيې جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى، جۇڭگو بىلەن ۋيېتنامنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى گوللاندىيەنىڭ ماسترىختتا باشلىقلار يىغىنى ئېچىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چاۋشيەن جەنۇب ـ شىمال ئىككى

تەرەپ «جەنۇب ـ شىمال يارىشىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ھەمكارلىق ۋە ئالاقە كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى قاتارلىق 19 پارتىيەنىڭ ۋەكىللىرى دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا يىغىنىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، مۇددىئا خاراكتېرلىك بايانات ئېلان قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لاتىن ئامېرىكىسى ئاندېس گۇرۇھى ئەركىن سودا رايونى قۇرغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

3 ـ ئايدا بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى پارتلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئالبانىيە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى، سايلامدا دېموكراتلار پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېرىشا باش مىنىستىر بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سېربىيە بىلەن مونتېنېگرو جۇمھۇرىيىتى بىرلىشىپ، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىنى تەشكىل قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ لوس ئانگېلېستا كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي توقۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەردى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كاتولىك دىنىي دېموكراتلار پارتىيەسىدىن سكالفارو ئىتالىيە پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىسقارتىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە لېيبورىستلار

پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلدى، رابىن ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 3 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى خېلسىنكىدا ئۆتكۈزۈلدى.

8 ـ ئايدا ئامېرىكا، كانادا، مېكسىكا «شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا ھىندىستاندىكى بابۇرى مەسچىتى قانلىق توقۇنۇشى يۈز بەردى.

1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازىرى رەسمىي قۇرۇلدى. چېخوسلوۋاكىيە چېخىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە پارچىلاندى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇش بىلەن يېلتسىن 2 ـ باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللارنى قىسقارتىش شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كلىنتون پرېزىدېنت بولدى.

1 ـ ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى ئەللەر باشلىقلىرى «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى نىزامنامىسى»نى ئىمزالىدى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى باللادۇر فىرانسىيە باش مىنىستىرى بولدى.

* رتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خانى ئاق تەنلىك چەكتىن ئاشقان ئوڭچى كۈچلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

7 ـ ئايدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد مۇنبىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياپونىيە يېڭى پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى مىيازاۋا كىيچى باش ۋەزىر بولدى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك «1955 ـ يىلدىكى تۈزۈلمە»ئاخىرلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ۋاشىنگتوندا غەززە ـ جېرىكودا ئاۋۋال ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېلتسىن ئالىي سوۋېت ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنى تارقىتىۋەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كامبۇدژا يېڭى ئاساسىي قانۇنى كۈچكە ئىگە بولۇپ، سىخانۇك پادىشاھ بولدى ھەم پادىشاھلىق تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رۇسىيەدە «ئۆكتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەردى، ئارمىيە پارلامېنت بىناسىنى ئىشغال قىلىپ، پارلامېنت باشلىقى بىلەن مۇئاۋىن پىرېزىدېنتنى قولغا ئالدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماستىرىخت شەرتنامىسى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى، ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سېيئاتلدا 5 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ۋە رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رۇسىيە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمنىڭ ئۇرۇگۋاي ئۇچرىشىشى سۆھبىتى ئاخىرلاشتى.

1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا ، كانادا ۋە مېكسىكا ئىمزالىغان شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆچكە ئىگە بولدى. ياۋروپا ئىقتىسادىي رايونى شەرتنامىسى كۆچكە ئىگە بولدى.

1 ـ ئايدا مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى چياپاس ئىشتاتىدا دېھقانلار توپىلاڭ كۆتۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 117 دۆلەت دۇنيا سودا كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي ئافرىقىدا كۆپ خىل ئىرقنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى غەلىبە قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بېرلۇسكونى ئىتالىيە باش مىنىستىرى بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ماندېلا باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا يېڭى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىيوردانىيە بىلەن ئىسرائىلىيە «ۋاشىنگتون خىتابنامىسى»نى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھالىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى رايون مۇنبىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 940 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ ھايتىغا كىرىشىگە ھوقۇق بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىيوردانىيە بىلەن ئىسرائىلىيە تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتاسىدا غەلىبە قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كول 5 ـ قېتىم گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا سايلاندى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭىشىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلدى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرى باشلىقلار يىغىنى 2005 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئامېرىكا قىتئەسى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رۇسىيە قوشۇنى چېچىنىيەگە كىردى.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىۋېتسىيە، فىنلاندىيە، ئاۋستىرىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قاتناشتى، شۇنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى 15 كە يەتتى.

3 ـ ئايدا گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىسپانىيە ، پورتۇگالىيە گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ قاتارلىق دۆلەتلەر سچېنگېن كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، دۆلەتلەر ئارا قۇرۇقلۇق چېگراسىدىكى تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىراك فىرانسىيەنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا، جۇپپې باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەندى.

7 ـ ئايدا ۋىيېتنام شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، يەتتىنچى ئەزا دۆلەتكە ئايلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ۋاشىنگتوندا پەلەستىننىڭ ئاپتونومىيە دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالىدى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە 11 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلار يىغىنى كولومبىيەنىڭ كارتاگېنادا ئۆتكۈزۈلدى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى رابىن سۇيىقەستكە ئۇچرىدى، پېرېس ئورنىغا باش مىنىستىر بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن «ئاتلانتىك ئوكيانىدىن ھالقىش يېڭى پىروگراممىسى»ۋە

«ئامېرىكا ـ ياۋروپا ئورتاق ھەرىكەت پىلانى»نى ئىمزالىدى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى ۋە كىرودىيە پرېزىدېنتى پارىژدا بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا تىنچلىق كېلىشىمگە رەسمىي ئىمزا قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رۇسىيەدە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، پارلامېنتتىكى 1 ـ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى.

12 ـ ئايدا جەنۇب ئورتاق بازىرى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمكارلىشىپ ئەركىن سودا رايونى ئېچىشنىڭ رامكا كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

# ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتاب ــ دۇنيانىڭ بۈگۈنكى زامان تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش جەھەتتىكى بىر خىل سىناق. بىز 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادىكى تۈرلۈك ئاساسىي زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھەم بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان، ھەم ئۆزئارا زىددىيەتلىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە، ھەر خىل تىپتىكى دۆلەتلەر (سوتسىيالىستىك، كاپىتالىستىك ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر)نىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، پەن ـ تېخنىكا، خەلق ھەرىكىتى ۋە تاشقى مۇناسىۋەت ئەھۋالى بىلەن تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە تىرىشتۇق. نۆۋەتتىكى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئاستىدا، بىز مەزكۇر كىتابنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە، بولۇپمۇ ياش دوستلارغا سۇندۇق، بۇ كىتابنىڭ بىر تارىخ ئوقۇشلۇقى بولۇش سۈپىتىدە، ياشلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە، دۇنيا تارىخىغا ئائىت بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرەلىشىنى، شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ ئىلگىرىلەش تۈيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، ۋەتەننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىمىزغا ئىلھام بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۇنيا بۈگۈنكى زامان تارىخى تارىخ ئىلمى ساھەسىدىكى ئەڭ

يېڭى بىر پەن، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز تېخى باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە سىستېمىسى ئۈستىدە داۋاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، بىر قىسىم مۇھىم دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى تېخى ئېلان قىلىنمىدى، نۇرغۇن ۋەقەلەر يەنىلا تەرەققىيات ئۈستىدە تۇرماقتا، شۇڭا دۇنيا بۈگۈنكى زامان تارىخىنى يېزىش ناھايىتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇشى مۇقەررەر. سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن، كىتابتا نۇرغۇن مەسىلە ۋە كەمچىلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

مەزكۇر كىتاب «دۇنيا بۈگۈنكى زامان تارىخى (1945 — 1992 - يىللار)» (خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى) ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ، تولۇقلاپ يېزىلدى، بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلارنىڭ ۋاقىت چېكى 1995 - يىلىغىچە، قىسمەن مەزمۇنلارنىڭ ۋاقىت چېكى، ھەتتا 1996 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئۇزارتىلدى. 1993 - يىلىدىكى نەشرىنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىلىرى شۇ تيەنشىن، لياڭ جىمىڭ، تەن شىڭئەن ۋە لى يۇدىن ئىبارەت تۆت كىشى ئىدى. بۇ قېتىمقى تولۇقلانغان نۇسخىسى شۇ تيەنشىن ۋە لياڭ جىمىڭلارنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلدى. ياۋروپا - ئامېرىكا قىسمىغا شۇ تيەنشىن؛ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى قىسمىغا لياڭ جىمىڭ؛ ياپونىيە قىسمىغا لى يۇ مەسئۇل بولدى. تەن شىڭئەن چەت ئەلدە بولغاچقا، بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىپ يېزىش خىزمىتىگە قاتناشمىدى. ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى ئىندېكسىنى زېڭ شياۋشياڭ، خۇ شاۋلىڭلار تۈزدى.

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民出版社1997年4月第1版，2001年7月第7次印刷本翻译出版。

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

## (بۈگۈنكى زامان قىسمى)

---

**تۈزگۈچىلەر:** شۇ تيەنشىن، لياڭ جىمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** خالىق ئاۋۇت، جۇمە نىياز، روشەنگۈل تۇرسۇن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئالىمجان تاھىر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نىغمەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 41.5
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 14234 - 7
**باھاسى:** 103.00 يۈەن

---